
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى

قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ يەر جاي ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى

# 新疆维吾尔自治区
# 疏 附 县 地 名 图 志

(ئىچكى ماتېرىيال)

内部资料



قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىلىك يەر ناملىرى كومىتېتى تۈزدى

疏 附 县 地 名 委 员 会 编

1986 - يىل 10 - ئاي

www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

يەر ناملىرى ۋە ئۇنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، بېكىتىش، ئىزاھلاش، ئۆزگەرتىش خىزمىتى — دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، مىللەتلەر ئارا ۋە خەلقئارا ئالاقە، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا، كۈندىلىك تۇرمۇشقا جىددى مۇناسىۋەتلىك. سىياسىۋىيلىكى، سىياسەتچانلىقى، ئىلمىيلىكى كۈچلۈك، ھەربىي، خارجى، ئاخبارات، نەشرىيات، پوچتا تېلېگراف، قاتناش، كارتوگرافىيە، پەن - مەدەنىيەت، مائارىپ، تەتقىقات قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدىغان 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىرى.

گوۋۇيۈەننىڭ «يەر جايلارغا نام بېرىش، نامنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ يەر ناملىرى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى يولىيورۇقى شۇنداقلا يەر ناملىرىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ كونكرېت بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن ئاپتونوم رايونلۇق ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك يەر ناملىرى كومىتېتىنىڭ كونكرېتنى يېتەكچىلىكى ۋە ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا، ئاممىغا تايىنىپ ناھىيىمىز بويىچە يەر ناملىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى. يەر ناملىرىنىڭ ھازىرقى مەنسۇپ تىل تۈرلىرى، مەنىسى، تارىختىن بۇيانقى ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا ئاساسەن ئەستايىدىل ئىنچىكىلىك بىلەن قايتا - قايتا تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاش ئېلىپ بېرىپ يەر ناملىرى خەرىتىسى، يازما ماتېرىيال، يەرنامە نەتىجە جەدۋىلى، كارتوشكىدىن ئىبارەت 4 تۈرلۈك تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ۋىلايەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدا لاياقەتلىك بولغان ئاساستا «كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» تۈزۈپ چىقىلدى.

ئۇ ناھىيىمىزنىڭ يەر ناملىرىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ دەسلەپكى نەتىجىسى، ھەم بۇ خىزمەتكە قاتناشقان خادىملارنىڭ جاپالىق - ئەمگىكىنىڭ جەۋھىرى، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبىرىي ئورگانلىرى ۋە ھەرقايسى كەسپى ئورۇنلارنىڭ ناھىيىمىزنىڭ تارىخى ۋە رېئاللىق ھالىتىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىشقا ئەرزىيدىغان بىرقەدەر مۇكەممەل كىتاب.

كىتاب — ناھىيىمىز تەۋەسىدىكى يەر ناملىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش، تارىخقا، خەلققە، ئەمەلىيەتكە سادىق بولغان ھالدا ئىزاھلاش يولىدا ئىشلەنگەن جاپا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىق خىزمىتىنىڭ نەتىجىسى. يەر ناملىرىنى قالايمىقان ئىشلىتىش ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، بۇ قېتىم بېكىتىلگىنى بويىچە ئومۇملاشتۇرۇشتا ئالاھىدە رول ئوينايدۇ.

كىتابتا: ئۆلچەملەشتۈرۈلۈپ بېكىتىلگەن جەمئىي يەر ناملىرى 1615. بۇنىڭ ئىچىدە مەمۇرىي رايون ۋە تەبىئىي كەنتلەرنىڭ ناملىرى 1446. ھەرقايسى كەسپى ئورۇنلارنىڭ ناملىرى 90. مەشھۇر ئاسارئەتىقىلەر، يادىكارلىقلار، ساياھەت ئورۇنلىرى، سۈنئىي قۇرۇلما ناملىرى 33. تەبىئىي جۇغراپىيىلىك جىسىم ناملىرى 46. ئومۇم ئەھۋال تونۇشتۇرۇلغان ماتېرىياللار (تەزكىرىلەر) 39 پارچە. ناھىيە، بازار، يېزا، مەيدان خەرىتىلىرى 23 پارچە. مۇناسىۋەتلىك رەسىملەر 35 پارچە، كىتاب خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرى بىرلا ۋاقىتتا نەشر قىلىندى.

كىتابتىكى سان سېپىرلار 1985 - يىل ئاخىرىدىكى سان ئاساسىدا بېرىلدى. ئارىلىقلار كارتوگرافىك تۈز لىنىيە بويىچە ھېسابلاندى.

مەمۇرىي رايونلار دائىرىسى ھازىرقى ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، مەمۇرىي رايونلارنىڭ چېگرىسىنى ئايرىشنىڭ ئاساسى ئەمەس.

كىتابتا تارىخىي مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ ھازىرقى ھالىتى بايان قىلىنغان، لېكىن بۇ ئاخىرقى بېكىتىلگەن يەكۈن ئەمەس.

كەڭ كىتابخانلىرىمىزغا ئېھتىرام بىلدۈرىمىز.

كوناشەھەر ناھىيىلىك يەر ناملىرى كومىتېتى

1986 - يىلى 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

## مۇندەرىجە


كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ يەر-جاي نامىلىرى خەرىتىسى.

كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ خەرىتىسى (گوۋاڭشۈنىڭ 34-يىلى سىزىلغان ئەسلى خەرىتىسى)

كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئىچى خەرىتىسى (1947-يىلى سىزىلغان ئەسلى خەرىتىسى)

كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........................ (1)

كوناشەھەر ناھىيە مەمۇرى رايونلارنىڭ تارىخى تەرەققىياتى .............. (12)

ئۆلچەملىك يەر-جاي نامىلىرى

مەمۇرى رايونلار ۋە تەبىئىي كەنتلەرنىڭ نامىلىرى.

توققۇزاق بازىرىنىڭ يەر-جاي نامىلىرى خەرىتىسى.

توققۇزاق بازىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........................ (21)

توققۇزاق بازىرى تەۋەسىدىكى يەر-جاي نامىلىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇشى ........................ (24)

ئوپال يېزىسىنىڭ يەر-جاي نامىلىرى خەرىتىسى.

ئوپال يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........................ (29)

ئوپال يېزىسى تەۋەسىدىكى يەر-جاي نامىلىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇشى ........................ (33)

تاشمىلىق يېزىسىنىڭ يەر-جاي نامىلىرى خەرىتىسى.

تاشمىلىق يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........................ (57)

تاشمىلىق يېزىسى تەۋەسىدىكى يەر-جاي نامىلىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇشى ........................ (60)

تىرىم يېزىسىنىڭ يەر-جاي نامىلىرى خەرىتىسى.

تىرىم يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........................ (77)

تىرىم يېزىسى تەۋەسىدىكى يەر-جاي نامىلىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇشى ........................ (79)

بولاقسۇ يېزىسىنىڭ يەر-جاي نامىلىرى خەرىتىسى.

www.uyghurkitap.com

بولاقسۇ يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... (85)
بولاقسۇ يېزىسى تەۋەسىدىكى يەر-جاي ناملىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇ-
رۇلىشى ...... (88)
سايباغ يېزىسىنىڭ يەر-جاي ناملىرى خەرىتىسى.
سايباغ يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... (111)
سايباغ يېزىسى تەۋەسىدىكى يەر-جاي ناملىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇ-
لىشى ...... (114)
زەمىن يېزىسىنىڭ يەر-جاي ناملىرى خەرىتىسى.
زەمىن يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... (141)
زەمىن يېزىسى تەۋەسىدىكى يەر-جاي ناملىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇ-
رۇلىشى ...... (144)
ئوغساق يېزىسىنىڭ يەر-جاي ناملىرى خەرىتىسى.
ئوغساق يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... (165)
ئوغساق يېزىسى تەۋەسىدىكى يەر-جاي ناملىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇ-
رۇلىشى ...... (168)
پاختەكلە يېزىسىنىڭ يەر-جاي ناملىرى خەرىتىسى.
پاختەكلە يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... (181)
پاختەكلە يېزىسى تەۋەسىدىكى يەر-جاي ناملىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇ-
رۇلىشى ...... (186)
سەمەن يېزىسىنىڭ يەر-جاي ناملىرى خەرىتىسى.
سەمەن يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... (195)
سەمەن يېزىسى تەۋەسىدىكى يەر-جاي ناملىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇ-
رۇلىشى ...... (198)
خاڭدى يېزىسىنىڭ يەر-جاي ناملىرى خەرىتىسى.
خاڭدى يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... (209)
خاڭدى يېزىسى تەۋەسىدىكى يەر-جاي ناملىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇ-
رۇلىشى ...... (211)
لەڭگەر يېزىسىنىڭ يەر-جاي ناملىرى خەرىتىسى.
لەڭگەر يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... (219)
لەڭگەر يېزىسى تەۋەسىدىكى يەر-جاي ناملىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇ-
رۇلىشى ...... (222)
مۇش يېزىسىنىڭ يەر-جاي ناملىرى خەرىتىسى.
مۇش يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... (237)

مۇش يېزىسى تەۋەسىدىكى يەر-جاي نامىلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇ-
رۇلۇشى ........................................ (240)

قوغان يېزىسىنىڭ يەر-جاي نامىلىرى خەرىتىسى.

قوغان يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........................ (253)

قوغان يېزىسى تەۋەسىدىكى يەر-جاي نامىلىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇ-
رۇلۇشى ........................................ (256)

بەشكېرەم يېزىسىنىڭ يەر-جاي نامىلىرى خەرىتىسى.

بەشكېرەم يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........................ (277)

بەشكېرەم يېزىسى تەۋەسىدىكى يەر-جاي نامىلىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇ-
رۇلۇشى ........................................ (280)

ئاۋات يېزىسىنىڭ يەر-جاي نامىلىرى خەرىتىسى.

ئاۋات يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........................ (317)

ئاۋات يېزىسى تەۋەسىدىكى يەر-جاي نامىلىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇ-
رۇلۇشى ........................................ (320)

يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ يەر-جاي نامىلىرى خەرىتىسى.

يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........................ (347)

يېڭىئۆستەڭ يېزىسى تەۋەسىدىكى يەر-جاي نامىلىرىنىڭ قىسقىچە تونۇش-
تۇرۇلۇشى ........................................ (350)

ئاققاش يېزىسىنىڭ يەر-جاي نامىلىرى خەرىتىسى.

ئاققاش يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........................ (375)

ئاققاش يېزىسى تەۋەسىدىكى يەر-جاي نامىلىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇ-
رۇلۇشى. ........................................ (378)

**يەر-جاي نامىلىرى مەنىسىگە ئىگە كەسپىي تارماقلارنىڭ نامىلىرى**

**مۇھىم يەر-جاي نامىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى**

كوناشەھەر ناھىيە ئۆرۈكچىلىك مەيدانىنىڭ يەر-جاي نامىلىرى خەرىتىسى.

كوناشەھەر ناھىيە ئۆرۈكچىلىك مەيدانىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ............ (387)

كوناشەھەر ناھىيە ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ يەر-جاي نامىلىرى خەرىتىسى.

كوناشەھەر ناھىيە ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ............ (389)

كوناشەھەر ناھىيە باغۋەنچىلىك مەيدانىنىڭ يەر-جاي نامىلىرى خەرىتىسى.

كوناشەھەر ناھىيە باغۋەنچىلىك مەيدانىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، ............ (891)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كوناشەھەر ناھىيە يېڭىشەرىق چارۋا مەيدانىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ (393)
كوناشەھەر ناھىيە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ............... (395)
كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ (397)
كوناشەھەر ناھىيىلىك تولۇق 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ (399)
كوناشەھەر ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ............ (401)
كوناشەھەر ناھىيىلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ............ (403)
كوناشەھەر ناھىيىلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ (405)
كوناشەھەر ناھىيىلىك 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ (407)
قەشقەر ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق پەن ـ تەتقىقات ئورنىنىڭ ئومۇمىي ئەھـ
ۋالى ........................................................ (409)
قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 ـ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھـ
ۋالى ........................................................ (411)
قەشقەر ۋىلايەتلىك 3 ـ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... (413)

**مەخسۇس كەسپىي تارماقلارنىڭ ناملىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش**

مەخسۇس كەسپىي تارماقلارنىڭ ناملىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ......... (415)

**يەر ـ جاي ناملىرى مەنىسىگە ئىگە سۇنئىي قۇرۇلمىلارنىڭ ناملىرى**

سۇنئىي قۇرۇلمىلەرنىڭ ناملىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ................ (435)
ئاسارە ـ ئەتىقىلەر ۋە سەيلىگاھلارنىڭ ناملىرى.
مۇھىم ناملارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى.
مەخمۇد قەشقىرى مەقبەرىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ..................... (443)
خانئۆي خارابىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ............................. (445)
مورا مۇنارىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ............................... (447)

**مەشھۇر ئاسارە ـ ئەتىقە ۋە سەيلىگاھ ناملىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش**

كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ئاسارە ئەتىقىلەر ......................... (449)
تەبىئىي جۇغراپىيىلىك جىسىملارنىڭ ناملىرى.
مۇھىم ناملارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى.
قىزىل دەرياسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى .............................. (451)
گەز دەرياسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ............................... (453)

**تەبىئىي جۇغراپىيىلىك جىسىملارنىڭ ناملىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش**

تەبىئىي جۇغراپىيىلىك جىسىملارنىڭ نامىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ......... (455)
يەرناملىرى تەزكىرىسىنىڭ قوشۇمچە ماتېرىياللىرى.

ناھىيىلىك خەلق ھوكۇمىتىنىڭ ھۆججەتلىرى .............................. (471)
يەر ـ جاي ناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ خۇلاسى ....... (479)
يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ ئۆيغۇرچە، خەنزۇچە سېلىشتۇرمىسى .................. (485)
ئاخىرقى سۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

# كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

كوناشەھەر ناھىيىسى - شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي - جەنۇبى، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي شىمالى ئېتىكىگە، تەكلىماكان چۆللىكىنىڭ غەربىي چېكىسىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تۈز لىنىيە ئارىلىقى 980 كىلومېتر. مۇساپە لىنىيە ئارىلىقى 1490 كىلومېتر. ئوتتۇرا ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. شەرقىي تەرىپى قەشقەر شەھىرىنى ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ پەيزاۋات ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي تەرىپى يېڭىشەھەر ناھىيىسى بىلەن، غەربىي تەرىپى ئۇلۇغ ئارت ئارقىلىق قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئۇلۇغچات ناھىيىسى بىلەن، شىمالىي تەرىپى قاراتاغ، قومالتاغلىرى ئارقىلىق قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئاتۇش ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئەڭ ئۇزۇنلۇقى 113 كىلومېتر بولۇپ، شەرقىي مېرىدىئان 75°18′ — 76°53′ غىچە، جەنۇبتىن شىمالغا ئەڭ كەڭلىكى 91 كىلومېتر بولۇپ، شىمالىي پاراللېل 38°55′ — 39°40′ غىچە. ناھىيىنىڭ شىمالىدا قومالتاغ بىلەن قاراتاغ بار بولۇپ، ئەڭ ئېگىز چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 3844 مېتر. غەربىي تەرىپىدە قۇمتاغ، ھەزرىتى موللام تېغى، بورىتوقاي تېغى، چومگەن تېغى ۋە بوستان تىرەك تاغلىرى بار. جەنۇبىي تەرىپىدە ئاتلاغ تېغى، شەرقىي تەرىپىدە كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىك بار. پۈتكۈل ناھىيە قىزىل دەرياسى بىلەن گەز دەرياسىنىڭ تىندۇرما تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان. يېزا ئىگىلىك رايونلىرى دېڭىز يۈزىدىن 1220 — 1500 مېتر ئېگىز. قىسمەن جايلىرى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى تەخمىنەن 1600 مېتر كېلىدۇ، يەر تۈزۈلۈشى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قىيپاش. يېزا ئىگىلىك رايونلىرىنىڭ شەرقتىن غەربقە قىيپاشلىقى 1/30 — 1/700، جەنۇبتىن شىمالغا قىيپاشلىقى 1/50 — 1/400، بىرقانچە تاغ ناھىيە دائىرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ، بەزى - جايلاردا تىك يار، چوڭقۇر ھاڭلار ۋە جىلغىلار بار. يېپىنچە ئۆسۈملۈك شالاڭ، تاغ ئېتىكىگە يېقىن يەرلەرنىڭ نەملىك ساقلاش ۋە تۇپراق قۇۋۋىتى ئاجىز، تاغ رايونى ئومۇم كۆلەمنىڭ 56% نى، تۈزلەڭلىك 44% نى تەشكىل قىلىدۇ.

كوناشەھەر خەنزۇ تىلىدا «سۇفۇ» دېيىلىدۇ. «سۇفۇ» سۆزى سۇلى دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «سۇلىنىڭ ھەمراسى»، «سۇلىنىڭ يىنىدىكى جاي» دېگەن مەنىدە.

سۇلى - سۇلۇق، سۇيى مول جاي - دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، تۈمەن ۋە قىزىل دەريالىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى مىلادى 6 - ئەسىرگىچە داۋاملاش

قان غەربىي رايوندىكى 36 - دۆلەتنىڭ بىرىنىڭ خەنزۇچە تارىخى مەنبەلەردىكى ئاھاڭ ئىپادىسى.

يېقىنقى زاماندا يەنى 1828 - يىلى قەشقەر رايونىنى ئىدارە قىلغان چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇتۇق مەھكىمىسى، قىزىل دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا (قەشقەر شەھىرىگە 9 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا) سېپىل سوقتۇرۇپ، ھەربىي شەھەر بىنا قىلدۇرغان، بۇ شەھەرگە تۇتۇق مەھكىمىسى ۋە ھەربىي قوشۇن ئورۇنلاشقان.

بۇ ھەربىي شەھەر، قەشقەر شەھىرىگە نىسبەتەن يېڭىدىن بەرپا قىلىنغانلىقى ئۈچۈن يەرلىك خەلق «يېڭى شەھەر» دەپ ئاتىغان. خەنزۇلار «خەنچېڭ» (خەنزۇ شەھىرى) دەپ ئاتىغان. بۇ يېڭى شەھەرگە نىسبەتەن قەشقەر شەھىرى قەدىمكى شەھەر بولغىنى ئۈچۈن كوناشەھەر دەپ ئاتالغان، خەنزۇلار «خۇيچېڭ» (مۇسۇلمانلار شەھىرى) دەپ ئاتىغان.

مىلادى 6 - ئەسىردىكى بىر قېتىملىق سۇ ئاپىتىدە، سۇلۇق قەدىمكى شەھىرى ۋەيران بولۇپ ئولتۇراقلاشقان ئاھالە سۇلۇق شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئېگىزلىككە (ھازىرقى چاسا رايونىغا) كۆچۈپ ئورۇنلاشقان.

مىلادى 840 - يىلىدىكى چوڭ كۆچۈشتىن كېيىن ئورخۇن، بايكۆل (بايقال) ۋادىسىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن يەرلىك ئۇيغۇر قەبىلىلىرى (قارلۇقلار، ساكلار، سوغدىلارنىڭ تۈركلەشكەن قىسمى ۋە باشقىلار) بىرلىشىپ قاراخانىلار سۇلالىسىنى قۇرغان. بۇ مەزگىلدە، بۇ يەر دەسلەپ ئوردۇ كەنت، كېيىن قەشقەر دەپ ئاتالغان. قەشقەر (ئىلگىرى ئوردۇ كەنت دەپ ئاتالغان بىر شەھەر) قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ قىشلىق پايتەختى (يازلىق پايتەختى بالا ساغۇن ئىدى) بولغان. 12 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياللۇغ داشى يېتەكچىلىكىدىكى قاراكىدانلار، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ غەربىي قىسمىنى بېسىۋېلىپ قەشقەرنى مەركەز قىلغان، شەرقىي قىسىم قاراخانىلار سۇلالىسىنى تېزگىنلىۋالغان. 1218 - يىلى چىڭگىزخان غەربىي دىيارنى بويسۇندۇرغاندا، قەشقەرنى ئىككىنچى ئوغلى چاغىتايغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 9 - يىلى (مىلادى 1883 - يىلى) ۋۇلەن ۋۇسۇ دەرياسى (ئۇيغۇرچە ئۇلۇغ سۇ دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇزىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى كېرەك. موڭغۇلچە سۆزدىن كېلىپ چىققان دېيىلگەندىمۇ ئولان-قىزىل يەنىلا قىزىل دەرياسى مەنىسىدە) نىڭ يۇقىرى - ئېقىنىدىن 11 يېزىنى ئايرىپ كوناشەھەردە، كوناشەھەر ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان. بۇ ناھىيە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سولى بىۋاسىتە قاراشلىق ئايمىقىغا تەۋە بولغان. 1912 - يىلى كوناشەھەر ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتىگە بىۋاسىتە قارىغان.

1927 - يىلى شىنجاڭ قەشقەر مەمۇرىي باشلىق مەھكىمىسىگە تەۋە بولغان. 1943-

يىلى شىنجاڭ 3 - تەپتىش مەھكىمىسىگە قاراشلىق بولغان، ئازاد بولغانغا قەدەر كونا شەھەر ناھىيىسى (بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرى) ۋىلايەتلىك مەھكىمە، ۋالى مەھكىمە تۇرىدىغان جاي بولۇپ كەلگەن. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن كونا شەھەر ناھىيىسى شىنجاڭ ئۆلكە قەشقەر ۋالى مەھكىمىسىگە، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىگە، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىگە قارىغان. 1952 - يىلى 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ شەھەر رايونىنى (شەھەر ئىچى ۋە ئەتراپلىرى) ئاساس قىلىپ، قەشقەر شەھىرى تەسىس قىلىنغان. 1955 - يىلى كۈزدە كوناشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەت توققۇزاق بازىرىغا كۆچۈپ چىققان.

ناھىيىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 4146 كۋادرات كىلومېتىر، تەۋەلىكىدە 17 يېزا، 1 بازار، 4 مەيدان، 210 كەنت كومىتېتى بار. بۇنىڭدىن ئوپال يېزىسىدا 15 كەنت كومىتېت، تاشمىلىق يېزىسىدا 14 كەنت كومىتېت، تىرىم يېزىسىدا 4 كەنت كومىتېت، بۇلاقسۇ يېزىسىدا 16 كەنت كومىتېت، سايباغ يېزىسىدا 16 كەنت كومىتېتى، زەمىن يېزىسىدا 15 كەنت كومىتېت، ئوغساق يېزىسىدا 8 كەنت كومىتېت، پاختەكلە يېزىسىدا 7 كەنت كومىتېت، سەمەن يېزىسىدا 7 كەنت كومىتېت، خاڭدى يېزىسىدا 6 كەنت كومىتېت، لەنگەر يېزىسىدا 8 كەنت كومىتېت، مۇش يېزىسىدا 9 كەنت كومىتېت، قوغان يېزىسىدا 15 كەنت كومىتېت، بەشكېرەم يېزىسىدا 25 كەنت كومىتېتى، ئاۋات يېزىسىدا 21 كەنت كومىتېت، يېڭى ئۆستەڭ يېزىسىدا 17 كەنت كومىتېت، ئاققاش يېزىسىدا 5 كەنت كومىتېت، توققۇزاق بازىرىدا بىر كەنت كومىتېت. ناھىيىلىك سۈپەتلىك ئۇرۇق مەيدانى، ئورمانچىلىق مەيدانى، باغۋەنچىلىك مەيدانى، يېڭىئېرىق چارۋىچىلىق مەيدانى قاتارلىقلار بار. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى توققۇزاق بازىرىدا.

ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ 1985 - يىلى يىل ئاخىرىدىكى ماتېرىيالىدىن قارىغاندا؛ ناھىيە بويىچە 66,501 ئائىلە بولۇپ، بۇنىڭدىن شەھەر جىڭ ئائىلىسى 3,428، يېزا ئائىلىسى 63,073، ئومۇمىي نوپۇسى 289,050 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭدىن ئەر 146,561 نەپەر، ئايال 142,489 نەپەر. شەھەر، جىڭ نوپۇسى 18023 نەپەر، يېزا نوپۇسى 271,027 نەپەر، ئەمگەك كۈچى 105,715 نەپەر، ئۇيغۇر 286,875 نەپەر بولۇپ، ئومۇم نوپۇسنىڭ 99·14% نى تەشكىل قىلىدۇ. خەنزۇ 1,749 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0·6% نى تەشكىل قىلىدۇ. قىرغىز 500 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0·2% نى تەشكىل قىلىدۇ. موڭغۇل 4 نەپەر، ئۆزبېك 55 نەپەر، تاجىك 12 نەپەر، خۇيزۇ 52 نەپەر، باشقا مىللەت (جۇاڭزۇ، قازاق، تۇجاۋزۇ، زاڭزۇ، مىياۋزۇ، قاتارلىق مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 13 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0·04% نى تەشكىل قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھاۋا كىلىماتى جەھەتتە؛ كوناشەھەر ناھىيىسى مۆتىدىل بەلبېغىدىكى چۆللۈك ھاۋا بەلبېغىغا مەنسۇپ. كۆپ يىللاردىن بۇيان، كۈن نۇرىنىڭ ئوتتۇرىچە چۈشۈش ۋاقتى 2870·6 سائەت، قۇياش نۇرىنىڭ ئومۇمىي يورۇتۇش مىقدارى 148 كالورىيە سانتىمېتر. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى، تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ 11·2℃، تۈزلەڭلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 39·6℃ تاغلىق رايونىنىڭ 9℃. ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى 25·2℃–، تاغلىق رايونىنىڭ ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 42·3℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى 25·3℃–. قىروسىز مەزگىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 211 كۈن، ئەڭ ئاز بولغاندا 177 كۈن. (1976 – يىلى)، ئەڭ كۆپ بولغاندا 235 كۈن بولىدۇ. (1969 – يىلى) يەر قاتلىمىنىڭ توڭلاش چوڭقۇرلۇقى 60SM – 90SM غىچە بولۇپ، يىللاردىن بېرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12 – ئاينىڭ 15 – كۈنىدىن ياندۇرقى يىلى 2 – ئاينىڭ 20 – كۈنىگىچە يەر قاتلىمىنىڭ توڭلاش مەزگىلى بولۇپ كەلدى. يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2535·1MM، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 50 – 150 MM غىچە بولۇپ، پارغا ئايلىنىش مىقدارى ھۆل-يېغىن مىقدارىنىڭ 35 ھەسسىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ. شەرق جەنۇبى شامىلى كۆپ چىقىدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا غەربىي شىمال شامىلى چىقىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە شامال سۈرئىتى 2مېتر / سېكونت، ئەتىياز پەسلىدىكى شامال سۈرئىتى تېز بولىدۇ. كۈز پەسلىدىكى شامال سۈرئىتى ئاستا بولىدۇ. 4 – 6 ئايغىچە بوران كۆپ چىقىدۇ. ئەڭ يۇقىرى شامال سۈرئىتى 23 مېتر/ سېكونت غا يېتىدۇ. قىسمەن چاغلاردا 30 مېتر / سېكونت غا يېتىدۇ. ئاپەت خاراكتېرلىق ھاۋا كىلىماتى كۆپ. ئادەتتە مۆلدۈر، بوران، ئىسسىق شامال، ئۈششۈك قاتارلىقلار بار. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىل بويى 0·3 قېتىم مۆلدۈر ياغىدۇ. ئىسسىق شامال كۆپ چىققاندا يىل بويى 5 كۈن بولىدۇ. ئەڭ كۆپ بولغاندا 12 كۈنگە يېتىدۇ. ئەڭ ئاز بولغاندا 2 كۈنگە چۈشۈپ قالىدۇ. بوران ئاپىتى كۆپ يۈز بېرىدۇ. يىل بويى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20 كۈن بولىدۇ.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە: دېھقانچىلىق تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 676,592 مو. باغ كۆلىمى 33,027 مو. ئورمان كۆلىمى 454,000 مو، تەبىئىي ئوتلاق كۆلىمى 128 پارچە (853 مىڭ مو) ئۇنىڭدىن باشقا چۆللۈك، جاڭگال، يېپىنچە ئۆسۈملۈك شالاڭ جايلار 1,800,000 مو بولۇپ، چارۋا باققىلى بولىدۇ. ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەرنىڭ ئورگانىك تەركىبى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0·88%، تېرىلغۇ يەر ئىچىدە شورسىز تۇپراق 44% نى، يېنىك دەرىجىدىكى شور تۇپراق 45% نى، ئوتتۇرا دەرىجىدىكى شور تۇپراق 7% نى، ئېغىر دەرىجىدىكى شور تۇپراق 4% نى تەشكىل قىلىدۇ. 1985 – يىللىق تېرىلغۇ كۆلىمى 672 مىڭ مو بولۇپ، 1949 – يىلدىكى 439 مىڭ 800 مو بىلەن سېلىشتۇرغاندا؛ 34·55% كۆپەيدى. ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 187,317,000 جىڭ بولۇپ، 1949 – يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 100·5% ئاشتى.

باختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 88,400 دەن بولۇپ، 1949 - يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 10 ھەسسە ئاشتى. مايلىق داننىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 6,776,000 جىڭ بولۇپ، 1949 - يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 219·8% ئاشتى. چارۋىنىڭ ئومۇمىي سانى 419,831 تۇياق بولۇپ، 1949 - يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 129·1% ئاشتى. ناھىيە بويىچە ئورمان كۆلىمى 454,000 موغا يېتىپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئېتىز - ئېرىق مۇداپىئە ئورمان كۆلىمى 51 مىڭ مو، يېقىلغۇ ئورمان 183·300 مو، ئىقتىسادىي ئورمان 229 مىڭ مو، ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخ 1,649,300 تۈپ، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش خېلى تېز تەرەققىي قىلدى، ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى 57501 ئات كۈچىگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 339 بولۇپ، ئات كۈچى 16,013، كىچىك تىپتىكى تراكتور 553 بولۇپ، ئات كۈچى 6636، سەلەركەماتور 490، ئات كۈچى 7683، دىزېلماتور 3039 ئات كۈچى، ئاپتوموبىل 268 دانە، ئات كۈچى 24120، ھەرخىل يۈرۈشلەشكەن يېزا ئىگىلىك ماشىنا سايمانلىرى 475 دانە، كىچىك تىپتىكى يۈرۈشلەشكەن ماشىنا سايمانلىرى 201 دانە، يېرىم ماشىنىلاشقان سايمانلار 50683 دانە، سۇ مەنبەسى ئاساسلىقى قىزىلدەريا، گەزدەريا، ئۆڭدىن قالا چاقماق دەرياسى ۋە تۈمەن دەرياسى بولۇپ، نورمال يىللاردا ئومۇمىي ئۆتىدىغان سۈيى (50% كاپالەت نىسبىتى بويىچە ھېسابلىنىدۇ) 859 مىليون 300 مىڭ كۇبمېتىر، بۇلاق سۈيى 233 مىليون 300 مىڭ كۇبمېتىر، قوشۇپ ھېسابلىغاندا جەمئىي 1 مىليارد 9 مىليون 300 مىڭ كۇبمېتىر، كىشى بېشىغا 4013 كۇبمېتىردىن توغرا كېلىدۇ. ئىشلەتكىلى بولىدىغان قۇدۇق 86 كۆز، ئامبار 9 ئورۇندا بولۇپ، يىللىق سۇ سىغىمچانلىقى 41 مىليون 900 مىڭ كۇبمېتىر، يىللىق بېلىق باققىلى بولىدىغان سۇ يۈزى 8887 مو كېلىدۇ.

ئۆسۈملۈك بايلىقلىرى جەھەتتە: يېزا ئىگىلىك زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، شال، قوناق، ئاق قوناق، پاختا، زىغىر، زاراڭزا، ئاپتاپپەرەس، بىدە قاتارلىقلار بار. سەي كۆكتاتلاردىن شوخلا، چەيزە، خاڭگا، ياڭيۇ، سۆگەپياز، كۆدە، تۇرۇپ، لازا، پالەك، كاۋا، بەسەي، ئۆسۈك، قوغۇن، تاۋۇز قاتارلىقلار بار. بەشكېرەم يېزىسىدىن ئەنجۈر، ئانار، ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلەر ناھايىتى كۆپ چىقىدۇ. ئاۋات يېزىسىدىن تاتلىق ئانار، يېڭىئۆستەڭ يېزىسىدىن توغاچ، ئامۇت، سەمەن ۋە قوغان يېزىلىرىدىن گىلاس، تاشمىلىق يېزىسىدىن گۈلە، پاختەكلە يېزىسىدىن گۈرۈچ، تاۋۇز چىقىدۇ.

ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن: پۇرچاق ئائىلىسى، ئەتىرگۈل ئائىلىسى، ئاپتاپپەرەس ئائىلىسى، مۇرەككەپ گۈللەر ئائىلىسى، يېكەن ئائىلىسى، يۇلغۇن ئائىلىسى، پىيازگۈل ئائىلىسى، ئوغرى تىكەن ئائىلىسى قاتارلىق 31 ئائىلىدىن 103 خىل ئۆسۈملۈك بار. ئائىلە ھايۋاناتلىرىدىن ئات، كالا، قوي، تۆگە، چوشقا، ئېشەك، قېچىر، توشقان، غاز، ئۆردەك، توخۇ، كەپتەر قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋاناتلاردىن: كىيىك، بۆرە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۈلكە، قىرغاۋۇل، ياۋا توشقان، كىرپە، چاشقان، تۆمۈر تۇمشۇق، مۈشۈك ياپىلاق، قارا قۇشقاچ، ئاق قۇشقاچ، ياۋا كەپتەر، پاختەك، قاغا قاتارلىقلار بار. بېلىقتىن؛ ياۋا تاپان بېلىقى، چىم بېلىق ۋە 5 خىل شىنجاڭ يەرلىك بېلىقلىرى بار. ئېنېرگىيە بايلىقىدىن ئاساسلىقى: سۇ ئېنېرگىيىسى، ئۆسۈملۈك ئېنېرگىيىسى، قۇياش ئېنېرگىيىسى، شامال ئېنېرگىيىسى، پاتقاق گاز ئېنېرگىيىسى قاتارلىقلار بار.

تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا؛ قىزىل دەرياسى ۋە گەزدەرياسىنىڭ ناھىيە دائىرىسىدىكى پەسىيىش پەرقى 467 مېتر بولۇپ، زاپاس سۇ ئېنېرگىيىسى تەخمىنەن 1121590 كىلوۋات كېلىدۇ.

كان بايلىقلىرىدىن: تاش تۇز، گەج، ئاھاك، نېفىت، ئالتۇن قاتارلىقلار بار. ئالتۇن كانىنىڭ زاپىسى تېخى تەكشۈرۈلمىدى ۋە قېزىشقا تەشكىللەنمىدى. لېكىن دېھقانلار ئۆزلىكىدىن قېزىپ كەلمەكتە، تۇز كانىنى ئېچىپ پايدىلانماقتا. دېھقانلار تاش تۇزنى بىۋاسىتە ئىستېمال قىلىشتىن باشقا، ناھىيىلىك تۇز زاۋۇتى قايتا ئىش قوشۇپ يوت ئارىلاشتۇرۇپ سۈپەتلىك تۇزدىن يىلىغا 500 – 700 توننا ئەتراپىدا ئىشلەپچىقىرىپ بازارنى تەمىنلىمەكتە. گەج، ئاھاك كانلىرى ئاساسى جەھەتتىن ئوپالنىڭ ھەزرىتى موللام تېغىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، ھازىر ئېچىپ پايدىلىنىلماقتا. زاپىسى تەخمىنەن 200 مىليون توننا ئەتراپىدا. قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى؛ دەريا ئېقىنلىرىدىكى ۋە سايلىقتىكى مول تاش – شېغىللاردىن پايدىلىنىپ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىشلەپچىقىرىلماقتا.

مالىيە ئىقتىسادىي جەھەتتە: ئازادلىقتىن كېيىنكى 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان ۋە يېرىم تەمىنلەيدىغان يېزا ئىقتىسادىي مەلۇم دەرىجىدە ئۆستۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن تەرەققىيات يەنىلا ئاستا. پارتىيە 11 – نۆۋەتلىك 3 – ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يېزىلاردا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈش ئىشلەپچىقىرىش ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تۇرغۇزۇلۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ يېزىلاردىكى كۆپ خىل ئىگىلىك ئىجتىمائىي ئېھتىياجىغا ئويغۇنلىشىش، كەسپلىشىشتەك تاۋار ئىشلەپچىقىرىشقا قاراپ تەرەققى قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش جانلاندى. «6 – 5 يىللىق» پىلان ۋەزىپىلىرى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى. 1985 – يىلى سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 107 مىليون 699 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ 1984 – يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 7.82% ئاشتى. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى چىڭ تۇتۇلۇپلا قالماستىن كۆپ خىل ئىگىلىكمۇ پائال تەرەققى قىلدى. دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بازار ئارقىلىق تەڭشەش كېڭەيتىلدى. توخ-

تام تۈزۈپ سېتىۋېلىش يولىغا قويۇلدى. يېزىلارنىڭ كەسپىي قۇرۇلمىسى مۇۋاپىقلاشتۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىشتىن مول ھوسۇل ئېلىندى. 1985 - يىلى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 97 مىليون 63 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ ئۆتكەن يىلدىكى 92 مىليون 729 مىڭ 500 يۈەن بىلەن سېلىشتۇرغاندا 4.7% ئاشتى. ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 187 مىليون 318 مىڭ جىڭغا يېتىپ، ئۆتكەن يىلدىكى 178 مىليون جىڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا 5.2% ئاشتى. پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 88 مىڭ 400 دەنگە يېتىپ ئۆتكەن يىلغا سېلىشتۇرغاندا 21.8% ئاشتى. مايلىق دانىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 6 مىليون 776 مىڭ جىڭغا يېتىپ، ئۆتكەن يىلدىكى 6 مىليون 741 مىڭ جىڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا 0.65% ئاشتى. يېزا بازار كارخانىسى، ئائىلىنى بىرلىك قىلغان قول سانائىتى، پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى، قاتناش - ترانسپورت كەسپى، سودا كەسپى قاتارلىقلارمۇ خېلى تەرەققى قىلدى. ئومۇمىي كىرىمى 10 مىليون 363 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1984 - يىلدىكى 4 مىليون 45 مىڭ يۈەن بىلەن سېلىشتۇرغاندا 256.2% ئاشتى. يىغىلغۇ تېجەش ئوچۇقى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملىشىپ، مەملىكەت بويىچە ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندۇق. 1985 - يىلى ئوپال، مۇش يېزىسىدا قاتتىق يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا مالىيە كىرىمى جەھەتتە كىرىم، باج، پايدا ئوخشاشلا ئاشتى. 1985 - يىلى خامچوت كىرىمى 2 مىليون 410 يۈەن بولۇپ، ئەمەلىي ئورۇنلانغىنى 2 مىليون 794 مىڭ يۈەن. ئورۇنلانغان خامچوت پىلانى 114% بولدى. ئاشۇرۇپ ئورۇنلانغىنى 380 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1984 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا 42% ئاشتى. سودا كەسپى جەھەتتە: ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 33 مىليون 307 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1984 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا 8.5% ئاشتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى جۇغلانما قالدۇق 1 مىليون 43 مىڭ يۈەن بولۇپ، ساپ قالدۇق 437 مىڭ يۈەن بولدى.

سانائەت جەھەتتە: يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونت قىلىش زاۋۇتى، ئېلېكتر ئىستانسىسى، تۇز زاۋۇتى، خىش زاۋۇتى، ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى، ئاشلىق مايلىققا ئىش قوشۇش زاۋۇتى، قۇيمىچىلىق ۋە ياغاچچىلىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت 14 كىچىك تىپتىكى كارخانىلار بار. بۇنىڭدىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا 9، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانا 5. 1985 - يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون 636 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئۆتكەن يىلدىكى 7 مىليون 159 مىڭ يۈەن بىلەن سېلىشتۇرغاندا 48.57% ئاشتى. ئورۇنلانغان پايدا 962 مىڭ يۈەن. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە 239 يېزا بازار كارخانىسى بار بولۇپ، كارخانىلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي كىرىمى 4 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مەركەزنىڭ «ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارار» نى ئىزچىللاشتۇرۇش ئاساسىدا كادىرلارنىڭ «4 لىشىش» تەلىپى

بويىچە رەھبەرلىك بەلزىلىرىنى تەگشەپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش ياخشى يولغا سېلىندى. تۈرلۈك ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى ۋە ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، كارخانىلار جانلاندى. ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئۆستۈرۈلدى. ئېچىش روھى جارى قىلدۇرۇلۇپ، يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان كارخانىلار ۋە ئۇنى ئىشقا سېلىش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى. 3 ناھىيە ۋە بىر شەھەر بىرلىشىپ قۇرماقچى بولغان پۆۋە زاۋۇتى قۇرۇلۇش باشلىدى، ناھىيە قۇرماقچى بولغان 10 مىڭ تونىلىق توز ئىشلەپ چىقىرىش زاۋۇتىنىڭ تەييارلىق خىزمىتى پائال ئىشلەنمەكتە. مېۋە-چېۋىگە ئىش قوشۇش زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى رەسمىي باشلاندى. ئاغار زاۋۇتى، يەم-خەشەك زاۋۇتى قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتى.

قاتناش-ترانسپورت جەھەتتە: جۇڭگو-پاكىستان خەلقئارا تاشيولى ناھىيە مازىرىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. ناھىيىمىز ئىچىدىكى بارلىق تاشيولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 7194 كىلومېتىر بولۇپ، ناھىيىمىزدىن يېزىلارغا بارىدىغان 6 تاشيولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 224 كىلومېتىر، ناھىيە بويىچە 238 دانە يۈك ماشىنىسى (بۇنىڭ ئىچىدە شەخسنىڭ 51 دانە) 9 ئاپتوۋۇز بولۇپ، قەشقەر ۋە ھەرقايسى يېزىلارغا قاتنايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قەشقەر شەھەرلىك ئاپتوۋۇز شىركىتىنىڭ ئاپتوۋۇزلىرىمۇ قاتناپ تۇرىدۇ، قاتناش ئىشلىرى راۋان.

مالىيە سودا جەھەتتە: بازارنىڭ ئېچىۋېتىلىشى بىلەن سودا ئىشلىرى گۈللىنىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ناھىيە ئىچىدە تۈرلۈك ماللار بىناسى، يەرلىك مال بىناسى، ئىستېمال بۇيۇملار ماگىزىنى، قاتارلىقلار بار. ھەرقايسى يېزىلاردىمۇ ماگىزىن، تەمىنلەش كوپىراتىپى، كەنت كومىتېتلاردا ۋاكالىتەن سېتىش نۇقتىلىرى بار، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا نۇقتىسى 230، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سودا نۇقتىسى 291، يەككە ئىگىلىكىدىكى سودا نۇقتىسى 884، سودا كەسپىنىڭ يىللىق ئومۇمىي سېتىۋېلىش سوممىسى 10 مىليون 90 مىڭ 800 يۈەن بولۇپ، سېتىلىشى 9 مىليون 580 مىڭ يۈەن، كوللېكتىپ تەمىنلەش سىستېمىسىنىڭ ئومۇمىي سېتىۋېلىش سوممىسى 27 مىليون 773 مىڭ يۈەن بولۇپ، سېتىلىشى 28 مىليون 175 مىڭ يۈەن، يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ تىجارەت سوممىسى 597 مىڭ يۈەن بولدى.

پەن-تېخنىكا جەھەتتە: سانائەت يېزا ئىگىلىك تۈرلىرى بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، بۇغداينىڭ تۆۋەن مەھسۇلاتنى يۇقىرى مەھسۇلاتقا ئۆزگەرتىش ۋە شالدىن يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىش تېخنىكىلىرى كېڭەيتىلدى. تۇزكان، ئالتۇنكان، گەجكان بايلىقلىرى تەكشۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باغۋەنچىلىك پەن-تەتقىقات ئورگىنىدىن مېۋە-چېۋىگە ئىش قوشۇش يېڭى تېخنىكىسى كىرگۈزۈلدى. چىغان بايلىقلىرى تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلان-

دى، جىغان يېغى، جىغان ھارقى قاتارلىق مەھسۇلاتلار سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىنىپ زور ئۈنۈم قازىنىلدى.

مائارىپ ئىشلىرى جەھەتتە: باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش ئاساسىدا ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى كۈچەيتىش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاش كۈچەيتىلدى. ناھىيە بويىچە بىر ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بار، ئايرىم-ئايرىم ھالدا تېلېۋىزور داشۆ سىنىپى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى تولۇق، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسى تولۇقلاش سىنىپى بار. ناھىيە بويىچە بىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 22 ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، 735 نەپەر ئوقۇتقۇچى ئىشچى - خىزمەتچىسى، 7009 نەپەر ئوقۇغۇچى بار. 176 باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، 1,986 نەپەر ئوقۇتقۇچى ئىشچى - خىزمەتچى، 29,755 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بار. ناھىيە بويىچە ئوقۇش يېشىدىكى ئۆسمۈرلەر 32,576 نەپەر بولۇپ، مەكتەپكە كىرگىنى 32187 نەپەر، مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99% كە يەتتى. باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 4340 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭدىن تولۇقسىزغا ئۆتكىنى 2745 نەپەر. سىنىپ ئىشىش نىسبىتى 63·35% بولدى. تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ ھەر دەرىجىلىك ئالىي ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە كىرىپ ئوقۇغىنى 250 نەپەر. 1985-يىلى بولسا 80 - يىلدىن بۇيان سىنىپ ئىشىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان يىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ناھىيە بويىچە 16 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار 96,691 نەپەر بولۇپ، ساۋاتلىق بولغىنى 90,960 نەپەر، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش نىسبىتى 94% گە يەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا بىر پارتىيە مەكتىپى بار.

مەدەنىيەت ئىشلىرى جەھەتتە: ناھىيىدە رادىئو ئۇزىلى، يېزىلاردا رادىيو پونكىتلىرى بار. ناھىيىدە قىشلىق، يازلىق كىنوخانا، يېزىدا 17 كىنو قويۇش ئەترىتى بار. ناھىيىدە بىر مەدەنىيەت يورتى، يېزىلاردا 17 مەدەنىيەت پونكىتى بار. ناھىيىدە بىر سەنئەت ئۆمىكى بولۇپ، ھەرقايسى يېزىلارغا بېرىپ ئويۇن قويۇپ تۇرىدۇ. ئىستاتىستىكىدىن قارىغاندا ھۆكۈمەت ۋە شەخسنىڭ بولۇپ 2000 دىن ئارتۇق تېلېۋىزور بار. بۇلار شەھەر يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە.

سەھىيە ئىشلىرى جەھەتتە: ناھىيىدە بىر خەلق دوختۇرخانىسى، يېزىلاردا 17 دوختۇرخانا، 618 كېسەل كارىۋىتى، 415 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بار. بۇنىڭدىن تېببىي خادىم 325 نەپەر، بىر كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى بار. سەھىيە داۋالاش خىزمىتى يىلمۇ - يىل ياخشىلىنىپ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ كېسەلدىن مۇداپىئەلىنىشى، داۋالىنىش ئېھتىياجى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرۇلماقتا. 1985 - يىلى 8 -

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ۋە 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، 7.4 بال ۋە 6.8 بال قاتتىق يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بېرىپ ئۇۋال، مۇش يېزىلىرىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. ئۆرۈلگەن ئۆي 20,400 ئېغىز، ئۆلگەن ئادەم 45 نەپەر، ئېغىر يارىلانغان ئادەم 157 نەپەر، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ بولۇپ جەمئىي زىيان 23 مىليون يۈەن. ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن ناھىيىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئاپەت مەيدانىغا بېرىپ، ئاپەتكە قارشى تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش جېڭىغا قوماندانلىق قىلدى. ھەممە مەركەز ئاپتونوم رايون، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. ئۇلاردىن سەممى ھال سورىدى. ھەر جەھەتتىن ياردەم بەردى. ھەرمىللەت خەلقى 57 كۈن جاپالىق كۈرەش قىلىپ 3262 دېھقان ئائىلىسىگە، 12,988 ئېغىز ئۆي سېلىپ بەردى. 1765 دېھقان ئائىلىسىنىڭ ئۆيى رېمونت قىلىندى. شۇ ئارقىلىق ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرى بىرقەدەر ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ قىشنى بىخەتەر ئۆتكۈزۈش كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

ئاسارە ـ ئەتىقىلەر ۋە سەيلىگاھلار: كوناشەھەر ناھىيىسى ناھايىتى ئۇزۇن مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە. خەلقىمىز ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن تارىخنىڭ ئۇزۇن مۇساپىسىدا پارلاق ئىلىم ـ پەن مەدەنىيەت يارىتىپ نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئالىم، يازغۇچى، شائىر پەيلاسوپ ۋە سەنئەتكارلارنى يېتىشتۈرگەن. ناھىيىمىزدىكى تارىخىي ئىزلار ئۇزاق تارىخنىڭ ئەستىلىكى سۈپىتىدە خەلقىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىغا ئىلھام بەرمەكتە. 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر ئالىمى، تىلشۇناس، «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورى مەخمۇد قەشقەرىنىڭ مازىرى 1105 ـ يىلى ياسالغان بولۇپ، ئورنى ئوپال يېزىسىدا، بۇ مازار ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئاسرىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلدى.

خانئۆي قەدىمكى شەھەر خارابىسى: خانئۆي ـ خان ئوردىسى، خان تۇرىدىغان جاي پايتەخت دېگەن بولۇپ، غەربىي دىياردىكى قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ بىرى. «سۇلتان سوتۇق بۇغراخان» تەزكىرىسىگە قارىغاندا؛ قاراخانىلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدە مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن بۇددىست ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا خاراپ بولغان. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، چاقماق دەرياسىدىن كەلگەن كەلكۈندە خاراپ بولغان. شەھەرنىڭ خارابىسى بەشكېرەم يېزىسى دائىرىسىدىكى سېرىق توپىلىققا جايلاشقان، بۇ ئورۇن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئاسرىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىقلار بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

مورا بۇددا مۇنارىسى: بۇ يەر ئەسلىدە بۇددا ئىبادەتخانىسى بولۇپ، ھازىر پەقەت ئىبادەتخانىنىڭ ئىككى مۇنارى ساقلىنىپ قالغان. «مورا» دېگەن سۆز ئۇيغۇرچە سۆز

بولۇپ، خۇددى موردەك چوخچۇيۇپ تۇرىدىغان جاي دېگەن بولىدۇ. هازىرقى خارابىسىدىن قارىغاندا دىنى ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ۋەيران بولغان، شۇنداقلا بۇ جايدىكى يەرلىك ئادەملەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ ئورۇنمۇ بەشكېرەم يېزىسىغا جايلاشقان، مۇش يېزىسىنىڭ مىڭ يول كەنتىدە چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئارمىيە باش قوماندانى ليۇجىڭتاڭ 1877 - يىلى 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مىڭ يولدا ياقۇپبەگنىڭ ساقىندى قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ تاشلىغانلىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن تىكلەپ قويغان بىر پارچە تاش ئابىدە بار ئىدى. هازىر ئۇ شىنجاڭ مۇزېيخانىسىدا ساقلانماقتا.

ئوپال يېزىسىنىڭ ئوپلات دېگەن يېرىدە 1 - 2 - ئەسىردە بىنا قىلىنغان بىر قەدىمكى شەھەرنىڭ خارابىسى بار.

1972 - يىلى ئوپال يېزىسىنىڭ ئوپلات دېگەن يېرىدە قەدىمكى تاش قورال دەۋرىدىكى تاش قوراللاردىن بىرقانچىسى تېپىلىپ هازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيخانىسىدا ساقلانماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كوناشەھەر ناھىيىسى مەمۇرىي رايونلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى

كوناشەھەر ناھىيىسى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا، غەربىي دىياردىكى قەدىمكى سۇلى دۆلىتىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجۇ 2-يىلى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 60-يىلى) غەربىي دىياردا تۇتۇق مەھكىمىسى قۇرۇلغاندا سۇلى غەربىي خەن سۇلالىسىغا تەۋە بولغان. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ — يۇڭپىڭنىڭ 16-يىلى (مىلادىنىڭ 73-يىلى) دىن كېيىن بەنچاۋ سۇلىنى چوڭ بازار قىلىپ، غەربىي دىيارنى 30 نەچچە يىل تۇتۇپ تۇرغان. سوي سۇلالىسىغىچە غەربىي دىيار تۈركلەرگە تەۋە بولغان.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ تاڭيۈەن 2-يىلى (مىلادى 675-يىلى) غەربىي ئورۇنلارغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئەنشى تۇتۇق مەھكىمىسى قۇرۇلغان، تەۋەلىكىدە تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىن پامىر ئېگىزلىكىنىڭ غەربىدىكى ئامۇ دەريا ئېقىنىغا قەدەر كەڭ رايونلار بار ئىدى، سولى باش ئەمىر مەھكىمىسى قۇرۇلغاندا، شۇ ۋاقىتتىكى نام چىقارغان «ئەنشىدىكى تۆت شەھەر» نىڭ بىرى بولغان.

جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، سولى غەربىي لياۋ (قاراكىدان) خاندانلىقىغا تەۋە ئىدى. سولى دىگەن نام تەدرىجى «قەشقەر» دېگەن نامغا ئۆزگەرگەن. ئۇرخۇن سىلىنگا دەرياسى ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان قەدىمكى ئۇيغۇرلار، مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن غەربكە كېلىپ، قەشقەرنى مەركەز قىلىپ قارخانىلار خاندانلىقىنى قۇرۇپ، قەشقەرنى شەرقى پايتەختى قىلىپ 3 ئەسىر دەۋر سۈرگەن. 12-ئەسىرنىڭ بېشىدا (1212-يىلى) سولى ياللۇغ داش غەربىي لياۋ ھاكىمىيىتى (قاراكىدانلار) قارخانىلار سولالىسىنىڭ غەربىي قىسمىنى بېسىۋېلىپ قەشقەرنى مەركەز قىلىپ، شەرقى قىسىم قاراخانىلار سۇلالىسىنى تىزگىنلىۋالغان. مىلادى 1218-يىلى چىڭگىزخان غەربىي دىيارنى بويسۇندۇرغاندا، چىڭگىزخاننىڭ 2-ئوغلى چاغتاي خانىنىڭ سۇيۇرغاللىقىغا ئايرىلغان، يۈەن سۇلالىسىنىڭ 25-يىلى (مىلادى 1288-يىلى) بۇ جاي ئامور ئۆلكىسىگە تەۋە بولغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا قەشقەردە سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلغان.

مىلادى 1759-يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24-يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قوشۇن ئەۋەتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۇرھانىدىن خوجا ۋە خوجا جاھان باشچىلىقىدىكى «چوڭ-كىچىك خوجىلار توپىلىڭى» نى باستۇرۇپ شۇ يىلى 6-ئاي-

دا قەشقەرنى ئىگىلىگەن، چىڭسۇلالىسى ئوردىسى بۇ يەرگە ئىش بېجىرگۈچى ۋەزىرىدىن بىرنى، يىتەكچى ۋەزىرىدىن بىرنى ۋە لەشكەر باشلىقىدىن بىرنى بېكىتىپ قەشقەرنىڭ پۈتۈن رايونى (ھازىرقى كوناشەھەر، يېڭىشەھەر، يېڭىسار، پەيزىۋات، مارالبېشى، قەشقەر قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەر) نى ئۆز ئىلكىگە ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە بەگلىك تۈزۈمى تەسىس قىلىپ، يەرلىك ئاپتونومىيە ھاكىمىيىتى ئارقىلىق ئىچكى ئىشلارنى باشقۇرۇپ كەلگەن. شۇچاغدا قەشقەر چىڭ ئوردىسىنىڭ شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىلى جياڭجۈنى (گېنېرال) (ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى ئارمىيە بىلەن ھاكىمىيەت بىرلەشكەن ئەڭ يۇقىرى ئەمەلدار ئىدى) گە تەۋە بولغان. ①

1762 - يىلى چىڭئوردىسىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق مەھكىمىسى قەشقەر شەھىرىدىن 2 چاقىرىم يىراقلىقتىكى غەربىي - شىمال تەرەپكە يېڭىدىن قورغان سېلىپ، (بۈگۈنكى قەشقەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ ئورنى) گە كۆچكەن. 1766 - يىلى مەسلىھەتچى ۋەزىر ياردەمچىسى ئۇچتۇرپانغا يۆتكەلگەن. (ھازىرقى ئاقسۇ ۋىلايىتى). قەشقەردىكى ئىش بېجىرىش ۋەزىرى مەھكىمىسى ئۇچتۇرپاندىكى مەسلىھەتچى ۋەزىر مەھكىمىسىگە قارايدىغان بولغان. 1788 - يىلى (چيەنلۇڭ 53 - يىلى) مەسلىھەتچى ۋەزىر مەھكىمىسى يەنە قەشقەرگە كۆچۈپ كېلىپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 8 شەھەر (قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن، قاراشەھەر، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچار) نى ئىدارە قىلغان. ②

داۋگۇاڭ 6 - يىلى (1826 - يىلى) چوڭ، كىچىك خوجىلارنىڭ نەۋرىسى جاھانگىر خوجا يەنە توپىلاڭ قوزغاپ «يۇمىلاق شەھەر» نى كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلغان. توپىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىن داۋگۇاڭ 8 - يىلى قەشقەرنى 20 چاقىرىم كېلىدىغان شەرقىي - جەنۇبىي تەرەپتە «خويۇۋ» دېگەن يېڭى بىر شەھەر قۇرۇلۇپ (بۈگۈنكى يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ گەۋدىسى) چىڭ ئوردىسىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەمەلدار مەھكىمىسى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ شەھەرگە كۆچكەن. ③ بۇ يېڭىشەھەر ناھىيە دەپ ئاتىلىپ بىر ئامبال تەسىس قىلىنغان. ئادەتتە يېڭىشەھەر ياكى «خەنچىڭ» دەپ ئاتالغان. سابىق سۇلى مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق ئورۇن كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. ھازىرقى يېڭىشەھەر ناھىيىسى ئىلگىرى سۇلى دۆلىتى (مەھكىمىسى) دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن.

1881 - يىلى چاررۇسىيە قەشقەر رايونىنىڭ ئۆز بەل ئېغىزىدىن پامىرغىچە بولغان دۆلەت چېگرىسىدىن جەنۇبقا ئىلگىرىلەپ كىرىپ 70 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر جۇڭگو زېمىنىنى بېسىۋالغان.

1883 - يىلى (گۇاڭشۈ 9 - يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا ھەربىي رەھبەرلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىسى رەسمىي تەسىس قىلىنىپ، جايلاردا ئايماق (ئوبلاست)، ناھىيە تۈزۈمىنى يولغا قويغان. بۇنىڭ بىلەن قەشقەر «غەربتىكى 4 شە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەرنىڭ لەشكەر ئەسلىھەلىرىنى نازارەت قىلىش ۋىلايىتى» بولۇپ ئۆزگەرتىلدى (يەنى قەشقەر ۋىلايىتى) شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىدا كوناشەھەر ناھىيىسى تەسىس قىلىنىپ، قەشقەر ۋىلايىتىگە بىۋاستە قاراشلىق سولى ئايمىغا (ئايماق ئورنى ئەسلىدىكى «خۇيۇۋ» شەھىرى، بۈگۈنكى يېڭىشەھەر ناھىيە بازىرىدا) ④ تەۋە بولدى. جۇمھۇرىيەت مەزگىلىدە قەشقەر مەمۇرىي رايونىغا ئۆزگەرتىلدى، ئازادلىقتىن كېيىن قەشقەر ۋىلايىتى دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

قەشقەر سۆزىنىڭ مەنىسى توغرىسىدا چۈشەندۈرۈشلەر كۆپ. بىرىنچى خىل چۈشەندۈرۈشتە: «كامىشلىق ئۆي» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. يانا بىرخىل چۈشەندۈرۈشتە: گۈزەل «قاش تېشى شەھەر» دېيىلگەن. زادى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك دېگەن مەسىلىگە كەلگەندە، بۇندىن كېيىن داۋاملىق دەلىللەپ ئايدىڭلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ تارىخىي چېگرا دائىرىسى: شەرقىي تەرىپى بەشكېرەم يېزىسى ئارقىلىق پەيزىۋات ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي تەرىپى باغچا يېزىسى ئارقىلىق يېڭىشەھەر ناھىيىسى بىلەن، غەربىي قىزىلئارت داۋان ئارقىلىق چارروسىيەنىڭ فەرغانە ئۇلكىسى بىلەن، شىمالىي تەرىپى تورغات داۋىنى ئارقىلىق چارروسىيەنىڭ يەتتە سۇ ئۇلكىسى بىلەن، غەربىي-جەنۇبىي تەرىپى قىياقباش ئارقىلىق تاشقورغان ناھىيىسى بىلەن، شەرقىي شىمال تەرىپى باتۇر ماناق ئارقىلىق ئۇچتۇرپان ناھىيىسى بىلەن غەربىي شىمالى داستار داۋانى ئارقىلىق چارروسىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقتىن غەربكە بولغان ئارىلىقى 990 چاقىرىم، جەنۇبتىن شىمالغا بولغان ئارىلىقى 564 چاقىرىم، تاغلىق رايوننىڭ سىرتىدا 9 يېزا بار ئىدى. يەنە: سەمەن (شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا بولۇپ، 10 كەنتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.) قوغان (شەھەرنىڭ شەرق-شىمالى دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا بولۇپ 23 كەنتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). بەشكېرەم (شەھەرنىڭ شەرقى تەرىپىدە بولۇپ، 32 كەنتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئاۋات (شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدە بولۇپ، 13 كەنتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) توققۇزاق (شەھەرنىڭ غەربىي-جەنۇبىي تەرىپىدە بولۇپ، 39 كەنتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئوپال (شەھەرنىڭ غەربىي تەرىپىدە بولۇپ، 9 كەنتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، تاشمىلىق (شەھەرنىڭ غەرب-جەنۇب تەرىپىدە بولۇپ، 21 كەنتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇستۈن ئاتۇش (شەھەرنىڭ شىمال تەرىپىدە بولۇپ، 7 كەنتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). مۇشسۇللۇق (شەھەرنىڭ غەربىي-شىمالى تەرىپىدە بولۇپ، 2 كەنتنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ 95 چاقىرىم كېلىدۇ) تاغ ئارىسىدا 5 قەبىلە بار ئىدى. يەنى قوشچى، چوڭ باغاش، يۇۋاش، قىپچاق، ئەمەن. ⑤

1900-يىلى (گۇاڭشۇ 26-يىلى) كوناشەھەر ناھىيە بازىرىنىڭ كۆلىمى 12 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، 6138 ئائىلە 22,487 نوپۇس، 9 ئورۇندا بازار بار ئىدى. پۈتۈن

ناھىيىنىڭ يەر كۆلىمى 162,487 كۋادرات چاقىرىم بولۇپ، 31,893 ئائىلە 151,331 نوپۇس، 170 كەنت بار ئىدى. 21 ئورۇندا ھەربىي چازا بولۇپ، باشقۇرغۇچى 2 نەپەر، ئائىلىسى 1150، نوپۇسى 4512 نەپەر، 25 ئورۇندا چارۋا بېقىش ئوقتىسى بولۇپ، باشقۇرغۇچى 1 نەپەر، ئائىلىسى 1139، نوپۇسى 4414 نەپەر. ⑥

1912 - يىلى شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن كوناشەھەر ناھىيىسى بىۋاستە شىنجاڭ ئۆلكىسى قەشقەر ۋىلايەتكە قاراشلىق بولدى. 1927 - يىلى (جۇمھۇرىيەت 16 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىسى قەشقەر مەمۇرىي ئەمەلدار مەھكىمىسىگە قاراشلىق بولدى. 1943 - يىلى (جۇمھۇرىيەت 32 - يىلى) شىنجاڭ 3 - تەپتىش مەھكىمىسى قەشقەرگە قاراشلىق بولدى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئىچى (ھازىرقى قەشقەر شەھىرى) دوتەي (ۋىلايەت) مەھكىمىلىرىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بولۇپ كەلگەن.

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىسى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى كوناشەھەر ناھىيىسىدە (ھازىرقى قەشقەر شەھىرى) بوادى. ⑦

شۇ چاغدا 12 رايون (بۇنىڭ ئىچىدە 4 شەھەر رايونى، 8 يېزا ئىگىلىك رايونى) 102 يېزا 524 تەبىئىي كەنت بار بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 439,800 مو بولدى ⑧

1952 - يىلى 9 - ئايدا گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن قەشقەر شەھىرى قۇرۇلۇپ شىنجاڭ ئۆلكىسىگە بىۋاستە قاراشلىق شەھەر بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتى ۋاكالىتەن رەھبەرلىك قىلىپ نازارەت قىلىندىغان بولدى. شەھەر رايونى ئەسلىدىكى كوناشەھەر ناھىيىسىگە تەۋە (ناھىيە بازىرى ۋە ئەتراپىتىكى رايونلار ئاساس قىلىنغان) رايوندىن ئاجرىتىلغان. ⑨ 4 شەھەر رايونى بىلەن سەمەن رايونىنىڭ 1 - 2 - 3 - 11 - يېزىسى، 4 - يېزىسىنىڭ 3 كەنتى، 12 - يېزىسىنىڭ 3 كەنتى، قوغان رايونىنىڭ 3 - 4 - 5 - 7 - 8 - يېزىسى قاتارلىق رايون، يېزا، كەنتلەر قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. نوپۇسى بىرقەدەر كۆپ، يېزا كەنتلىرى تارقاق رايونلار تەڭشەلدى. سەمەن رايوندىن بىرقىسىم جايلار قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، قالغان يېزا، كەنتلەر، سەمەن، لەنگەردىن ئىبارەت ئىككى رايونغا بۆلۈندى. ئاۋات رايونى - ئاۋات، يىڭئۆستەڭدىن ئىبارەت ئىككى رايونغا بۆلۈندى. توققۇزاق رايونى، زەمىن، سايباغ، توققۇزاقدىن ئىبارەت 3 رايونغا بۆلۈندى. باشقا 5 رايون ئۆز ھالىتىنى ساقلاپ قالدى. ئەينى ۋاقىتتا ناھىيە بويىچە 12 رايون 92 يېزا بولغان. 1958 - يىللىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە، ناھىيە بويىچە 50,806 ئائىلە، 20,5441 نوپۇس بولغان. ⑩

1954 - يىلى سايباغ رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ئەسلىدىكى 4 يېزىنىڭ 3 يېزىنى زەمىن رايونىغا، بىرىيېزىسىنى توققۇزاق رايونىغا ئايرىپ بېرىلدى. بورىخىتاي رايونىنىڭ 12 - يېزىسى (توپلۇق) ئوپال رايونىنىڭ 10 - يېزىسى (يودوغۋاش)، تاشمىلىق را-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

يونىنىڭ 8 ـ يېزىسى (ئويتاغ) ئاقتۇ ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. تەڭشەلگەندىن كېيىن ناھىيە بويىچە جەمئىي 11 رايون، 93 يېزا، 50,479 ئائىلە، 202,041 نوپۇس بولغان.

1955 ـ يىلى كوناشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قەشقەر شەھىرىدىن توققۇزاق رايونىغا كۆچۈپ چىقتى. 1958 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى توققۇزاق رايونىنىڭ 6 ـ يېزىسىنى توققۇزاق بازىرى (جىلىڭ) قىلىپ ئۆزگەرتتى، ⑪ شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن قەشقەر شەھىرى قوغان (قەشقەر شەھىرى 1 يېزا، 9 كەنت ئېلىپ قالغان) سەمەن رايونلىرىنى (قەشقەر شەھىرى 2 يېزا، 7 كەنت ئېلىپ قالغان) كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇ يىلى ناھىيە تەۋەلىكىدە 11 رايون، 99 يېزا 56,177 ئائىلە، 228,858 نوپۇس بولۇپ، تېرىلغۇ كۆلىمى 722 مىڭ مو بولغان. ⑫

1956 ـ يىلى ئازساندىكى كىچىك يېزىلارنى بىرلەشتۈرۈش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. ئوپال رايونىنىڭ 8 ـ 9 ـ يېزىسىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر يېزا قۇردى. سەمەن رايونىنىڭ 5 ـ 6 ـ يېزىسىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر يېزا قۇرۇلدى. بەشكېرەم يېزىسىنىڭ 3 ـ 4 ـ يېزىسىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر رايون قۇرۇلدى، زەمىن رايونىنىڭ 7 ـ يېزىسىنىڭ 2 كەنتى توققۇزاق رايونىنىڭ 7 ـ يېزىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە 11 رايون يەنى ئوپال (9 يېزا) تاشمىلىق (7 يېزا) بورىختاي (11 يېزا)، توققۇزاق (11 يېزا) زەمىن (5 يېزا) سەمەن (11 يېزا)جەمئىي 96 يېزا، 57,554 ئائىلە، 231,960 نوپۇس بار بولۇپ، تېرىلغۇ كۆلىمى 740 مىڭ مو بولدى. 1958 ـ يىلى بىرقىسىم كىچىك يېزىلارنى بىرلەشتۈرۈش خىزمىتى ئىشلەندى. سەمەن رايونىنىڭ 4 ـ يېزىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ 2 ـ 3 ـ يېزىسىغا قوشۇۋېتىلدى. لەنگەر رايونىنىڭ 2 ـ 3 ـ يېزىسىنىبىرلەشتۈرۈپ بىر رايونغا ئۆزگەرتىلدى. قوغان رايونىنىڭ 1 ـ 2 ـ يېزىسىنى بىرلەشتۈرۈپ 11 ـ يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بەشكېرەم رايونىنىڭ 3 ـ 4 ـ يېزىسىبىرلەشتۈرۈلدى. بورىختاي دېگەن نام بۇلاقسۇغا ئۆزگەرتىلدى، ھەمدە 2 ـ 3 ـ يېزىسى بىرلەشتۈرۈلدى. ئوپال رايونىنىڭ3 ـ 5 ـ يېزىسى بىرلەشتۈرۈلدى، تاشمىلىق رايونىنىڭ 1 ـ 3 ـ يېزىسى بىرلەشتۈرۈلدى. توققۇزاق بازىرى (جىلىڭ) تەسىس قىلىندى. شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقى ۋە قەشقەر ۋالى مەھكىمىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، قوغان رايونى (تەۋەلىكىدە 15 يېزا، 58 ئالى كوپېراتىپ بار ئىدى) سەمەن رايونى (تەۋەلىكىدە 13 يېزا، 34 ئالى كوپېراتىپ بار ئىدى)، قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە ئوپال، تاشمىلىق، بۇلاقسۇ، توققۇزاق، زەمىن، لەنگەر، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭى ئۆستەڭ قاتارلىق 9 گۇڭشې، بىر بازار (جىلىڭ) 64 يېزا، 45,101 ئائىلە، 173,191 نوپۇس بار بولۇپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 675 مىڭ مو بولدى. 1959 ـ يىلى 7 ـ

ئاينىڭ 2 - كۈنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، بۇلاقسۇ گۇڭشېنىڭ تېرىم دادۈيىسى تاشمىلىق گۇڭشېنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە 9 گۇڭشې، بىر بازار (جېڭ)، 104 دادۈي (باشقۇرۇش رايونى) 1103 شاۋدۈي 50,263 ئائىلە، 165,916 نوپۇس بار بولۇپ، تېرىلغۇ كۆلىمى 664 مىڭ مو بولدى. ⑬

1962 - يىلى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، توققۇزاق باغۋەنچىلىك مەيدانى قۇرۇلدى 1964 - يىلى 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقى ۋە قەشقەر ۋالى مەھكىمىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن قەشقەر شەھىرىنىڭ قوغان، سەمەن رايونلىرى تەۋەلىكىدىكى گۇڭشې، دادۈيلەر قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ⑭ شۇ يىلى ناھىيە بويىچە 12 گۇڭشې، بىر بازار (جېڭ)، 1 باغۋەنچىلىك مەيدانى، 297 دادۈي1793 شاۋدۈي، 64,650 ئائىلە، 221,092 نوپۇس بار بولۇپ، تېرىلغۇ كۆلىمى 763 مىڭ مو بولدى. ⑮

1965 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن خانئۆي ئورمانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى. (گۇڭشې دەرىجىلىك).

1976 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقىغا ئاساسەن، كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭى ئۆستەڭ گۇڭشېلىرى ۋە خانئۆي ئورمان مەيدانى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئەسلى قەشقەر شەھىرىنىڭ باغۋەنچىلىك مەيدانى ناھىيىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ⑯ شۇ يىلى ناھىيە بويىچە 10 گۇڭشې بىر بازار (جېڭ)، 2 باغۋەنچىلىك مەيدانى، 128 دادۈي، 997 شاۋدۈي، 41,103 ئائىلە، 148,268 نوپۇس بار بولدى.

1978 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىغا ئاساسەن، سابىق «8 - مارت» دېھقانچىلىق مەيدانىنى ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتىلدى. (گۇڭشې دەرىجىلىك).

1980 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، ناھىيىلىك ئورمان مەيدانى، (زەمىن)، باغۋەنچىلىك مەيدانى قۇرۇلدى. (كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى ئورۇن).

1981 - يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىغا ئاساسەن، سابىق يېڭى ئېرىق چارۋىچىلىق مەيدانى، كۆكچى چولڭ چارۋا مەيدانى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ناھىيىلىك چارۋىچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى. (گۇڭشې دەرىجىلىك ئورۇن)

1982 - يىلى 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، قەشقەر شەھىرىنىڭ قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ قاتارلىق گۇڭشېلىرى، خانئۆي ئورمانچىلىق مەيدانى قايتا كونىشەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ

بېرىلدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە ئوپال، تاشمىلىق، بۇلاقسۇ، سايباغ، زەمىن، ئوغساق، پاختەكلە، سەمەن، لەنگەر، مۇش، قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ قاتارلىق 14 گۇڭشې، 208 دادۈي، 1634 شودۈي، بىر بازار (جېڭ)، 6 دېھقانچىلىق ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك مەيدانى، 65,506 ئائىلە، 273,883 نوپۇس بار بولۇپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 672 مىڭ مو بولدى.

1984 - يىلى 9 - ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تەستىقىغا ئاساسەن، بۇرۇنقى 11 گۇڭشې، 3 رايوننى 17 يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئۆزگەرتىپ قۇرۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەسلىدىكى تاشمىلىق گۇڭشېدىن 4 كەنت كومىتېتىنى ئايرىپ چىقىپ تىرىم يېزىلىق ھۆكۈمەت، ئەسلىدىكى سەمەن گۇڭشېدىن 6 كەنت كومىتېت، بىر باغۋەنچىلىك مەيدانىنى ئايرىپ چىقىپ، خانىدى يېزىلىق ھۆكۈمەت، ئەسلىدىكى يېڭى ئۆستەڭ گۇڭشېدىن 5 كەنت كومىتېتىنى ئايرىپ چىقىپ، ئاققاش يېزىلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە 17 يېزىلىق ھۆكۈمەت، 217 كەنت كومىتېت، بىر بازارلىق ھۆكۈمەت، 4 دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق مەيدانى بولۇپ، 66,501 ئائىلە، 289,050 نوپۇس بار بولدى⑰

قوشۇمچە: كونىشەھەر ناھىيىسى مەمۇرىي رايونىنىڭ تارىخىي - تەرەققىيات ماتېرىياللىرىنىڭ مەنبەئى توغرىسىدا ئىزاھات.

1. «شىنجاڭنىڭ شىتات قۇرۇلۇشى 1 - توم، ئومۇم بايان، (جېڭ سۇلالىسى، سۇڭ بولو)، «چىڭ خاندانلىقىنىڭ ھۆججەتلەر توپلىمى قەشقەر شەھىرى».

2. «چىڭ خاندانلىقىنىڭ تارىخىي ماتېرىيالى، جۇغراپىيىلىك خاتىرىلىرى، سولى مەھكىمىسى» «غەربىي چېگرا ھەققىدە قىسقىچە خاتىرىلەر»

3. «شىنجاڭ شىتات قۇرۇلىشى، (1. توم قەشقەر ۋىلايىتى»

4. «شىنجاڭ شىتات قۇرۇلۇشى، 1 - توم، ئومۇمىي بايان» شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى 7. باب، 5 - ئابزاس».

5. «شىنجاڭ خىرىتلىك تەزكىرىسى» تارىخىي تەرەققىياتى.

6. «شىنجاڭ خىرىتلىك تەزكىرىسى»

7. «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، 9 - باب، 8 - ئابزاس»

1961 - يىلى 6 - ئايدا تۈزگەن «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تەزكىرىسى، قەشقەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى»

8. 1949 - 1951 - يىلىغىچە «قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق ئىگىلىك ئەھۋالىنى ستاتىستىكا قىلىش ماتېرىيالى».

10. كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1953 - يىللىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىن خۇلاسە دوكلات.

11. 1958 - يىلى 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق

ھۆكۈمىتىنىڭ توققۇزاق رايونلۇق 6 - يېزىسىنى ۋە ئاۋات رايونىنىڭ 1 - يېزىسىنى بازار (جىك) غا ئۆزگەرتىپ قۇرۇشىغا قوشۇلۇش توغرىسىدىكى تەستىق. (خەلق ئىشلار 0376 - نومۇرلۇق).

12. 1959 - يىلى كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ مەمۇرىي رايونىغا ئايرىلىش ۋە مەمۇرىي ئىشتات تۈزۈمىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ستاتىستىكا قىلىش جەدۋىلى.

13. 1959 - يىللىق كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ مەمۇرىي رايونغا ئايرىلىشى، ئاساسى ئەھۋاللارنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى.

14. كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1964 - يىللىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى ستاتىستىكا قىلىش جەدۋىلى.

15. 1975 - يىلى 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ (75) 84 № «كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ قوغان ۋاتارلىق 4 گۇڭشېنى قەشقەرشەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش».

16. «قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق قوغان ۋاتارلىق 4 گۇڭشېنى ۋە خانئۆي ئورمانچىلىق مەيدانىنى كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» (ق، م چ (82) 185№ -).

17. قوشۇمچە: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ گۇڭشېنى يېزىغا ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى).

www.uyghurkitap.com

## توققۇزاق بازىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

[illegible] — كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ موھىم بازىرى بولۇپ، [illegible] ناھىيىلىك كومىتېتى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى [illegible] [illegible] ئورۇنلاشقان جاي. بازار ئورنى [illegible] [illegible] [illegible] ئايباغ يېزىسىنىڭ [illegible] [illegible] [illegible] ئىشلەمچى كەنتى بىلەن، غەربىي [illegible] [illegible] [illegible] شىمال تەرىپى ئوغساق يېزىسىنىڭ [illegible] [illegible] [illegible] كۆلىسى ۋە كۆۋادرات كىلومېتىر.

[illegible] ناھىيىگە قاراشلىق ئىدارە جەمئىيەتلەردىن [illegible] ئورۇنلاردىن بىرسى ئورۇنلاشقان. تەۋەلىكىدە [illegible] [illegible] [illegible] بار.

1961 - [illegible]

مەمۇرى رايون ۋە تەبىئى كەنت نامىلىرى

[illegible] 6,998 ئادەم، [illegible] [illegible] 1,359 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 16.19% نى تەشكىل قىلىدۇ، [illegible] 34 نەپەر، قىرغىز 11 نەپەر، موڭغۇل 4 نەپەر، [illegible] 8 نەپەر بولۇپ، بۇ ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.67% نى تەشكىل قىلىدۇ.

1 — «توققۇزاق» ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، [illegible] توققۇز [illegible] ئاق يەر دېگەن بولۇپ، بۇندىن ئىلگىرى [illegible] [illegible] قولچى بىلەن، يەنى ئۇيال ۋە [illegible] [illegible] قەدەر تەبىئى يەر [illegible] توققۇز [illegible] بولۇپ، ئاق بولغانلىقى ئۈچۈن [illegible] [illegible] دەپ ئاتال[illegible] سۆز ئاۋۇشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن [illegible] دەپ ئاتالغان.

[illegible] ئىسلام دىنى تارقاتقۇچىلىرىدىن [illegible] (ناھىيىنىڭ [illegible] شىمالى، ھازىرقى [illegible] [illegible]) [illegible] [illegible] ئۇ كىشى [illegible] [illegible] ۋە ئاق [illegible] (توققۇزاق) دەپ ئاتالغان دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

[illegible] [illegible] [illegible] بولۇپ، [illegible] ۋادىسىدا

[illegible] —

٢٧ - ٢١

# توققۇزاق بازىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

توققۇزاق بازىرى ـ كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ مۇھىم بازىرى بولۇپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ناھىيىگە قاراشلىق ئىدارە، جەمئىيەتلەر ئورۇنلاشقان جاي. بازار ئورنى سايباغ يېزىسى دائىرىسىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي تەرىپى سايباغ يېزىسىنىڭ مەنگەن كەنتى بىلەن، جەنۇبىي تەرىپى سايباغ يېزىسىنىڭ ئىشلەمچى كەنتى بىلەن، غەربىي تەرىپى سايباغ يېزىسىنىڭ پىلال كەنتى بىلەن، شىمال تەرىپى ئوغساق يېزىسىنىڭ غوجىلا كەنتى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 9 كۋادرات كىلومېتىر.

توققۇزاق بازىرىدا ناھىيىگە قاراشلىق ئىدارە جەمئىيەتلەردىن 89، ۋىلايەتكە قاراشلىق ئورۇنلاردىن بىرسى ئورۇنلاشقان. تەۋەلىكىدە بىرسەي ـ كوكتاتچىلىق كەنت كومىتېتى بار.

1985 ـ يىللىق ستاتىستىكىغا قارىغاندا، جەمئىي 1,618 ئائىلە، 8,415 نوپۇس بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 6,998 نەپەر، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 83·16% نى تەشكىل قىلىدۇ. خەنزۇ 1,359 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 16·1% نى تەشكىل قىلىدۇ. خۇيزۇ 34 نەپەر، قىرغىز 11 نەپەر، موڭغۇل 4 نەپەر، باشقا مىللەت 8 نەپەر بولۇپ، بۇ ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0·67% نى تەشكىل قىلىدۇ.

1-«توققۇزاق» ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، ئەسلى ئاتىلىشى «توققۇزئاق» مەنىسى توققۇز پارچە ئاق يەر دېگەن بولۇپ، بۇندىن ئىلگىرى ھازىرقى تەلۋىچەك كۆۋرۈكىدىن سايباغ ـ يېزىسىنىڭ قولچى بىلەن، يەنى ئوپال ۋە بۇلاقسۇ يېزىسىغا ئايرىلىدىغان يول ئاغزىغا قەدەر تەبىئىي يەر تۈزىلىشىدە توققۇز پارچە بىنام يەر، توپا دۆۋىسى بولۇپ، رەڭگى ئاق بولغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ خۇسۇسىيەتلەرگە ئاساسەن، توققۇزئاق دەپ ئاتالغان، كېيىن سۆز تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن «توققۇزاق» دەپ ئاتالغان.

2 ـ ئىسلام دىن تارقاتقۇچىلىرىدىن بولغان سېيىت جالالىدىن باغدات (ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالى، ھازىرقى بىناكارلىق شىركىتىنىڭ ئورنىدا مازىرى بولغان، كېيىن يۆتكىۋېتىلدى.) مۇسۇمغا چۈشكەندە يەرلىك خەلق ھۆرمەت يۈزىسىدىن 9 پارچە خام تەقدىم قىلغان. ئۇ كىشى مۇسۇلمانلار ياخشى ئىكەن. زېمىنىنىڭ ئىسمى 9 ئاق بولسۇن دېگەن. شۇڭا 9 ئاق (توققۇزاق) دەپ ئاتالغان دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

3 ـ ساكلار قەدىمكى تۈركى (ئۇيغۇر) قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئىلى ۋادىسىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئولتۇراقلاشقان. خىشى كارىدورىدىكى تۈركى قەبىلىلىرىدىن بولغان ئويسۇنلار غەربكە كۆچۈپ ئىلى ۋادىسىدىن ئۇلارنى قوغلاپ چىقارغان، ساكلارنىڭ بىر قىسمى جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىپ ئورۇنلاشقان، بەيساك، ئوكساك (      )، توققۇزساك، ئىنساك (ئاداساك)، توگەساك (ساكنىڭ توگىسى)، ياكى تۆگەلساك، ئوغۇزساك دېگەن ئىسىملار شۇ تارىخىي ۋەقەلەردىن پەيدا بولغان دېپ چۈشەندۈرگۈچىلەرمۇ بار.

توققۇزاق بازىرى ئازادلىقتىن ئىلگىرى توققۇزاق بەگلىكىگە قارايدىغان بىر كىچىك بازار بولۇپ، بازاردا بىر بەگلىك هويلا، ساقچى پەيچۇسى، بىر باشلانغۇچ مەكتەپ، ئازساندىكى سودا تىجارەت ئورۇنلىرى ۋە دەڭ (ساراي) بار ئىدى. هەر هەپتىنىڭ چارشەنبە كۈنى بازار بولۇپ، ئەتراپىدىكى دېهقانلار مۇشۇ بازارغا كېلىپ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەهسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇراتتى. 1955 - يىلى 9 - ئايدا كوناشەهەر ناهىيىلىك خەلق هۆكۈمىتىگە قاراشلىق ئورۇنلار قەشقەر شەهىرىدىن توققۇزاق رايونىنىڭ 6 - يېزىسىغا كۆچۈپ چىققان، 1958 - يىلى 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىغا ئاساسەن 6 - يېزىسى توققۇزاق بازىرىغا ئۆزگەرتىلىپ، يېزا دەرىجىلىك هاكىمىيەت ئاپپاراتى تەسىس قىلىنغان. شۇنىڭدىن بىرى بۇ يەر كوناشەهەر ناهىيىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزىي بولۇپ كەلمەكتە. جۇڭگو - پاكىستان خەلقئارا تاش يولى مۇشۇ بازارنىڭ ئىچىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. بازار رايونىنىڭ يەر شەكلى تۈزلەڭ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1,325 مېتر، بازارنىڭ شىمال تەرىپىدە مەڭگەن ئۆستىڭى، جەنۇبىي تەرىپىدە شۇغۇز ئۆستىڭى بولۇپ، غەربتىن شەرققە قاراپ بازارنى كېسىپ ئۆتىدۇ. هاۋارايى ئىسسىق بەلباغدىكى چوڭ قۇرۇقلۇق قۇرغاق هاۋا كىلىماتىغا تەۋە بولۇپ، 4 پەسىل ئېنىق، ياز كۈنى ئۇزۇن، قىش كۈنى قىسقا، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.2℃. ئەڭ سوغۇق ۋاقتى 1 - ئاي بولۇپ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 6.9℃. ئەڭ ئىسسىق ۋاقتى 7 - ئاي بولۇپ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 39.6℃. ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى 25.2℃ - بولىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 221 كۈن. يىللىق كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى 2870.6 سائەت، يىللىق ئوتتۇرىچە هۆل - يېغىن مىقدارى 72.2MM، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2537.8MM. غەربىي شىمال شامىلى كۆپ چىقىدۇ، ئوتتۇرىچە شامال سۈرئىتى 2 مېتر / سېكونت، ئەڭ يۇقىرى سۈرئىتى 30مېتر / سېكونت (11 بال). يىللىق ئوتتۇرىچە توپا يېغىش ۋاقتى 191.5 كۈن، توپا چاڭنىڭ ئۇچۇش ۋاقتى 9.5 كۈن، ئاساسلىق ئاپەت خاراكتېرلىق هاۋا كىلىماتىدىن مۆلدۈر، بوران، قۇرۇق ئىسسىق شامال قاتارلىقلار.

بازار ئىچىدە 8 ئاساسلىق يول بولۇپ، بۇنىڭدىن 4 يولغا قارامايي ياتقۇزۇلغان، يولنىڭ كەڭلىكى 12 مېتر، ئورمان بەلبېغىنىڭ كەڭلىكى 8 مېتر، پىيادىلەر يولىنىڭ كەڭلىكى 4 مېتر.

بازار رايونى ئىچىدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى 50 - يىللاردا ياسالغان بولۇپ، ھەممىسى كىسەك ۋە ياغاچتىن سېلىنغان قۇرۇلۇشلار. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ھۆكۈمەت بىناسى، بانكا، يەرلىك مال، تۈرلۈك ماللار ماگىزىنى، قىزىل بايراق سودا ماگىزىنى، زىيالى ياشلار ماگىزىنى، 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ، بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپ ئوقۇتۇش بىناسى، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىشخانىسى، دۆلەت مۇداپىئە 12 - پولكىنىڭ ئائىلە ياتاق بىناسى قاتارلىق قەۋەتلىك بىنالار سېلىندى. بازار ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتى، پاختا زاۋۇتى، ئاشلىق ۋە مايلىقا ئىش قوشۇش زاۋۇتى، ئىستىمال بۇيۇملىرىغا ئىش قوشۇش زاۋۇتى، قۇيمىچىلىق، ياغاچچىلىق زاۋۇتى قاتارلىق 30 نەچچە كىچىك تىپتىكى كارخانىلار بار. 27 ئورۇندا ئاساسىي سودا - تىجارەت نۇقتىسى، 6 ئورۇندا يېمەك - ئىچمەك نۇقتىسى، 6 ئورۇندا مۇلازىمەت كەسپى بولۇپ، ئۇلار كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورۇنلاشقان. 1985 - يىللىق ستاتىستىكىغا قارىغاندا بازار ئىچىدىكى مەدەنىي - مائارىپ، سەھىيە ئەسلىھەلىرىدىن 1 تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، 2 تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، 2 باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە مەكتەپلەردىن تەشكىل تاپىدۇ، جەمئىي 63 سىنىپ 261 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى، 2,567 نەپەر ئوقۇغۇچى بار. بىر بالىلار يەسلى، بىر ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى، بىر كىنوخانا (يازلىق قىشلىق) بىر دوختۇرخانا 160 دانە كىبەل كارۋىتى بار.

قاتنىشى قولايلىق، جۇڭگو - پاكىستان خەلقئارا تاش يولى بازار ئىچىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ، توققۇزاق بازىرىدىن قەشقەر شەھىرىگىچە بولغان يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىر كەڭلىكى 12 مېتىر بولۇپ، قارىماي ياتقۇزۇلغان. ھەرخىل چوڭ - كىچىك قاتناش قوراللىرى راۋان قاتناپ تۇرىدۇ. توققۇزاق بازىرىدىن ئوپال، سايىۋاغ، بۇلاقسۇ، تاشمىلىق، تىرىم قاتارلىق يېزىلارغا ھەركۈنى دېگۈدەك ئاپتوۋۇز قاتناپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# توققۇزاق بازىرىدىكى يەرناملىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇشى

## كوناشەھەر ناھىيە

### توققۇزاق بازىرى

تۈرۈشلۈق ئورنى:
«كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» ماتېرىياللىرىغا قارالسۇن.

### خەلق يولى

خەلق يولى ناھىيە بازىرىدىكى ئاساسلىق يول بولۇپ، ناھىيە بازىرىنى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ كېسىپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل پاكىستانغا بارىدىغان خەلقئارا تاش يول، ئۇنىڭ شىمالىدا بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى، جەنۇبىدا پاختا زاۋۇتى بار. ئومۇم ئۇزۇنلۇقى 2,500 مېتىر. يولنىڭ كەڭلىكى 42 مېتىر (بۇنىڭدىن ماشىنا يولى 11.5 مېتىر ئىككى تەرەپتىكى پىيادىلەر يولى 14 مېتىر. ئورمان بەلبېغى 16.5 مېتىر) ماشىنا قاتناش لىنىيە كەڭلىكى 16.5 مېتىر بولۇپ ئاسفالت ياتقۇزۇلغان. زەمىن يولى، غالىبىيەت يولى، شۇغۇز يوللىرى بىلەن پىلوس شەكلىدە كېسىشىدۇ. خەلق يولىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا ئاساسلىق مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلار جايلاشقان بولۇپ، بۇلار ج. ك. پ كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتى، خەلق قۇراللىق بۆلۈم، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، خەلق سوت مەھكىمىسى، باج ئىدارىسى، سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى، ماددىي ئەشيا ئىدارىسى، پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى، سودا شىركىتى، شىنخۇا كىتابخانىسى، تەمىنلەش كوپېراتىپ، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتى، دورا شىركىتى، ئۇرۇغچىلىق شىركىتى، بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى، قاتناش شىركىتى، پاختا زاۋۇتى، ماي زاۋۇتى، پارتىيە مەكتىپى، بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى، قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

### غالىبىيەت يولى

غالىبىيەت يولى توققۇزاق بازىرى خەلق يولىنىڭ تارمىقى بولۇپ، غەربتە مەدەنىيەت يولى بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرقتە ئىتتىپاق يولى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1,020 مېتىر، يولىنىڭ كەڭلىكى 26 مېتىر، ئىككى تەرەپتىكى ئورمان بەلباغ پىيادىلەر يولىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، با-

زارلىق ھۆكۈمەت، دېھقانچىلىق سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش پونكىتى، ئورمان پونكىتى، مەدەنىيەت يۇرتى، ھۆكۈمەت مېھمان كۈتۈش، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار بار.

### مەدەنىيەت يولى

مەدەنىيەت يولى ـ ناھىيە بازىرىدىكى خەلق يولىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، شىمالدا زەمىن يولى بىلەن، جەنۇبىدا شوغۇز يولى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 970 مېتىر، كەڭلىكى 20 مېتىر، يولىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئىككى رەت تېرەك ئورمىنى بار. يولغا شېغىل ياتقۇزۇلغان، يولىنىڭ ئىككى تەرىپىدە خەلق دوختۇرخانىسى، 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ، 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قاتارلىق ئورۇنلار بار.

### ئىتتىپاق يولى

ئىتتىپاق يولى ـ ناھىيە بازىرىدىكى خەلق يولىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، شىمالدا ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، جەنۇبىدا شوغۇز يولى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 910 مېتىر، يولىنىڭ كەڭلىكى 25 مېتىر، يولىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى رەت تېرەك ئورمىنى بار. يول قاراماي قىلىنغان. يولىنىڭ ئىككى تەرىپىدە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، يېمەك ـ ئىچمەككە ئىش قوشۇش زاۋۇتى، سودا ئىدارىسى، نېفىت كۆمۈر شىركىتى، تاشيول ئوچاستىكىسى، رادىئو ئۇزۇلى، كىنوخانا، يېزا ئىگىلىك بانكىسى، ئاشلىق ئىدارىسى، ئۇن زاۋۇتى، چاي ـ چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار بار.

### زەمىن يولى

زەمىن يولى ـ ناھىيە بازىرىدىكى خەلق يولىنىڭ تارمىقى بولۇپ، غەربىدە مەدەنىيەت يولى، شەرقتە ئىتتىپاق يولى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 525 مېتىر، يولىنىڭ كەڭلىكى 25 مېتىر، يولىنىڭ غەربىي شېغىل يول، شەرقى قاراماي يول، يولىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قوش رەت ئورمان بەلبېغى بار. زەمىن يولى ئىككى تەرىپىدە يېمەك ـ ئىچمەك شىركىتى، قىزىل بايراق سودا سارىيى، 2 ـ يېنىك سانائەت ئىدارىسى، تۆمۈرچىلىك كارخانىسى قاتارلىق ئورۇنلار بار.

### مەنگەن يولى

مەنگەن يولى ـ خەلق يولىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ غەربىي خەلق يولى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شەرقى يېڭى بازار يولى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمى ئۇزۇنلۇقى 540 مېتىر يولىنىڭ كەڭلىكى 31 مېتىر، تاش ياتقۇزۇلغان. ئىككى تەرىپىدە قوش رەت ئورمان بەلبېغى بار. ئىتتىپاق يولى بىلەنمۇ تۇتىشىدۇ. ئىككى تەرىپىدە باسما زاۋۇتى، ناھىيىلىك تۈز زاۋۇتىنىڭ ئىش باشقۇرۇش ئورنى، قاتارلىق ئورۇنلار بار.

### شۇغۇز يولى

شۇغۇز يولى ــ ناھىيە بازىرىدىكى خەلق يولىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، غەربىدە سەي كۆكتاتچىلىق كەنت كومىتېتى، شەرقتە ئىتتىپاق يولى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 900 مېتر، يولىنىڭ كەڭلىكى 30 مېتر، يولىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قوش رەت تېرەك ئورمان بەلبېغى بار. تاش ياتقۇزۇلغان، ئىككى تەرىپىدە چارۋا مال دوختۇرخانىسى قاتارلىق ئورۇنلار بار.

### ئىشلەمچى يولى

ئىشلەمچى يولى ــ ناھىيە بازىرىدىكى خەلق يولىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، غەربىدە خەلق يولى بىلەن، شەرقتە 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ هويلا تېمى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 300 مېتر، يولىنىڭ كەڭلىكى 18.5 مېتر، تاش ياتقۇزۇلغان. ئىككى تەرىپىدە قوش رەت تېرەك ئورمان بەلبېغى بار. يول بويىدا 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ بار.

### ئاياغ شۇغۇر كەنت كومىتېتى

توققۇزاق بازارلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 1 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، قاتنىشى قولايلىق، يەر كۆلىمى 1,168 مو، تېرىلغۇ كۆلىمى 1,063 مو، 185 ئائىلە 766 نوپۇس بار. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 756 نەپەر، خەنزۇ 10 نەپەر، تەۋەسىدە 3 تەبىئىي كەنت بار. دېھقانچىلىق ئاساس قىلىنىدۇ. بۇغداي، قوناق، كېۋەز، مايلىقدان تېرىلىدۇ، قوشۇمچە قوغۇن، سەي تېرىپ شەھەر بازىرىنى تەمىنلەيدۇ، تۇرۇشلۇق ئورنى لەنگەر كەنتىدە.

### لەنگەر كەنتى

بازارلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىكە 1 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، قاتنىشى قولايلىق، نوپۇسى 211 نەپەر، ئۇيغۇر 205 نەپەر، خەنزۇ 6 نەپەر، بۇ جاي يول بويىغا جايلاشقان. يولدىن ئۆتكەن كىشىلەر قونۇپ ئارام ئېلىپ ئۆتىدىغان جاي بولغاچقا «لەنگەر» دەپ ئاتالغان. ئاساسلىق مەھسۇلاتى، بۇغداي، قوناق، كېۋەز، ئالاھىدە مەھسۇلاتى سەي، كۆكتات.

### تۆۋەنكى ھويلا كەنتى

بازارلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، قاتنىشى قولايلىق، نوپۇسى 219 نەپەر، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 215 نەپەر، خەنزۇ 4 نەپەر، بۇ كەنت شۇغۇز كەنت يولىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن «تۆۋەنكى ھويلا» دەپ ئاتالغان. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، كېۋەز. ئالاھىدە مەھسۇلاتى سەي - كۆكتات.

### گەدەن مەھەللىسى

بازارلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، قاتنىشى قولايلىق، نوپۇسى 264 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇ كەنتتىكى كىشىلەر بۇرۇن ھاكاۋۇر، جاھىل بولغاچقا «گەدەنكەش» دەپ ئاتالغان. كېيىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «گەدەن» دېگەن سۆزگە ئۆزگەرتىلگەن. ئاساسلىق مەھسۇلاتى، بۇغداي، قوناق، كېۋەز، ئالاھىدە مەھسۇلاتى سەي - كۆكتات.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئوپال يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ئوپال يېزىسى ـ كونا شەھەر ناھىيە مەركىزىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بازار بېشى كەنتىدە. ناھىيە مەركىزىگە بولغان تۈز لىنىيە ئارىلىقى 23.9 كىلومېتىر. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلىقى 40 كىلومېتىر شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 28 كىلومېتىر. ئومۇمى يەر كۆلىمى 1117.86 كۋادرات كىلومېتىر (1,676,787 مو) بۇ يېزا ھەزرىتى موللام تېغى. قومال تاغدىن ئىبارەت ئىككى تاغ تىزمىسى تۇتاشقان يەرگە جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1,400 مېتىر. يەر تۈزلىشى 60% تۈزلەڭ 40% قىيپاش، غەربىي شىمال تەرىپى ئېگىز. شەرقىي تەرىپى پەس، شىمالىي تەرىپى قومال تاغ ئارقىلىق قىزىل دەرياسى بىلەن، غەربىي تەرىپى قىزىلسۇ ئوبلاست ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ بوستان تېرەك يېزىسى بىلەن، جەنۇبىي تەرىپى قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ قوي فېرمىسى ۋە ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ يودۇغباش يېزىسى بىلەن، شەرقىي تەرىپى ئاقتو ناھىيىسىنىڭ قارا كېچەك يېزىسى ۋە كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ سايۋاغ يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. 1985 ـ يىللىق ستاتىستىكىغا قارىغاندا، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 58,015 مو بولۇپ ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 4.24% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئورمان كۆلىمى 22,110 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 1.32% نى تەشكىل قىلىدۇ. مېۋىلىك باغ كۆلىمى 2,790 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 0.17% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئوتلاق كۆلىمى 171,654 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 10.24% نى تەشكىل قىلىدۇ. تاغلىق 1,322,905 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 78.5% نى تەشكىل قىلىدۇ. جاڭگال 56,628 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 3.38% نى تەشكىل قىلىدۇ. باشقا كۆلەم 29.645 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 1.77% نى تەشكىل قىلىدۇ.

يېزا تەۋەسىدە 15 كەنت كومىتېت، بىر ئورۇغچىلىق مەيدان، بىر دېھقانچىلىق مەيدان، 102 تەبىئىي كەنت بار. 1985 ـ يىلى ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، بۇ يېزىدا 5,381 ئائىلە 23,178 نوپۇسى بار (يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى نوپۇسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 23,064 نەپەر، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 99.5% نى تەشكىل قىلىدۇ. قىرغىز 72 نەپەر، ئومۇمى نوپۇسنىڭ 0.3% تەشكىل قىلىدۇ. خەنزۇ 35 نەپەر، ئومۇمى نوپۇسنىڭ 0.15% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئۆزبېك 6 نەپەر، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.02% نى تەشكىل قىلىدۇ. يېزا بويىچە 8,687 ئەمگەك كۈچى بار.

«ئوپال» نىڭ ئەسلى نامى «ئوپپال» ئۇيغۇر تىلى، ئويمان چوڭقۇر مەنىسىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

«ئويمان» يەر شەكلىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە يەر تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن ئوپپال دەپ ئاتالغان، كېيىن تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئوپال دېگەن سۆزگە ئۆزگەرگەن. جۇمھۇرىيەت مەزگىلىدە، ئوپال يېزىسى كونا شەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق ئوپال بەگلىكىگە تەۋە ئىدى. تەۋەلىكىدە 9 يۈز بېشى، 42 ئونبېشى بار ئىدى. 1950-يىلى خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندا ئوپال رايونى تەسىس قىلىنغان، «تەۋەلىكىدە 10 يېزا 43 كەنت بولغان، 1954-يىلى «قىزىلسۇ ئوبلاست قۇرۇلغاندا» ئوپال رايونىنىڭ 10-يېزىلىق ھۆكۈمىتى يودۇغباش يېزىسىنى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن، 1956-يىلى ئوپال رايونىغا 9 يېزىلىق ھۆكۈمەت 16 ئالىي كوپېراتىپ تەۋە بولغان، 1958-يىلى ئوپال رايونى گۇڭشېغا ئۆزگەرتىلىپ تەۋەلىكىدە 15 دادۈي، 131 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى تەسىس قىلىنغان. 1961-يىلى ئوپال گۇڭشېنى يەنە رايونغا ئۆزگەرتىپ، تەۋەلىكىدە 3 گۇڭشې تەسىس قىلىنغان. 1966-يىلى ئوپال رايونى قايتىدىن گۇڭشېغا ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى 8-ئايدىن باشلاپ ئوپال گۇڭشې يېزىغا ئۆزگەرتىلگەن.

ئوپال يېزىسىنىڭ زېمىن دائىرىسى كەڭ. يەر تۈزۈلۈشى ئويمان. ھاۋاكىلىماتى مۆتىدىل، 4 پەسىل ئېنىق، مەنزىرىسى گۈزەل، سۇ مەنبەسى مول، تۇپرىقى مۇنبەت، سۇغۇرۇش قولايلىق، يايلاق كۆپ، دېھقان چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى شارائىتى ئەۋزەل، شۇنداقلا، ناھىيىنىڭ ئاساسلىق ئاشلىق رايونىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، تۇپراقى جىگەررەڭ چۆل تۇپراق، ساسلىق قۇم تۇپراق، شال تۇپراقتىن ئىبارەت، تۇپرىقى يەڭگىل ئەت تۇپراققا مايىل. يەر ئاستى سۈيى 3 دىن 5 مېتر ئارىلىقتا. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 9.8℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 42.3℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى −25.3℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 80—100 مىللىمېتىر. يىللاردىن بۇيانقى ئوتتۇرىچە كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى 2870.6 سائەت، يىللىق قىروسىز مەزگىلى 190—210 كۈنگىچە، ئاپەت خاراكتېرلىق ھاۋارايىدىن بوران، مۆلدۈر، چاقماق بار. بۇ يېزا دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىپ بۇغداي، قوناق، شال، پاختا، مايلىق دان، سەي-كۆكتات، قوغۇن-تاۋۇز قاتارلىق زىرائەت تېرىلىدۇ.

ئاساسلىق كان بايلىقىدىن گەج، ئاھاك قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن تۈلكە، بۆرە، كىيىك، ياۋايى توشقان قاتارلىقلار بار. سۇ مەنبەسى مول بولۇپ، ياغۇ، سۇسە، يېڭىچەكە قاتارلىق ئۈچ بۇلاق ئېقىنلىرى بار. ھەر بىر ئېقىننىڭ ئۇزۇنلۇقى 10.8 كىلومېتىر ئەتراپىدا. ئېقىن بويلىرىدا سانسىز بۇلاق كۆزى بار. يۇقىرىقى ئۈچ بۇلاق ئېقىنى 12 كەنت كومىتېتىنىڭ تېرىلغۇ يېرىنى سۇغۇرىدۇ، ئېقىن مىقدارى 7.5M/سېكۇنت، قالغان 3 كەنت كومىتېت گەز دەرياسىدىن پايدىلىنىپ سۇغىرىش ئېلىپ بارىدۇ. يىللىق سۇغىرىش كۆلىمى 31,277 مو.

بۇ يېزا تەۋەلىكىدە ئىككى تاغ بار. يەنە قومال تاغ، ھەزرىتى موللام تېغى، قومال

تاغنىڭ بۇ يېزا تەۋەسىدىكى ئۇزۇنلۇقى 34 كىلومېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن دېڭىز يۈ-
زىدىن 1,900 مېتىر كېلىدۇ. ھازىرچە تېخى ئېچىپ پايدىلىنىلمىدى. ھەزرىتى موللام تېغىنىڭ
ئۇزۇنلۇقى 9.4 كىلومېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن دېڭىز يۈزىدىن 1,700 مېتىر. بۇ تاغدا
ئازراق گەج ۋە ئاھاك قاتارلىق كان بايلىقلىرى بار. ھازىر ئازساندا ئېچىپ پايدى-
لىنىلماقتا. ئازادلىقتىن كېيىن ئوپال يېزىسىنىڭ تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىشى تېز تەرەققىي
قىلدى. 1985- يىللىق ستاتىستىكىغا قارىغاندا؛ ئاشلىقنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 53,900 مو بولۇپ،
ئومۇمى مەھسۇلاتى 16 مىليون 813 مىڭ جىڭ بولۇپ، ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 312 جىڭغا
يەتكەن، كېۋەز كۆلىمى 12,800 مو بولۇپ، ئومۇمى مەھسۇلاتى 916 مىڭ جىڭ، بىرلىك مەھسۇلاتى
71.6 جىڭ، مايلىقدانىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 2,200 مو بولۇپ، ئومۇمى مەھسۇلاتى 547 مىڭ جىڭغا
يېتىپ تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇم كىرى-
مى 5,893,605 يۈەنگە يەتكەن. 1985- يىلى يىل ئاخىرىدا قوتاندىكى قالدۇق چارۋىنىڭ
سانى 27,828 تۇياق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كالا 4,391 تۇياق، ئات 95 تۇياق، ئېشەك
4,966 تۇياق، قوي 13,766 تۇياق. ئۆچكە 4,394 تۇياق. كىشى بېشىغا 725 جىڭ ئاش-
لىق 254 يۈەن كىرىم توغرا كېلىدۇ. يېزا بويىچە 15 ئاپتوموبىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە
شەخسنىڭ 2 ئاپتوموبىل بار. ھەرخىل تىپتىكى تراكتور 84 دانە، يوللىرى بىر قەدەر را-
ۋان. تاشيولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 82 كىلومېتىر، جۇڭگو پاكىستان تاشيولى بۇ يېزىنى كې-
سىپ ئۆتىدۇ. ناھىيە مەركىزى بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدا ئاپتوموبىل قاتناپ تۇرىدۇ. بۇ يې-
زىنىڭ سانائەت قوشۇمچە كەسپى بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلغان بولۇپ، يېزا باشقۇرۋاتقان ئون
ئاۋۇتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنا سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتى، پاختا زاۋۇتى، يا-
غاچچىلىق، شال زاۋۇتى، ئاھاك ئىشلەش، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىيىسى قاتارلىق كارخانىلار
بار. 1985- يىللىق كىرىم 246 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇ ئومۇمى كىرىمنىڭ 4.2% نى
تەشكىل قىلىدۇ.

مەدەنىي - مائارىپ سەھىيە ئىشلىرى جەھەتتە: ئازادلىقتىن بۇرۇن پەقەت 7 باشلان-
غۇچ مەكتەپ بار ئىدى، ھازىر 14 باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولۇپ، ئوقۇتقۇچى ئىشچى-خىز-
مەتچى 175 نەپەر، ئوقۇغۇچى 3,395 نەپەر، 1 ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇتقۇچى ئىشچى
خىزمەتچى 68 نەپەر، ئوقۇغۇچى 738 نەپەر، 2 كىنو قويۇش ئەترىتى، 1 ئىشتىن سىرت-
قى سەنئەت ئۆمىكى ۋە رادىئو ئۆزۈلى، مەدەنىيەت پونكىتى قاتارلىق مەدەنىي كۆڭۈل ئې-
چىش ئورۇنلىرى بار. بۇنىڭدىن باشقا بىر دوختۇرخانا، 13 نەپەر تىببىي خادىم، 36 كېسەل
كارۋىتى، 15 داۋالاش پونكىتى، 20 نەپەر يالاڭئاياق دوختۇر بار.

1985- يىلى 8- ئاينىڭ 23- كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 20 دىن 40 مىنۇت
ئۆتكەندە بۇ يېزىدا 7.4 بال قاتتىق يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بېرىپ، خەلقنىڭ ھاياتى
ۋە مال مۈلكى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. ئاپەتكە ئۇچرىغان كۆلەم 118 كۋادرات

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كىلومېتىر. 4,098 دېھقان ئائىلىسىنىڭ 21,033 ئېغىز ئۆيى ۋە 782,021 مېتىر ھويلا تاملىرى ئۆرۈلگەن، 18,396 كىشى ئۆيسىز قالغان، 45 ئادەم ئۆلگەن. 157 ئادەم ئېغىر ۋە يەڭگىل يارىلانغان، 1,168,000 جىڭ ئاشلىق زىيانغا ئۇچرىغان، 1,020 تۇياق چارۋا ئۆلگەن، 47 دانە تېلېۋىزور، 127 دانە ۋېلىسىپىت، 142 دانە كىيىم تىكىش ماشىنىسى شۇنداقلا ھەرخىل ئۆي جابدۇقلىرى بۇزۇلغان. شۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشتە بولغان ئومۇمىي زىيان 22 مىليون 430 مىڭ يۈەن. يەر تەۋرەش يۈز بەرگەندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى گوۋۇيۈەن ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتتە ئاپەت رايونىغا زور غەمخورلۇق قىلدى، ھەممە ھال سوراش ئۆمىكى ئەۋەتىپ ئاپەت رايونىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىدىن سەممىي ھال سوردى. ئاپتونوم رايونىغا قاراشلىق ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارمۇ ماددىي جەھەتتە زور ياردەم بېرىپ، ئاپەت رايونىدىكى خەلقنىڭ ئۆي ماكانىنى قايتىدىن قۇرۇش ئىرادىسىگە ئىلھام بەردى. شۇ يىلى 11-ئاينىڭ باشلىرىغىچە 2,344 ئائىلە يېڭى ئۆيگە كۆچۈرۈپ كىرىلدى، 1,567 ئائىلىنىڭ ئۆيى رېمونت قىلىپ بېرىلدى. دېھقانلارنىڭ قىشتىن بىخەتەر ئۆتىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. ئاپەت رايونىدىكى كەڭ ئامما پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەر مىللەت خەلقى بىلەن قېرىنداش ئىككەنلىكىگە چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتتى. بۇ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقى، مېھرى ۋە سوتسىيالىزم ئەۋزەللىكىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، بىر جايدا قىيىنچىلىق بولسا ھەر تەرەپ ياردەم بېرىشى ھەققىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئاسارە ئەتىقىلەر: 11-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆتكەن ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى ۋە تىلشۇناس «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورى مەخمۇد قەشقىرىنىڭ قەۋرىسى مىلادى 1105-يىلى ئوپال يېزىسىدا ياسالغان. ھازىر بۇ قەۋرە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش ئورنى قىلىپ بېكىتىلدى.

يەنە مىلادى 1-، 2-ئەسىردىكى بىر قەدىمكى شەھەرنىڭ خارابىسى بار بولۇپ، ئورنى ئوپلاتتا، 1972-يىلى بۇ يەردىن قەدىمكى تاش قورال دەۋرىدىكى تاش قوراللار تېپىلغان، ھازىر بۇ نەرسىلەر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيخانىدا ساقلانماقتا.

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ جايدا قاراخانىلار دەۋرىگە ئائىت 17 تارىخى ئورۇن بار، (قاراخان پادىشاھ مازى) قىلىچ بوغراخان، پادىشاھلىق دۆڭ، ھەزرىتى پادىشاھىم، غوجا سەيپىدىن، ئوردۇن ئالىپتېكىن سوپى تېكىن قاتارلىق بار، قەدىمكى شەھەرلەردىن يار قورغان، قورغان شاھ سوپا، سۇلتان باغ، شور قورغان، غوجى قونار.

# ئوپال يېزىسى تەۋەلىكىدىكى يەر - جاي ناملىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىشى

**ئوپال يېزىسى:**

تەزكىرىسى «ئوپال يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا.

**قاراباش كەنت كومىتېتى**

ئوپال يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 3.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان يەر شەكلى ئۇزۇنچاق، 1950-يىلى ئوپال رايونى 1-يېزىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958-يىلى ئوپال گۇڭشې قاراباش 1-دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن، 1984-يىلى 8-ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. قەشقەردىن ئوپالغا چىققانلار سايدىن ئۆتۈپ بۆك-باراقسان يۇرتنى كۆرگەنلىكى ھەم يۇرتنىڭ بېشى بولغانلىقى ئۈچۈن قاراباش دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 7 تەبىئىي كەنت 2,140 نوپۇسى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 2,133 نەپەر، خەنزۇ 7 نەپەر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4,906 مو. بوغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز قاتارلىق زىرائەت تېرىلىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى: قەدەمجاي كەنتى.

**قەدەمجاي كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 3.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ نوپۇسى 230 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا قەدەمكى بىر ھويلا بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر قەدەمجاي - دەپ ئاتىغان.

**تۈر كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 6.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز - پەس، نوپۇسى 75 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئېگىزلىككە جايلاشقان. قاراخانىلار دەۋرىدە تۈر (تۈرقىشى مۇنارى) ياسالغان شۇنىڭ بىلەن تۈر كەنتى - دەپ ئاتالغان.

**ئاياغ ھويلا كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە، 5.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاش-

www.uyghurkitap.com

قان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 335 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتنىڭ ئايىغىدا 4 مويلا بولغانلىقىدىن ئاياغ مويلا ـ دەپ ئاتالغان.

### شەيخ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز ـ پەس، نوپۇسى 324 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە ئىماملىرىم دېگەن چوڭ مازارنىڭ شەيخلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، شەيخ مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### ئىلانلىق ئېرىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 2.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 593 نەپەر، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 586 نەپەر، خەنزۇ 7 نەپەر، بۇرۇن بۇ جايدا بىر ئېرىق بولۇپ، ئىلان كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىلانلىق ئېرىق ـ دەپ ئاتالغان.

### يار بېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، نوپۇسى 280 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت يار بېشىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يار بېشى ـ دەپ ئاتالغان.

### جىگدىلىك كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 310 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا جىگدىلىك ئورمانلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، جىگدىلىك ـ دەپ ئاتالغان.

### بەشباغ كەنتى كومىتېتى

ئوپال يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 ـ يىلى ئوپال رايونى 1 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 ـ يىلى ئوپال گوڭشې بەشباغ 2 دادۈيى بولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇرۇن بۇ جايدا 5 چوڭ باغ بولغانلىقى ئۈچۈن بەشباغ دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 3 تەبىئىي كەنت 1,379 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر، تېرىلغۇ يېرى 3,866 مو، ئاساسلىق زىرائەتلىرى بۇغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز تۇرۇشلۇق ئورنى قارايىغاچ كەنتى.

### قارا ياغاچ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا، 1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 689 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا قارا ياغاچ دەرىخى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، قارا ياغاچ - دەپ ئاتالغان.

### بەشباغ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 521 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇرۇن بۇ كەنتتە 5 چوڭ باغ بولغانلىقى ئۈچۈن، بەش باغ - دەپ ئاتالغان.

### ئاياغ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 1.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 169 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنت قارا ياغاچ كەنتىنىڭ ئايىغىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ مەھەللە - دەپ ئاتالغان

### ياغۇ كەنتى كومىتېتى

ئوپال يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 3.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى ئوپال رايونى 2 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 - يىلى ئوپال گۇڭشې ياغۇ 3-دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇرۇن بۇ جايىنىڭ زېمىنىنى كەلكۈن ئېقىتىپ بىر قانچە يارنى شەكىللەندۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ياغۇ دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 8 تەبىئىي كەنت 1,710 نوپۇسى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 1,698، قىرغىز 8 نەپەر، خەنزۇ 4 نەپەر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4,628 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، شال، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى ئۆي مەھەللىسىدە.

### ئۆي مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى ئېگىز - پەس، نوپۇسى 224 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت چوڭ بىر ئۆي جايغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۆي مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### يۇقارقى ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 3.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 329 نەپەر، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 317 نەپەر، قىرغىز 8 نە-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يەر، خەنزۇ 4 نەپەر، بۇ كەنت ئۆي مەھەللە كەنتىنىڭ يۇقىرىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن يۇقارقى ھويلا ـ دەپ ئاتالغان

### ئاق ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 3 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 161 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇ جاي ئىلگىرى ئاق شورلۇق بولۇپ، كىشىلەر كۆچۈپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن ئاق ھويلا ـ دەپ ئاتالغان.

### توگمەن بېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 3.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 152 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر، ئىلگىرى بۇ جايدا 2 تاش تۈگمەن بولۇپ، ئاھالىلەر مۇشۇ تۈگمەن بېشىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۈگمەن بېشى ـ دەپ ئاتالغان

### قارا ياغاچ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 3.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 167 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇرۇن بۇجايدا 4 تۈپ قارا ياغاچ بولغانلىقى ئۈچۈن، قارا ياغاچ ـ دەپ ئاتالغان.

### ساي چەت كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 6.2 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 203 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت يۇزتىنىڭ ساي چېتىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ساي چەت ـ دەپ ئاتالغان.

### تاش كۆۋرۈك كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 5.2 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ نوپۇسى 278 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر چوڭ بىر تاش كۆۋرۈك ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تاش كۆۋرۈك ـ دەپ ئاتالغان.

### قەدەمجاي كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 4.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاش-

قان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 196 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا بىر قانچە قەدىمكى ئۆيلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، قەدەمجاي - دەپ ئاتالغان.

### باش ياغۇ كەنت كومىتېتى

ئوپال يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 8.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى ئوپال رايون 2 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 - يىلى ئوپال گۇڭشې 4 - دادۈيغا ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتقا ئۆزگەرتىلگەن. ياغۇ كەنت كومىتېتىنىڭ يۇقىرىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن باش ياغۇ دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 8 تەبىئىي كەنت 1,714 نوپۇسى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 1695 نەپەر، قىرغىز 18 نەپەر، ئۆزبەك 1 نەپەر تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4,754 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى كونا قورغان كەنتىدە.

### كونا قورغان كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 313 نەپەر، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 294 نەپەر، قىرغىز 9 نەپەر، ئۆزبەك 1 نەپەر، بۇرۇن بۇ جايدا ئىككى كونا قورغانلار بولغانلىقى ئۈچۈن، كونا قورغان - دەپ ئاتالغان.

### توقاي كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 7.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 265 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت قىزىل جىلغىنىڭ قولتۇقىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، توقاي - دەپ ئاتالغان.

### ئالماق ئاتام كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 9.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 190 نەپەر ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا ئالماق ئاتام دېگەن بىر مازار بولۇپ، شۇ نام بىلەن ئالماق ئاتام دەپ ئاتالغان.

### جىگدە ئېرىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 9.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 215 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. جىگدە ئورمىنى ئوتتۇرىسىدىن بىر ئېرىق ئالغانلىقى ئۈچۈن، جىگدە ئېرىق - دەپ ئاتالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## تاش ئېغىز كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 10.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 457 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر تاشتىن ياسالغان چوڭ بىر ئېغىز ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تاش ئېغىز ـ دەپ ئاتالغان.

## تېتىر كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 6.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 103 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا زىرائەت ئۈنمەيدىغان جاي بولۇپ، كىشىلەر ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىق قىلىپ ئۆزگەرتكەندىن كېيىن تېتىر ـ دەپ ئاتالغان.

## تار كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 128 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت 2 جىلغا ئارىلىقىدا بولۇپ، ئۆزى ھەم تار بولغانلىقى ئۈچۈن، تار ـ دەپ ئاتالغان.

## بىنام كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 10 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 72 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئىلگىرى بىنام بولۇپ، كىشىلەر ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىق قىلغاندىن، كېيىن بىنام ـ دەپ ئاتالغان.

## موللام بېغى كەنتى كومىتېتى

ئوپال يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 ـ يىلى ئوپال رايونى 3 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 ـ يىلى ئوپال گۇڭشې موللام بېغى 5 ـ دادۈي بولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 7 تەبىئىي كەنت 1,593 نوپۇسى بولۇپ بۇنىڭدىن. ئۇيغۇر 1592 نەپەر ئۆزبېك، بىر نەپەر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,384 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆمەقوناق، شال، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى موللام بېغى كەنتىدە.

## موللام بېغى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا

جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 234 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ھازىرقى ھەزرىتى موللام تېغىنىڭ ئاستىغا جايلاشقان ھەم باغ كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، موللام بېغى ــ دەپ ئاتالغان.

### قاچا ئۇستەڭ بويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ، غەربىي شىمالىغا 1·2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 214 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت قاچا شەكىلدىكى ئۆستەڭنىڭ بويىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، قاچا ئۆستەڭ بويى ــ دەپ ئاتالغان.

### ئوي چولپان كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 253 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. مەخمۇت قەشقىرى 1025 ــ يىلى تەتقىقات ئۈچۈن قىزىل جىلغىغا قاراپ تۇرىدىغان دۆڭگە كېلىپ سەھەردە تەتقىقات بىلەن ئولتۇرغاندا جىلغا تەرەپتىكى ئوي بىلەن بىر چوكان كەلگەن ئۇ ساھىپ جامالىغا قاراپ ھاياجانلانغانلىقتىن «ئويدا چولپان كۆردۈم» دەپ بىر نەزمە يازغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرنىڭ نامى ئوي چولپان ــ دەپ ئاتالغان.

### ئۈزۈملۈك كوچا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 3·2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 207 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە ئىلگىرى رەت ــ رەت ئۈزۈمە دەرىخى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۈزۈملۈك كوچا ــ دەپ ئاتالغان.

### ھەزرىتى پاشا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 2·5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 228 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا مەخمۇد قەشقىرىنىڭ دادىسى ھۈسەيىن ئىبنى مەھەممەتنىڭ قەۋرىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ھەزرىتى پاشا ــ دەپ ئاتالغان.

### تېكى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 2·7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز ــ پەس، نوپۇسى 261 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېكى ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ تېكى گاھ (قونالغۇ مېھمانخانا) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان قاراخانىلار دەۋرىدە چوڭ بىر مېھمانخانا (تېكى گاھ) بولغانلىقى ئۈچۈن، تېگى ــ دەپ ئاتالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

### كونا قورغان كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 2.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 196 نەپەر، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 195 نەپەر، ئۆزبېك 1 نەپەر. بۇ كەنتتە قەدىمكى كونا قورغانلار بولغانلىقى ئۈچۈن، كونا قورغان — دەپ ئاتالغان.

### كۆكچى كەنت كومىتېتى

ئوپال يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950-يىلى ئوپال رايونى 4-يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958-يىلى ئوپال گۇڭشې كۆكچى 6-دادۈي بولغان. 1984-يىلى 8-ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن، تەۋەسىدە كۆكچى كەنتى بولغانلىقتىن شۇ نام بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 12 تەبىئىي كەنت 2,710 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4,776 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي كۆممەقوناق، شال، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى قايتۇرماس كەنتى.

### قايتۇرماس كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 246 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا بىر ئۆستەڭ بولۇپ، ئېقىنى يوق سۈيى قايتمايدىغان بولغاچقا قايتۇرماس — دەپ ئاتالغان.

### كۆكچى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 382 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي بەك باراقسان، زىرائەتلەرنىڭ ئۈنۈشى ياخشى، كۆكچى قوغۇن ئوخشايدىغان جاي بولغانلىقى ئۈچۈن كۆكچى — دەپ ئاتالغان.

### يوقارقى ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 175 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ يۇقىرى قىسمىدا بىر قانچە چوڭ ھويلا بولغانلىقتىن يۇقارقى ھويلا — دەپ ئاتالغان.

### ئۆستەڭ بويى كەنتى.

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا

جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 201 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ ئەسلى نامى پاچاق مەھەللىسى بولۇپ، ئاھالىلەر ئۆستەڭنىڭ 2 تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، 1984 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۆستەڭ بويىغا ئۆزگەرتىلگەن.

### ئوي مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا 4·3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، يەرشەكلى ئېگىز - پەس، نوپۇسى 203 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت چوڭقۇر ئۆي يەرگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئوي مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### گۈمبەز مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا 10·4 كىلومېتىر يىراق-لىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 202 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە چوڭ بىر گۈمبەز بولۇپ، كىشىلەر شۇ نام بىلەن گۈمبەز مەھەللىسى - دەپ ئاتىغان.

### ئاق ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا 0·8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 150 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە چوڭ بىر ئاق ھويلا بولۇپ، كىشىلەر شۇ ئاق ھويلىنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاق ھويلا - دەپ ئاتالغان.

### ئارال كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا 0·5 كىلومېتىر يىراق-لىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 174 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتى قىزىل جىلغا بىلەن قارا جىلغا ئارلىقىدا بولۇپ، ئارال شەكىلدىكى ئورۇنغا جايلاشقان-لىقى ئۈچۈن، ئارال - دەپ ئاتالغان.

### ياغاچچى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا 1·2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 228 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر، ئىلگىرى بۇ كەنتتە ياغاچچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ياغاچچى مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

### تۆگمەنبېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 0.3 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇس 239 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا بىر قانچە تاش تۆگمەن بولۇپ ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن تۆگمەنبېشى ـ دەپ ئاتالغان.

### بازار مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 0.35 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 298 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت كونا بازارنىڭ ئۈستىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، بازار مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### چارشەنبە مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 0.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 207 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا داۋۇت ئاكام دېگەن بىر كىشى بولۇپ، لەقىمى چارشەنبە، مۇشۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن چارشەنبە مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### قۇمباغ كەنت كومىتېتى

. ئوپال يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى ئوپال رايونى 5 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 ـ يىلى ئوپال گۇڭشې قۇمباغ 7 ـ دادۇي بولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۇينى كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتكەن. تەۋەسىدە 9 تەبىئىي كەنت 2,526 نوپۇس بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 2,513 نەپەر، قىرغىز 13 نەپەر، تېرىلغۇ يەر ـ كۆلىمى 4,780 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي كوممىقوناق شال كېۋەر. تۇرۇشلۇق ئورنى پاقلانچى كەنتىدە.

### پاقلانچى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 1.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 322 نەپەر، نوپۇسى بار ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتىكى كىشىلەر بۇرۇندىن تارتىپ پاقلان بېقىشقا ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن، پاقلانچى ـ دەپ ئاتالغان.

### قۇمباغ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.5 كىلومېتر يىراق-

لىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 462 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. راۋايەتلەردىن قارغاندا بۇ جايغا كەلگۈن كېلىپ قوم بېسىپ كەتكەن كېيىن كىشىلەر ئۆلتۈراقلىشىپ باغ ئەھيا قىلىنغانلىقتىن قۇمباغ-دەپ ئاتالغان.

### كوك كەز كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 598 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. كوك گەز، كوك ئېگىز دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، ئورنى ئېگىز تەبىئىي ئورمان كۆپ مەنزىرىسى گۈزەل، سۇيى مول بولغانلىقى ئۈچۈن، كوك گەز-دەپ ئاتالغان.

### تاغىرى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 0.45 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 343 نەپەر ھەممىسى ئۇيغۇر. تاغىرى تاغ باغرى دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، بۇ كەنت بىر ئېگىزلىكنىڭ باغرىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تاغىرى-دەپ ئاتالغان.

### يېڭىچكە ئاغزى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. نوپۇسى 271 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاينىڭ شەكلى يېڭىچكە ئۇزۇن بولۇپ، قۇملۇق جاڭگالنىڭ ئاغزىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يېڭىچكە ئاغزى-دەپ ئاتالغان.

### سۇسە ئاغزى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى قىيپاش، نوپۇسى 195 نەپەر، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 182 نەپەر، قىرغىز 13 نەپەر، بۇ ئەسلى سۇسەل ئاغزى بولۇپ، كەلكۈن سۇلىرىنىڭ ئۆتىدىغان ئاغزى. ئەسلى نامى ئازىغ بولۇپ، ئۇلۇق ئالىم مەخمۇت قەشقەرىنىڭ تۇغۇلغان جايى، تىل تاۋۇشلىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن سۇسە ئاغزىغا ئۆزگەرگەن.

### قاتار تېرەك كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 0.6 كىلومېتىر. يىراقلىقتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 339 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە بۇرۇن قاتار- قاتار تېرەك بولغانلىقى ئۈچۈن، قاتار تېرەك-دەپ ئاتالغان.

### دۆغىلات كەنتى كومىتېتى

ئوپال يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950-يىلى ئوپال رايونى 6-يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958-يىلى ئوپال گوڭشې دۆغلات 8-دادۈي بولغان. 1984-يىلى 8-ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. دۆغىلات موڭغۇل قەبىلىسىنىڭ نامى بولۇپ، شۇ قەبىلىدىن بولغان نازارەتچىنىڭ قارمىقىدىكى كەنت بولغانلىقى ئۈچۈن، دۆغىلات دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 9 تەبىئىي كەنت. 1,428 نوپۇس بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 1,423 نەپەر، ئۆزبېك 5 نەپەر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4,676 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، شال، كېۋەز، تۇرۇشلۇق ئورنى تۈگمەن بېشى كەنتىدە.

### تۈگمەنبېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 3.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 179 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتىكى ئاھالىلەر تۈگمەننىڭ بېشىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن تۈگمەنبېشى-دەپ ئاتالغان.

### زوردۇن چوڭ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.2 كىلومېتىر يىراغلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 109 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە زوردۇن چوڭ دېگەن نوپۇزلۇق بىر كىشى بولۇپ، كەنت شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن زوردۇن چوڭ مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

### يېڭى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. نوپۇسى 138 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاينىڭ ئەسلى نامى شاشەك مەھەللىسى بولۇپ، 1984-يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يېڭى مەھەللىگە ئۆزگەرتكەن.

### توغراقلىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 3.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 96 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جاي توغراقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، توغراقلىق-دەپ ئاتالغان.

### لەڭگەر كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 176 نەپەر، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 171 نەپەر ئۆزبېك 5 نەپەر، بۇ جاينىڭ ئەسلى ئىسمى غالچا بولۇپ، 1984 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى لەڭگەر دېگەن نامغا ئۆزگەرتكەن.

### ئاق ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 113 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئىلگىرى ئاپپاق شورلۇق جاي بولۇپ، كىشىلەر ئاق يەر ئۈستىگە ھويلا ئارام سالغانلىقتىن ئاق ھويلا - دەپ ئاتالغان.

### لاي كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 152 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئۇلۇقخان دېگەن لاي جىلغىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، لاي - دەپ ئاتالغان.

### قارىما كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 3.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 173 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. قارىما - قايرىلما دېگەن سۆزدىن كەلگەن. بۇ كەنت چوڭ يولنىڭ قايرىلمىدىغان جايىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، قارىما - دەپ ئاتالغان.

### ھەدىلمۇللام مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 172 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە بۇرۇن ھەدىلمۇللام دېگەن بىر دىنىي ئاخۇن بولۇپ، كەنت نامى شۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن ھەدىلمۇللام مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### شوتا كەنتى كومىتېتى

ئوپال يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى ئوپال رايونى 6 - يېزىسىنىڭ باش-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قۇرۇشىدا بولغان. 1958 ـ يىلى ئوپال گۇڭشې باشقۇرۇش رايونى بولغان. 1965 ـ يىلى ئوپال گۇڭشې شوتا 9 ـ دادۇيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 8 تەبىئىي كەنت 1،440 نوپۇس بولۇپ. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 1،434 نەپەر، قىرغىز 6 نەپەر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4،808 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، قوناق، شال، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى شوتا كەنتىدە.

### شوتا كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.4 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 162 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ يەرلىرى شوتا شەكلىدە پەلەمپەي بولغانلىقى ئۈچۈن، شوتا ـ دەپ ئاتالغان.

### بۇلاق ئاغزى كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 182 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا بىر بۇلاق بولۇپ، بۇلاق سۈيى بىر كامادىن ئېقىپ چىقىپ، بۇ كەنت شۇ بۇلاق ئاغزىنىڭ قېشىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، بۇلاق ئاغزى ـ دەپ ئاتالغان.

### قاراڭغۇ يار كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.7 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 196 نەپەر، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 190 نەپەر، قىرغىز 6 نەپەر، بۇ يەردە چوڭقۇر بىر يار بولۇپ، ئاھالىلەر مۇشۇ يارنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، قاراڭغۇ يار ـ دەپ ئاتالغان.

### پالۋان چوڭ مەھەللىسى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 4 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 170 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا پالۋان ئىسىملىك كۈچتۈڭگۈر ئادەم بولۇپ، كەنت نامى شۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان.

### دۆڭئۆستەڭ كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق. جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.3 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 222 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئېگىز دۆڭ

يەرگە جايلاشقان بىر ئۆستەڭ بولۇپ، ئاھالىلەر ئۆستەڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن دۆڭئۆستەڭ ـ دەپ ئاتالغان.

### تېرەك كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 5.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 78 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ يەردە 6 تۈپ چوڭ تېرەك بولغانلىقتىن تېرەك كەنتى ـ دەپ ئاتالغان.

### باش لەڭگەر كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 211 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ يۇقىرىسىدا بىر كونا قونالغۇ بولۇپ، ئۆتىدىغان يولۇچىلار دەم ئالىدىغان ئورۇن بولغانلىقى ئۈچۈن، باش لەڭگەر ـ دەپ ئاتالغان.

### دۆڭ ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.5 كىلومىتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 228 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ ئورنى ئېگىز بولۇپ، ئاھالىلەر مۇشۇ جايغا ئىمارەت سېلىپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن. دۆڭ ھويلا ـ دەپ ئاتالغان.

### ھۆل جىگدە كەنت كومىتېتى

ئوپال يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 5.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى ئوپال رايونى 7 ـ يېزىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 ـ يىلى ئوپال گۇڭشې ھۆل جىگدە 10 ـ دادۈي بولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈينى كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتكەن. ھۆل جىگدە، ئۇيغۇر چەسۆز بولۇپ، بۇ جاينىڭ تۆۋەنكى ھۆل يەرلەر زەي. شورلىشىپ كەتكەنلىكىدىن تۇپراقنى ئۆزگەرتىشى ئۈچۈن كۆپلەپ جىگدە دەرىخى قويغان، مۇشۇ خۇسۇسىيەتكە ئاساسەن ھۆل جىگدە دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت، 1,100 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,766 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بوغداي. كۆممە قوناق، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: مەكتەپ ئالدى كەنتىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**مەكتەپ ئالدى كەنتى**

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 5.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 181 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە ئىلگىرى بىر مەكتەپ بولۇپ، ئاھالىلەر مەكتەپ ئالدىغا ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، مەكتەپ ئالدى - دەپ ئاتالغان.

**كۆلچى مەھەللىسى**

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 6.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 182 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا شال پاخلىدا كۆلا ئېشىپ ساتىدىغانلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، كۆلچى مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

**ئاق كەنتى**

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 107 نەپەر ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئىلگىرى ئاق تاشلىنىپ كەلگەن بىر بىنام بولۇپ، كىشىلەر مۇشۇ جايغا چىقىپ كەنت شەكىللەندۇرگەنلىكتىن ئاق - دەپ ئاتالغان.

**ئىسلام موللام مەھەللىسى**

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 5.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 98 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە ئىسلام موللام دېگەن ئابرويلۇق بىر دىنىي زات بولغىنى ئۈچۈن، ئىسلام موللام مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

**مەسخىرە مەھەللىسى**

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 5.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 278 نەپەر ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتىكى كىشىلەر باشقىلارنى زاڭلىق مەسخىرە قىلىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن مەسخىرە مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

**ئاياغ دوغلات كەنتى**

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 6.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا

جايلاشقان، نوپۇسى 264 نەپەر ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇ كەنت دوغلات كەنتىنىڭ ئايىغىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ دوغلات-دەپ ئاتالغان.

### قارا ئۆستەڭ كەنت كومىتېتى

ئوپال يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى ئوپال رايونى 7 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 - يىلى ئوپال گۇڭشې قارا ئۆستەڭ 11 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ جايدىن قاراسۇ ئاقىدىغان ئۇستەڭ كېسىپ ئۆتكەنلىكتىن قارا ئۆستەڭ دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنتى 970 نوپۇس بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 969 نەپەر، خەنزۇ 1 نەپەر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,141 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، قوناق، شال، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: يۈسۈپ ھاجى مەھەللىسىدە.

### يۈسۈپ ھاجى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 6.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 192 نەپەر، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 191 نەپەر، خەنزۇ 1 نەپەر، بۇرۇن بۇ كەنتتە يۈسۈپ ھاجىم دېگەن نوپۇزلۇق بىر كىشى بولۇپ، شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

### قارا كۆم كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 6.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 198 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە بىر ئۆستەڭ بولۇپ، سۈيى بىر كۆم ھاسىل قىلغانلىقتىن قارا كۆم-دەپ ئاتالغان.

### ئوي مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز پەس، نوپۇسى 88 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت چوڭقۇر ئوي يەرگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئوي مەھەللە-دەپ ئاتالغان.

### قادىر خىتېپنىڭ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 213 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قادىر خىتىپ دېگەن دىنى زات بولغانلىقى ئۈچۈن، كەنت نامى شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

### ئاغۇ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 181 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە ئاتۇش ناھىيە ئاغۇ يېزىلىرىدىن بىر قانچە كىشى كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقتىن ئاغۇ مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### تۆۋەنكى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 6.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 108 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت قارا ئۆستەڭ كەنت كومىتېتىنىڭ ئاياغ قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەنكى مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### ئاچا كەنت كومىتېتى

ئوپال يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 6.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 ـ يىلى ئوپال رايونى 8 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 ـ يىلى ئوپال گۇڭشې ئاچا 12 ـ دادۈي بولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 5 تەبىئىي كەنت 1,301 نوپۇس بولۇپ بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 1300 نەپەر، خەنزۇ 1 نەپەر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4,503 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز، شال. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئاچا كەنتىدە.

### ئاچا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 6.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 320 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئىككى ئۆستەڭنىڭ ئاچىلىقىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاچا ـ دەپ ئاتالغان.

### ئوتەلا مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 6.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 210 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن تاشقۇرغاندا

بارىدىغان يولۇچىلار مۇشۇ جايدا قونۇپ ئۆتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئوتەڭ مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

**جىگدىلىك مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 7.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 209 نەپەر، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 208 نەپەر، قىرغىز 1 نەپەر، ئاھالىلەر جىگدىلىك ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، جىگدىلىك مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

**تاشلىق مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 6.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 316 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە تاشلىقتىن بىرقانچە كىشى كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقتىن تاشلىق مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

**ساي كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 7.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 246 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئىلگىرى ساي جاڭگاللىق بولۇپ، كىشىلەر ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن ساي-دەپ ئاتالغان.

**نوقات كەنت كومىتېتى**

ئوپال يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 5.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950-يىلى ئوپال رايونى 7-يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958-يىلى ئوپال گۇڭشې نوقات 13-دادۈي بولغان. 1984-يىلى 8-ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت 741 نوپۇس بولۇپ ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,199 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، شال، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: نوقات كەنتى.

**نوقات كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 5.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 195 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە سۇ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن 2 نو قويۇپ سۇ ئۆتكۈزگەنلىكتىن نوقات-دەپ ئاتالغان.

www.uyghurkitap.com

### يۇلغۇن مازار كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 105 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا يۇلغۇنلۇق بىر مازار بولۇپ، كىشىلەر ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن يۇلغۇن مازار- دەپ ئاتالغان.

### قورغان كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 5.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. نوپۇسى 185 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا ئېگىز قورغانچە بىر تام بولغانلىقى ئۈچۈن، قورغان- دەپ ئاتالغان.

### ئوي مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز- پەس، نوپۇسى 102 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئوي چوڭقۇر جايغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئوي مەھەللە- دەپ ئاتالغان.

### دۆڭ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 7.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز- پەس، نوپۇسى 36 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جاي دۆڭ بىر جاي بولۇپ، كەنت شەكىللەنگەندىن كېيىن دۆڭ- دەپ ئاتالغان.

### ئاياغ نوقات كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 6.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز- پەس، نوپۇسى 123 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت نوقات كەنتىنىڭ ئايىغىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ نوقات- دەپ ئاتالغان.

### ئايدىڭكۆل كەنت كومىتېتى

ئوپال يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 8.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950- يىلى ئوپال رايونى 9- يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958- يىلى ئوپال گۇڭشې ئايدىڭكۆل 14- دادۈي بولغان. 1984- يىلى 8- ئايدا، دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان تەۋەسىدە 4 تەبىئىي كەنت، 1,034 نوپۇس بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 1,006 نەپەر،

قىرغىز 29 نەپەر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,159 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممىقوناق، شال، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئايدىڭكۆل كەنتىدە.

### ئايدىڭكۆل كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 9.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 585 نەپەر، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 556 نەپەر قىرغىز 29 نەپەر. بۇرۇن بۇ كەنتتە بىر چوڭ كۆل بولۇپ سۈيى سۈزۈك كېچىدە ئاي شولىسى سۇغا چۈشۈپ كىشىلەر ئاينىڭ قانچە بولغانلىقىنى كۆل شولىسىدىن بىلگەنلىكتىن ئايدىڭكۆل - دەپ ئاتالغان.

### قاراگۇم كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 7.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 180 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا بىر ئۆستەڭ بولۇپ، ئۆستەڭ سۈيى گۇم ھاسىل قىلغانلىقتىن قاراگۇم - دەپ ئاتالغان.

### ئوي مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 7.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز - پەس، نوپۇسى 186 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ تۇرۇشلۇق جايى، چوڭقۇر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوي مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### چاكادى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 7.8 كىلومېتىر يىراغلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 134 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە مامۇت چاكادى دېگەن بىر كىشى بولۇپ، كەنتنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن چاكادىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، چاكادى مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### ئاقئۆستەڭ كەنت كومىتېتى

ئوپال يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 7.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى ئوپال رايونى 9 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 - يىلى ئوپال گۇڭشې ئاق ئۆستەڭ 15 دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ جايدا قارا سۇ ئاقىدىغان بىر ئۆستەڭ بولۇپ، شۇڭا ئاقئۆستەڭ - دەپ ئاتالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت 897 نوپۇسى بار، ھەممىسى ئۇيغۇر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,534 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: گۈمبەز مەھەللىسى.

### گۈمبەز مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 190 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە چوڭ بىر گۈمبەز بولۇپ. ئاھالىلەر مۇشۇ گۈمبەز ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، گۈمبەز مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### ئۈي مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 8.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز ـ پەس، نوپۇسى 127 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت چوڭقۇر ئۈي جايغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۈي مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### سۇپى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 8.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 124 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە سۇپىلار كۆپرەك بولغانلىقى ئۈچۈن، سوپى مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### پېتىر مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 7.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 151 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇرۇن بۇ كەنتتە ھاۋۇتاخۇن پېتىر لەقەملىك بىر كىشى بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن پېتىر مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### سوكۇلداڭ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 153 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە مامۇت سوكۇلداڭ دېگەن بىر كىشى بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن سوكۇلداڭ ـ دەپ ئاتالغان.

**سەمەن مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 6.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 162 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇرۇن بۇ كەنتتە سەمەندىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن سەمەن مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

**ئوپلات دېھقانچىلىق مەيدانى**

ئوپال يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 13 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. نوپۇسى 289 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 260 نەپەر، قىرغىز 28 نەپەر، ئۆزبېك 1 نەپەر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 589 مو، ئوتلاق 2200 مو. دېھقانچىلىق ئاساسى، دېھقان ـ چارۋىچىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز. چارۋىسى 1052 تۇياق، بۇ مەيدان 1965 ـ يىلى قۇرۇلغان. ئوپلات سوزى ـ ئوپال ئارت ـ ئوپال داۋىنى دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان.

**ئوپال يېزىسى ئۇرۇقچىلىق مەيدانى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. نوپۇسى 120 نەپەر، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 95 نەپەر، خەنزۇ 25 نەپەر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 543 مو، ئەلا سۈپەتلىك ئۇرۇقلارنى كۆپەيتىشنى ئاساس قىلىدۇ. بۇغداي كۆممەقوناق، شال، كېۋەز قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلىدۇ، بۇ مەيدان 1959 ـ يىلى قۇرۇلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تاشمىلىق يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

تاشمىلىق يېزىسى كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي غىلدىلاق كەنتىدە. ناھىيە بازىرى بىلەن تۈز لىنىيە ئارلىقى 34·8 كىلومېتىر. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 333·14 كۋادرات كىلومېتىر. (ئومۇمىي يەر مەيدانى 499·709 مو) يەر تۈزلىشى غەربىي جەنۇبىي ئېگىز، شەرقىي شىمالىي پەس. شەرقىي تەرىپى ئاقتو ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسى بىلەن، جەنۇبىي تەرىپى ئاقتو ناھىيىسىنىڭ ئويتاغ يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمالىي تەرىپى تېرىم يېزىسى بىلەن چېكرىداش، جەنۇبىي تەرىپى گەز دەرياسى ئارقىلىق ئوپال يېزىسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ. 1985 – يىللىق ئىستاتىستىكىدىن قارىغاندا؛ يېزا بويىچە دېھقانچىلىق تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 42،600 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %8·5 ئىگىلەيدۇ ئورمان كۆلىمى 19،042 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلۈمىنىڭ %3·8 نى ئىگەللەيدۇ. مېۋىلىك باغ كۆلىمى 2،136 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %0·42 نى ئىگىلەيدۇ. چاتقال يايلاق كۆلىمى 161،936 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %32·4 نى ئىگىلەيدۇ. باشقا كۆلىم 273،995 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %54·9 نى ئىگىلەيدۇ. تەۋەسىدە 14 كەنت كومىتېتى 68 تەبىئىي كەنت بار. 1985 – يىللىق ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا؛ جەمئىي 4،032 ئائىلە 18،628 نوپۇس بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 18،487 نەپەر، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %99 نى ئىگىلەيدۇ. قىرغىز 96 نەپەر ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %0·5 نى ئىگىلەيدۇ. تاجىك 11 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %0·05 نى ئىگىلەيدۇ.

بۇ يېزا جۇمھۇرىيەت مەزگىلىدە كوناشەھەر ناھىيە تاشمىلىق بەگلىكىگە قارايدىغان بولۇپ، تەۋەسىدە 8 يۈزبېشى بولغان. 1950 - يىلى تاشمىلىق رايونلۇق مەھكىمىگە ئۆزگەرتىلىپ تەۋەسىدە 8 يېزا بولغان. 1954 - يىلى تاشمىلىق رايونىغا قاراشلىق ئويتاغ 8 - يېزىسى قىزىلسۇ ئوبلاست ئاقتۇ ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. 1956 – يىلى تاشمىلىق رايونلۇق مەھكىمىگە 7 يېزا 24 يېزا ئىگىلىك ئالىي كوپېراتىپ تەۋە بولغان. 1958 – يىلى تاشمىلىق رايونلۇق مەھكىمە تاشمىلىق گۇڭشېغا ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەسىدە 21 دادۈي بولغان. 1959 – يىلى بۆلاقسۇ گۇڭشې تەۋەلىكىدىكى تېرىم باشقۇرۇش رايونىنى تاشمىلىق گۇڭشېنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. 1961 - يىلى تاشمىلىق گۇڭشې تاشمىلىق رايونىغا ئۆزگەرتىپ، تەۋەسىدە 3 گۇڭشې بولغان. 1965 - يىلى تاشمىلىق رايونى يەنە قايتىدىن تاشمىلىق گۇڭشې قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەسىدە 18 دادۈي 118 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى 89 تەبىئىي كەنت بولۇپ كەلگەن. 1984 - يىلى

www.uyghurkitap.com

8 - ئايدا تاشمىلىق گۈڭشېدىن تېرىم قاتارلىق 4 دادۋي بۆلۈنۈپ چىقىپ تېرىم يېزىسى قۇرۇلغان. تاشمىلىق گۈڭشې يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئۆزگەرتىلىپ، تەۋەسىدە 14 كەنت كومىتېت بولغان.

تاشمىلىق ئۇيغۇر تىل سىستېمىسىغا تەۋە سۆز بولۇپ «تاش بالىق تاش بىلەن قوپۇرۇلغان شەھەر» دېگەن بولىدۇ، يېزا تۈزتاغ ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، دائىرىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تاشلىق چۆل باياۋان. ياپلاقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ يېزىدىكى خەلق تارىختا تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىش جاپالىق ئىشلەش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، باغ ۋە ئورمانلىقلارنى شەكىللەندۈرۈپ گۈزەل باياشات يېزا ئىگىلىك رايونىغا ئايلانغان. يەر تۈزۈلۈشى جەنۇبتىن شىمالغا قىياش، بىر قەدەر تۈزلەڭ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1508.9 مېتىر. جەنۇبىدا تۈز تاغ، غەربىي شىمالىدا قىزىل تاغ ۋە چەش تاغلار بار. ئاساسلىق سۇمەنبەسى گەز دەرياسى، تاشمىلىق غول ئۆستىڭى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 28 كىلومېتىر كېلىدۇ، سۇغىرىش كۆلىمى 62,389 مو، تۇپرىقى ئۆلكە لاتقا تۇپراق، شېغىل ئارلاش جىگەررەڭ چۆل تۇپراقنى ئاساسى قىلىدۇ. سۇمەنبەسى كەمچىل. بەزى ۋاقىتلاردا كەلكۈن كېلىدۇ. ھاۋا كىلىماتى سوغاق. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 9.8℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇراسى 39.6℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇراسى -25.2℃. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 80 - 100 مىللىمېتىر، قىروسىز مەزگىلى 210 كۈندىن 220 كۈنگىچە بولىدۇ. ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك زىرائەتلىرىدىن، بۇغداي، قوناق، كېۋەز، مايلىقدان. سەي - كوكتات، قوغۇن قاتارلىقلار تېرىلىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: گۈلە (ئۆرۈك گۈلىسى) بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن تۈلكە، ياۋاتوشقان قاتارلىقلار بار. كان بايلىقىدىن تاش تۇز، ئاھاك تېشى، كۆمۈر، ئوتقا چىدامىلىق توپا قاتارلىقلار بار. ھازىر تاش تۇزدىن پايدىلانغاندىن باشقا قالغان نەرسىلەردىن تېخى پايدىلىنىلمىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى خېلى تېز بولدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا؛ ئاشلىق تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 46,200 مو بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 10,507,000 جىڭ. ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 227.4 جىڭ بولغان. كېۋەز 7,200 مو بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 337 مىڭ جىڭ ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 46.8 جىڭ. مايلىق دان 2,700 مو، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 434 مىڭ جىڭ بولۇپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلغان. چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قوناندا قالدۇق سانى 28,400 تۇياق، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ چارۋا 6,969 تۇياق، كىچىك چارۋا 21,441 تۇياق. 1985 - يىللىق ئومۇمىي كىرىم 4,215,846 يۈەن، ئوتتۇرىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلتۈرۈلگەن ئاشلىق 610.3 جىڭ، ئوتتۇرىچە كىشى بېشىغا كەلتۈرۈلگەن كىرىم 226.3 يۈەن. كۆپ خىل ئىگىلىكمۇ بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان، ھازىر ئاپتوموبىلدىن

18 سى. چاقلىق تراكتوردىن 32 سى بار.

تۆز زاۋۇتى، پاختا زاۋۇتى، شال ئاقلاش زاۋۇتى، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق يېزا باشقۇرغان كارخانىلار بار. كىرىمى 180،100 يۈەن. بولۇپ، ئومۇمىي كىرىمنىڭ 4.3% نى تەشكىل قىلىدۇ. قاتناش بىر قەدەر قولايلىق ناھىيەدىن يېزىغىچە بىر تاشيول بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 40 كىلومېتىر كېلىدۇ. ھەر كۈنلۈكى ئاپتوبۇز قاتناپ تۇرىدۇ. يېزا بىلەن كەنتلەر ئوتتۇرىسىدا شېغىل ياتقۇزۇلغان يول بولۇپ قاتناش راۋان.

مەدەنىي مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرى جەھەتتە: بىر ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇتقۇچى ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 24 نەپەر، ئوقۇغۇچى 264 نەپەر، 12 باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇتقۇچى ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 128 نەپەر، ئوقۇغۇچى 2،477 نەپەر، بىر كىنو قويۇش ئەترىتى، بىر رادىئو ئۆزۈلى. بىر مەدەنىيەت پونكىتى بار. دوختۇرخانىدىن بىرسى بولۇپ، تىببىي خادىم 8 نەپەر، كېسەل كارىۋىتى 40 دانە. ھەرقايسى كەنت كومىتېتلاردا داۋالاش پونكىتلىرى بولۇپ، 19 نەپەر يالاڭئاياق دوختۇر بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تاشمىلىق يېزىسى تەۋەسىدىكى يەر - ناملىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇشى

## تاشمىلىق يېزىسى

تەزكىرىسى «تاشمىلىق يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا،
يۇقارقى ھاسىرىق كەنت كومىتېتى.

تاشمىلىق يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 1·7 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى تاشمىلىق رايونى 7 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 - يىلى تاشمىلىق گۇڭشې يۇقارقى ھاسىرىق 5 - داديۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا داديۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇرۇن ھاسا بىلەن جىجىپ چاپقان بىر ئېرىق بولۇپ، ئاھالىلەر شۇ ئېرىق ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن ھاسىرىق دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت 914 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,681 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى غوجانىكام مەھەللىسى.

## غوجانىكام مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 1·8 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، تۇپرىقى ئاجىز. نوپۇسى 238 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ كەنتتە غوجانىكام دېگەن بىر كىشى بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن غوجانىكام مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۆرۈك.

## كاررەك مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 1·2 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان يەر شەكلى تۈزلەڭ تۇپرىقى ئاجىز، نوپۇسى 110 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە پالتا كاررەك دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن كاررەك مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۆرۈك.

## مامۇت باخشى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 1·7 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 163 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە مامۇت باخشى دېگەن بىر كىشى بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن مامۇت باخشى مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۆرۈك.

### چىقىنداق مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 1·5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 111 نەپەر ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە مەترازى چىقىنداق لەقەملىك بىر كىشى بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن ئاتالغان.

### شىراق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 2·3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 123 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 122 نەپەر، قىرغىز بىر نەپەر، بۇرۇن بۇ كەنتتە شىراق لەقەملىك ئىككى كىشى ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، شىراق مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### دۆمباق مەھەللىسى

تاشمىلىق يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 2·8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 159 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر، ئىلگىرى بۇ جايدا مەتكام دېگەن سېمىز بىر كىشى بولۇپ، لەقىمى دۆمباق شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن دۆمباق مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### ساغان كەنت كومىتېتى

تاشمىلىق يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 2·8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 ـ يىلى تاشمىلىق رايون 7 يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 ـ يىلى تاشمىلىق گۇڭشې ساغان 6 ـ دادۈي بولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 5 تەبىئىي كەنت 930 نوپۇس بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 924 نەپەر، قىرغىز 6 نەپەر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,137 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى ساغان كەنتىدە.

### ساغان كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 2·8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 402 نەپەر بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 396 نەپەر، قىرغىز 6 نەپەر، ئىلگىرى بۇ يەرگە يېڭىسار ساغان يېزىسىدىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ نامى بىلەن ساغان ـ دەپ ئاتالغان.

### قادىر ھوشۇر مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

جايلاشقان. نوپۇسى 127 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە قادىرھۇشۇر دېگەن نوپۇزلۇق بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن قادىرھۇشۇر مەھەللىسى -دەپ ئاتالغان.

### تۆۋەنكى ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 2 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 151 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت قادىرھۇشۇر مەھەللىسىنىڭ تۆۋەنگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەنكى ھويلا -دەپ ئاتالغان.

### تولەندى باقى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 3 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 127 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا تولەندى باقى دېگەن نوپۇزلۇق بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن تولەندى باقى مەھەللىسى -دەپ ئاتالغان.

### توختى شۈكۈر مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 3.7 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 123 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە توختى شۈكۈر دېگەن نوپۇزلۇق بىر كىشى بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن توختى شۈكۈر مەھەللىسى -دەپ ئاتالغان.

### قاش بېشى كەنت كومىتېتى

تاشمىلىق يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 3.7 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى تاشمىلىق رايونى 6 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 - يىلى تاشمىلىق گۇڭشې قاش بېشى 7 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 11 تەبىئىي كەنت، نوپۇسى 2,154 نەپەر، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 2149 نەپەر قىرغىز 5 نەپەر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 5,623 مۇ، ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق. كېۋەز نالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۆرۈك، تۇرۇشلۇق ئورنى قاش بېشى كەنتىدە

### قاش بېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 3.7 كىلومېتر يىراقلىقتا

جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 233 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇ كەنت ئىلگىرى چوڭ بىر قاشىنىڭ قىشىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، قاش بېشى كەنتى-دەپ ئاتالغان. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۈزۈك.

### تاشقۇرغان مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 4.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 175 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر، ئىلگىرى بۇ جاينىڭ ئادەملىرى تاشتىن قورغان ياساپ ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن، تاشقۇرغان مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۈزۈك.

### ساغان كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 210 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا ساغان باي دېگەن كىشىنىڭ ئەۋلادى ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، ساغان-دەپ ئاتالغان. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۈزۈك.

### تاغ تۈۋى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى قىيپاش، نوپۇسى 379 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت تاغنىڭ تۈۋىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تاغ تۈۋى-دەپ ئاتالغان. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۈزۈك.

### سوقا بېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 151 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر، ئىلگىرى بۇ كەنتتە 2 سوقا بولۇپ، كىشىلەر مۇشۇ سوقا بېشىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، سوقا بېشى-دەپ ئاتالغان. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۈزۈك.

### قىزىل تاغ تۇمشۇق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 152 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت قىزىل تاغ تۇمشۇقىنىڭ ئايىغىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، قىزىل تاغ تۇمشۇقى-دەپ ئاتالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**قارا دۆۋە كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 177 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر بىر قارا دۆۋىلىكنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، قارا دۆۋە ـ دەپ ئاتالغان.

**قىزىل جىم كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 2.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 236 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا قىزىل جىم دېگەن مازار بولۇپ، كىشىلەر مۇشۇ مازار ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن قىزىل جىم ـ دەپ ئاتالغان. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۆرۈك.

**ئويتاغ مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 158 نەپەر ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇرۇن بۇ كەنتتە ئويتاغدىن بىر قانچە قىرغىز كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئويتاغ مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۆرۈك.

**يۇقارقى ھويلا**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 178 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇ كەنت يۇرۇتىنىڭ يۇقىرىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى ھويلا ـ دەپ ئاتالغان.

**ئارا جاڭگال كەنتى**

يېزىلىق ھوكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 4.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 105 نەپەر، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 100 نەپەر، قىرغىز 5 نەپەر، بۇ كەنت جاڭگالنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئارا جاڭگال ـ دەپ ئاتالغان.

**ئەسكە كەنت كومىتېتى**

تاشمىلىق يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى تاشمىلىق رايونى 5 ـ يېزىلىق ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 ـ يىلى تاشمىلىق گۇڭشې ئەسكە 8 ـ دادۈي بولغان. 1984-

يىلى 8 - ئايدا دادۇي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. ئەسكە دېگەن ئەسكى يەر دېگەن بولۇپ كىشىلەر جاپالىق ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق بۇ يەرنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىلگەن شۇڭلاشقا ئەسلى نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 5 تەبىئىي كەنت 1,472 نەپەر نوپۇس بولۇپ ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,835 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممىقوناق، كېۋەز، ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۆرۈك. تۇرۇشلۇق ئورنى ئۆستەڭ بويى كەنتىدە.

### ئۆستەڭبويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 372 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئۆستەڭ بويىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۆستەڭبويى - دەپ ئاتالغان. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۆرۈك.

### قىشلاق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2·7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 218 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئەسلى چارۋا باقىدىغان ئورۇن بولۇپ، كەنت شەكىللەنگەندىن كېيىن قىشلاق - دەپ ئاتالغان.

### دۆڭئۆستەڭ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2·6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى ئېگىز، نوپۇسى 210 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا ئېگىز بىر ئۆستەڭ بولۇپ، ئاھالىلەر مۇشۇ ئۆستەڭ ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، دۆڭ ئۆستەڭ - دەپ ئاتالغان.

### تۇمشۇق مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 253 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت يارنىڭ تۇمشۇقىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۇمشۇق مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### ھويلا مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2·6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 399 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى ئۇ جايدا چوڭ بىر ھويلا بولۇپ، كەنت شەكىللەنگەندىن كېيىن ھويلا مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

### قاشتۈۋى كەنت كومىتېتى

تاشمىلىق يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى تاشمىلىق رايونى 6 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 - يىلى تاشمىلىق گۇڭشې قاش تۈۋى 9 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 5 تەبىئىي كەنت، 867 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2.090 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۆرۈك تۇرۇشلۇق ئورنى: قاشى تۈۋى كەنتىدە.

### قاشتۈۋى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 218 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر چوڭ بىر قاش ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، قاش تۈۋى - دەپ ئاتالغان.

### سۆۋەتچى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 1.5 كىلومېتىر، يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ 208 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ كەنتتە سۆۋەت توقۇپ ساتىدىغانلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، سۆۋەتچى مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان

### ئۆستەڭبويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 2.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 193 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر بىر ئۆستەڭنىڭ بويىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۆستەڭبويى - دەپ ئاتالغان.

### دۆڭمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز. نوپۇسى 155 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە ئاھالىلەر بىر ئېگىز دۆڭ جايغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، دۆڭمەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### قازانچى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا

جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 103 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە قازانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەر كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، قازانچى مەھەللىسى -دەپ ئاتالغان.

### تاشئېرىق كەنت كومىتېتى

تاشمىلىق يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950-يىلى تاشمىلىق رايونى 5-يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958-يىلى تاشمىلىق گۇڭشې تاشئېرىق 10-دادۈي بولغان. 1984-يىلى 8-ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەسىدە تاشئېرىق كەنتى بولغانلىقى ئۈچۈن تاشئېرىق دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 4 تەبىئىي كەنت، 1,905 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,309 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممىقوناق، كېۋەز. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۆرۈك. تۇرۇشلۇق ئورنى: چوڭ باغ كەنتىدە.

### چوڭباغ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 281 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر چوڭ بىر باغنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، چوڭباغ-دەپ ئاتالغان.

### تاشئېرىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 711 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تاشئېرىق ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، تاشتىن ياسالغان ئېرىق دېگەن مەنىدە. بۇرۇن بۇ جاي شېغىللىق ساي بولۇپ، شېغىل ئۈستىدىن ئېرىق ئېلىپ سۇ باشلىغانلىقتىن تاشئېرىق -دەپ ئاتالغان.

### خالتا كوچا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 348 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر ئايىغى يوق بىر خالتا كوچىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، خالتا كوچا-دەپ ئاتالغان.

### ئەسكە كەنت

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 1.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاش-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 559 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئەسكە قەدىمكى كونا دېگەن مەنىدە بولۇپ، كېيىن كىشىلەر جاپالىق ئەمگەك قىلىپ ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ يەنىلا ئەسكە نامى بىلەن ئاتالغان.

### غىلدىرلاڭ كەنتى كومىتېتى

تاشمىلىق يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 0.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى تاشمىلىق رايونى 4 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 - يىلى تاشمىلىق گوڭشې غىلدىرلاڭ 11 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەلىكىدە غىلدىرلاڭ كەنتى بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ نام بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 3 تەبىئىي كەنت 878 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1,854 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۆرۈك. تۇرۇشلۇق ئورنى ئارال كەنتىدە.

### ئارال كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 0.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 462 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇ كەنت ئىككى ئۆستەڭ ئارىلىقىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئارال - دەپ ئاتالغان.

### غىلدىرلاڭ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىغا 1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان يەر شەكلى تۈزلەڭ. يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق ئورۇن، نوپۇسى 320 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ زېمىنى ئېگىز تاكچە شەكىلدە بولۇپ، سۇ قويسا غىلدىرلاپ تۇرمىغانلىقى ئۈچۈن غىلدىرلاڭ - دەپ ئاتالغان.

### دۆڭ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز، نوپۇسى 96 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇ كەنت ئېگىز دۆڭ جايغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، دۆڭ مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### رازىكا كەنت كومىتېتى

تاشمىلىق يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.8 كىلومېتىر

يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى تاشمىلىق رايونى 4 - يېزىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 - يىلى تاشمىلىق گۇڭشې رازىكا 12 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇرۇن بۇ كەنتتە رازىكام ئىسىملىق ئادەم بولۇپ، كەنت نامى شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن رازىكا دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 3 تەبىئىي كەنت 1,739 نوپۇس بولۇپ ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,579 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى ئوي مەھەللىدە.

### ئوي مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 3.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز - پەس، نوپۇسى 466 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ يەرلىرى ئويمان بولغاچقا ئوي مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### دۆڭ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز، نوپۇسى 704 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ جايلاشقان ئورنى دۆڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، دۆڭ مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### چىكە مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، نوپۇسى 568 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇ كەنت يېزىنىڭ چېكىسىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، چىكە مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### يۇقارقى تېتىر كەنت كومىتېتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 5.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى تاشمىلىق رايونى 1 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 - يىلى تاشمىلىق گۇڭشې يۇقارقى تېتىر 13 - دادۈي بولغان، 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. كەنتنىڭ يەرلىرى ئېگىز بولۇپ، سۇ چىقماي يەرلىرى ئۇنۇمسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، تېتىر دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 5 تەبىئىي كەنت 1,738 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,579 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۆرۈك. تۇرۇشلۇق ئورنى تۆگمەن بېشى كەنتىدە.

### تۈگمەنبېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 5.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 203 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە بىر قانچە تاش تۈگمەن بولۇپ، ئاھالىلەر تۈگمەننىڭ بېشىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن تۈگمەنبېشى — دەپ ئاتالغان

### ئۆژمىلىك مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 5.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 327 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت بۇرۇندىن تارتىپ تەبىئىي ئۆژمىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆژمىلىك مەھەللىسى — دەپ ئاتالغان.

### كۆنچى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 5.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 341 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە زۇنۇناخۇن دېگەن ئاتاغلىق بىر كۆنچى بولۇپ، كەنت نامى شۇ كىشىنىڭ كەسپى بىلەن كۆنچى مەھەللىسى — دەپ ئاتالغان.

### چېكى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ، شەرقى جەنۇبىغا 4.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 288 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت يۇرتنىڭ چېتىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، چېكى — دەپ ئاتالغان.

### ياقا ئېرىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا 4.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 579 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. يۇرتتا سۇ ئەكىلىش ئۈچۈن ساينىڭ ياقىسىدىن بىر ئېرىق ئېلىپ سۇ ئەكەلگەنلىكتىن، ياقا ئېرىق — دەپ ئاتالغان.

### قەشقەر يەلگەن كەنت كومىتېتى

تاشمىلىق يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا 8.2 كىلومې-

تر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 – يىلى تاشمىلىق رايونى 3 – يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 – يىلى تاشمىلىق گۇڭشې قەشقەر يەلكەن 14 – دادۈي بولغان. 1984 – يىلى 8 – ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. ئەسلى بۇ يەر يارلىق ئورۇن بولۇپ، كەنتلەر بىر – بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرغاچقا يار كەنت دەپ ئاتالغان، كېيىن تىلنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن، يار كەنت يەلكەنگە ئۆزگەرتىلگەن. يەلكەن دېگەن 2 بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر – بىرىدىن پەرقلەندۈرۈشى ئۈچۈن، بۇنى قەشقەر يەلكەن دەپ ئاتىغان. تەۋەسىدە 5 تەبىئىي كەنت 1,063 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1,722 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۆرۈك، تۇرۇشلۇق ئۆزى بەگلىك يەر كەنتىدە.

### بەگلىك يەر كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىغا 8.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 169 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە موللاھېيتنىڭ بەگلىككە تەۋە ۋەخپە يەر بولغانلىقى ئۈچۈن، بەگلىك يەر – دەپ ئاتالغان.

### ئاچا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىغا 7.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 159 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت يەلكەن بىلەن تېتىر ئۆستىڭىگە سۇ ئايرىلىدىغان ئاچا تۇما ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاچا – دەپ ئاتالغان.

### يار بېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىغا 8.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 190 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر يار بېشىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، يار بېشى – دەپ ئاتالغان.

### سايقىشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىغا 8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 392 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت كەڭ كەتكەن ساينىڭ چېكىسىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن سايقىشى – دەپ ئاتالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

### قوغان كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا 8.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 161 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە چوڭ بىر قورغان بولۇپ، ئاھالىلەر مۇشۇ قورغاننىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، قورغان – دەپ ئاتالغان.

### ئاياغ تېتىر كەنتى كومىتېتى

تاشمىلىق يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 7.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 – يىلى تاشمىلىق رايونى1 – يېزىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 – يىلى تاشمىلىق گۇڭشې ئاياغ تېتىر 15 – دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 – يىلى 8 – ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. يۇقارقى تېتىر كەنتىنىڭ ئاياغ قىسمىغا جايلاشقانلىقتىن ئاياغ تېتىر دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 4 تەبىئىي كەنت 880 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. يەر كۆلىمى 1،643 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۆرۈك. تۇرۇشلۇق ئورنى يار بېشى كەنتىدە.

### يار بېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا 7.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز پەس، نوپۇسى 245 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر بۇ كەنت يارنىڭ بېشىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يار بېشى – دەپ ئاتالغان.

### تۆمۈرچى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا 8.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 216 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە جۇماخۇن دېگەن ئاتاغلىق بىر تۆمۈرچى بولۇپ، تۆمۈرچى مەھەللىسى – دەپ ئاتالغان.

### بازار بېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 6.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 261 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ بېشىدا كونا بىر بازار بولغانلىقتىن بازار بېشى – دەپ ئاتالغان.

### كوچا مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا 6.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا

جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 158 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ ئاھالىلىرى كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، كوچا مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

## ئاياغ سىرىق ئاتا كەنت كومىتېتى

تاشمىلىق يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىغا 2.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا شامال ئېغىزىغا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى تاشمىلىق رايونى 2 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 ـ يىلى تاشمىلىق گوڭشې ئاياغ سىرىق ئاتا 16 ـ دادۈي بولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن بۇ كەنت دائىرىسىدە سۇلتان سىرىق ئاتام دېگەن بىر چوڭ مازار بولۇپ، شۇ مازار نامى بىلەن سىرىق ئاتا دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 4 تەبىئىي كەنت 1,066 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,868 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى، بۇغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى ھويلا ئالدى كەنتىدە.

## ھويلا ئالدى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىغا 6.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 379 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە بىر چوڭ ھويلا بولۇپ ئاھالىلەر ھويلا ئالدى تەرەپكە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ھويلا ئالدى ـ دەپ ئاتالغان.

## بازار كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىغا 6.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 193 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر كونا بىر بازار ئورنىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، بازار ـ دەپ ئاتالغان.

## گۈلباغ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىغا 6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 241 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئەينى زاماندا بۇ كەنتتە تىلەمچىلىك قىلىدىغانلار كۆپ بولۇپ، دىۋانى مەھەللىسى دەپ ئاتالغان كېيىن بۇ نام گۈلباغ ـ دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

## كونا قورغان كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاش-

قان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 253 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر كونا قورغان ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، كونا قورغان ـ دەپ ئاتالغان.

## يۇقارقى سېرىق ئاتا كەنت كومىتېتى

تاشمىلىق يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، شامال ئېغىزىغا جايلاشقان. 1950 ـ يىلى تاشمىلىق رايونى 3 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 ـ يىلى تاشمىلىق گۇڭشې يۇقارقى سېرىق ئاتا دادۈي بولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. ئاياغ سېرىق ئاتا كەنتىنىڭ يۇقىرىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى سېرىق ئاتا دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 4 تەبىئىي كەنت، 1.349 نوپۇس بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 1.345 نەپەر، قىرغىز 4 نەپەر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3.298 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى، بۇغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز تۇرۇشلۇق ئورنى چېكە مەھەللىسى.

## چېكە مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت. تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 487 نەپەر، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 483 نەپەر قىرغىز 4 نەپەر، بۇ كەنت يېزىنىڭ چېكىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، چېكە ـ دەپ ئاتالغان.

## سوقا بېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 4كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 182 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا بىر سوقا بولۇپ، ئاھالىلەر شۇ سوقىنىڭ يۇقىرىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، سوقا بېشى ـ دەپ ئاتالغان.

## قۇم ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا 5.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 326 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جاي قۇملۇق بولۇپ، ئاھالىلەر ئولتۇراقلىشىپ كەنت شەكىللەنگەندىن كېيىن، قۇم ھويلا ـ دەپ ئاتالغان.

## ساي كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا 4.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 354 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئىلگىـ

رى ساي بولۇپ، ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن كەنت شەكىللىنىپ ساي - دەپ ئاتالغان.

### ئاياغ ھاسىرىق كەنت كومىتېتى

تاشمىلىق يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا 2·5 كىلومېتر يىراقلىققا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى تاشمىلىق رايونى 2 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 - يىلى تاشمىلىق گۇڭشې ئاياغ ھاسىرىق 18 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 5 تەبىئىي كەنت، 950 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,658 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى. بۇغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۈزۈك. تۇرۇشلۇق ئورنى ئاياغ ھاسىرىق كەنتىدە.

### ئاياغ ھاسىرىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا 2·5 كىلومېتر يىراقلىققا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 178 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايغا سۇ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ھاسا بىلەن جىيىپ ئېرىق چاپقان، كىشىلەر ئولتۇراقلىشىپ كەنت شەكىللەنگەندىن كېيىن، كەنت نامى ئاياغ ھاسىرىق - دەپ ئاتالغان.

### سوپى قاساپ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا 2·2 كىلومېتر يىراقلىققا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 164 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە سوپى قاساپ دېگەن بىر ئۇستا قاساپ بولۇپ، كەنت نامى شۇنىڭ ئىسمى بىلەن سوپى قاساپ مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### ئىمىن ئوسمان مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا 2·5 كىلومېتر يىراقلىققا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 173 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە ئىمىن ئوسمان دېگەن ئابرويلۇق بىر ئادەم ئۆتكەن بولۇپ، كەنت نامى شۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن ئىمىن ئوسمان مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### جىغانلىق مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا 3·5 كىلومېتر يىراق-

لىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 213 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا تەبىئىي چىغان كۆپ بولۇپ، ئاھالىلەر ئولتۇراقلىشىپ كەنت شەكىللەنگەندىن كېيىن چىغانلىق مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### غوجىكام مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 222 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە غوجىكام دېگەن ئابرويلۇق بىر كىشى بولۇپ، كەنت نامى شۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن غوجىكام مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

تې

كۈندىن 220 كۈن بولىدۇ. ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، قوناق،

لىققا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 213 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا
[illegible] دىن كېيىن

# تېرىم يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

تېرىم يېزىسى كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. يېزىلىق ھۆكـۈمەت
تۇرۇشلۇق جاي ھويلا ئالدى كەنتىدە، ناھىيە مەركىزىگە بولغان تۈز لىنىيە ئارىلىقى
25.5 كىلومېتىر. ئومۇمى كـۆلـىمى 109.25 كـۋادرات كىلومېتىر (163.875 مـوغا تەڭ)
يەر شەكلى تۈزلەڭ، شەرقى بـۇلاقسۇ يېزىسى بىلەن، جەنـۇبى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ باـ
رىن ئۆستەڭى بىلەن، غەربى كوناگەز دەرياسى ئارقىلىق ئوپال يېزىسى بىـلەن قارىـ
شىپ تۇرىدۇ. شىمالى قۇم سايلىق ئارقىلىق بۇلاقسۇ يېزىسـىدىن ئـايرىلىپ تـۇرىدۇ.
1985 - يىلـى يىل ئاخىرىدىكى ستاتىستىكـىدىن قارىغانـدا، يېزا بـويىچـە تېرىلغـۇ
يـەر كـۆلىمـى 12,300 مو، ئومۇمـى يەر كـۆلىمىنىڭ 7.5% نـى ئىگىلەيدۇ، ئورمان
يېرى 8,016 مو بولۇپ، ئومۇمى يەر كۆلىمىنىڭ 4.89% نى تەشكىل قىلىدۇ. باغ كۆلەـ
مى 702 مو بولۇپ، ئومۇمى كۆلىمىنىڭ 0.43% نى ئىگىـلەيدۇ. باشقا كۆلىمى 142,857
مو بولۇپ، ئومۇمى يەر كـۆلىمىنىڭ 87.1% ئىگىلەيدۇ، تەۋەسىدە 4 كـەنت كـومىتېتى،
19 تەبىئىي كەنت بار. 1985 - يىل ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىدا 749 ئائىلە، 3,273 نوـ
پۇس بـولـۇپ، بۇنىڭـدىن ئۇيـغۇر 3,258 نەپـەر، ئومـۇمـى نـوپـۇسىنىڭ 99.54%
نى ئىگىلەيدۇ. قىرغىز 15 نەپەر بولۇپ، ئومۇمى نوپۇسىنىڭ 0.46% نى ئىگىلەيدۇ. تېـ
رىم دېگەن سۆز، ئۇيغۇر تىلىدا تېرىلغۇ يەر دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ جاي ئەسلىدە بىر
قەدىمكى جاي بولۇپ، ئەمگەكچى خەلقلەر ئارقا - ئارقىدىن بىنام ئېچىپ، ئېرىق - ئۆستەڭ
چېپىپ يەر تېرىپ، يۇرت ھاسىل قىلغان. تېرىم جۇمھۇرىيەت ۋاقتىدا كوناشەھەر ناھىيىسى بور-
ىختاي بەگلىكىگە تەۋە، تېرىم يۈزبېشىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1950 - يىلى بورىختاي
رايونى تېرىم 1 - يېزا بولغان. 1958 - يىلى بۇلاقسۇ گوڭشې تېرىم 2 - دادۇيگە ئۆزگەرتىلگەن.
1959 - يىلى تاشمىلىق گوڭشېگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ تېرىم 2 - دادۇي بولغان. 1982 - يىلى تاشمـ
ىلىق گوڭشې تېرىم باشقۇرۇش رايونىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا تاشمىلىق يېزىـ
سىدىن 4 كەنت كومىتېتىنى ئايرىپ تېرىم يېزىسى قۇرۇلغان. تېرىم يېزىسىنىڭ يېرى تۈز،
دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1,440.5 مېتىر، ئاساسلىق سۇ مەنبەسى گەزدەرياسى بولۇپ،
تېرىم ئۆستەڭى بار، ئۇزۇنلىقى 18 كىلومېتىر، سۇغىرىش كۆلىمى 13,800 مو. تۇپرىقى ئولكە لاتقا
تۇپراق، سۇ مەنبەسى كەمچىل، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.2℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېـ
راتۇرا 39.6℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 25.2℃ -، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقداـ
رى 60 دىن 80 مىللىمېتىر، پارغا ئايلىنىش مىقدارى كۈچلۈك. قىروسىز ۋاقتى 210
كۈندىن 220 كۈن بولىدۇ. ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، قوناق،

كېۋەز، مايلىق دان سەي - كۆكتات، قوغۇن، تېرىلىدۇ.
ئازادلىقتىن كېيىن، ھەرخىل ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىيات نىسبىتى تېز بول-
دى. 1985 - يىل ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ئاشلىق زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى
7,700 مو ئومۇمى مەھسۇلاتى 2 مىليون 3 مىڭ جىڭ، بىرلىك مەسۇلاتى 260 جىڭ، كېۋەز
1,200 مو ئومۇمى مەھسۇلاتى 76 مىڭ جىڭ، بىرلىك مەھسۇلاتى 63.3 جىڭ، كىشى بېشىغا توغرا
كەلگەن ئاشلىق 561 جىڭ، تېرىم يېزىسىنىڭ ئومۇمى كىرىمى 724,277 يۈەن، كىشى بېشىغا
توغرا كېلىشى 221.20 يۈەن. 1985 - يىلى، يىل ئاخىرىدىكى قوتاندا قالدۇق چارۋا
4,841 تۇياق، بۇنىڭدىن چوڭ چارۋا 1,683 تۇياق. ئۇششاق چارۋا 3,158 تۇياق. بۇ يې-
زىدا بار بولغان ھەرخىل تىپتىكى تراكتور 6 دانە قاتناش ئىشلىرى نىسبەتەن ئو-
ڭاي بولۇپ، تاشىلىقتىن ناھىيىگە بارىدىغان تاشيول تېرىم يېزىسىنى
توغرا كېسىپ ئۆتىدۇ. ھەر كۈنى دېگۈدەك كىرا ئاپتوموبىللىرى قاتناپ تۇرىدۇ. يېزا
بىلەن كەنتلەر ئوتتۇرىسىدا شېغىل ياتقۇزۇلغان تاشيوللار بار، قاتناش راۋان.
مەدەنىي مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرى جەھەتتە: 1985 - يىلى 1 ئوتتۇرا مەكتەپ،
6 نەپەر ئوقۇتقۇچى ئىشچى - خىزمەتچى، مەكتەپتە بار ئوقۇغۇچى 63 نەپەر،
4 باشلانغۇچ مەكتەپ. ئوقۇتقۇچى ئىشچى - خىزمەتچىلەر 21 نەپەر.مەكتەپتە بار
ئوقۇغۇچى 509 نەپەر، 1 دوختۇرخانا. 3 نەپەر تىببىي خادىم. 7 نەپەر يالاڭئاياق
دوختۇر بار.

# تېرەم يېزىسى تەۋەسىدىكى يەرناملىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىشى

**تېرەم يېزىسى**

تەزكىرىسى «تېرەم يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا.

**يولغۇن بۇغرا كەنت كومىتېتى**

تېرەم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 2.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، شامال ئېغىزىغا جايلاشقان. 1950 - يىلى بورى خىتاي رايونىنىڭ باشقۇرىشىدىكى 1 - يېزا بولغان. 1958 - يىلى بۇلاقسۇ گوڭشى تېرەم 1 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1959 - يىلى تاشمىلىق گوڭشې نىڭ يولغۇن بۇغرا 1 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا، دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ جاي ئەسلىدە يولغۇنلۇق بولۇپ، سۇلتان سوتوق بۇغراخاننىڭ ھەربىي ئەمەلدارى بۇ جايدا ئۆلگەندە شۇ يەرگە قويۇلغان. بۇنىڭ بىلەن بۇ يەرنىڭ نامىنى يولغۇن بۇغرا دەپ ئاتالغان. ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، «يولغۇن بۇغرا» دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 4 تەبىئىي كەنت 606 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1644 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، قوناق، كېۋەز تېرىلىدۇ، تۇرۇشلۇق ئورنى پاراچ ئۆستەڭ بويى كەنتىدە.

**پاراچ ئۆستەڭ بويى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 2.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 181 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت پاراچ ئۆستەڭ بويىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، پاراچ ئۆستەڭ بويى - دەپ ئاتالغان.

**قىشلاق كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 3.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 139 نەپەر بولۇپ ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئەسلىدە قىشتا ئۇلاغ باقىدىغان جاي بولۇپ، كىشىلەر كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن قىشلاق - دەپ ئاتالغان.

### ئالماس ئاكام مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 2.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 188 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە بۇرۇن ئالماس ئاكام دېگەن نوپۇزلۇق بىر كىشى بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامىغا ئاساسەن ئالماس ئاكام مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### قوچقاچ ئۆگسى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 97 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە ئىلگىرى قوچقاچ كۆپ بولغاچقا قوچقاچ ئۆگسى - دەپ ئاتالغان.

### تۆۋەنكى تېرىم كەنت كومىتېتى

تېرىم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 1.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. شامال ئېغىزىغا جايلاشقان. 1950 - يىلى بۇرى خىتاي رايونىغا تەۋە تېرىم 1 - يېزا بولغان. 1958 - يىلى بولاقسۇ گۇڭشې 2 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1959 - يىلى تاشمىلىق گۇڭشې تېرىم 2 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ جاي ئەسلىدە جاڭگاللىق بولۇپ، كىشىلەر بىنام ئېچىپ ئېكىن زارلىققا ئايلاندۇرغان. بۇ كەنت يۇقىرىقى تېرىم كەنتىنىڭ ئايىغىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن تۆۋەنكى تېرىم دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت. 946 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,571 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار تۇرۇشلۇق ئورنى، باي ھويلا كەنتىدە.

### باي ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 1.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 123 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايغا باي بىر ئادەم كېلىپ بىنام ئېچىپ چوڭ بىر ھويلا سالغانلىقى ئۈچۈن، باي ھويلا - دەپ ئاتالغان.

### قىشلاق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 1.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 146 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا چارۋا ماللىرىنى قىشلىتىش ئۈچۈن قوتان سېلىنغان، كېيىن ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان، شۇڭا قىشلاق دەپ ئاتالغان.

### ھويلا ئالدى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 1·4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 187 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا چوڭ بىر ھويلا بولۇپ ئاھالىلەر شۇ ھويلىنىڭ ئالدىدا ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، ھويلا ئالدى — دەپ ئاتالغان.

### ھەرەن قۇرۇق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1·3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 133 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايغا دەسلەپتە سىلىم كام، باقىكام ھەرەن دېگەن 2 كىشى كۆچۈپ كېلىپ بىنام ئېچىپ يەر بەرپا قىلىپ تام چۆرىگەن، ئاھالىلەر كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن شۇنىڭ بىلەن ھەرەن قۇرۇق — دەپ ئاتالغان.

### چوڭ قۇرۇق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 145 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇ جاينىڭ 4 ئەتراپىدا قېلىن كەتكەن جىگدە ئورمىنى بولۇپ، بۇنىڭدىن قورو تام ھاسىل بولغان، مۇشۇ ئالاھىدىلىك بويىچە كىشىلەر چوڭ قۇرۇق — دەپ ئاتىغان.

### كىرىم باقىكام مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1·8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 132 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن كىرىم باقىكام دېگەن كىشى كۆچۈپ كېلىپ بىنام ئاچقان، كەنت شەكىللەنگەندىن كېيىن كىرىم باقىكام مەھەللىسى — دەپ ئاتالغان.

### يۇقارقى تېرىم كەنت كومىتېتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 1·3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى بۇرى خىتاي رايونى تېرىم 1 - يېزا بولغان. 1958 - يىلى بۇلاقسۇ گۇڭشې تېرىم 3 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1959 - يىلى تاشمىلىق گۇڭشې تېرىم 3 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۆۋەنكى تېرىم كەنتىنىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن يۇقارقى تېرىم دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت، 1,095 نەپەر نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 5,001 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار تېرىلىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى: باي مەھەللىسىدە.

## باي مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 1 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 109 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا بۇرۇن تۇرسۇن ھاجىم دېگەن بىر باي ئۆتكەن بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن باي مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

## توختى غوجىلاق مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 2.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 131 نەپەر، بولۇپ ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا توختى غوجىلاق دەپ ئاتالغان نوپۇزلۇق بىر كىشى بولۇپ، شۇنىڭ نامى بىلەن توختى غوجىلاق مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

## ئوي مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 3.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز ـ پەس، نوپۇسى 172 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئوي، چوڭقۇر جايغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئوي مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

## خالتا كوچا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 1.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 177 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدىكى ئاھالىلەر ئايىغى يوق بىر خالتا كوچىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن خالتا كوچا ـ دەپ ئاتالغان.

## جىغانلىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 0.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 160 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا بۇرۇن جىغان كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، جىغانلىق ـ دەپ ئاتالغان.

## موللاق سەلەي مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 0.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 285 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا

ئەسلى موللاق سەلەي دەپ ئاتالغان نوپۇزلۇق بىر كىشى بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن موللاق سەلەي مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

**تۆت كۆل كەنت كومىتېتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، شامال ئېغىزىغا جايلاشقان. 1950-يىلى بورى خىتاي رايونى تېرىم يېزا بولغان. 1958-يىلى بولاقسۇ گوڭشې تېرىم 4-دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1959-يىلى تاشمىلىق گوڭشې تۆتكۆل 4-دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى 8-ئايدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ جايدا بۇرۇن 4 چوڭ كۆل بولۇپ، ئاھالىلەر شۇ كۆلنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن «تۆتكۆل» دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 3 تەبىئىي كەنت 626 نوپۇسى بولۇپ ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,228 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار تېرىلىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى: يۈسۈپ چوڭنىڭ مەھەللىسى.

**يۈسۈپ چوڭنىڭ مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 199 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە بۇرۇن يۈسۈپ چوڭ دېگەن نوپۇزلۇق بىر كىشى بولۇپ، شۇنىڭ نامى بىلەن يۈسۈپ چوڭنىڭ مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

**توختى ھاجى مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 254 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇ جايدا توختى ھاجىم دېگەن نوپۇزلۇق بىر كىشى بولۇپ، شۇنىڭ نامى بىلەن توختى ھاجىم مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

**تۇردى ھاجىم مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 173 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا تۇردى ھاجىم دەپ ئاتالغان نوپۇزلۇق بىر كىشى بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن تۇردى ھاجىم مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

# بۇلاقسۇ يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

بۇلاقسۇ يېزىسى توقسۇراق بازىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى دەسۇ كەنت كومىتېتىدا. ناھىيە مەركىزىدىن تۈز لىنىيە ئارلىقى 13.5 كىلومېتىر. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 20 كۋادرات كىلومېتىر، شىمالدىن جەنۇبقا كەڭلىكى 10.02 كۋادرات كىلومېتىر، يەر شەكلى تۈزلەڭ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 200.41 كۋادرات كىلومېتىر (300,621 مو). شەرقىي تەرىپى قىزىلسۇ ئوبلاستى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ پىلال يېزىسى بىلەن، غەربىي تەرىپى تېرىم يېزىسىنىڭ تېرىم كەنتى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمالىي تەرىپى گەزدەرياسى ئارقىلىق سايباغ يېزىسى بىلەن قارشىپ تۇرىدۇ. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 71,832 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %23.9 نى ئىگىلەيدۇ. ئورمان يېرى 27,997 مو. بولۇپ، %9.3 نى. ئوتلاق 34,831 مو بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %11.6 نى ئىگەللەيدۇ. باشقا كۆلەم 165,929 مو (تاشلىق ساي) ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %55.2 نى ئىگىلەيدۇ. تەۋەلىكىدە 16 كەنت كومىتېتى، 3 دېھقان چارۋىچىلىق مەيدان، 101 تەبىئىي كەنت بار. 1985 – يىلىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا 5,954 ئائىلە، 25,406 نوپۇسى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 25,155 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %99 نى ئىگىلەيدۇ خەنزۇ 4 نەپەر، قىرغىز 246 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %0.96 نى ئىگىلەيدۇ. ئۆزبېك 1 نەپەر بولۇپ، %0.04 نى ئىگىلەيدۇ، ئەمگەك كۈچى 8,018 نەپەر.

بۇلاقسۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز بولۇپ، مەنىسى «بۇلاق سۈيى» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئەسلى ئىسمى بورا خىتاي ئىلگىرى بۇ ئورۇندا كەڭرى قومۇشلۇق بولۇپ، كىشىلەر قومۇشتىن بورا توقىغان يايلاقلىرى كەڭرى بولۇپ، بۇ يەرنىڭ ئاتلىرىمۇ خىل بولۇپ، مۇشۇ جاينىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بورا خلتاي دەپ ئاتالغان. كېيىنچە تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن «بورا خىتاي» دەپ ئاتالغان. بورا خىتاي بارى خىل تاي (ھەممىسى خىل تاي) دېگەن بولىدۇ دەپ چۈشەندۈرىدىغانلارمۇ بار. 1958 – يىلى ھۆكۈمەت «بورا خىتاي» دەپ ئاتىغاندا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، بۇ يېزىنىڭ بۇلاق سۈيى كۆپلىكىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، نامىنى «بۇلاقسۇ» غا ئۆزگەرتكەن.

جۇمھۇرىيەت مەزگىلىدە كوناشەھەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بورى خىتاي بەگلىكىگە تەۋە بولۇپ، تەۋەلىكىدە 12 يۈز بېشى بولغان. 1950 – يىلى كونا شەھەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە قاراشلىق بورى خىتاي رايونىغا ئۆزگەرتىلىپ، تەۋەلىكىدە 12 يېزا بولغان. 1954 – يىلى بورى خىتاي رايونى تەۋەلىكىدىكى قارا كىچىك 12 – يېزىسىنى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن، 1958 – يىلى بوراختاي رايونى بۇلاقسۇ گۇڭشېگە ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەلىكىدە 15 – دادۈي بولغان.

1959 - يىلى بۇلاقسۇ گۇڭشې تەۋەلىكىدىكى تېرىم باشقۇرۇش رايون تاشمىلىق گۇڭشېنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بەرگەن. 1961 - يىلى بۇلاقسۇ گۇڭشې بۇلاقسۇ رايونىغا ئۆزگەرتىلىپ، تەۋەلىكىدە 5 كىچىك گۇڭشې بولغان. 1965 - يىلى بۇلاقسۇ رايونى يەنىلا بۇلاقسۇ گۇڭشېغا ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەلىكىدە 16 دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا بۇلاقسۇ يېزىسىغا ئۆزگەرتىلىپ تەۋەلىكىدە 16 كەنت كومىتېتى بولغان.

بۇلاقسۇ يېزىسىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان كەنت كومىتېتلىرىنىڭ تۇپرىقى قۇرغاق. شەرقىي شىمالى تەرىپىگە جايلاشقان كەنت كومىتېتلىرىنىڭ يەرلىرى بىر قەدەر زەي. دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1326.6 مېتر، يېزىنىڭ غەربىي شىمالى تەرىپىدە ئەگر ئاي-لانما جىلغىسى دېگەن بىر جىلغىدا نۇرغۇن بۇلاق كۆزلىرى بار، بۇلاق سۇلىرى توپلىنىپ بۇ جىلغىدا بىر تاشچە سۇ ھاسىل بولۇپ، بۇلاقسۇ سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇلاقسۇنىڭ ئاساسلىق سۈيى گەزدەرياسىدىن نىسبەتەن بويىچە ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇلاق سۇلىرىمۇ سۇغۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. تۇپرىقى ئاساسلىقى ئۆلكە لاتقا تۇپراق ۋە زەي تۇپراق بولۇپ، قىسمەن جايلىرى چىم تۇپراق ۋە ساسلىق تۇپراق، ھاۋا كىلىماتى مۆتىدىل، 4 پەسىل ئېنىق، سۇ مەنبەسى مول. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى شەرت-شارائىتى ياخشى. ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.2℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 39.6℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى -25.2℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 60 - 80 مىللىمېتر. يىللىق قىروسىز مەزگىلى 210 - 220 كۈن. بوران مۆلدۈر زىيانلىق ھاشارەت قاتارلىق ئاپەت خاراكتېرلىك كىلىماتىمۇ بار.

بۇلاقسۇ يېزىسى دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىپ بۇغداي كۆممەقوناق، شال، كېۋەز، مايلىقدان، سەي - كۆكتات، قوغۇن قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىيدۇ. دائىرىسىدە 99,870 مو يەرنى سۇغۇرۇشقا بولىدىغان 116 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى 7 غول ئۆستەڭ بار.

ئازادلىقتىن كېيىن، بۇلاقسۇ يېزىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى خېلى تېز بولدى. 1985 - يىلىدىكى ئاشلىق زىرائەتلەرنىڭ ئومۇمى كۆلىمى 67,500 مو بولۇپ، ئومۇمى مەھسۇلاتى 17,602,000 جىڭغا يېتىپ، بىرلىك مەھسۇلاتى 260 جىڭغا يەتتى. كېۋەز كۆلىمى 10,000 مو بولۇپ، ئومۇمى مەھسۇلاتى 753,000 جىڭ، بىرلىكى 75.3 جىڭغا يەتتى. ياغلىقدانىنىڭ ئومۇمى مەھسۇلاتى 752,000 جىڭغا يېتىپ، يۇقىرىقى بىر قانچە تۈردە تارىختا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلغان بىر يىل بولدى. 1985 - يىلى كىشى بېشىغا 693 جىڭدىن ئاشلىق توغرا كەلدى. ئومۇمى كىرىم 5,721,868 يۈەن بولۇپ، 1985 - يىلى يىل ئاخىرىدا قوتاندا قالغان ئومۇمى چارۋا 33,878 تۇياق، بۇنىڭدىن چوڭ چارۋا 13,450 تۇياق، ئۇششاق چارۋا 20,428 تۇياق. دائىرىسىدە تەبىئىي ئوتلاق خېلى كۆپ بولۇپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق. ئورمان كۆلىمى 27,997 مو. تۈرلۈك دەرەخ 3,225,871 تۈپ بولۇپ، كىشى بېشىغا 139 تۈپتىن توغرا كېلىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى كۆپ خىل ئىگىلىك خېلى تېز تەرەققىي قىلدى، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئۇن زاۋۇتى، شال ئاقلاش زاۋۇتى، تراكتور پونكىتى، پاختا زاۋۇتى قاتارلىق يېزا باشقۇرغان 6 كارخانا قۇرۇلدى، كارخانىلاردىكى خادىملار 153 نەپەر، يىللىق ئومۇمى كىرىمى 525،300 يۈەن بولۇپ، ئومۇمى كىرىمنىڭ 9·1% نى ئىگىلەيدۇ. قاتناش قولايلىق، ناھىيە بازىرىدىن يېزىغا بارىدىغان 14 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا بىر تاشيول بار. يېزا بىلەن كەنت ۋە كەنت بىلەن كەنتلەر ئوتتۇرىسىدا شېغىل ياتقۇزۇلغان يوللار بار. ناھىيە بىلەن يېزا ئارىلىقىدا ھەر كۈنلىكى نۆۋەتچى ئاپتوۋۇز قاتنايدۇ. ھازىر يېزىدا 14 ئاپتوموبىل، 62 ھەرخىل تىپتىكى تراكتور بار. مەدەنىي - مائارىپ سەھىيە: جەھەتتە: 1 ئوتتۇرا مەكتەپ، 34 نەپەر ئوقۇتقۇچى ئىشچى - خىزمەتچىسى 344 ئوقۇغۇچىسى بار. 15 باشلانغۇچ مەكتەپ، 129 ئوقۇتقۇچى ئىشچى - خىزمەتچىسى 3،621 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بار. 1 كىنو قويۇش ئەترىتى، 1 مەدەنىيەت پونكىتى، 1 رادىئو پونكىتى، 16 نەپەر تىببىي خادىم، 40 دانە كېسەل كارىۋاتقا ئىگە بىر دوختۇرخانىسى بار. كەنت كومىتېتلاردىمۇ داۋالاش پونكىتلىرى بولۇپ، 18 نەپەر يالاڭ ئاياق دوختۇرۇ بار.

# بولاقسۇ يېزىسى تەۋەسىدىكى يەر ناملىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇشى

**بولاقسۇ يېزىسى**

تەزكىرىسى «بولاقسۇ يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا.

**1-يېڭىچىكە كەنت كومىتېتى**

بولاقسۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950-يىلى بورى خىتاي رايونى 2-يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958-يىلى بولاقسۇ گوڭشې يېڭىچىكە 1-دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى 8-ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. توغرىسى تار، بويى ئۇزۇن ئوخشاش 2 جاي بولۇپ، بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن بۇنى 1-يېڭىچىكە دەپ ئاتىغان. تەۋەسىدە 10 تەبىئىي كەنت 2115 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 6051 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممىقوناق، شال، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: تاغارچى مەھەللىسىدە.

**تاغارچى مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 207 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا تاغار توقۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، تاغارچى مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

**تۆۋەنكى قىشلاق كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 8·7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 168 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. يۇرتنىڭ ئايىغىدا ئاھالىلەر قىشلايدىغان ئۆيلەرنى سېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەنكى قىشلاق -دەپ ئاتالغان.

**قوم دۆۋە كەنتى**

يېزىنىڭ ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 8 كىلومېتىر يىراقلىقتا

جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 201 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ يەردە بىر چوڭ قۇم دۆۋىسى بولۇپ، ئاھالىلەر مۇشۇ قۇم دۆۋە ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، قۇم دۆۋە ـ دەپ ئاتالغان.

### قورغان كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 7.4 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 309 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ يەردە بىر چوڭ قورغان بولۇپ، ئاھالىلەر مۇشۇ قورغان ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، قورغان ـ دەپ ئاتالغان.

### تۆۋەنكى ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 7.4 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان يەر شەكلى سوزۇلچاق، نوپۇسى 240 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ يەردە چوڭ بىر ھويلا بولۇپ، ئاھالىلەر شۇ ھويلىنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەنكى ھويلا ـ دەپ ئاتالغان.

### ھويلا ئالدى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 8.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 173 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر چوڭ بىر ھويلا ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، ھويلا ئالدى ـ دەپ ئاتالغان.

### چوڭ ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 7.3 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 175 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر بىر چوڭ ھويلا ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، چوڭ ھويلا ـ دەپ ئاتالغان.

### يۇقارقى قىشلاق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 7.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 157 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. يۇرتنىڭ يۇقىرىسىدا چارۋا ماللارنى قىشلىتىدىغان بىر قىشلاق بولۇپ، ئاھالىلەر قىشلاقنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى قىشلاق ـ دەپ ئاتالغان.

### دەرۋىش كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 8.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاش-

قان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 295 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا ماھۇت ھاجىم دەرۋىشى دېگەن بىر كىشى بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ دەرۋىشلىك نامى بىلەن دەرۋىشى-دەپ ئاتالغان.

## باغ ئېرىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 8.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 189 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر چوڭ بىر باققا سۇ ئەچىرىش ئۈچۈن بىر ئېرىق چېپىپ ئاھالىلەر شۇ ئېرىقنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، باغ ئېرىق-دەپ ئاتالغان.

## ئىككىنچى يېڭىچكە كەنت كومىتېتى

بۇلاقسۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 6.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950-يىلى بورى خىتاي رايونى 3-يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958-يىلى بۇلاقسۇ كوممۇنىسى ئىككىنچى يېڭىچكە 2-دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى 8-ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. توغرىسى تار بويى ئۇزۇن ياندىش ئوخشاش ئىككى جاي بولۇپ، بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن بۇنى 2ئىككىنچى يېڭىچكە دەپ ئاتىغان. تەۋەسىدە 9 تەبىئىي كەنت. 2,375 نەپەر نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 6,640 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممە قوناق، شال، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئارا ھويلا كەنتىدە.

## ئارا ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 598 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىككى كەنت ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بىر ھويلا ئەتراپىغا ئاھالىلەر ئولتۇراقلىشىپ كەنت نامىنى ئارا ھويلا-دەپ ئاتىغان.

## سوقا بېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 5.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 97 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇ يەردە بىر سوقا بولۇپ، ئاھالىلەر مۇشۇ سوقىنىڭ باش قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، سوقا بېشى-دەپ ئاتالغان

## سۇۋادان كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 6.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاش-

قان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 250 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. چوڭ بىر سۆۋادان تېرەك ئەتراپىغا ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، سۆۋادان ـ دەپ ئاتالغان.

**مازار مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 6·3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 154 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا چوڭ بىر مازارلىق بولۇپ، ئاھالىلار مۇشۇ مازار ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، مازار مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

**يۇقارقى ھويلا كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 6·5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 375 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. يۇرتىنىڭ يۇقىرىسىدا بىر ھويلا بولۇپ، ئاھالىلەر شۇ ھويلىنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى ھويلا ـ دەپ ئاتالغان.

**لەڭگەر كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 6·5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 281 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا كىشىلەر .قونۇپ ئۆتىدىغان بىر كونا قونالغۇ بولۇپ، ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن لەڭگەر ـ دەپ ئاتالغان.

**ساغرىچى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 5·3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 298 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا ئېشەك تېرىسىدىن ساغرا ئېتىپ ساتىدىغانلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ساغرىچى ـ دەپ ئاتالغان.

**يۇقارقى چەتوك كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 113 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. چەتوك دېگەن سۆز چەت دېگەن بولۇپ، بۇ كەنت تۆۋەنكى چەتوكنىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى چەتوك ـ دەپ ئاتالغان.

**تۆۋەنكى چەتوك كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 5·5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاش-

قان. نوپۇسى 213 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. يۇقارقى چەتوك كەنتىنىڭ تۆۋىنىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەنكى چەتوك-دەپ ئاتالغان.

**تۇرچارباغ كەنت كومىتېتى**

بۇلاقسۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي-جەنۇبىغا 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950-يىلى بورى ختاي رايونى 4-يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958-يىلى بۇلاقسۇ گوڭشې تۇرچارباغ 3-دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن، 1984-يىلى 8-ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇرۇن تۇر دېگەن كىشى بۇ جايغا بىر باغ بىنا قىلغان. كىشىلەر ئۇلتۇراقلىشىپ يۇرت نامىنى تۇر چارباغ دەپ ئاتىغان. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت 1,222 نوپۇسى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 1165 نەپەر، قىرغىز 57 نەپەر، يەر كۆلىمى 2,667 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممە قوناق، شال، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى باش تۇر كەنتى.

**باش تۇر كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 221 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت تۇر كەنتىنىڭ باش قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، باش تۇر-دەپ ئاتالغان.

**تۇر كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 205 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئىلگىرى ئەسكەرلەر تەربىيە كۆرىدىغان چارلاش ئېلىپ بارىدىغان جاي بولغانلىقى ئۈچۈن، تۇر-دەپ ئاتالغان.

**ئاياغ تۇر كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 242 نەپەر، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 185 نەپەر، قىرغىز 57 نەپەر، تۇر كەنتىنىڭ ئاياغىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ تۇر - دەپ ئاتالغان.

**چارباغ كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا

جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 201 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بايلار سەيلە ساياھەت قىلىدىغان چوڭ بىر باغ بولۇپ، ئاھالىلەر شۇ باغنىڭ ئەتراپىغا ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، چار باغ ـ دەپ ئاتالغان.

**ئۈچ تېرەك كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىغا 4 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 179 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا ئۈچ تۈپ تېرەك بولۇپ، ئاھالىلەر مۇشۇ تېرەك ئەتراپىغا ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۈچ تېرەك ـ دەپ ئاتالغان.

**قازاق مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 174 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە مەمەتروزى قازاق دېگەن كىشى ئۆتكەن، بۇ كەنت نامى مۇشۇ كىشىنىڭ لەقىمى بويىچە قازاق مەھەللىسى ـ دەپ ئاتىغان.

**قىز كەنتى كەنت كومىتېتى .**

بۇلاقسۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 4.6 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى بورى خىتاي رايونى4 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 ـ يىلى بۇلاقسۇ گۇڭشېنى قىز كەنتى ـ دادۈيىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى 8 ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 7 تەبىئىي كەنت 1,965 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4,642 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممە قوناق، شال كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: قىز كەنتىدە.

**قىز كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 4.6 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 396 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا ھېيتكام قىزى دېگەن بىر كىشى بولۇپ، كەنت نامى شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن ئاتالغان.

**قىشلاق كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 4.7 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاش-

قان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 262 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي مال قىشلىتى- دىغان قىشلاق بولۇپ، ئاھالىلەر مۇشۇ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، قىشلاق - دەپ ئاتالغان.

**يېڭى ھويلا كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 271 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايغا كىشى- لەر كۆچۈپ كېلىپ ھويلا ئارام سېلىپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، يېڭى ھويلا - دەپ ئاتالغان.

**يۇقارقى مەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 4.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاش- قان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 124 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر ئاق ھويلا كەنتىنىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

**قۇمئېرىق كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 475 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر قۇم كۆپ بىر ئېرىق ئەتراپىغا ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، قۇمئېرىق - دەپ ئاتالغان.

**ئاق ھويلا كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 202 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر، ئاھالىلەر ئاق يەرگە سېلىنغان چوڭ ھويلا ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاق ھويلا - دەپ ئاتالغان.

**كۆۋرۈكبېشى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 135 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر چوڭ بىر كۆۋرۈكنىڭ بېشىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، كۆۋرۈكبېشى - دەپ ئاتالغان.

**كونا ھويلا كەنت كومىتېتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 3.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى بورى خىتاي رايونى 5 يېزىسىنىڭ تەۋە-

لىكىدە بولغان. 1958 - يىلى بۇلاقسۇ گۇڭشې كونا هويلا 5 داдۈيگە ئۆزگەرتىلگەن 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت، 1,256 نوپۇس بولۇپ بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 1121 نەپەر، قىرغىز 135 نەپەر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,504 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، شال، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: كونا هويلا كەنتىدە.

### كونا هويلا كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 3.8 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 217 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ يەردە كونا بىر هويلا بولۇپ، كىشىلەر مۇشۇ هويلا ئەتراپىغا ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، كونا هويلا - دەپ ئاتالغان.

### قىرغىز مەھەللىسى

يېزىلىق هوكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 3.6 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 223 نەپەر، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 128 نەپەر، قىرغىز 95 نەپەر، بۇ كەنتتە ئىلگىرى قىرغىز كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، قىرغىز مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### تۆۋەنكى هويلا كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 3.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 255 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت كونا هويلا كەنتىنىڭ تۆۋەنكە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەنكى هويلا - دەپ ئاتالغان.

### ئاق هويلا كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 3 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 176 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلار ئاق يەر ئۈستىگە ئىمارەت سېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاق هويلا - دەپ ئاتالغان.

### كونا بازار كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 3.3 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 219 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر كونا بازار ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، كونا بازار - دەپ ئاتالغان.

### ئابدىراخمان موللام مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 176 نەپەر، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 132 نەپەر، قىرغىز 44 نەپەر. بۇرۇن بۇ كەنتتە ئابدىراخمان موللام دېگەن نوپۇزلۇق كىشى بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئابدىراخمان موللام مەھەللىسى ــ دەپ ئاتالغان.

### تۆرە باغ كەنت كومىتېتى

بۇلاقسۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى سوزۇلچاق. 1950 ــ يىلى بورى خىتاي رايونى 5 ــ يېزىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان. 1958 ــ يىلى بۇلاقسۇ گۇڭشې تۆرەباغ 6 ــ دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ــ يىلى 8 ــ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن، ئەسلى نامى تەرەباغ. يىللارنىڭ ئۆتىشى تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن تۆرەباغ دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 7 تەبىئىي كەنت 1,512 نوپۇس بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 1,500 نەپەر، قىرغىز 12 نەپەر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4,260 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممە قوناق، شال كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئارا مەھەللىدە.

### ئارا مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى سوزۇلچاق. نوپۇسى 121 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئاياغ قىشلاق بىلەن داخان مەھەللىسى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئارا مەھەللە ــ دەپ ئاتالغان.

### ئاياغ قىشلاق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 1.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 226 نەپەر بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 214 نەپەر، قىرغىز 12 نەپەر. بۇ جاي چارۋىلارنى قىشلىتىدىغان قىشلاق بولۇپ، باشقا كەنتلەرنىڭ ئايىغىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ قىشلاق ــ دەپ ئاتالغان.

### يۇقارقى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 280 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت باشقا كەنتلەرنىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى مەھەللە ــ دەپ ئاتالغان.

### داخان مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا

جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 193 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە ئىلگىرى داخانلىق قىلىدىغان كىشىلەر كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، داخان مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

**دۆڭ مەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3·4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز - پەس، نوپۇسى 319 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. كەنت ئېگىز جايغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، دۆڭ مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

**بەگلىك ھويلا كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1·5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 165 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ كەنتتە ئابلا بەگ دېگەن نوپۇزلۇق بىر كىشى بولۇپ، بۇ يەرنى بەگلىك ھويلا قىلغانلىقتىن. بەگلىك ھويلا - دەپ ئاتالغان.

**ھاۋاز ئاكام مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4·2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 200 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا ھاۋاز ئاكام دېگەن نوپۇزلۇق بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ھاۋاز ئاكام مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

**دەسۇ كەنت كومىتېتى**

بۇلاقسۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 0·4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. 1950 - يىلى بورى خىتاي رايونى 6 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 - يىلى بۇلاقسۇ گۇڭشې دەسۇ 7 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. دائىرىسىدە دەسۇ كەنتى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. تەۋەسىدە 7 تەبىئىي كەنت، 2,150 نوپۇسى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 2149 نەپەر، قىرغىز 1 نەپەر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 5,912 مو. ئاساسلىق زىرائەتلىرى بۇغداي، كۆممە قوناق، شال، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: دۆڭ مەھەللە كەنتىدە.

**دۆڭ مەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 0·4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشـ

قان. يەر شەكلى ئېگىز، نوپۇسى 234 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئېگىز بىر دۆڭلۈككە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، دۆڭ مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### دەسۇ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 0.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. نوپۇسى 543 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. دەسۇ دىنام سۇ (سۇنىڭ كۆزى) سۈيى مول دېگەن مەنىدە، بۇ جايدا بۇلاق سۇلىرى كۆپ بولغانلىق ئۈچۈن، دەسۇ ـ دەپ ئاتالغان.

### تاش كېچىك كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 201 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى كىشىلەر دەريادىن ئۆتۈشتە تاش تاشلاپ كېچىك ھاسىل قىلغانلىقتىن تاش كېچىك ـ دەپ ئاتالغان.

### قىشلاق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 0.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 145 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي چارۋىلار قىشلايدىغان جاي بولغانلىقى ئۈچۈن، قىشلاق ـ دەپ ئاتالغان.

### جاڭگال كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 221 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر بۇ كەنت شورلۇق جاڭگالغا ئورۇنلاشقانلىقتىن جاڭگال ـ دەپ ئاتالغان.

### يېڭى ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 414 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتكە ئاھالىلەر كۆچۈپ چىقىپ، يېڭىدىن ئۆي ئىمارەت سالغانلىقتىن يېڭى ھويلا ـ دەپ ئاتالغان.

### ئاياغ تاش كېچىك كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 3.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا دەريا بويىغا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 392 نەپەر، ھەممىسى

ئۇيغۇر، بۇ كەنت تاش كېچىك كەنت ئايىغىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ تاش كېچىك - دەپ ئاتالغان.

**يېڭى ئېرىق كەنت كومىتېتى**

بۇلاقسۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 10 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى بورى خىتاي رايونى 7 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 - يىلى بۇلاقسۇ گۇڭشې يېڭى ئېرىق 8 - رايونىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۇي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇرۇن دېھقانچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئاھالىلەر گەز دەرياسىدىن بىر ئۆستەڭ (ئېرىق) ئېلىپ سۇ باشلاپ يەرلەرنى سۇغىرىغانلىقتىن يېڭى ئېرىق دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 5 تەبىئىي كەنت، 1,150 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4,771 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، شال، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: كونا يوپۇرغا ئۆستەڭ بويى كەنتىدە.

**كونا يوپۇرغا ئۆستەڭبويى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 10 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. نوپۇسى 318 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. يوپۇرغا ناھىيىسىگە سۇ بارىدىغان بىر كونا ئۆستەڭ بولۇپ، بۇ كەنتتىن ئېقىپ ئۆتكەن، ئاھالىلەر مۇشۇ ئۆستەڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن كونا يوپۇرغا ئۆستەڭبويى - دەپ ئاتالغان.

**توگمەنبېشى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 8·8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 190 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر توگمەننىڭ بېشىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، توگمەنبېشى - دەپ ئاتالغان.

**ئاغداما قۇم كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 12 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 188 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە زېمىننىڭ توپا قاتلىمى نېپىز ئاغدۇرۇلسا قۇم چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاغداما قۇم كەنتى - دەپ ئاتالغان.

**دۆڭ مەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 10·1 كىلومېتىر يىراقلىقتا

جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز، نوپۇسى 258 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلار ئېگىز دۆڭ جايغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، دۆڭ مەھەللە-دەپ ئاتالغان.

### ئاياغ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 11 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان يەرشەكلى تۈزلەڭ،نوپۇسى 196 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت دۆڭ مەھەللە كەنتنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ مەھەللە-دەپ ئاتالغان.

### ئۆستەڭبويى كەنت كومىتېتى

بۇلاقسۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 1·4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950-يىلى بورى خىتاي رايونى 8-يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958-يىلى بۇلاقسۇ گۇڭشى ئۆستەڭ بويى 9-دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى 8-ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەسىدە ئۆستەڭ بويى كەنتى بولغانلىقتىن شۇ نام بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 9 تەبىئىي كەنت، 2,024 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 5,583 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى، بۇغداي،قوناق، شال، كېۋەز. ئالاھىدە مەھسۇلاتى. قوغۇن، تۇرۇشلۇق ئورنى تاغلىق مەھەللە.

### تاغلىق مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 1·4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 247 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا بۇرۇن تاغلىق رايونلاردىن بىر قىسىم كىشىلەر بۇ ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، تاغلىق مەھەللە-دەپ ئاتالغان.

### ئۆستەڭبويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1·8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 257 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئۆستەڭ بويىغا جايلاشقاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۆستەڭبويى-دەپ ئاتالغان.

### ئاق مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 0·8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 129 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ يەر

ئاق شورلۇق بىر جاي بولۇپ، ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقانلىقىدىن كېيىن ئاق مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

**سوپى مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 0.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 123 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ كەنتتە سوپىلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، سوپى مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

**جىگدىلىك كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 1.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 234 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ يەر جىگدىلىك بولۇپ، ئاھالىلار ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن جىگدىلىك ـ دەپ ئاتالغان.

**تۆۋەنكى لەڭگەر كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 346 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. يۇقىرىقى لەڭگەر كەنتىنىڭ تۆۋەنگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەنكى لەڭگەر ـ دەپ ئاتالغان.

**توگمەنبېشى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 127 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە بىر قانچە تاش توگمەن بولۇپ، ئاھالىلار مۇشۇ توگمەننىڭ بېشىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، توگمەنبېشى ـ دەپ ئاتالغان.

**ئاچا كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 394 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. كەنت بىر ئاچا يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاچا كەنتى ـ دەپ ئاتالغان.

**مازار ئالدى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 2.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 167 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. كەنت چوڭ بىر مازار ئالدىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، مازار ئالدى ـ دەپ ئاتالغان.

### يۇقارقى لەنگەر كەنت كومىتېتى

بۇلاقسۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 3.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى بورى خىتاي رايونى 9 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 - يىلى بۇلاقسۇ گۇڭشې يۇقىرقى لەنگەر 10 - داۋىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا، دادۈي كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەسىدە. يۇقارقى لەنگەر كەنتى بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 4 تەبىئىي كەنت، 1,116 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,653 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى. بۇغداي، كۆممەقوناق، شال، كېۋەز. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: قوغۇن. تۇرۇشلۇق ئورنى: لاۋادان كەنتىدە.

### لاۋادان كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 3.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 244 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا ئىلگىرى شاخ قوزۇقتىن ياسالغان چۆشۈرگە بولۇپ، ئاھالىلەر شۇ چۆشۈرگە ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، لاۋادان - دەپ ئاتالغان.

### يۇقارقى لەنگەر كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 340 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئىچىدە يولۇچىلار قونۇپ ئۆتىدىغان بىر لەنگەر بولۇپ، كىشىلەر يۇقارقى لەنگەر - دەپ ئاتىغان.

### سۆگەت ئېرىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 3.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 235 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر سۆگەت بىلەن قاپلانغان بىر ئۆستەڭ (ئېرىق) ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، سۆگەت ئېرىق دەپ ئاتالغان.

### شور كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 397 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتنىڭ يەرلىرى زەي شورلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، شور كەنت - دەپ ئاتالغان.

## چارەك كەنت كومىتېتى

بۇلاقسۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز - پەس، 1950 - يىلى بورى خىتاي رايونى 8 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 - يىلى بۇلاقسۇ گۇڭشې چارەك 11 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەسىدە چارەك كەنتى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇ نام بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 3 تەبىئىي كەنت، 860 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,759 مو ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممەقوناق، شال كېۋەز. ئالاھىدە مەھسۇلاتى. قوغۇن، تۇرۇشلۇق ئورنى: ئۆژمىلىك كەنتى.

## ئۆژمىلىك كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز - پەس، نوپۇسى 180 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە ئۆژمە دەرخى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆژمىلىك - دەپ ئاتالغان.

## يوقارقى چارەك كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 442 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. چارەك دېگەن سۆز ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، بۇ يەردىكى كىشىلەر ئۆزى ياسىغان چارەك جىڭنى قوللانغانلىقى ئۈچۈن، چارەك - دەپ ئاتالغان.

## ئاياغ چارەك كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 237 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. چارەك كەنتىنىڭ ئايىقىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ چارەك - دەپ ئاتالغان.

## ياقاش كەنت كومىتېتى

بۇلاقسۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى بورى خىتاي رايونى 8 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 - يىلى بۇلاقسۇ گۇڭشې ياقاش 12 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. بۇ كەنت يارنىڭ قىشقا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ياقاش دەپ ئاتالغان تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت 1,165 نەپەر نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,835

مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز، ئالاھىدە مەھسۇلاتى قوغۇن. تۇرۇشلۇق ئورنى: سوپى مەھەللىسى.

### سوپى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 128 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ كەنتتە سوپىلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، سوپى مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

### پىچانچى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 300 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا پىچان كۆپ بولۇپ، ئاھالىلار پىچان سېتىپ كىرىم قىلغانلىقتىن پىچانچى مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

### خالتا مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 231 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت بېشى بار ئايىقى يوق مەھەللە بولغانلىقى ئۈچۈن، خالتا مەھەللە-دەپ ئاتالغان.

### ئاتلا مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جاي-لاشقان يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 191 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا تۆدەش ئاتلا ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ شۇنىڭ لەقىمى بىلەن ئاتلا مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

### باخشى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 155 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە باخشىلىق قىلىدىغان كىشىلەر كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، باخشى مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

### ساي جاڭگال كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 160 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئىلگىرى ساي جاڭگاللىق بولۇپ، بۇ كەنت شەللەنگەندىن كېيىن ساي جاڭگال-دەپ ئاتالغان.

### ئورۇنباستى كەنت كومىتېتى

بولاقسۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950-يىلى بورى خىتاي رايونى 10-يېزىسىنىڭ

باشقۇرىشىدا بولغان. 1958 - يىلى بۇلاقسۇ گۇڭشې ئورۇنباستى 13 - دادۇيگە ئۆزگەرتىلـگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۇي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 3 تەبىئىي كەنت، 1,605 نوپۇسى بولۇپ ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى، 4,462 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى. بۇغداي، كۆممەقوناق، شال، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى؛ ئورۇن باستى كەنتىدە.

### ئورۇنباستى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 6.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشـقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 859 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا بۇرۇن بۇ جايدا قاتتىق ئۇرۇش بولۇپ، بىر قىسىم كىشىلەر ئورۇن بېسىپ قېپقالغانلىقى ئۈچۈن ئورۇنباستى دەپ - ئاتالغان.

### ئۆكەش كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 4.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 514 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇنقى ئۇرۇش مەزگىلىدە بۇ جايدىكى كىشىلەر ئۆيلىرىنى كۆچۈرۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۆي كۆچە دەپ ئاتالغان، كېيىن سۆز تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆي كۆچە ئۆكەشـكە ئۆزگىرىپ قالغان.

### لايلاق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 4 كىلومېتر يىراقلىقتا جايـلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 232 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئىلگىرى سازلىق بولۇپ، دېھقانلار لاي ياتقۇزۇش ئارقىلىق دېھقانچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، لايـلاق - دەپ ئاتالغان.

### قارا باغ كەنت كومىتېتى

بۇلاقسۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 6 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى بورى خىتاي رايونى 11 - يېزىسىنىڭ باشقۇرىشىدا بولغان. 1958 - يىلى بۇلاقسۇ گۇڭشې قارا باغ 14 - دادۇيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۇي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ جاي ئىلگىرى قىنىق ئورمانلىق ۋە باغلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن قارا باغ دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 11 تەبىئىي كەنت، 2,525 نوپۇسى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 2473 نەپەر، قىرغىز 46 نەپەر، خەنزۇ 6 نەپەر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 7,031 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى. بۇغداي، كۆممەقوناق، شال، كېۋەز.

ئالاھىدە مەھسۇلاتى، قوغۇن، مېۋە ـ چېۋە. تۇرۇشلۇق ئورنى: كارۋان مەھەللىسىدە.

**كارۋان مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 197 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا كارۋانلىق قىلىدىغان كىشىلەر كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، كارۋان مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

**قىرغىز مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 112 نەپەر، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 66 نەپەر، قىرغىز 46 نەپەر. بۇرۇن بۇ كەنتتە قىرغىزلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، قىرغىز مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

**ئاياغ مەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 5.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 188 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت قارا باغ كەنتىنىڭ ئايىغىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

**دۆۋە مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 7.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 213 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا توپا دۆۋىلىرى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، دۆۋە مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

**توگمەنبېشى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 5.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 204 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا توگمەن كۆپ بولۇپ، ئاھالىلار توگمەننىڭ بېشىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، توگمەنبېشى ـ دەپ ئاتالغان.

**يار بېشى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 7.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز ـ پەس، نوپۇسى 129 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت يارنىڭ بېشىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يار بېشى ـ دەپ ئاتالغان.

**يۇلغۇن مازار كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 275 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا يۇلغۇن بىلەن قاپلانغان بىر مازار بولۇپ، كىشىلەر ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن يۇلغۇن مازار - دەپ ئاتالغان.

**قىشلاق كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 384 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئىلگىرى چارۋا قىشلايدىغان بىر جاي بولۇپ، كەنت شەكىللەنگەندىن كېيىن، قىشلاق - دەپ ئاتالغان.

**دۆڭ مەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز - پەس، نوپۇسى 338 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئىلگىرى دۆڭ بىر جايغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، دۆڭ مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

**ئاتۇش مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 207 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتكە ئاتۇشتىن بىر بۆلەك كىشىلەر كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقتىن، ئاتۇش مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

**توغرا كوچا كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 278 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 272 نەپەر، خەنزۇ 6 نەپەر. چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتكەن بىر كىچىك توغرا يول بولۇپ كەنت شەكىللەنگەندىن كېيىن، توغرا كوچا - دەپ ئاتالغان.

**ئارال كەنتى كومىتېتى**

بۆلاقسۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 10 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950-يىلى بورى خىتاي رايونى 11-يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958-يىلى بۆلاقسۇ گۇڭشې ئارال 15-دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن.

1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۇي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەسىدە 3 تەبىئىي كەنت، 568 نوپۇسى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 553 نەپەر، قىرغىز 15 نەپەر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,065 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي كۆممەقوناق، شال، كېۋەز. تۆرۈشلۈق ئورنى: يوقارقى مەھەللىدە.

### يوقارقى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۆرۈشلۈق جايىنىڭ غەربىگە 10 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 327 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئارال مەھەللىسىنىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### ئارال مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۆرۈشلۈق جايىنىڭ غەربىگە 9.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 115 نەپەر، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 100 نەپەر، قىرغىز 15 نەپەر، بۇ كەنت ئىككى دەريا ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئارال مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### روزى چوڭنىڭ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۆرۈشلۈق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 9.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 144 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە روزى چوڭ دېگەن نوپۇزلۇق بىر كىشى بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن روزى چوڭنىڭ مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### توغراقبېشى كەنت كومىتېتى

بۇلاقسۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۆرۈشلۈق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى بورىختاي 5 - رايونى يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 - يىلى بۇلاقسۇ گۇڭشې يوقارقى ھويلا 5 - دادۇي بولغان. 1981 - يىلى كونا ھويلا 5 - دادۇي بىلەن تېرە باغ دادۇيىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ توغراق بېشى 16 - دادۇي بولۇپ قۇرۇلغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۇي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەسىدە 5 تەبىئىي كەنت 1,094 نوپۇسى بولۇپ ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,700 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، شال كېۋەز. تۆرۈشلۈق ئورنى: توغراقبېشى كەنتىدە.

### توغراقبېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۆرۈشلۈق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا

جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 203 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جاي توغراقلىق بولۇپ، كىشىلەر مۇشۇ توغراقلىقنىڭ باش قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن توغراقبېشى ـ دەپ ئاتالغان.

### يوغان مۆڭگۈز مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىغا 1.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 194 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا ئاخۇنكام يوغان مۆڭگۈز دېگەن ئادەم ئۆتكەن بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن يوغان مۆڭگۈز مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### بازار مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 2.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 209 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا بىر بازار بولۇپ، ئاھالىلەر مۇشۇ بازار ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، بازار مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### جاڭگال مەھەللىسى

يېزىلىق ھوكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 2.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 290 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئىلگىرى جاڭگال بولۇپ، ئاھالىلەر ئولتۇراقلىشىپ كەنت شەكىللەنگەندىن كېيىن، جاڭگال مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### تېرەك ئالدى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 220 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر بىر تۈپ چوڭ تېرەكنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، تېرەك ئالدى ـ دەپ ئاتالغان.

### بۇلاقسۇ يېزا ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 15 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. نوپۇسى 66 نەپەر ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئەسلى شورلۇق بولۇپ، 1966 ـ يىلى ھەرقايسى دادۈيلەردىن بىر تۈركۈم ياشلارنى يۆتكەپ كېلىپ مەيدان قۇرغان، شۇڭا ياشلار مەيدانى دەپ ئاتالغان. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 357 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى. بۇغداي. كۆممەقوناق، مايلىقدان.

**بۇلاقسۇ يېزا دېھقانچىلىق مەيدانى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا 3 كىلومېتر يىراقلىقتىكى جايلاشقان. نوپۇسى 60 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 357 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى، بۇغداي، كۆممەقوناق. 1985 ـ يىلى قۇرۇلغان.

**بۇلاقسۇ يېزا قىزىل بايراق چارۋىچىلىق مەيدانى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا 3 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. نوپۇسى 73 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر، چارۋىچىلىق ئاساس دېھقانچىلىق قوشۇمچە، ئومۇمي چارۋىسى 600 تۇياق. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 600 مو. بۇغداي كۆممەقوناق تېرىلىدۇ. 1965 ـ يىلى قۇرۇلغان

ق
ـــ
مى
لىق
بـ
لى
دا،
21،
20
لـــ
بۇ
ـــ
بۇ-
دۇ.
شـ
دۇ.
شـ
ن.
ـــە
ن.
ئۇ-
شلا
دە
ۋل-
-1
بو-
لى
يتا

جايلا

لىق

يېزىل

قان.

ئۇمۇم

تېرىل

# سايباغ يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

سايباغ يېزىسى كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. يېزىلىق ھۆكۈمەت لەنگەر كەنتىگە جايلاشقان، ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزىدىن تۈز لىنىيە ئارىلىقى 4.1 كىلومېتىر. يەر تۈزۈلۈشى غەربىي ئېگىز، شەرقىي پەس، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 201.47 كۋادرات كىلومېتىر. (315,712 مو) شەرقىي تەرىپى يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ باغچى يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇبىي تەرىپى گەز دەرياسى ئارقىلىق بۇلاقسۇ يېزىسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ، غەربىي تەرىپى قۇۋال تېغى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شىمالى زەمىن يېزىسى بىلەن چېگرىداش. 1985-يىل ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، يېزا بويىچە بار بولغان تېرىلغۇ يەر 67,700 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 21,44% تەشكىل قىلىدۇ. ئورمان كۆلىمى 64,302 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 20,31% ئىگىلەيدۇ. يايلاق كۆلىمى 55,892 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 17,7% نى ئىگىلەيدۇ. باشقا كۆلىمى 121,791 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 38.5% ئىگىلەيدۇ. بۇ يېزىغا قاراشلىق 17 كەنت كومىتېت، 5 مەيدان، 107 تەبىئىي كەنت بولۇپ، 1985-يىلدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، جەمئىي 5399 ئائىلە 21,789 نوپۇسى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 21,781 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 99.96% نى تەشكىل قىلىدۇ. خەنزۇ 7 نەپەر ئۆزبېك 1 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ پەقەت 0.034% ىنىلا تەشكىل قىلىدۇ. تېرىلغۇ يەر كىشى بېشىغا 3.22 مودىن توغرى كېلىدۇ. سايباغ ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، سايلىقتىكى باغ دېگەن بولىدۇ. سايباغ سايلىققا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ھەمدە باغ بىرقەدەر كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ساي باغ - دەپ ئاتالغان.

1953-يىلى توققۇزاق رايونى بۆلۈنگەندىن كېيىن سايباغ رايونلۇق مەھكىمە قۇرۇلغان، ئورنى سايباغ كەنتىدە بولغان. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. 1960-يىلى سايباغ رايونلۇق مەھكىمە سايباغ گوڭشېغا ئۆزگەرتىلگەندە، گوڭشې تۇرۇشلۇق جاي ئىشلەمچى يېزا لەنگەر كەنتىگە يۆتكۈلۈپ كەتكەنلىكتىن نامى ئوخشاشلا سايباغ دېگەن ئەسلى ئىسمىنى ھازىرغىچە ساقلاپ كەلگەن، جۇمھۇرىيەت مەزگىلىدە كونا شەھەر توققۇزاق بەگلىكىگە قاراشلىق بولغان. 1950-يىلى خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندا، كونا شەھەر ناھىيە توققۇزاق رايونلۇق مەھكىمىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان. 1954-يىلى توققۇزاق رايونىدىن ئايرىلىپ سايباغ رايونى بولغان. 1955-يىلى سايباغ رايونىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ توققۇزاق رايونى تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. 1958-يىلى توققۇزاق رايونى توققۇزاق گوڭشېغا ئۆزگەرتىلگەن. 1960-يىلى توققۇزاق گوڭشې قايتا

سايباغ گوڭشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1983-يىلى سايباغ گوڭشى يالا سايباغ رايونىغا ئۆزگەرتىلىپ قارمىقىدا 8 يېزا بولغان. 1984-يىلى 8-ئايدا ھاكىمىيەت بىلەن گوڭشى ئايرىلغاندا سايباغ رايونى سايباغ يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. قارمىقىدا 17 كەنت كومىتېت 107 كەنت بولغان.

سايباغ يېزىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى غەربتىن-شەرققە قىڭغىر، بىر قەدەر تۈزلەڭ. دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1335.3M، ھاۋا كىلىماتى مۆتىدىل، 4 پەسىل ئېنىق، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.2℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 39.6℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى -25.2℃. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 60-80 مىللىمېتىر. يىللىق قىروسىز مەزگىلى 210-220 كۈن. ئاساسلىق سۇ مەنبەسى قىزىل دەرياسى. تۇپرىقى تامامەن ئۆلكە لاتقا تۇپراق، قىسمەن چىم تۇپراق، شور تۇپراق، قۇم تۇپراق، تۇپراق قاتلىمى قېلىن، ئادەتتە ئوتتۇرا ئەت تۇپراق بولۇپ، سۇ تۇغۇتنى ساقلاشى بىرقەدەر ياخشى، جىگدە ئورمىنى ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدۇ. ناھىيىمىزنىڭ يېقىلغۇ ئورمىنى ئورۇنلاشقان ئاساسلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ. يېزىنىڭ غەربىي شىمالى ئاساسلىقى قۇمۇشلۇق سازلىق بولۇپ، ۋاقىتلىق خاراكتېردىكى چارۋىچىلىق يايلىقى قىلىشقا بولىدۇ. قۇم سازلىقلىرىدا ئاساسلىقى پاكار قۇمۇش بىر قىسىم يانتاق، ئاق يانتاق ۋە چىم يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى، شورباپ ئۆسۈملۈكلىرى بار. سايۋاغ يېزىسىنىڭ ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى بۇغداي كۆممەقوناق، شال كېۋەز، مايلىقدان، سەي-كۆكتات، قوغۇن، تاۋۇز.

ئازادلىقتىن كېيىن بۇ يېزىنىڭ ھەر تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى بىرقەدەر تېز بولۇپ، 1985-يىلى، يىل ئاخىرىدىكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا؛ ئاشلىق زىرائىتىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 57,600 موغا يېتىپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 14 مىليون 645 مىڭ جىڭ بولغان. ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 254.2 جىڭ. كېۋەز كۆلىمى 12 مىڭ موغا يېتىپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 927 مىڭ جىڭ بولۇپ، ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 77.2 جىڭدىن توغرى كېلىپ، يېزا تارىخىدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلغان، مايلىدان كۆلىمى 2,600 مو، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 498 مىڭ جىڭ بولغان. چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قوتاندىكى قالدۇق سانى 32,254 تۇياق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ چارۋا 9,784 تۇياق، ئۇششاق چارۋا 22,470 تۇياق، ئورمان كۆلىمى 64,302 موغا يېتىپ ھەرخىل دەل-دەرەخلەر 8,274,502 تۈپ بولۇپ، كىشى بېشىغا 389 تۈپتىن توغرى كېلىدۇ. بۇ يېزا مەملىكەت بويىچە ئورمانچىلىقتا ئىلغار ئورۇن بولغان. 1985-يىلى كىشى بېشىغا توغرى كەلگەن ئاشلىق 718 جىڭ، ئومۇمىي كىرىم 5,238,168 يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 240 يۈەندىن توغرى كەلگەن. بۇ يېزىدا قالماق، مەنگەن، ئىتتىپاق، گۈلچەمەن قاتارلىق 4 غول ئۆستەڭ بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 50

كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قالماق ئۆستەڭ تاشتىن قۇرۇلغان. 4 غول ئۆستەڭـ
نىڭ سۇغۇرۇش كۆلىمى 134 مىڭ مو. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ يېزىنىڭ كۆپ خىل
ئىگىلىكى بىر قەدەر تېز تەرەققى قىلىپ، سۇ ئېلېكتىر ئىستانسى، ئۇن زاۋۇتى، شال ئا-
قلاش زاۋۇتى، بېلىق مەيدان، باغۋەنچىلىك مەيدانى قاتارلىق يېزا باشقۇرغان كارخا-
نىلار بار. يىللىق كىرىمى 214.900 يۈەن بولۇپ، يېزا بويىچە ئومۇمىي كىرىمنىڭ
4.4% نى تەشكىل قىلىدۇ. قاتنىشى قولايلىق، جۇڭگو-پاكىستان خەلقئارا تاشيول
يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. ھەر كۈنى دېگۈدەك ماشىنا قاتنىشى بار. يېزا
كەنت ئوتتۇرىسىدا دېگۈدەك ئورمان بەلبېغى تاشيوللار بار. قاتنىشى راۋان. يېزا بويىچە
17 ئاپتوموبىل، 57 ھەرخىل تىپتىكى تراكتور بار. مەدەنىي-مائارىپ سەھىيە جەھە-
تتە؛ ھازىر بىر ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچى 31 نەپەر، مەكتەپ-
تىكى ئوقۇغۇچى 211 نەپەر. 15 باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەت-
چىسى 197 نەپەر، ئوقۇغۇچىسى 2.571 نەپەر. رادىئو ئۇزېلى، كىنو قويۇش ئەتر-
تى، مەدەنىيەت پونكىتلىرى بار. بىر ئورۇندا دوختۇرخانا بولۇپ، 12 نەپەر تېببى
خادىم 40 كىشىلىك كېسەل كارۋىتى بار، ئۇنىڭدىن باشقا 14 ئورۇندا داۋالاش پونكىت
بولۇپ، 18 نەپەر يالاڭئاياق دوختۇرى بار.

# سايباغ يېزىسى تەۋەسىدىكى يەر نامىلىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىشى

**سايباغ يېزىسى:**

تەزكىرىسى «سايباغ يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا

**پىلال كەنت كومىتېتى**

سايباغ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى توققۇزاق رايونى 14 - يېزىسىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان. 1954 - يىلى توققۇزاق رايونى 4 - يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى توققۇزاق گۇڭشې پىلال دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1960 - يىلى سايباغ گۇڭشې پىلال 1 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1983 - يىلى سايباغ رايون پىلال يېزا قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 8 ئايدا سايباغ يېزا پىلال كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. پىلال - پىلە ھال دېگەن سۆزدىن كەلگەن بۇ كەنتنىڭ پىلال دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەبى. بۇ كەنتنىڭ ئادەملىرى قەدىمدىن مۇلايىم مېھماندوس ئادەملەر بولغاچقا پىلغا ئوخشۇتۇپ پىلال دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 7 تەبىئىي كەنت، 1,118 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2433 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: كۆل بېشى كەنتىدە.

**كۆلبېشى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 4.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 140 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا بىر چوڭ كۆل بولۇپ، ئاھالىلەر شۇ كۆلنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، كۆلبېشى - دەپ ئاتالغان.

**ھويلا ئالدى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 285 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنى ھويلا ئالدى دەپ ئاتاشتىكى سەۋەب، بۇرۇن بۇ كەنتتە بىر ئادەمنىڭ يوغان ھەم ئازادە سېلىنغان ئۆي ھويلىسى بولۇپ، كېيىن كىشىلەر تەدرىجىي مۇشۇ ھويلا ئالدىغا ئۆي سېلىپ ئولتۇراقلاشقان، شۇڭا بۇ جاينى ھويلا ئالدى - دەپ ئاتىغان.

### دۆڭ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز، نوپۇسى 86 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئېگىز دۆڭگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، كېيىنچە كىشىلەر ئولتۇراقلىشىپ دۆڭ مەھەللە ـ دەپ ئاتىغان.

### يۇقارقى ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 4.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشـقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 96 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت دۆڭ مەھەللە كەنتىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى ھويلا ـ دەپ ئاتالغان.

### قىشلاق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 4.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشـقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 217 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە ئاھالىلەر زىچ ئولتۇراقلاشقان، ئوتۇن كۆپ ئاھالىلەرنىڭ ئېسىنىشى ئوڭاي قىشتىن چىقىش شارائىتى ياخشى بولغاچقا قىشلاق ـ دەپ ئاتالغان.

### يېڭى ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىغا 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 177 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا ئەسلى ئاھالىلەر بولمىغان كېيىن دېھقانلار ئاقا ـ ئارقىدىن كۆچۈپ كېلىپ، يېڭى ئۆي سېلىپ ئولتۇراقلاشقان، شۇڭا بۇ جاينى كىشىلەر يېڭى ھويلا ـ دەپ ئاتىغان.

### ئاياغ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 4.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 137 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت قىشلاق كەنتىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### يۇقارقى مەنگەن كەنت كومىتېتى

سايباغ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىغا 4.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى توققۇزاق رايونى 14 ـ يېزىسى تەۋەلىكىدە بولغان. 1954 ـ يىلى توققۇزاق رايونى 4 ـ يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 ـ يىلى توققۇزاق گۇڭشې پىلال دادۇيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1960 ـ يىلى سايباغ گۇڭشې

پىلال دادۇيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1983 - يىلى سايباغ رايونى مەنگەن يېزائىگىلىك كو-
پېراتسىيىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا يۇقارقى مەنگەن كەنت كومىتېتىغا ئۆز-
گەرتىلگەن. مەنگەن - بۇغداي پايىسى دېگەن مەنىدە، ئەسلى ئىسمى مەنسىنى شەھەر
خارابىسى. رىۋايەتلەردىكى ئېيتىشلاردا بۇ جايدا بۇرۇن «ھاساتام» دەپ ئاتالغان مازار-
لىق بولۇپ، بۇنىڭ ئالدىدا بىر كىچىك قەدىمكى شەھەر بولغان. ئىسمى مەنىنى دەپ
ئاتىلىدىكەن. كېيىن بۇ شەھەر خارابىلىققا ئايلانغان. كېيىنچە بۇجاي مەنگەن دەپ ئاتالغان.
تەۋەسىدە 4 تەبىئىي كەنت بولۇپ، نوپۇسى 912 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى
2,050 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى. بۇغداي، قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار تېرىلىدۇ. تۇرۇش-
لۇق ئورنى. نور بېشى كەنتىدە

نور بېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىغا 4.3 كىلومېتر يىراقلىقتا
جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 557 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن
بۇ جايدا بىر نور بولۇپ، ئاھالىلەر ئۇنىڭ يۇقىرىقى قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن،
نور بېشى - دەپ ئاتالغان.

دۆڭئۆستەڭ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىغا 4.1 كىلومېتر يىراقلىقتا
جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز. نوپۇسى 131 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە
بىر ئۆستەڭ بولۇپ، يەر تۈزلىنىشى نىسبەتەن ئېگىز، پۈتۈن كەنتتىكىلەر مۇشۇ
ئۆستەڭگە تايىنىپ تېرىقچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، دۆڭئۆستەڭ - دەپ ئاتالغان.

قىشلاق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىغا 4 كىلومېتر يىراقلىقتا
جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 121 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي
بۇرۇن ئوت - چۆپلۈك ساي بولۇپ، چارۋىنى قىشتا بېقىشقا ئەپلىك بولغاچقا قىشلاق
- دەپ ئاتالغان.

كۆلچەك مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىغا 3.6 كىلومېتر يىراقلىقتا
جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 103 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كە-
نتتىكى ئاھالىلەر بىر كۆل ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر بۇ جاينى كۆل-
چەك مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### شۈغۈز كەنت كومىتېتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950-يىلى توققۇزاق رايونى 4-يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958-يىلى توققۇزاق گۇڭشېنىڭ شۈغۈز دادۈيى بولغان. 1983-يىلى سايباغ رايونى شۈغۈز يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى 8-ئايدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ جاينىڭ ئەسلى مەنىسى شور ئېغىز بولۇپ، شورلۇق جاي بولغاچقا شور ئېغىز دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 7 تەبىئىي كەنت 1,758 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4,711 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممىقوناق، كېۋەز قاتارلىقلار تېرىلىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى تاغارچى مەھەللىسىدە.

### تاغارچى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 119 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ يەردە تاغار توقۇپ ساتىدىغانلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، تاغارچى مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

### شۈغۈز كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 3.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 625 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئەسلى شورلۇق جاي بولۇپ، كىشىلەر تۇپراقنى ياخشىلاش يۈزىسىدىن ئۆستەڭ چېپىپ زەي قاچۇرغان كېيىن كىشىلەر شور ئېغىزغا ئۆي سېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، شۈغۈز - دەپ ئاتالغان.

### قورغان مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 167 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا ئېگىز تام بىلەن سوقۇلغان بىر قورغان بولۇپ، كىشىلەر مۇشۇ قورغان ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، قورغان-دەپ ئاتالغان.

### يۇقارقى ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 153 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ يۇقىرى-

سىدا بىر چوڭ ھويلا بولۇپ، ئاھالىلەر مۇشۇ ھويلىنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى ھويلا ـ دەپ ئاتالغان.

**پاششى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 1·8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 394 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئەسلى شورلۇق، سازلىق بولۇپ، پاشا نىسبەتەن كۆپ بولغان. كېيىن ئاھالىلەر كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ كەنت نامىنى پاششى ـ دەپ ئاتالغان.

**قورۇل مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 3·1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 136 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. قورۇل قاراۋۇل دېگەن مەنىدە بولۇپ، شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

**دۆڭ مەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 2·2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز ـ پەس، نوپۇسى 264 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز بولغاچقا دۆڭ مەھەللە دەپ ئاتالغان. بۇ جاينىڭ ئەسلى ئىسمى لىكىستان مەھەللىسى بولۇپ، 1984 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن دۆڭ مەھەللىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**كاپا كەنت كومىتېتى**

سايباغ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 2·3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى توققۇزاق رايونى 11 ـ يېزىسىغا تەۋە بولغان. 1954 ـ يىلى سايباغ رايون 2 يېزا تەۋەلىكىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1958 ـ يىلى زەمىن گۇڭشېگە قاراشلىق دادۈي بولغان. 1960 ـ يىلى سايباغ گۇڭشېنىڭ كاپا 3 ـ دادۈيى قىلىنىپ ئايرىلغان. 1983 ـ يىلى سايباغ رايون يېزائىگىلىك كوپىراتىۋىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇرۇن كىشىلەر ئۆستەڭ بويىغا چىقىپ سۇ باشلىغىلى بارغاندا كەپە ياساپ سۇ ساقلىغان. مۇشۇ ئالاھىدىلىك بويىچە كىشىلەر كەپە دەپ ئاتىغان. كېيىن تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن كاپا دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 9 تەبىئىي كەنت، 1,299 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4,731 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار تېرىلىدۇ.

تۇرۇشلۇق ئورنى: ئىلياس ھاجى مەھەللىسىدە

**ئىلياس ھاجى مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 2.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 191 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە ئىلياس ھاجى دېگەن يۈزلۈك بىر كىشى بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**ئابدۇراخمان ھاجى مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 1.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 137 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە ئابدۇراخمان ھاجى دېگەن باي نوپۇزلۇق بىر ئادەم بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**چۆيۈن مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 152 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا قازان قۇيىدىغانلارنىڭ سانى كۆپ بولغاچقا چويۈن، مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

**ساي مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 148 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتنىڭ ئورنى سايلىق بولۇپ، كىشىلەر كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ كەنت ھاسىل بولغاچقا بۇ جاينى، ساي مەھەللىسى دەپ - ئاتىغان.

**كۆلچەك مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 3.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز - پەس، نوپۇسى 74 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت پەس چوڭقۇر كۆلچەككە ئوخشاش بىر جايغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، كۆلچەك مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

**قوشماق مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 2.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 136 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ

كەنتتە بىر جۈپ ئاكا - ئۇكا قوشماقلار ئۆتكەن بولۇپ، مۇشۇلارنىڭ نامى بىلەن قوشماق مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### تۈگمەنبېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 241 نەپەر، بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت تۈگمەن بېشى ئەترابىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۈگمەنبېشى - دەپ ئاتالغان.

### يۇقارقى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 2.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 117 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت تۈگمەن بېشى كەنتىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### ئوتتۇرا مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 2.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 103 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت يۇقارقى مەھەللە كەنتى بىلەن تۈگمەن بېشى كەنتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئوتتۇرا مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### تۆگساق كەنت كومىتېتى

سايباغ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 4.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى غەربىي ئېگىز، شەرقى پەس. 1950 - توققۇزاق رايونى 11 - يېزا تەۋەلىكىدە بولغان. 1954 - يىلى سايباغ رايونى 2 - يېزىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى زەمىن گۈڭشې تۆگساق دادۈيىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1960 - يىلى سايباغ گۈڭشې تۆگساق 4 - دادۈيىگە ئۆزگەرتىلگەن 1983 - يىلى سايباغ رايونى كاپا يېزا تۆگساق يېزا ئىگىلىك كوپراتىۋىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ جاي ئەسلى ساي يانتاغلىق بولۇپ، تۆگە ئوتلايدىغان جاي ئىكەن. تۆگىنىڭ ئىگىسى پات - پات كېلىپ تۆگە باققۇچىدىن سورىسا تۆگساق دەپ جاۋاپ بەرگەن. شۇڭا بۇ جاينى تۆگساق دەپ ئاتىغان. بەزىلەر تۆگساق دېگەن بۇ ئىسىمنى تۆگەلساك (ھەممىسى ساك) ياكى تۆگەل ساك (ساكىنىڭ تۆگىسى) دېگەن سۆزدىن كەلگەن دەپ چۈشەندۈرىدۇ. تەۋەسىدە 7 تەبىئىي كەنت، 902 نەپەر نوپۇسى بولۇپ،

ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,413 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى. بۇغداي، كۆمەقوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئابدىخالىق مەھەللىسىدە.

### ئابدىخالىق مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 4.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 75 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن ئابدىخالىق دەپ ئاتالغان نوپۇزلۇق بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، كەنت شۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان.

### يېڭىئېرىق مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 4.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 137 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتنىڭ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، يېڭىدىن بىر ئېرىق چېپىلغان بولۇپ، ئاھالىلەر شۇ ئېرىقنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، كەنت نامى يېڭىئېرىق — دەپ ئاتالغان.

### كۆچۈمە مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 106 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە بىر ئۆستەڭ بولۇپ، كەنتنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى مۇشۇ ئۆستەڭنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان. تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئۆستەڭ ئۆستىگە بىر كۆچۈمە ياساپ يەر سۇغۇرغانلىقتىن كەنت نامى كۆچۈمە مەھەللىسى — دەپ ئاتالغان.

### قىشلاق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 4.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 104 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئەسلى بۇ جاي مال قىشلىتىدىغان ئوتلاق بولۇپ، كىشىلەر كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، قىشلاق — دەپ ئاتالغان.

### دۆڭ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا

جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز - پەس، نوپۇسى 147 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇ كەنت دۆڭ جايغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، دۆڭ مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### ھويلا مەسچىت كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 5.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 152 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا چوڭ بىر مەسچىت بولۇپ كىشىلەر مۇشۇ مەسچىت ئالدىغا ئۆي ھويلا سېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، ھويلا مەسچىت - دەپ ئاتالغان.

### يۇقارقى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 5.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 163 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ھويلا مەسچىت كەنتىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### قولچى كەنت كومىتېتى

سايباغ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى توقسۇزاق رايون 9 - يېزا تەۋەلىكىدە بولغان. 1954 - يىلى سايباغ رايون 3 - يېزىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى زەمىن گۇڭشې قولچى دادۈيىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1983 - يىلى سايباغ رايون قولچى يېزا قولچى يېزا ئىگىلىك كوپراتىۋىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ جاي ئەسلى ئوتلاقلىق بولۇپ، قوي باقىدىغانلار كۆپ بولغاچقا قويچى دەپ ئاتىلىپ كېيىنچە قولچى دەپ ئۆزگىرىپ قالغان. تەۋەسىدە 10 تەبىئىي كەنت، 1,885 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 12,060 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى. بۇغداي، قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئارش كەنتىدە.

### ئارش كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 219 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئوپال يېزىسى بىلەن بۇلاقسۇ يېزىسىنىڭ يول ئايرىلىدىغان جايغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئارش - دەپ ئاتالغان.

**دۆڭ راۋات كەنتى.**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز - پەس، نوپۇسى 333 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئېگىزلىككە سېلىنغان راۋاقنىڭ (ساراي ) ئەتراپىغا جايلاشقان. ئەسلى نامى دۆڭ راۋاق. تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن دۆڭ راۋات - دەپ ئاتالغان.

**قورغان كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 188 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئېگىز قورغان ئىچىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، قورغان - دەپ ئاتالغان.

**يۇقارىقى ھويلا كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 120 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتنىڭ يۇقىرى قىسمىدا بىر قانچە چوڭ ھويلا بولۇپ، ئاھالىلەر مۇشۇ ھويلىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارىقى ھويلا - دەپ ئاتالغان.

**ساي قورغان كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 141 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئەسلى بىر سايلىق بولۇپ، ئاھالىلەر ساي ئۈستىگە قورغان چۆرۈپ ئۆي سېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقتىن، ساي قورغان - دەپ ئاتالغان.

**ئوتتۇرا مەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 201 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئەسلىدە بۇ كەنت ساي لەڭگەر بىلەن دۆڭ مەھەللە ئىككى كەنتنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئوتتۇرا مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

**دۆڭ مەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز - پەس، نوپۇسى 104 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر.

بۇ جايىنىڭ يەر شەكلى ئېگىز بولغانلىقى ئۈچۈن، دۆڭ مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

## قىشلاق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 196 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي بۇرۇن چارۋا باقىدىغان يايلاق بولۇپ، كېيىن كىشىلەر كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قىشلاق ـ دەپ ئاتالغان.

## ئۆستەڭبويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 168 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە بىر ئۆستەڭ بولۇپ، ئاھالىلەر شۇ ئۆستەڭنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ئۆستەڭبويى ـ دەپ ئاتالغان.

## ئاق ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 195 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ يەر ئەسلىدە ئاق بىنام يەر بولۇپ، بىنام ئېچىپ يەر قىلىپ، ئاھالىلەر يۆتكىلىپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ ئۆي قورو سېلىش ئارقىلىق ئاق ھويلا ـ دەپ ئاتالغان.

## كۆپسىڭى كەنت كومىتېتى

سايباغ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 9.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى توققۇزاق رايونىنىڭ 10 ـ يېزىسى تەۋەلىكىدە بولغان. 1954 ـ يىلى سايباغ رايونىنىڭ 4 ـ يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 ـ يىلى زەمىن گۇڭشېنىڭ كۆپسىڭى دادۈيىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1960 ـ يىلى سايباغ گۇڭشېنىڭ كۆپسىڭى 6 دادۈيىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1983 ـ يىلى سايباغ رايون كۆپسىڭى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. كۆپسىڭى ـــ كۆپسىڭەر دېگەن سۆزدىن كەلگەن. بۇ جاي ئەسلىدە ھەم قۇملۇق سايلىق بولۇپ، كىشىلەرنىڭ لايلىتىپ يەر ئېچىش بىلەن ئاھالىلەر ئولتۇراقلىشىپ مەھەللە ھاسىل بولغان. بىراق تۇپا قاتلاملىرىدا قۇم، شېغىل كۆپ، سۇنىڭ سىڭىپ كېتىشى ئېغىر بولغاچقا كۆپسىڭى دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 8 تەبىئىي كەنت، 1,533 نەپەر نوپۇسى بار، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلە-

قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: لايلاتما كەنتىدە.

مى 5,295 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز

ئىدى. تۇرۇش-

### لايلاتما كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 9.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 917 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت-تە بىر چوڭ ئازگال بولۇپ، كېيىن لايلىتىپ تىندۇرۇپ ئىكىن يەرگە ئايلانغاچقا لايلاتما-دەپ ئاتالغان.

### چەچقۇم كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 15.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 128 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئەسلىدە قۇم دۆۋىلىرى ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، چەچقۇم-دەپ ئاتالغان.

### ئاق هويلا كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 11.5 كىلمېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 109 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئەسلىدە ئاقلاڭ يەر بولۇپ، كېيىن ئاھالىلەر كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ مۇشۇ يەردە ئۆي سالغان، شۇڭا بۇ جاي ئاق هويلا-دەپ ئاتالغان.

### لەڭگەر كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 11.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 95 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئەسلىدە قەشقەردىن ئوپالغا بارىدىغان يولۇچىلار قونۇپ ئۆتىدىغان جاي بولغاچقا لەڭگەر-دەپ ئاتالغان.

### قىزىل جىم كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 8.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 172 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر قىزىل جىم دېگەن بىر مازار ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، قىزىل جىم-دەپ ئاتالغان.

## يۇقارقى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 9.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 224 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت كوچا بېشى كەنتىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى مەھەللە -دەپ ئاتالغان.

## كوچا بېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 9.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 198 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە ئاھالە ئولتۇراقلىشى زىچ بولۇپ، بىر كوچا ھاسىل قىلغان. كەنت كوچىنىڭ بېشىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، كوچا بېشى-دەپ ئاتالغان.

## تۆۋەنكى ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 9.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 160 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت يۇقارقى مەھەللە كەنتىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەنكى مەھەللە -دەپ ئاتالغان.

## شور كەنت كومىتېتى

سايباغ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950-يىلى سايباغ رايونى 4-يېزىسىغا تەۋە بولغان. 1958-يىلى زەمىن گۇڭشې شور دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1960-يىلى سايباغ گۇڭشې شور 7-دادۈي بولغان. 1983-يىلى سايباغ رايونى كۆپسىگى يېزا شور يېزا ئىگىلىك كوپراتىۋىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ جايىنىڭ تۇپرىقى شورلۇق بولغاچقا شور دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 9 تەبىئىي كەنت، 1.655 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 5.101 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز. قاتارلىقلار قوغۇن ئۇلارنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى: تۆۋەنكى مەھەللىدە.

## تۆۋەنكى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 337 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت

يوقارقى مەھەللە كەنتىنىڭ ئاياغ قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەنكى مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### تۆمەن كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 7.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 225 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت گەز دەريا بويىغا جايلاشقان. كەلگۈن كەلگەندە دەرەخ شېخىدا تۆمەن باغلاپ، كەلگۈندىن ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلغانلىقتىن، تۆمەن ـ دەپ ئاتالغان.

### دەريا بويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 7.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 178 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت گەز دەريا بويىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، دەريا بويى ـ دەپ ئاتالغان.

### ئۈژمىلىك كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 146 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە بۇرۇن ئۈژمە دەرىخى كۆپ بولۇپ، كەنت ھاسىل بولغاندىن كېيىن ئۈژمىلىك ـ دەپ ئاتالغان.

### يوقارقى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 7.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. نوپۇسى 178 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت تۆۋەنكى مەھەللە كەنتىنىڭ يۇقىرىقى تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يوقارقى مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### ئاياغ جاڭگال كەنت

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 7.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 164 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت چوڭ بىر جاڭگاللىقنىڭ ئايىغىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ جاڭگال ـ دەپ ئاتالغان.

### ئوتتۇرا مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا

جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 191 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت يوقـارقى مەھەللە بىلەن تۆۋەنكى مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئوتـتۇرا مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### ئارا شور كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5.5 كىلـومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 174 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئوتتۇرا مەھەللــە بىلەن ئاياغ شور ئىككى كەنتنىڭ ئوتتۇرىسىدا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئارا شور ـ دەپ ئاتالغان.

### ئاياغ شور كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 5.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشـقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى61 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئارا شور كەنتىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ شور ـ دەپ ئاتالغان.

### قازاقلا كەنت كومىتېتى

سايباغ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.5 كىلومېتىر يىـراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 ـ يىلى توققۇزاق رايونى 9 ـ يېزا تەۋەـلىكىدە بولغان. 1954 ـ يىلى سايباغ رايونى 3 ـ يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 ـ يىلى توققۇزاق گۇڭشې قازاقلا 8 ـ داددۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1960 ـ يىلى سايباغ گۇڭشې قازاقلا 8 ـ داددۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1983 ـ يىلى سايباغ رايون قولچى يېزا قازاقلا يېزا ئىگىـلىك كوپىراتىۋىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. قازاقلار قازناقىلا دېگەن سۆزدىن كەلگەن، ئىلگىرى بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقانلار قازناقـتەك كىچىك ـ كىچىك ئۆيلەردە ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 3 تـەبىئىي كەنت، 571 نـەپەر نـوپۇسى بـولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,542 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى، بۇغداي، كۆممەقوناق، كەۋەز، قاتارلىقـلار. تۇرۇشـلۇق ئورنى. جەڭگۈزە كەنتىدە.

### جەڭگوزە كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جـەنۇبىغا 2.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 210 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا بازار بولۇپ بازارغا كېلىدىغانلار كۆپ بولغاچقا جەڭگۈزە ـ دەپ ئاتالغان.

### قوتان ئالدى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 166 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت چارۋا قاۋايدىغان چوڭ بىر قوتان ئالدىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، قوتان ئالدى ـ دەپ ئاتالغان.

### كۆلبېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 195 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ يەردە چوڭ بىر كۆل بولۇپ، ئاھالىلار بۇ كۆلنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، كۆلبېشى ـ دەپ ئاتالغان.

### تۆۋەنكى ھويلا كەنت كومىتېتى

سايباغ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 2.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى توققۇزاق رايونى 9 ـ يېزا تەۋەلىكىدە بولغان. 1954 ـ يىلى سايباغ رايون 3 ـ يېزىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 ـ يىلى توققۇزاق كۆكشى قازاقلا 8 ـ دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1960 ـ يىلى سايباغ كۆكشى قازاقلا 8 ـ دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1983 ـ يىلى سايباغ رايون قولچى يېزا قازاقلا يېزا ئىگىلىك كوپىراتىۋىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا سايباغ يېزا قازاقلا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1985 ـ يىلى 2 ـ ئايدا سايباغ يېزا قازاقلا كەنت كومىتېتىدىن ئايرىلىپ تۆۋەنكى ھويلا كەنت كومىتېتى بولۇپ قۇرۇلغان. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 4 تەبىئىي كەنت، 874 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,124 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، كېۋەز، قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى، تۆۋەنكى ھويلا كەنتىدە.

### تۆۋەنكى ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 2.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 229 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا بىر چوڭ ھويلا بولۇپ، كىشىلەر بۇ ھويلىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەنكى ھويلا ـ دەپ ئاتالغان.

### سوقا بېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 2.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشـ

قان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 124 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئەسلى بۇ جايدا بىر سوقا بولۇپ، ئاھالىلار مۇشۇ سوقىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، سوقا بېشى-دەپ ئاتالغان.

### چوڭقۇر ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز-پەس، نوپۇسى 205 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ يەر تۈزلىشى پەس، ئاھالىلارنىڭ ئۆي ھويلىلىرى چوڭقۇرلۇقتا بولغاچقا چوڭقۇر ھويلا-دەپ ئاتالغان.

### يۇقارقى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 216 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت چوڭقۇر ھويلا كەنتىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى مەھەللە-دەپ ئاتالغان.

### چارەك كەنت كومىتېتى

سايباغ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950-يىلى توققۇزاق رايونى 8-يېزىسى بولغان. 1954-يىلى سايباغ رايونى 1-يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1955-يىلى توققۇزاق رايونى 8-يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن 1958-يىلى توققۇزاق گۇڭشې چارەك دادۈيىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1960-يىلى سايباغ گۇڭشې چارەك 9-دادۈيىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1983-يىلى سايباغ رايون چارەك يېزا ئىگىلىك كوپراتىپىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى 8-ئايدا سايباغ يېزا چارەك كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. چارەك ئېغىرلىق ئۆلچىمى بولۇپ، 80 جىڭنىڭ 4 تەن بىرى يەنى 20 جىڭ بىر چارەك. چىڭگىزخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدا موڭغۇللار قالماق ئۆستىڭىنى چاپتۇرۇش ئۈچۈن، بۇ جايغا 4-دىن بىر قىسىم ئۆلچەمدە سۇ بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن چارەك دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت 1,211 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 6,000 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز، مايلىقدان قاتارلىقلار ئالاھىدە مەھسۇلاتى: قوغۇن. تۇرۇشلۇق ئورنى: سىدە تۆۋى كەنتىدە.

### سىدە تۆۋى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا

جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 75 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە بىر توپ چوڭ سىدە بولۇپ. ئاھالىلەر شۇ سىدە ئەتراپىغا ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن. سىدە تۆۋى - دەپ ئاتالغان.

### تۈگمەنبېشى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 239 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت تۈگمەن بېشىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۈگمەنبېشى - دەپ ئاتالغان.

### يۇقارقى چارەك كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 1.1 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 201 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. چارەك كەنتىنىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى چارەك - دەپ ئاتالغان.

### تۇرا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 2 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 119 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت باشقا كەنتلەر بىلەن تۇتاشمىغاچقا مۇستەقىل كەنت دېگەن مەنىدە تۇرا - دەپ ئاتالغان.

### ئاياغ چارەك

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 5.2 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 378 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت چارەك كەنتىنىڭ ئايىغىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ چارەك - دەپ ئاتالغان.

### كۆكبۇلاق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 3.9 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 198 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. كۆك بۇلاق - كۆپ بۇلاق دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن. بۇ كەنتتە بىر قانچە بۇلاق بولۇپ ئاھالىلار بۇ جايغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ كوكبۇلاق - دەپ ئاتالغان.

### كۆكچى كەنت كومىتېتى

سايباغ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4 كىلومېتر يىراقلىقتا

جايلاشقان يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى توققۇزاق رايونى 8 - يېزا بولغان. 1954 - يىلى سايباغ رايونى 1 - يېزىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1956 - يىلى توققۇزاق رايونى 1 - يېزىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى توققۇزاق گۇڭشې كۆكچى دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1960 - يىلى سايباغ گۇڭشې 10 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1983 - يىلى سايباغ رايون چارەك يېزا بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا كۆكچى كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. كۆكچى — يېشىللىق دېگەن مەنىدە. تەۋەسىدە، 5 تەبىئىي كەنت، 937 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 932 نەپەر، خەنزۇ 5 نەپەر، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 5,500 مو، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,398 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى. بۇغداي، قوناق، كېۋەز، مايلىقدان، شال، تېرىلىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئوتتۇرا مەھەللىدە.

### ئوتتۇرا مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 6 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 146 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت يۇرتنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئوتتۇرا مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### يۇقارقى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 70 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت يۇرتنىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### ۋاپ ئېرىق بويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 6.6 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 174 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ۋەخپى يەرگە سۇ ئالىدىغان ئېرىق بولۇپ، مۇشۇ ئېرىقنىڭ نامى بىلەن ۋاپ ئېرىق - دەپ ئاتالغان.

### قارا سۇ بويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 6.8 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 324 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت بۇلاق سۈيى ئاقىدىغان ئۆستەڭ بويىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، قاراسۇبويى - دەپ ئاتالغان.

### ئاياغ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 7.2 كىلومېتر يىراقلىقتا

جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 223 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت يۇرتنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### ئاقتىچى كەنت كومىتېتى

سايباغ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى توققۇزاق رايونى 7 ـ يېزىسى بولغان. 1954 ـ يىلى توققۇزاق رايونى 8 ـ يېزىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1956 ـ يىلى توققۇزاق رايونى 5 ـ يېزىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 ـ يىلى توققۇزاق گۇڭشې ئاقتىچى دادۈي بولغان. 1960 ـ يىلى سايباغ گۇڭشې 11 ـ دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1983 ـ يىلى سايباغ رايونى چۆيۈنچى يېزىغا قاراشلىق بولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. ئاقتىچى دېگەن ئاتقۇچ دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن. ئىلگىرى بۇ كەنتتە پاختا، ئاتىدىغانلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 8 تەبىئىي كەنت، 1,210 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 4,512 مو، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,878 مو، ئوتلاق يېرى 20 مو. ئاساسلىق زىرائەتتىن بۇغداي كۆممەقوناق، كېۋەز، شال، مايلىقدان قاتارلىقلار تېرىلىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى قوغۇن. تۇرۇشلۇق ئورنى. يۇقارقى ھويلا كەنتىدە.

### يۇقارقى ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 172 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئاياغ مەھەللىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى ھويلا ـ دەپ ئاتالغان.

### پاشا مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.6 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 131 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە بۇرۇن ياقۇپ چولاق دېگەن پادىشاغا ئوخشاش ھۆكۈمران ئادەم ئۆتكەن ئىكەن. كىشىلەر ئۇنى مەسخىرە قىلىپ پادىشاھ مەھەللىسى ـ دەپ ئاتىغان، يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن پاشا مەھەللىسىگە ئۆزگىرىپ قالغان.

### لەڭگەر كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ، شەرقىي جەنۇبىغا 0.65 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 172 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ

كەنت يول بويىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تاشمىلىقتىن ئۆتكەن كىشىلەر بۇ يەردە قۇنۇپ ئارام ئېلىپ ئۆتىدىغان بىردەك بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر لەڭگەر - دەپ ئاتىغان.

**ئاياغ مەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2·9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 160 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت يۇرتنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

**بورا مەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1·8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 182 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە بورا توقۇپ ساتىدىغانلار كۆپ بولغاچقا، بورا مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

**قىشلاق كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2·3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 178 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئەسلىدە چارۋا باقىدىغان ئوتلاق بولۇپ، قىش كۈنلىرىدە چارۋا ماللارنى مۇشۇ يەردە بېقىپ قىشنى چىقارغان، شۇڭا بۇ جاي قىشلاق - دەپ ئاتالغان.

**تۆمەن كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 5·6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 89 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئەسلىدە بۇ جايدا بىر مازارلىق بولۇپ، تۆمەن مازىرى دەپ ئاتالغان. كېيىن ئاھالىلەر كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، كەنت شەكىللەنگەندىن كېيىن، تۆمەن مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

**بۆرىچى مەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ. شەرقىي جەنۇبىغا 2·8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 121 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتىكى كىشىلەر بورا توقۇپ سېتىپ تىرىكچىلىك قىلغاچقا بورىچى مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

**ئىشلەمچى كەنت كومىتېتى**

سايباغ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى توققۇزاق رايونى 7- يېزا بول-

غان. 1954 - يىلى توققۇزاق رايونى 5 - يېزىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى توققۇزاق گۇڭشې 12 دادۈي بولغان. 1960 - يىلى سايباغ گۇڭشېسىنىڭ 12 - دادۈي بولغان. 1983 - يىلى سايباغ رايونى چۆيۈنچى يېزىسىغا قارىغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەسىدە ئىشلەمچى كەنتى بولغاچقا ئىشلەمچى دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 9 تەبىئىي كەنت، 1,997 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئومۇمى كۆلىمى 11,800 مو. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 7,385 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى. بۇغداي، قوناق. كېۋەز، مايلىقدان، قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى قوغۇن. تۇرۇشلۇق ئورنى: يۈسۈپ چوڭ مەھەللىسىدە.

### يۈسۈپ چوڭ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 3.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 301 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە ئىلگىرى يۈسۈپ چوڭ دېگەن ئاتاقلىق بىر ئادەم ئۆتكەن بولۇپ، كەنت شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

### لەڭگەر كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 138 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت قەشقەردىن ئوپالغا بارىدىغان تاش يول بويىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يولدىن ئۆتكەن ئادەملەر قونۇپ دەم ئېلىپ ئۆتىدىغان بىردەك بولۇپ، لەڭگەر - دەپ ئاتالغان.

### چۆيۈنچى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 2.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 712 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە چۆيۈن ساتىدىغانلار ۋە قازان قۇيۇپ ساتىدىغان كىشىلەر كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، چۆيۈنچى - دەپ ئاتالغان.

### ئاياغ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىغا 3.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 166 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت چۆيۈنچى كەنتىنىڭ ئاياغ قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### كۆنچى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا

جايلاشقان. نوپۇسى 126 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە كۆنچىلىك قىلىدىغانلار كۆپ بولغاچقا، كۆنچى مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

**قىشلاق كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 3.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 116 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا ئەسلى ئۆي يوق بولۇپ، كېيىن بىر كىشى ئۆي سېلىپ قىشلاپ قالغاچقا قىشلاق - دەپ ئاتالغان.

**بەختى قۇربان مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 3.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 142 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە ئىلگىرى بەختى قۇربان ئىسىملىك بىر ئاتاقلىق ئادەم ئۆتكەن بولۇپ، كەنت شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**يۇقارقى مەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 132 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت مۆمىن چوڭ مەھەللىسىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

**مۆمىن چوڭ مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 6.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 163 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ كەنتتە مۆمىن چوڭ دېگەن ئاتاقلىق بىر كىشى بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن مۆمىن چوڭ مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

**گۈل چىمەن كەنت كومىتېتى**

سايباغ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى توققۇزاق رايونىنىڭ 7 - يېزىسى بولغان. 1954 - يىلى سايباغ رايونىنىڭ 5 - يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى دېھقانچىلىق مەيدانى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. (توققۇزاق گۇڭشېغا قاراشلىق جاي ئىدى) 1960 - يىلى

سايباغ گۇڭشېغا قاراشلىق 13 - دادۇيبولغان. 1965 - يىلى گۈل چەمەن دادۇيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1983 - يىلى سايباغ رايونى چۆيۈنچى يېزا گۈل چەمەن كوپېراتىپىغا ئۆزگەرتىلىپ، 1984 - يىلى 8 - ئايدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەسىدە گۈل چەمەن كەنت بولغاچقا، گۈل چەمەن دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 1 تەبىئىي كەنت 225 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1,650 مو، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 708 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى، بۇغداي، قوناق، كېۋەز، مايلىقدان قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: شال تۇرۇشلۇق ئورنى: گۈلچەمەن كەنتىدە.

### گۈلچەمەن كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 6.25 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 225 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئەسلى نامى چۆل تومەن (كەڭ كەتكەن چۆللۈك) دېگەن مەنىدە ئازادلىقتىن كېيىن باغ بوستانلىقتا ئايلانغانلىقى ئۈچۈن، گۈلچەمەن - دەپ ئاتالغان.

### مەنگەن كەنت كومىتېتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 5.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى توققۇزاق رايونى 6 - يېزا بولغان. 1958 - يىلى توققۇزاق گۇڭشې مەنگەن دادۇيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1960 - يىلى سايباغ گۇڭشې مەنگەن 14 - دادۇيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1983 - يىلى سايباغ رايونى مەنگەن يېزىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەسىدە مەنگەن كەنتى بولغاچقا مەنگەن دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 10 تەبىئىي كەنت 2441 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 4,881 مو، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4,529 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، قوناق، كېۋەز، مايلىقدان قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: قوغۇن. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئەگىن كەنتىدە.

### ئەگىن كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 4.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 190 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئەگىن دېگەن شادلىق ئېشىك دېگەن بولۇپ، ئاھالىلەرنىڭ ھويلىلىرىدا ئەگىن ئېشىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەگىن - دەپ ئاتالغان.

### ئاق باغ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 5.25 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 378 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ يەر ئىلگىرى ئاق تاشلاندى يەر بولۇپ، كىشىلەر كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ ئورغۇن باغ ئەھيا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئاقباغ ـ دەپ ئاتالغان.

### ئارا مەنگەن كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ. شەرقىي شىمالىغا 5.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 288 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت يۇقارقى مەنگەن كەنتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق ـ دەپ ئاتالغان.

### ئارش كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 5.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 146 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت چوڭ ئارشىنىڭ بېشىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئارش ـ دەپ ئاتالغان.

### بادام مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 5.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 161 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بادام تۈۋرۈپ ساتىدىغانلار كۆپ بولغاچقا بادام مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### چىقىل كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 248 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە بىر ئۆستەڭ بولۇپ، سۇ ئاققاندا چىقىپ ماڭغانلىقتىن شۇ نام بىلەن چىقىل ـ دەپ ئاتالغان.

### تۇردى خىتىپ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 243 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايغا بۇرۇن تۇردى خىتىپ دېگەن ئادەم ئورۇنلاشقان بولۇپ، كېيىن شۇ ئادەمنىڭ نامى بىلەن تۇردى خىتىپ مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

## قاساپ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 4.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 369 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا تۇردى قاساپ دېگەن كىشى ئۆتكەن بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن قاساپ مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

## تاز قورغان كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 238 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا ۋەيران بولغان بىر قورغان بولۇپ، ئاھالىلەر كۆچۈپ كېلىپ تاز قورغان ـ دەپ ئاتالغان.

## توگمەنبېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 4.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 180 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتىكى ئاھالىلەر تۈگمەن بېشىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، توگمەنبېشى ـ دەپ ئاتالغان.

## سايباغ يېزىلىق بېلىقچىلىق مەيدانى

سايباغ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4.25 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 40 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 37 نەپەر، خەنزۇ 3 نەپەر، ئومۇمى يەر كۆلىمى 3,200 مو، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 110 مو، بېلىقچىلىق ئاساسى قىلىنغان. دېھقانچىلىق بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىدۇ. 1971 ـ يىلى قۇرۇلغان.

## سايباغ يېزا ئورمان مەيدانى

سايباغ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 4.25 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 48 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئومۇمى يەر كۆلىمى 12,000 مو، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 205 مو، ئورمان يېرى 10,200 مو، باغ يېرى 5 مو، ئوتلاق يېرى 1,500 مو، ئورمانچىلىق چارۋىچىلىق بىرلەشكەن مەيدان بولۇپ، تېرەك، سۆگەت، جىگدە، ئۆستۈرىلىدۇ. ھازىر بار چارۋا 50 تۇياق، مەيدان 1960 ـ يىلى قۇرۇلغان.

## سايباغ يېزا ئورمان مەيدان

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 7.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاش ـ

قان، نوپۇسى 29 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئومۇمى كۆلىمى 1,500 مو، تېرىلغۇ كۆلىمى 100 مو، ئورمان ئاساسى قىلىنىدۇ، 1962 - يىلى قۇرۇلغان.

2 - ئورمان مەيدان

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 11 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. نوپۇسى 45 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئومۇمى كۆلىمى 2,000 مو، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 150 مو، ئورمان يېرى 1,700 مو، باغ يېرى 5 مو، ئورمان ئاساس دېھقانچىلىق قوشۇمچە قىلىنىپ، تېرەك جىگدە ئۆستۈرۈلىدۇ. چارۋا 45 تۇياق، 1974 - يىلى قۇرۇلغان.

سايباغ يېزا باغ مەيدان

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 0.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 80 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 72 نەپەر، خەنزۇ 8 نەپەر، ئومۇمى كۆلىمى 800 مو، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 150 مو، باغ كۆلىمى 650 مو، ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئامۇت، كۆچەتلىرى ئۆستۈرۈلىدۇ. باغۋەنچىلىك ئاساس دېھقانچىلىق قوشۇمچە قىلىنىدۇ، 1965 - يىلى قۇرۇلغان.

پاخ كوغوساق بيزمى كوستالق دولق

# زەمىن يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

زەمىن يېزىسى كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى كوچا مەھەللىسىگە ئورۇنلاشقان. ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 5·7 كىلومېتىر. يەر تۈزۈلىشى غەربىي تەرىپى ئېگىز، شەرقىي تەرىپى پەس، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 221·07 كۋادرات كىلومېتىر (331,612 مو) شەرقىي تەرىپى ئوغساق يېزىسى بىلەن، جەنۇبىي تەرىپى سايباغ يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. غەربىي تەرىپى قىزىل دەرياسى بىلەن چېگرىلىنىپ مۇش يېزىسى بىلەن قارشىپ تۇرىدۇ. شىمالىي تەرىپى قىزىل دەرياسى بىلەن چېگرىلىنىپ لەڭگەر يېزىسى بىلەن قارشىپ تۇرىدۇ. 1985 ـ يىللىق ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا: بۇ يېزىنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 56,337 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 16·9% نى، ئورمان كۆلىمى 16,175 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 4·8% نى، ئوتلاق كۆلىمى 59,790 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 18% نى، باشقا كۆلەم 198,057 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 59·72% تەشكىل قىلىدۇ. بۇ يېزا تەۋەسىدە 15 كەنت كومىتېت، بىر قولىاق مەيدان، 87 تەبىئىي كەنت بار. 1985 ـ يىللىق ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا 3,998 ئائىلە، 15,458 نوپۇسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 15,442 نەپەر، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 99·89% نى تەشكىل قىلىدۇ. خەنزۇ 7 نەپەر ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0·04% نى تەشكىل قىلىدۇ. قىرغىز 8 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0·05% نى تەشكىل قىلىدۇ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى كىشى بېشىغا 3·74 مودىن توغرا كېلىدۇ.

زەمىن دېگەن سۆز ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ «زېمىن» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. بۇ يېزىنىڭ يەر دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا مۇشۇ ئالاھىدىلىككە ئاساسەن زېمىن دەپ ئاتالغان. كېيىن تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن زەمىن دېگەن سۆزگە ئۆزگىرىپ قالغان.

1953 ـ يىلى بۇ جايدا زەمىن رايونلۇق مەھكىمە قۇرۇلغاندا، ئورنى زەمىندە بولغانلىقى ئۈچۈن زەمىن رايونى دەپ ئاتالغان. شۇندىن كېيىن مۇشۇ نام قوللىنىپ كېلىنگەن، جۇمھۇرىيەت مەزگىلىدە، كوناشەھەر ناھىيە توققۇزاق بەگلىكى تەۋەلىكىدە بولغان. 1950 ـ يىلى كوناشەھەر ناھىيە توققۇزاق رايونىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1953 ـ يىلى توققۇزاق رايونىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ئايرىم بىر رايون بولغان. تەۋەلىكىدە 5 يېزا تەسىس قىلىنغان. 1958 ـ يىلى زەمىن رايونى گۇڭشېغا ئۆزگەرتىلگەن، 1961 ـ يىلى زەمىن گۇڭشې يەنە رايونغا ئۆزگەرتىلىپ تەۋەلىكىدە 3 كىچىك

گۈڭشې تەھسىس قىلىنغان. 1965 - يىلى زەمىن رايونى يەنە گۈڭشېغا ئۆزگەرتىلىپ تەۋەلىكىدە 15 دادۈي بولغان. 1983 - يىلى زەمىن گۈڭشې يەنە رايونغا ئۆزگەرتىلىپ تەۋەلىكىدە 7 يېزا 15 يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپ تەھسىس قىلىنغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا زەمىن گۈڭشې يېزىغا ئۆزگەرتىلىپ تەۋەلىكىدە 15 كەنت كومىتېتى بولغان.

زەمىن يېزىسىنىڭ يەر تۈزۈلىشى غەربتىن شەرققە قىيپاش بولۇپ، بىر قەدەر تۈزلەڭ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1,379.5 مېتىر. ئاساسلىق سومەنبەئى قىزىل دەرياسى، توپا قاتلىمى قېلىن، تۇپرىقى ئادەتتە ئوتتا ئەت تۇپراق، قىسمەن ئېغىر ئەت تۇپراقمۇ بار. سۇ ۋە ئوغۇت ساقلاشقا ياخشى، لېكىن، تۇپراق ئۇنۇمدارلىقى ۋە ئورگانىنىڭ مىقدارى ئاجىز، تۇپرىقى قۇرغاقسۇ يېتىشمەيدۇ. كۆپ قىسىم جايلىرى ساي جاڭگال بولۇپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربى قىسمىغا جايلاشقان، ھاۋا كىلىماتى مۆتىدىل، 4 پەسىل ئېنىق، يىللىق ئوتتۇرچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 38.7℃ ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى 25.3℃ - . يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 60MM - 80، يىللىق قىروسىز مەزگىلى 210 - 220 كۈنگىچە بولىدۇ. ساي جاڭگالدا ئاز ساندا چۆلگە باب يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بار. زەمىن يېزىسى دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىپ، بۇغداي، شال، قوناق، قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتتى، كېپەز، مايلىقدان، سەي، قوغۇن، تاۋۇز، بىدە قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىيدۇ.

1985 - يىللىق ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا: ئاشلىق زىرائەت كۆلىمى، 35 مىڭ 400 مو بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 12 مىليون 403 مىڭ جىڭ، ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 350 جىڭ بولۇپ، بۇ سابىق گۈڭشې تارىخىدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە ھېسابلىنىدۇ. كېپەز كۆلىمى 6 مىڭ 800 مو بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 651 مىڭ جىڭ، ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 95.7 جىڭ بولۇپ، بۇ سابىق گۈڭشې تارىخىدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە ھېسابلىنىدۇ مايلىقدان كۆلىمى 2,300 مۇ بولۇپ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 359 مىڭ جىڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 4,969,974 يۈەن بولغان. 1985 - يىلى يىل ئاخىرى قوتاندىكى چارۋىلارنىڭ قالدۇقى 19,239 تۇياق، بۇنىڭدىن چوڭ چارۋا 5,958 تۇياق، ئۇششاق چارۋا 13,281 تۇياق.

ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىمۇ بىر قەدەر تېز بولدى. 1985 - يىلى ئورمان كۆلىمى 16,175 موغا يېتىپ 3,007,000 تۈپ ھەرخىل دەرەخ بار. كىشى بېشىغا 198 تۈپتىن توغرا كېلىدۇ.

يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان كۆپ خىل ئىگىلىكمۇ مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى، يېزا باشقۇرشىدا ئۇن زاۋۇتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنا سايمانلىرى رېمونت قىلىش زاۋۇتى، ياغاچچىلىق كارخانىسى، قۇلماق مەيدانى قاتارلىق كارخانىلار بولۇپ، 123 ئادەم ئىشلەيدۇ، يىللىق كىرىمى 313 مىڭ 600 يۈەن بۇ ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 6.3% نى تەشكىل قىلىدۇ.

قاتناش قۇلايلىق، ناھىيە بازىرى بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەت ئارىلىقىدا ئاددىي تاشيول بار. يېزا بىلەن كەنتلەر ئوتتۇرىسىدا شېغىل ياتقۇزۇلغان تاشيول بار، قاتنىشى راۋان، يېزا بويىچە 7 ئاپتوموبىل 15 ھەرخىل تراكتور بار.

بۇ يېزا قۇرۇلغاندىن بۇيان مەدەنىيەت-مائارىپ سەھىيە ئىشلىرى خېلى تەرەققىي قىلدى. 1985-يىلى يىل ئاخىرىدا بىر ئوتتۇرا مەكتەپ 22 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى خىزمەتچىسى 237 نەپەر ئوقۇغۇچىسى، 10 باشلانغۇچ مەكتەپ، 119 نەپەر ئوقۇتقۇچى ئىشچى-خىزمەتچى، 2264 نەپەر ئوقۇغۇچى بار. ئۇندىن باشقا، كىنو قويۇش ئەترىتى، رادىئو ئۇزۇلى، مەدەنىيەت پونكىتى قاتارلىق مەدىنى كۆڭۈل ئېچىش ئورۇنلىرى، بىر دوختۇرخانا 11 تېببى خادىم 20 دانە كېسەل كارىۋىتى بار. 15 ئورۇندا داۋالاش پونكىتى 20 نەپەر، يالاڭياق دوختۇر بار.

# زەمىن يېزىسى تەۋەسىدىكى يەر ناملىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇشى

### زەمىن يېزىسى

تەزكىرىسى «زەمىن يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا

### مۇسۇما كەنت كومىتېتى

زەمىن يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى توققۇزاق رايونى 1 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى زەمىن رايونى 1 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 - يىلى توققۇزاق گۇڭشې مۇسۇما دادۈيى بولغان. 1960 - يىلى ئوغساق گۇڭشې مۇسۇما دادۈيىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1962 - يىلى قايتا زەمىن گۇڭشې مۇسۇما دادۈيىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1983 - يىلى زەمىن رايون مۇسۇما يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا زەمىن رايونى يېزىغا ئۆزگەرتىلىپ مۇسۇما يېزىسى كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن، مۇسۇما - مۇسۇلمان سۆزىدىن كەلگەن. رىۋايەتلەردىن قارىغاندا بۇرۇن ئىسلامدىن تارقىلىشتا بۇ جايدىكى خەلقلەر تۇنجى قېتىم ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغانلىقتىن مۇسۇما دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 4 - تەبىئىي كەنت، 654 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1,999 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممە قوناق، شال، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئاچا پەشتاق كەنتىدە.

### ئاچا پەشتاق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 175 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت 4 يولنىڭ دۇقسىغا جايلاشقانلىقتىن، ئاچا پەشتاق - دەپ ئاتالغان.

### ئالڭ قازى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 1.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 124 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە ئالڭ قازى ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، يۇرتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغانلىقتىن ئالڭ قازى - دەپ ئاتالغان.

### پوستەك مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 2.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 137 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئەسلىدە شورلۇق بولۇپ تۇپرىقىنىڭ ئۈستى قىسمى شور پوستەك بولغانلىقتىن، پوستەك مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### ھەۋىللا چوڭ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 218 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇرۇن بۇ كەنتتە ھەۋىللا چوڭ ئىسىملىك نوپۇزلۇق بىر كىشى بولۇپ، يۇرت ئىشلىرىنى باشقۇرغانلىقتىن شۇنىڭ نامى بىلەن ھەۋىللا چوڭ مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### مۇسۇما ئاچا پىلال كەنتى كومىتېتى

زەمىن يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي ـ جەنۇبىغا 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 ـ يىلى توققۇزاق رايونى 5 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 ـ يىلى زەمىن رايونى 1 ـ يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 ـ يىلى توققۇزاق گۇڭشې مۇسۇما ئاچا پىلال 2 ـ دادۈيىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1960 ـ يىلى ئوغساق گۇڭشېنىڭ 1 ـ دادۈيى بولغان. 1962 ـ يىلى زەمىن گۇڭشې 2 دادۈيىگە ئۆزگەرتىلگەن، 1983 ـ يىلى زەمىن رايونى مۇسۇما ئاچا پىلال كوپېراتىۋىگە ئۆزگەرتىلگەن، 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دېھقانچىلىق كوپراتىۋى كەنت كومىتېتقا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ جاي سايباغ يېزىسى ئوغساق يېزىسىنىڭ ئايرىلىش يول ئېغىزىغا جايلاشقان بولۇپ، مۇسۇدا ئاچا پىلال دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 5 تەبىئىي كەنت، 715 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1,908 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز، تۇرۇشلۇق ئورنى: شىگىلىقلار كەنتىدە.

### شىگىلىقلار كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 229 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ، كەنتتىكى دېھقانلار غەللە پاراق تاپشۇرۇشتا دۆۋۆ ـ شىگىنى ئۆلچەم بىرلىكى قىلىپ ئۆزئارا ئىلىم بېرىم قىلىشتا بۇ ئۆلچەم بىرلىكىنى ئىشلەتكەنلىكتىن شىگىلىقلار ـ دەپ ئاتالغان.

### دۆڭ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا 4.8 كىلومېتىر يىراقلىققا جايلاشقان، يەر شەكلى ئېگىز ـ پەس، نوپۇسى 77 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت دۆڭلۈككە جايلاشقانلىقتىن، دۆڭ مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### سىدىلىك ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.7 كىلومېتىر يىراقلىققا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 115 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتىكى ئاھالىلەرنىڭ بىر قىسمىنىڭ ھويلىسىدا سىدە بولغانلىقتىن، سىدىلىك ھويلا ـ دەپ ئاتالغان.

### يولبويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4.3 كىلومېتىر يىراقلىققا جايلاشقان يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 129 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت بۇرۇن چوڭ يولنىڭ بويىغا جايلاشقانلىقتىن، يولبويى ـ دەپ ئاتالغان.

### تۇغاي مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا 4.2 كىلومېتىر يىراقلىققا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 170 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە رۇزى ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، لەقىمى تۇغاي بولغانلىقتىن شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن تۇغاي مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### مۇسۇما قوچچا كەنت كومىتېتى

زەمىن يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 4.2 كىلومېتىر يىراقلىققا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 ـ يىلى توققۇزاق رايونى 5 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 ـ يىلى زەمىن رايونى 1 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتكەن. 1958 ـ يىلى توققۇزاق گوڭشېسى مۇسۇما قوچچا 3 ـ دادۈيى بولغان. 1960 ـ يىلى ئوغۇساق گوڭشېسى مۇسۇما قوچچا دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1962 ـ يىلى زەمىن گوڭشېسى مۇسۇما قوچچا 3 ـ دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن 1983 ـ يىلى زەمىن رايونى مۇسۇما قوچچا دېھقانچىلىق كوپېراتىپىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دېھقانچىلىق كوپېراتىپى كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن. بۇرۇن بۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقادى كۈچلۈك بىرقىسـ

سىم كىشىلەر قۇش بېقىپ ئۇۋ ئۇلاش بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن مۇشۇنداق قوچچا دەپ ئاتالغان.
تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت، 1205 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى
3,070 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: قوشچى-
لار كەنتىدە.

**قوشچىلار كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 4.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاش-
قان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 189 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە
قوش بېقىپ ئۇۋ قىلىدىغان ئادەملەر كۆپ بولغانلىقتىن، قوشچىلار - دەپ ئاتالغان.

**ئۈستەڭبويى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 4.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جاي-
لاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 248 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت قە-
دىمدىن تارتىپ ئۈستەڭ بويىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۈستەڭبويى - دەپ ئاتالغان.

**ئاياغ مەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 4.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جاي-
لاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 241 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ
كەنت مۇشۇ قوچچا كەنتىنىڭ ئاياغ قىسمىغا جايلاشقانلىقىدىن، ئاياغ مەھەللە
- دەپ ئاتالغان.

**ھويلا ئالدى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاش-
قان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 234 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بىر باي
ئادەم كېلىپ تۇنجى قېتىم بىر ھويلا سېلىپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، كەلگەن ئائىلى-
لەر بۇ ھويلىنىڭ ئەتراپىغا ئۆي سېلىپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن ھويلا ئالدى
- دەپ ئاتالغان.

**ياماشلا كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا 2.8 كىلومېتىر يىراقلىق-
قا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز، نوپۇسى 144 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ياماشلا
دېگەن - يۇقىرى ئۆرلەش دېگەن مەنادىكى سۆز بولۇپ، يەر تۈزۈلىشى ئېگىز شۇڭا يا-
ماشلا - دەپ ئاتالغان.

### ئېرىقبېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا 2.6 كىلومېتىر يىراقلىق-
قا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 149 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت
كونا ئېرىقنىڭ يۇقىرى قىسمىغا جايلاشقانلىقتىن، ئېرىقبېشى ـ دەپ ئاتالغان.

### ئىنساق كەنت كومىتېتى

زەمىن يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا 5 كىلومېتىر يىراق-
لىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى توققۇزاق رايونى 4 ـ يېزى-
سىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 ـ يىلى زەمىن رايونى 2 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشى-
غا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 ـ يىلى توققۇزاق گۇڭشې ئىنساق دادۈي بولغان. 1962 ـ
يىلى زەمىن گۇڭشې ئىنساق 4 ـ دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1983 ـ يىلى
زەمىن رايون مۇسۇما يېزا ئىنساق دېھقانچىلىق كوپراتىپىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ
يىلى 8 ـ ئايدا كوپراتىپ كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. ئىنساق ـ ئىنىساك سۆزى-
دىن كەلگەن بولۇپ ساكىلا ئەۋلادى ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئىنساق دەپ
ئاتالغان. تەۋەسىدە 7 تەبىئى كەنت، 973 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر
كۆلىمى 2,706 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى:
قورغان مەھەللىسىدە.

### قورغان مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا
جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 141 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە
قورغان شەكىللىك ئېگىز تاملار بولۇپ، شۇڭا قورغان مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### تۆۋەنكى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا 4.8 كىلومېتىر يىراقلىق-
قا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 141 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت
ئىنساق كەنتىنىڭ ئاياغ قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەنكى مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### ئۆستەڭبويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا 4.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا
جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 131 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتىكى
ئاھالىلەر ئۆستەڭنىڭ 2 تەرىپىگە ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۆستەڭبويى ـ دەپ ئاتالغان.

### ئارا مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا 4.5 كىلومېتىر يىراقلىق-قا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 188 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت تۆۋەنكى مەھەللە بىلەن ئۈستەڭ بويى مەھەللىسىنىڭ ئوتتۇرسىغا ئورۇنلاشقانلى-قى ئۈچۈن، ئارا مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### باي مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا 4.2 كىلومېتىر يىراقلىق-قا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 123 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە بايلار كۆپ بولغانلىقتىن، باي مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### يۇقارقى ئىنساق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا 4.4 كىلومېتىر يىراقلىق-قا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 143 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت باشقا كەنتلەرنىڭ يۇقىرسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى ئىنساق ـ دەپ ئاتالغان.

### دۆڭ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا 4.2 كىلومېتىر يىراق-لىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز ـ پەس، نوپۇسى 93 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ ئورنى ئېگىز دۆڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، دۆڭ مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### سىيتلە كەنت كومىتېتى

زەمىن يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا 4.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى توققۇزاق رايونى 4 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 ـ يىلى زەمىن رايونى 2 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 ـ يىلى زەمىن گۇڭشې سىيتلە 5 ـ دادۈي بولغان. 1983 ـ يىلى زەمىن رايونى سىيتلە يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يېزا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن، بۇرۇن بۇ كەنتتە سىيتلە (فۇجىلار ئەۋلادى) ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، سىيتلە دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 8 تەبىئىي كەنت 1.040 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4.906 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، قوناق، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: يار بېشى كەنتىدە.

## يار بېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا 4.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 228 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر بىر يارنىڭ ئۈستىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يار بېشى ـ دەپ ئاتالغان.

## چوڭقۇر ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا 4.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئىگىز پەس، نوپۇسى 125 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت چوڭقۇر جايغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، چوڭقۇر ھويلا ـ دەپ ئاتالغان.

## ئارا مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 132 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت يار بېشى بىلەن چوڭقۇر ھويلا ئىككى كەنتنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئارا مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

## كۆلبېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 166 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە بىر چوڭ كۆل بولۇپ، كىشىلەر بۇ كۆلنىڭ باش تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، كۆلبېشى ـ دەپ ئاتالغان.

## يىڭىچكە كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا 3.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 105 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ يەر شەكلى تار ۋە ئۇزۇن، ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىمۇ ئۇزۇن شەكىلدە بولغانلىقتىن، يىڭىچكە ـ دەپ ئاتالغان.

## يۇقارقى ـ ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 177 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتنىڭ يۇقىرىسىدا بىر نەچچە چوڭ ھويلا بولۇپ، شۇڭا يۇقارقى ھويلا ـ دەپ ئاتالغان.

### دۆلە كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 3·4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز - پەس، نوپۇسى 115 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت دۆلە جايىغا ئورۇنلاشقانلىقتىن دۆلە مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### باغ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 52 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە باغ كۆپ بولغانلىقتىن، باغ كەنتى - دەپ ئاتالغان.

### ياماشلا كەنت كومىتېتى

زەمىن يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2·6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى توققۇزاق رايونى 4 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى زەمىن رايونى 2 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى زەمىن گۇڭشې ياماشلا 6 - دادۈي بولغان. 1983 - يىلى زەمىن رايونى سېتىلا يېزا ياماشلا دېھقانچىلىق كوپېراتىپىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا كوپېراتىپ كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەسىدە 4 - تەبىئىي كەنت، 765 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1,794 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممىقوناق، كېۋەز، تۇرۇشلۇق ئورنى: ژىما كەنتىدە.

### ژىما كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2·8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 179 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ياماشلا بىلەن سېتىلە 2 كەنتنىڭ ژىرىلدىغان ئارىلىقىغا جايلاشقانلىقتىن ژىما - دەپ ئاتالغان.

### ئۆستەڭبويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2·3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 171 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتىكى ئاھالىلەر ئۆستەڭنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۆستەڭبويى - دەپ ئاتالغان.

### گوزلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2·5 كىلومېتىر يىراق-

لىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 214 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتىكى كىشلەر ياۋاش مۇلايىم بولغاچقا كوزلا ـ دەپ ئاتالغان.

### ھويلا ئالدى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 201 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا چوڭ بىر ھويلا بولۇپ، كېيىن ئاھالىلەر كۆچۈپ كېلىپ شۇ ھويلىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، ھويلا ئالدى ـ دەپ ئاتالغان.

### ئۈلۈغخان بويى كەنتى كومىتېتى

زەمىن يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 2.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى توققۇزاق رايونى 4 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 ـ يىلى زەمىن رايونى 2 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 ـ يىلى زەمىن گۇڭشېي ئۈلۈغخان بويى 7 ـ دادۈي بولغان. 1983 ـ يىلى زەمىن رايونى سيتلا يېزىسىنىڭ ئۈلۈغخان بويى دېھقانچىلىق كوپىراتىۋىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا كوپىراتىپ كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق ئورنى كەنت ئىسمى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 4 تەبىئىي كەنت، 820 نەپەر نوپۇسى بار، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ كۆلىمى 5,172 مو. بۇ كەنتتە ئۈلۈغخان دېگەن كىشىنىڭ مازىرى بولۇپ، ئاھالىلەر ئاشۇ ئاتاغلىق مازارنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۈلۈغخان بويى ـ دەپ ئاتالغان.

### ئۈلۈغخان بويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 2.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. نوپۇسى 340 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇ كەنتتە ئۈلۈغخان دېگەن كىشىنىڭ مازىرى بولۇپ، ئاھالىلار ئاشۇ ئاتاغلىق مازارنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۈلۈغخان بويى ـ دەپ ئاتالغان.

### ئايدىڭ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 243 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتنىڭ زېمىنى چوڭقۇرچاق بولۇپ، داۋاملىق سۇ توختاپ كېچە ـ كۈندۈز ئايدىڭدەك تۇرغاچقا، ئايدىڭ كەنتى ـ دەپ ئاتالغان.

### خانىقا مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 2.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا

جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 146 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە چوڭ بىر خانىقا بولۇپ، ئاھالىلەر شۇ خانىقانىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، خانىقا مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### ئايدىڭ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 4 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 81 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايىنىڭ تەۋەسىدە ئايدىڭ كەنتى بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ كەنتنىڭ نامىدا ئاتالغان. كەنت كومىتېتى باشقۇرىدىغان ئورمانچىلىق مەيدانى.

### زەمىن كەنت كومىتېتى

زەمىن يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 1.7 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى توققۇزاق رايونى 5 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى زەمىن رايونى 1 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى زەمىن گۇڭشې 8 - دادۈي بولغان. 1983 - يىلى زەمىن رايونى زەمىن يېزىسىنىڭ زەمىن كوپىراتىپىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا كوپىراتىپ كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ كەنتنىڭ زېمىنى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، بۇ كەنتنى زېمىن دەپ ئاتىغان. كېيىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن زېمىنگە ئۆزگىرىپ قالغان. تەۋەسىدە 8 تەبىئىي كەنت 1,785 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 6,615 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز، تۇرۇشلۇق ئورنى، داخان مەھەللىسىدە.

### داخان مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 1.5 كىلومېتر يىراقلىققا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 203 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە بۇرۇن ئىساق بۇلاق دېگەن بىر داخان ئادەم بولۇپ، شۇنىڭ ئىسمى بىلەن داخان مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### لەڭگەر كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.7 كىلومېتر يىراقلىققا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 115 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كە-

نتتە ئۆپالغا بارىدىغان يولدا بىر قونالغۇ بولغانلىقى ئۈچۈن، لەڭگەر ـ دەپ ئاتالغان.

### ھويلا ئالدى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 271 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە بىر چوڭ ھويلا بولۇپ، ئاھالىلەر كۆچۈپ كېلىپ ئالدىغا ئۆي سېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، ھويلا ئالدى ـ دەپ ئاتالغان.

### يار قىشلاق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 292 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە يارلىق كۆپ بولۇپ، مال بېقىشقا ئەپلىك جاي بولغانلىقى ئۈچۈن، يار قىشلاق ـ دەپ ئاتالغان.

### توگمەنبېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 1·4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، نوپۇسى 158 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە بۇرۇن بىر توگمەن بولۇپ، ئاھالىلەر شۇ توگمەننىڭ باش قىسمىغا ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، توگمەنبېشى ـ دەپ ئاتالغان.

### خانىقا مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1·6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 245 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە بۇرۇن چوڭ بىر خانىقا بولغانلىقى ئۈچۈن، خانىقا مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### ئوتتۇرا مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 2·2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 249 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئىككى كەنتنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئوتتۇرا مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### يۇقارقى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 2·6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 260 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت

زەمىن كەنتىنىڭ يۇقىرىسىدا بولغانلىقىدىن، يۇقارقى مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### چىغمان كەنت كومىتېتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 ـ يىلى توققۇزاق رايونى 13 ـ يېزىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان 1954 ـ يىلى زەمىن رايونى 4 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 ـ يىلى زەمىن گۇڭشې چىغمان 9 ـ دادۈي بولغان. 1983 ـ يىلى زەمىن رايۇنى چىغمان يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يېزا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. چىغمان چىغ ئامان دېگەن ئۇيغۇرچە سۆزدىن كەلگەن. تەۋەسىدە 8 تەبىئىي كەنت. 1,188 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4.553 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز، تۇرۇشلۇق ئورنى: ئارا مەھەللىدە.

### ئارا مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 145 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت تۆۋەنكى مەھەللە بىلەن قىشلاق كەنتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئارا مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### تۆۋەنكى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا 1.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 294 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئارا مەھەللە كەنتىنىڭ تۆۋەن قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەنكى مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### قىشلاق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا 0.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 134 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئەسلى جاڭگال بولۇپ، مال باقىدىغان ئوتلاق، كېيىن كىشىلەر يەر ئېچىپ ئولتۇراقلاشقاندىن قىشلاق ـ دەپ ئاتالغان.

### گۈمبەز ئالدى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 0.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشـ

قان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 192 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا چوڭ بىر گۈمبەز بولۇپ، كىشىلەر گۈمبەزنىڭ ئالدىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، گۈمبەز ئالدى-دەپ ئاتالغان.

### دۆڭ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز پەس، نوپۇسى 99 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت دۆڭ ئېگىز جايغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، دۆڭ مەھەللە-دەپ ئاتالغان.

### ئاچا پىلال كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 106 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئىككى ئۆستەڭنىڭ ئايرىلىقىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاچا پىلال-دەپ ئاتالغان.

### پوستەك ئۆستەڭبويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 83 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جاي شورلۇق بولۇپ، كىشىلەر شورنى يوقىتىش ئۈچۈن بىر ئۆستەڭ چېپىپ ئاھالىلەر ئۆستەڭنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، پوستەك ئۆستەڭبويى-دەپ ئاتالغان.

### چىغمان ئاچا پىلال كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 1.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 115 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇجاي چىغلىقنىڭ ئاچىلى بولۇپ، كېيىن كىشىلەر بىنام ئېچىپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، چىغمان ئاچا پىلال-دەپ ئاتالغان.

### كۆلچەكئېرىق كەنت كومىتېتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950-يىلى توققۇزاق رايونى 13-يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954-يىلى زەمىن رايونى 4-يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈلگەن. 1958-يىلى زەمىن گۇڭشېسىنىڭ كۆلچەكئېرىق 10-دادۈي بولغان. 1983-يىلى زەمىن رايونى چىغمان يېزا كۆلچەك ئېرىق دېھقانچىلىق كوپېراتىۋى بولغان. 1984-يىلى 8-

ئايدا دېھقانچىلىق كوپېراتىۋى كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. كۆلگە سۇ كىرىدىغان بىر ئېرىق بولغانلىقى ئۈچۈن كۆلچەكئېرىق دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 7 تەبىئىي كەنت 984 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,954 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، شال، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئوتتۇرا مەھەللىدە.

### ئوتتۇرا مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2·5 كىلومېتىر يىراقلىققا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 93 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت يۇقارقى غەلۋىرچى مەھەللىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئوتتۇرا مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### غەلۋىرچى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2·7 كىلومېتىر يىراقلىققا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 125 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتىكى كىشىلەر قەدىمدىن تارتىپ غەلۋىر توقۇش ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن غەلۋىرچى مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### يۇقارقى غەلۋىرچى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2·8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 124 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت غەلۋىرچى كەنتىنىڭ باش قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى غەلۋىرچى مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### يۇقارقى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2·4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 107 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئوتتۇرا مەھەللە كەنتىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### دۆڭ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىگە 3·3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 97 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئېگىز دۆڭلۈككە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، دۆڭ مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### قۇرۇل كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 406 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. قورۇل – قاراۋۇل سۆزىدىن كېلىپ چىققان. بۇ كەنت ئىلگىرى يار ئۈستىدىكى ئېگىز جايدا بولغانلىقتىن، قۇرۇل – دەپ ئاتالغان.

### سۇ كەتمە مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 32 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن قاچقان سۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ مەھەللە ئارقىلىق باشقا تەرەپكە كېتىدىغان بولغاچقا سۇ كەتمە – دەپ ئاتالغان.

### يېڭىلىق كەنت كومىتېتى

زەمىن يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 4.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 – يىلى توققۇزاق رايونى 12 – يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 – يىلى زەمىن رايونى 5 – يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 – يىلى زەمىن گۇڭشېنىڭ يېڭىلىق 11 – دادۈيى بولغان. 1983 – يىلى زەمىن رايونى يېڭىلىق يېزىسىنىڭ يېڭىلىق دېھقانچىلىق كوپراتىۋى بولغان. 1984 – يىلى 8 – ئايدا دېھقانچىلىق كوپراتىۋى كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەسىدە يېڭىلىق كەنتى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇ نام بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 7 تەبىئىي كەنت، 1,444 نوپۇسى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 1,441 نەپەر، خەنزۇ 3 نەپەر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4,488 مو ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئوي كوچا كەنتىدە.

### ئويكوچا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 4.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز پەس. نوپۇسى 268 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئوي چوڭقۇر جايغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئوي كەنتى – دەپ ئاتالغان.

### يېڭىلىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 277 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە ئۆرۈك كۆپ بولۇپ، ھەم بالدۇر پىشىپ كىشىلەرنىڭ ئاغزى يېڭى ئۆرۈككە تەككەنلىكى ئۈچۈن، يېڭىلىق – دەپ ئاتالغان.

## باي توقاي كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 299 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنت توقايلىق بولۇپ، باي كىشىلەر كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ كەنت شەكىللەنگەندىن كېيىن باي توقاي-دەپ ئاتالغان.

## ئېرىقبېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 254 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئېرىقنىڭ بېشىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئېرىقبېشى-دەپ ئاتالغان.

## دۆڭئېرىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 4.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 153 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا بىر ئېگىز ئېرىق بولۇپ، زېمىنى ئېگىز بولغاچقا، دۆڭئېرىق-دەپ ئاتالغان.

## ساي مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 13 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 95 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 92 نەپەر، خەنزۇ 3 نەپەر، بۇجاي ئەسلى ساي بولۇپ، كېيىن لايلىتىپ تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇرغانلىقتىن ساي مەھەللە-دەپ ئاتالغان.

## قۇمئېرىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 4.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 98 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتنىڭ زېمىنى، ئېرىقلىرى قۇم بولۇپ، ئېرىقتا داۋاملىق قۇم چۆشكەنلىكتىن، قۇمئېرىق دەپ ئاتالغان.

## ئاياغ قىزىللىق كەنت كومىتېتى

زەمىن يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبى تەرىپىگە 3.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950-يىلى توققۇزاق رايونى 12-يېزا تەۋەلىكىدە بولغان. 1954-يىلى زەمىن رايونى 5-يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958-

يىلى زەمىن كۆچكىش ئاياغ قىزىللىق 12 - دادۈي بولغان. 1983 - يىلى زەمىن رايونى قىزىللىق يېزىسىنىڭ ئاياغ قىزىللىق دېھقانچىلىق كوپراتىۋى بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دېھقانچىلىق كوپراتىۋى كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇرۇن بۇ جايدا ئۆرۈك كۆپ بولۇپ، باھاردا ئۆرۈك چېچەكلىرى قىزىل ئېچىلغانلىقتىن ھەم يۇقىرى قىزىللىقنىڭ ئاياغ قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ قىزىللىق دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 4 تەبىئىي كەنت 553 نەپەر، نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,427 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: باققال مەھەللىسىدە.

### باققال مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 111 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە قىش ياز كۈنلىرى يەل يېمىش ساتىدىغان ئادەملەر كۆپ بولغانلىقتىن، باققال مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### كۆرۈۋكبېشى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. نوپۇسى 168 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت كۆۋرۈكنىڭ باش قىسمىغا جايلاشقانلىقتىن، كۆۋرۈكبېشى - دەپ ئاتالغان.

### ئىسمايىل كەكە مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 108 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە بۇرۇن ئىسمايىل كەكە دېگەن بىر تۆمۈرچى ئادەم بولغانلىقتىن، شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

### ئاياغ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 166 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت يۇرتنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### ناس كەنت كومىتېتى

زەمىن يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.7 كىلومېتىر يى-

راقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 ـ يىلى توققۇزاق رايونى 12 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 ـ يىلى زەمىن رايونى 5 ـ يېزىسىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان 1958 ـ يىلى زەمىن گۇڭشېنىڭ ناس 13 ـ دادۈي بولغان. 1983 ـ يىلى زەمىن رايونى قىزىللىق يېزا ناس دېھقانچىلىق كوپراتىۋى بولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دېھقانچىلىق كوپراتىۋى كەنت كومىتېتى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەسىدە ناس ياسايدىغان ۋە چېكىدىغانلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن ناس دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 4 تەبىئىي كەنت 534 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,324 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، شال، كىۋەز، تۇرۇشلۇق ئورنى: كۆلبېشى كەنتىدە.

### كۆلبېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا 4.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 183 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا بىر چوڭ كۆل بولۇپ ئاھالىلەر شۇ كۆلنىڭ باش قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن. كۆلبېشى ـ دەپ ئاتالغان.

### قىشلاق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 123 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا چاتقاللىق ئورمىنى كۆپ بولۇپ، كېيىن كىشىلەر يەر ئېچىپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، قىشلاق ـ دەپ ئاتالغان.

### قادىر ھاجى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا 4.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 121 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە قادىر ھاجى دېگەن بىر كىشى بولۇپ، كەنت نامى شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

### ياغاچچى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 107 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە ياغاچچىلىق ھۈنىرى بار كىشىلەر كۆپ بولغانلىقتىن ياغاچچى مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### يۇقارقى قىزىللىق كەنت كومىتېتى

زەمىن يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 5.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 ـ يىلى توققۇزاق رايونى 12 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرـ

شىدا بولغان. 1954 - يىلى زەمىن رايونى 5 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 - يىلى زەمىن گۇڭشې يۇقارقى قىزىللىق 14 - دادۈي بولغان. 1983 - يىلى زەمىن رايونى قىزىللىق يېزىسىنىڭ يۇقارقى قىزىللىق دېھقانچىلىق كوپراتىۋىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دېھقانچىلىق كوپراتىۋى كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن، ئاياغ، قىزىللىق كەنتنىڭ يۇقىرىقى قىسمىغا جايلاشقانلىقىدىن يۇقارقى قىزىللىق دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 4 تەبىئىي كەنت 598 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,602 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممەقوناق، شال، كېۋەز، تۇرۇشلۇق ئورنى: باغ ھويلا كەنتى.

### باغ ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 5.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 208 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە بۇرۇن باغلىق ھويلا بولغانلىقتىن باغ ھويلا - دەپ ئاتالغان.

### لەڭگەر كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 5.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 70 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە كىشىلەر سەپەر ئۈستىدە ئارام ئالىدىغان قونالغۇ بولغانلىقتىن لەڭگەر - دەپ ئاتالغان.

### يۇقارقى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 5.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 193 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت لەنگەر كەنتىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### لەڭگەر مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 13.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 127 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە لىتىپ ھاجىم دېگەن ئادەمنىڭ قونالغۇسى (لەڭگىرى) بولغانلىقىدىن لەنگەر مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### قۇچچا كەنت كومىتېتى

زەمىن يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنۇبىغا 7 كىلومېتىر يىراق-

لىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى توققۇزاق رايونى 12 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى زەمىن رايونى 5 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى زەمىن گۇڭشېسىنىڭ قوچچا 15 - دادۈيىسى بولغان. 1983 - يىلى زەمىن رايونى قوچچا يېزا قوچچا دېھقانچىلىق كوپىراتىۋىغا ئۆزگەرتىلگەن 1984 - يىلى 8 - ئايدا دېھقانچىلىق كوپىراتىۋى كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇرۇن بۇ جايدا قوش بىلەن ئوۋچىلىق قىلىدىغانلار كۆپ بولغانلىقىدىن قوشچى دەپ ئاتالغان، كېيىن تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن قوچچا دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 7 تەبىئىي كەنت 1,436 نوپۇسى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 1,435 نەپەر، قىرغىز 1 نەپەر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 7,515 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممە قوناق، شال، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئوتتۇرا مەھەللىدە.

### ئوتتۇرا مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 357 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ھىلاجىمنىڭ مەھەللىسى كەنتى بىلەن ۋاپ باغ ئىككى كەنتنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقىدىن ئوتتۇرا مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### ھىلاجىمنىڭ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ، غەربىي جەنۇبىغا 5.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 191 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە بۇرۇن ھىلاجىم دېگەن كىشى يەر ئېچىپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، ھىلاجىمنىڭ مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### ۋاپ باغ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 267 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتنىڭ ئورنى ۋەخپە يەر بولۇپ، ئاھالىلار ئولتۇراقلىشىپ باغ بىنا قىلغاندىن كېيىن، ۋاپ باغ - دەپ ئاتالغان.

### توگمەنبېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 7.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاش-

قان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 140 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەلتەتە تۈگمەن، سوقا كۆپ بولۇپ، ئەتراپىغا ئاھالىلار ئولتۇراقلاشقانلىقىدىن تۈگمەنبېشى -دەپ ئاتالغان.

### ئۆستەڭبويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 7.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 98 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە بىر ئۆستەڭ بولۇپ، كىشىلەر ئۆستەڭ بويىغا ئولتۇراقلاشقانلىقىدىن ئۆستەڭ بويى - دەپ ئاتالغان.

### يوقارقى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 174 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئوتتۇرا مەھەللىنىڭ يۇقىرسىغا جايلاشقانلىقىدىن يۇقارقى مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### كۆليار كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 18.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز - پەس، نوپۇسى 209 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 208 نەپەر، قىرغىز 1 نەپەر، بۇ كەنت ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، كۆلكە ئوخشاش بولغانلىقىدىن كۆليار - دەپ ئاتالغان.

# ئوغساق يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ئوغساق يېزىسى كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ شىمالى قىسمىغا جايلاشقان. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى ئۆستەڭ بويى مەھەللىسىدە. ناھىيە مەركىزىگە 7.3 كىلومېتر كېلىدۇ. يەر تۈزلىلىكى غەربىي تەرىپى ئېگىز، شەرقىي تەرىپى پەس، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 63.71 كۋادرات كىلومېتر (95,565 مو) شەرقىي تەرىپى قەشقەر ۋىلايەتلىك كونىلون يېمەكلىكلەر زاۋۇتى بىلەن، جەنۇبىي تەرىپى سايباغ يېزىسى بىلەن غەربىي تەرىپى زەمىن يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمالى تەرىپى تەلۈيچۈك دەرياسى ئارقىلىق پاختەكلە يېزىسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ. 1985 - يىللىق ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا؛ بۇ يېزىنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 27,713 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 29.16% نى ئىگەللەيدۇ. ئورمان يېرى 12,774 مو بولۇپ، 13.37% نى، يايلاق 38,605 مو بولۇپ، 40.36% نى، باشقا كۆلەم 16,361 مو بولۇپ، 77.1% نى ئىگەللەيدۇ.

يېزا تەۋەلىكىدە 8 كەنت كومىتېت. 48 تەبىئىي كەنت بار. 1985 - يىلىدىكى ستاتىستىكىدا ئومۇمىي ئائىلە 2714، نوپۇسى 11,362 نەپەر. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۇيغۇر 11,359 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 99.97% نى ئىگەللەيدۇ. خەنزۇ 3 نەپەر بولۇپ ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.03% نى ئىگەللەيدۇ.

ئوغساق ئەسلى نامى «ئوغرى ساق» ئۇيغۇر تىل سىستېمىسىغا تەۋە سۆز بولۇپ، مەنىسى ئوغرى ئەمەس دېگەن بولىدۇ. مىلادى 13 - ئەسىر چىڭگىزخان دەۋرىدە تۇتقۇن قىلىنغان كىشىلەرنى ھازىرقى ئوغساق دېگەن يەرگە پالاپ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتكەن. بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەمەلدارلار ئۇلارنى تەكشۈرۈپ، بۇلار ياخشى ئادەملەر ئىكەن، ئوغرى ئەمەس ساق ئىكەن دەپ ئېلان قىلىپ قايتۇرغان ئىكەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تىل تاۋۇشلىرى ئۆزگىرىپ ئوغساق دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

ئوغساق سۆزى ئوغساك دېگەن سۆزدىن كەلگەن، بۇ يەردە ئوغۇزلارغا تەۋە ساكلار ياشىغان دەپ چۈشەندۈرگۈچىلەرمۇ بار. ئوغساق جۇمھۇرىيەت مەزگىلىدە كونا شەھەر ناھىيە توققۇزاق بەگلىكىگە تەۋە بولغان. 1950 - يىلى كونا شەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى توققۇزاق رايونىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 - يىلى توققۇزاق گۇڭشېنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1960 - يىلى توققۇزاق گۇڭشې ئەمەلدىن قالغاندىن كېيىن ئوغساق گۇڭشې قۇرۇلغان. 1961 - يىلى ئوغساق گۇڭشې ئوغساق رايونىغا ئۆزگەرتىلىپ، تەۋەلىكىدە 3 كىچىك گۇڭشې بولغان. 1965 - يىلى يەنە ئوغساق گۇڭشېغا ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەلىكىدە 8 - دادۈي بولغان. 1973 - يىلى ئوغساق

گۈڭشىنىڭ 1 ــ 2 ــ 3 دادۈيلىرىنى پاختەكىلە گۈڭشىغا ئايرىپ بېرىپ قىپقالغان 5 دادۈيىنى 8.گە تەڭشىگەن. 1983 ــ يىلى ئوغساق رايونىغا ئۆزگەرتىلگەن، تەۋەلىكىدە 4 ــ يېزا 8 دېھقانچىلىق كوپراتىپى بولغان. 1984 ــ يىلى 8 ــ ئايدا ئوغساق رايونى ئوغساق يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەلىكىدە 8 كەنت كومىتېت بولغان. ئوغۇساق يېزىسى غەرىپتىن شەرققە قىيپاش. بىر قەدەر تەكشى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1297.5 مېتىر، سۇغۇرۇشتا ئاساسلىقى قىزىل دەرياسىغا تايىنىدۇ. تۇپرىقى ئاساسەن ئۆلكە لاتقا تۇپراق، قىسمەن جايلىرى زەي تۇپراق، تۇز تۇپراق ۋە چىم تۇپراق، ئوتتۇرا ئەت تۇپراق بولۇپ، بىر قىسىم يەرلىرى ئېغىر ئەت تۇپراق، شەرقى تەرىپىدىكى زېمىنلىرىنىڭ يەر ئاستى سۈيى بىر قەدەر يۇقىرى، تۇپرىقى زەي تۇپراق . ئوتلاق ۋە جاڭگاللىق، جۇڭگو پاكىستان تاش يولىنىڭ شەرقى تەرىپىگە جايلاشقان تۇپرىقى ئۇنۇمسىز، ئوزۇغلۇق تەركىبى تۆۋەن. ھاۋا كىلىماتى مۆتىدىل، 4 پەسىل ئېنىق، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.2℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 39.6℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا -25.2℃. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل ــ يېغىن مىقدارى 60 ــ 80 مىللىمېتىر، يىللىق قىروسىز مەزگىلى 210 ــ 220 كۈن. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز مايلىقدان، سەي كۆكتات، قوغۇن قاتارلىقلار تېرىلىدۇ. 1985 ــ يىللىق ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا: ئاشلىق زىرائەتلەرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 25,000 مو، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 8,196,000 جىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 327.8 جىڭ بولۇپ گۈڭشى تارىخىدىكى يۇقىرى سەۋىيە ھېسابلىنىدۇ. كېۋەز 6,600 مو، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 585,000 جىڭ بىرلىكى 88.6 جىڭ بولۇپ، گۈڭشې تارىخىدىكى يۇقىرى سەۋىيە ھېسابلىنىدۇ. 1985-يىللىق دېھقانچىلىق ئومۇمىي كىرىمى 2,893,979 يۈەنگە يەتكەن. يېزا بويىچە بىر تاش ئۆستەڭ (مۇسۇما ئۆستىڭى) 4 تارماق ئۆستەڭ بولۇپ، ئومۇمى ئۇزۇنلۇقى 25 كىلومېتىر كېلىدۇ. سۇغىرىش كۆلىمى 69,100 مو.

يېزا بويىچە 1985 ــ يىلى ــ يىل ئاخىردىكى قوتاندا بار چارۋا 13,796 تۇياق، بۇنىڭدىن چوڭ چارۋا 3,643 تۇياق، ئۇششاق چارۋا 10,153 تۇياق، ئورمان يەر كۆلىمى 12,774 مو بولۇپ، تۈرلۈك ئورمان 1,605,240 تۈپكە يېتىپ، كىشى بېشىغا 143 تۈپتىن توغرا كەلگەن. كۆپ خىل ئىگىلىك مەلۇم ئاساسقا ئىگە بولۇپ، ئۇن زاۋۇتى ، قىش زاۋۇتى. ياغاچچىلىق كارخانىسى، تۆمۈرچىلىك كارخانىسى قاتارلىق يېزا باشقۇرغان كارخانىلار بار. يىللىق كىرىمى 94,000 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي كىرىمنىڭ 4.8% نى ئىگەللەيدۇ. قاتنىشى قولايلىق بولۇپ، جۇڭگو ــ پاكىستان تاش يولى بويىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. ھەر كۈنلىكى قەشقەر شەھىرى بىلەن كوناشەھەر ناھىيە ئوتتۇرىسىدا ئاپتوۋۇز قاتناپ تۇرىدۇ. يېزا بىلەن كەنتلەر ئوتتۇرىسىدا شېغىل ياتقۇزۇلغان تاشيوللار بولۇپ، قاتنىشى راۋان. بۇ يېزىدا 10 دانە ئاپتوموبىل، 41 ھەرخىل تىپتىكى تراكتور بار. مەدەنىي ــ مائارىپ

سەھىيە ئىشلىرىدا؛ بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 21 نەپەر ئوقۇتقۇچى ئىشچى - خىزمەتچىسى، 154 نەپەر ئوقۇغۇچى بار. 8 باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، 92 نەپەر ئوقۇتقۇچى ئىشچى - خىزمەتچىسى، 1733 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بار. كىنو قويۇش ئەترىتى، رادىيو پونكىتى، مەدەنىيەت پونكىتى قاتارلىق مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئورۇنلىرى بار. 9 نەپەر تېببىي خادىم 28 كېسەل كارۋىتىغا ئىگە بىر دوختۇرخانىسى بار. بۇنىڭدىن باشقا 8 داۋالاش پونكىتى 11 نەپەر يالاڭئاياق دوختۇر بار. كونا شەھەر ناھىيە ئوغساق 5 - ئېلىكتىر سۇ ئىستانسىسى مۇشۇ يېزا دائىرىسىدە بولۇپ، توك ئىشلىتىشى قولايلىق.

# ئوغساق يېزىسى تەۋەسىدىكى يەر ناملىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىشى

### ئوغساق يېزىسى

تەزكىرىسى «ئوغساق يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا.

### غوجىلار كەنت كومىتېتى

ئوغساق يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950-يىلى توققۇزاق رايونىنىڭ 1-يېزىسى بولغان. 1958-يىلى توققۇزاق گوڭشېي غوجىلا 1-دادۈي بولغان. 1960-يىلى ئوغساق گوڭشېي غوجىلا 1-دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1983-يىلى ئوغساق رايونى غوجىلا يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى 8-ئايدا يېزا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ كەنتتە غوجا ئەۋلادى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر بۇ جاينى غوجىلا دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 10 تەبىئىي كەنت، 2,070 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4,877 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار تېرىلىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى: خەلپە مەھەللىسىدە.

### خەلپە مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 217 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا داۋۇت شايى ھاجىم دېگەن بىر خەلپەم ئۆتكەن بولۇپ، شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

### يۇقارقى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5·3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 155 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت خەلپە مەھەللىسىنىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن يۇقارقى مەھەللە دەپ ئاتالغان.

### مەددا مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5·6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 159 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن

بۇ جايدا مەددالىق قىلىپ كۆن كەچۈردىغانلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، مەددا مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

### تۇگمەنبېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 165 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇجايدا بىرنەچچە تاش تۇگمەن بولۇپ، ئاھالىلەر شۇ تۇگمەننىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۇگمەنبېشى-دەپ ئاتالغان.

### قوغۇنچى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 170 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە بۇرۇندىن تارتىپ قوغۇن تېرىيدىغانلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، قوغۇنچى مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

### قىشلاق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 377 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن ئاھالىلار قىشلىقى چارۋىلارنى قىشلىتىدىغان ئورۇنغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، قىشلاق-دەپ ئاتالغان.

### تۆۋەنكى ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 6.3 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 264 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت يۇرتنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەنكى ھويلا-دەپ ئاتالغان.

### ئېرىقبويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 5.7 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 125 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتىكى كىشىلەر ئېرىقنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئېرىقبويى-دەپ ئاتالغان.

### ئاخۇنكامنىڭ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 5.4 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشـ

قان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 144 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا ئاخۇنكام دېگەن بىر كىشى بولۇپ، ئامما ئىچىدە ئىناۋىتى چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاخۇنكامنىڭ مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### چاچباغ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 4.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 291 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا زەيىمكام چاچباغ دېگەن ئادەم ئۆتكەن بولۇپ، شۇ ئادەمنىڭ لەقىمى بىلەن ئاتالغان.

### پارچىيەر كەنت كومىتېتى

ئوغساق يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى توققۇزاق رايونى 1 - يېزىسى بولغان. 1958 - يىلى توققۇزاق گۇڭشې پارچىيەر 2 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1960 - يىلى ئوغساق گۇڭشې پارچىيەر 2 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1983 - يىلى ئوغساق رايونى موسۇما يېزا پارچىيەر يېزا ئىگىلىك كوپراتىۋى بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. پارچىيەر - پارچە يەر دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. بۇ جاي قەشقەر شەھىرى يېڭىشەھەر كونا شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزۈك يۇرت بولغاچقا «پارچىيەر» دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 4 تەبىئىي كەنت، 543 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,429 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، قوناق، شال قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق. ئورنى: ئۆستەڭ بويى كەنتىدە.

### ئۆستەڭبويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 5.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 170 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىكى كىشىلەر ئۆستەڭنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۆستەڭبويى - دەپ ئاتالغان.

### قىيامەت ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 4.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 215 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا بۇرۇن سۇ ناھايىتى قىس بولۇپ، بەزىدە ئىچكىلى سۇ تاپقىلى بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يۇرتنى كىشىلەر قىيامەتكە ئوخشايدىكەن دېيىشىپ، قىيامەت ھويلا - دەپ ئاتىغان.

## ئوتتۇرا مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 6.4 كىلومېتىر يىراقلىققا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 158 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئۈستەڭبويى كەنتى بىلەن قىيامەت ھويلا كەنتى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئوتتۇرا مەھەللە-دەپ ئاتالغان.

## قاقۇللا كەنت كومىتېتى

ئوغساق يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5.5 كىلومېتىر يىراقلىققا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950-يىلى توققۇزاق رايونى 2-يېزىسى بولغان. 1958-يىلى توققۇزاق گۇڭشې قاقۇللا 3-دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1960-يىلى ئوغساق گۇڭشې قاقۇللا 3-دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1983-يىلى ئوغساق رايونى قاقۇللا يېزا ئىگىلىك كوپراتىپىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى 8-ئايدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇرۇن بۇ كەنتتىكى دېھقانلار ئەمگەكچان بولغاچقا سىرتتىن كەلگەنلەر بۇلارنى قاراقۇللار دەپ ئاتىغان. كېيىن قاقۇللا غا ئۆزگىرىپ قالغان. تەۋەسىدە 3 تەبىئىي كەنت، 385 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1,575 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، قوناق، شال، قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: بەگگە مەھەللىسىدە.

## بەگگە مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 5.5 كىلومېتىر يىراقلىققا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 93 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا ناس چېكىدىغانلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، بەگگە مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

1984-يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئەسلى نامىنى ئۆزمە مەھەللىسى دەپ ئۆزگەرتكەن.

## جەپەر چوڭ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4.9 كىلومېتىر يىراقلىققا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 175 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا جەپەر چوڭ دېگەن ئادەم ئۆتكەن بولۇپ، ئەمما ئارىسىدا ئىناۋىتى يۇقىرى بولغاچقا كەنت شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن جەپەر چوڭ مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

## قادىر چوڭ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4.2 كىلومېتىر يىراقلىق-

قا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 117 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە قادىر چولاق دېگەن كىشى بولۇپ، كەنت شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن قادىر چولاق مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

## ھىلاكۇ كەنت كومىتېتى

ئوغساق يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 0.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى توققۇزاق رايونى 3 ـ يېزىسى بولغان. 1958 ـ يىلى توققۇزاق كوممۇنىسى ھىلاكو 4 ـ دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1960 ـ يىلى ئوغساق كوممۇنىسى 4 ـ دادۈي بولغان. 1983 ـ يىلى ئوغساق رايونى ھىلاكۇ يېزىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپى بولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇرۇن بۇ جايدا بىر شەھەر بولۇپ، بىر قېتىملىق جەڭدە ئادەملىرى ھالاك بولغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي ھىلاكو دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 8 تەبىئىي كەنت 1,635 نوپۇسى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 1,634 نەپەر، خەنزۇ 1 نەپەر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 5,655 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئۈستەڭبويى كەنتىدە.

## ئۈستەڭبويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 0.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى غەربى ئېگىز، شەرقى پەس. نوپۇسى 257 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ يەردىكى ئاھالىلەر ئۈستەڭنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۈستەڭ بويى ـ دەپ ئاتالغان.

## قوقتالىق ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 1.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 195 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ۋەيران بولغان قەدىمكى شەھەر سېپىلىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، قوقتالىق ھويلا ـ دەپ ئاتالغان.

## چوڭقۇرچاق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 6.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان يەر شەكلى چوڭقۇر، نوپۇسى 235 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت چوڭقۇر جايغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، چوڭقۇرچاق ـ دەپ ئاتالغان.

### جاڭگال كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 2·8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. نوپۇسى 175 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 174 نەپەر، خەنزۇ 1 نەپەر، قەدىمكى زاماندا بۇ جاي جاڭگاللىق بولۇپ، كېيىن كىشىلەر ئولتۇراقلىشىپ، بىنام ئېچىپ كەنت شەكىللەنگەندىن كېيىن جاڭگال ـ دەپ ئاتالغان.

### پوكانچى مەھەللىسى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 169 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا باشقىلارنىڭ ماللىرىنى سويۇپ بېرىدىغانلار كۆپ بولغاچقا بۇ كەنت پوكانچى مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### تۆۋەنكى ھويلا كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 1·6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 320 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدا 3 چوڭ ھويلا بولغانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەنكى ھويلا ـ دەپ ئاتالغان.

### كۆلبېشى كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1·5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 140 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتىكى كىشىلەر كۆلنىڭ ئەتراپىغا ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، كۆلبېشى ـ دەپ ئاتالغان.

### سوقا بېشى كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1·9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 164 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتىكى كىشىلەر سوقا ئورۇنلاشقان جاينىڭ يۇقىرى قىسمىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، سوقا بېشى ـ دەپ ئاتالغان.

### ئويباغ كەنت كومىتېتى

ئوغساق يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي قىسمىغا 2·5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز ـ پەس. 1950 ـ يىلى توققۇزاق رايونى 3 ـ يېزىسى بولغان. 1958 ـ يىلى توققۇزاق گۇڭشې ئويباغ 5 ـ دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1960 ـ يىلى

ئوغساق كۆكچى 5 ـ دادۈي بولغان. 1983 ـ يىلى ئوغساق رايونى ھەلاكو يېزىسى ئويباغ يېزا ئىگىلىك كوپراتىپى بولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 4 تەبىئىي كەنت، 1,536 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,638 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، قوناق، شال، كېۋەز قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى سەي كۆكتات. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئويباغ كەنتىدە.

### ئويباغ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 2.5 كىلومېتىر يىراقلىققا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز ـ پەس، نوپۇسى 379 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاينىڭ زېمىنى پەس بولۇپ، كىشىلەر كۆپلەپ باغ ئورمان بەرپا قىلغان. شۇڭا ئويباغ ـ دەپ ئاتالغان.

### ئويچۇق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 2.1 كىلومېتىر يىراقلىققا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز ـ پەس. نوپۇسى 339 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي چوڭقۇر جايغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئويچوڭقۇر دېيىلگەن. كېيىن ئويچۇققا ئۆزگەرگەن.

### دۆڭ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 2.3 كىلومېتىر يىراقلىققا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز ـ پەس. نوپۇسى 359 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئەسلىدە ئېگىز دۆڭلۈك بولۇپ، كىشىلەر ئۆي ـ جاي سېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، دۆڭ مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### سوقا بېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3.2 كىلومېتىر يىراقلىققا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 457 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. كىشىلەر سوقا ئورۇنلاشقان جاينىڭ يۇقىرى قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، سوقا بېشى ـ دەپ ئاتالغان

### يۇقارقى ئوغساق كەنت كومىتېتى

ئوغساق يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3 كىلومېتىر

يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى توققۇزاق رايونى 2 - يېزىسى بولغان. 1958 - يىلى توققۇزاق گۇڭشې يۇقارقى ئوغساق 6 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1983 - يىلى ئوغساق رايونى يۇقارقى ئوغساق يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپ بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ كەنت ئوغساق كەنتىنىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى ئوغساق دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 5 تەبىئىي كەنت 755 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,243 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. تۈرۈشلۈق ئورنى: قوغۇنچى مەھەللىسىدە.

### قوغۇنچى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۈرۈشلۈق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 210 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا قوغۇن تېرىپ ساتىدىغان كىشىلەر كۆپ بولغاچقا، قوغۇنچى مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### مىسكەر مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۈرۈشلۈق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 181 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ مىسكەرلىك ھۈنىرى بولغاچقا، مىسكەر مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### ماياقلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۈرۈشلۈق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 116 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت نامىنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

### ئوردا ئېرىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۈرۈشلۈق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 134 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. خان ئوردىسىغا سۇ بارىدىغان ئېرىق بولغاچقا ئوردا ئېرىقى - دەپ ئاتالغان.

### گۇمبەز ئالدى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۈرۈشلۈق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.8 كىلومېتىر يىراقلىق-

قا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 114 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا چوڭ گۈمبەز بولۇپ، ئاھالىلار شۇ گۈمبەزنىڭ ئالدىغا ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، گۈمبەز ئالدى - دەپ ئاتالغان.

### تۆۋەنكى ئوغساق كەنت كومىتېتى

ئوغساق يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى تونغۇزلاق رايونى 2 - يېزىسى بولغان. 1958 - يىلى تونغۇزلاق گۇڭشې تۆۋەنكى ئوغساق 7 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1960 - يىلى ئوغساق گۇڭشې تۆۋەنكى ئوغساق 7 - دادۈي بولغان. 1983 - يىلى ئوغساق رايونى تۆۋەنكى ئوغساق يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەسىدە 8 تەبىئىي كەنت، 1،691 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4695 مو ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، كېۋەز. قاتارلىقلار تېرىلىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى مېۋە. تۇرۇشلۇق ئورنى: قىرغىز ئېرىق كەنتىدە.

### قىرغىز ئېرىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 436 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا قىرغىزلار زېمىنىغا سۇ بارىدىغان بىر ئېرىق بولۇپ، شۇ ئېرىق بويىغا ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، قىرغىز ئېرىق - دەپ ئاتالغان.

### ئېرىقبويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 195 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە بىر ئېرىق بولۇپ ئاھالىلەر مۇشۇ ئېرىقنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئېرىقبويى - دەپ ئاتالغان.

### قوغۇن ئېرىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 162 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە قوغۇن تېرىيدىغانلار كۆپ بولۇپ، بىر ئېرىقتىن سۇ ئۆتكۈزىدىغان بولغاچقا قوغۇن ئېرىق - دەپ ئاتالغان.

### راۋاپچى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2·6 كىلومېتىر يىراقلىققا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 141 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا راۋاپچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپ بولغاچقا راۋاپچى مەھەللىسى دەپ ئاتالغان. ئەسلى نامى لولاڭ مەھەللىسى بولۇپ، 1984 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى راۋاپچى مەھەللىسى دېگەن نامغا ئۆزگەرتكەن.

### ئاغچام پاشا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 2·5 كىلومېتىر يىراقلىققا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 146 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە ئىلگىرى ئاغچام پاشا ئىسىملىك بىر مۇتىۋەر ئايال ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنى خاتىرلەش ئۈچۈن، ئاغچام پاشا كەنتى - دەپ ئاتالغان.

### يۇلغۇنلۇق مازار كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3·6 كىلومېتىر يىراقلىققا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 197 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر يۇلغۇنلۇق بىر مازار ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇلغۇن مازاركەنتى - دەپ ئاتالغان.

### ئۈژمىلىك كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3·5 كىلومېتىر يىراقلىققا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 153 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا ئۈژمە دەرىخى كۆپ بولۇپ، شۇڭا ئۈژمىلىك - دەپ ئاتالغان.

### ياربويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3·8 كىلومېتىر يىراقلىققا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز - پەس، نوپۇسى 259 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ياربويىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يار بويى - دەپ ئاتالغان.

### تۆۋەنكى مۇسۇما كەنت كومىتېتى

ئوغساق يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4·8 كىلومېتىر يىراقلىققا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى توققۇزاق رايونى غوجىلا 1 - يېزىسى بولغان. 1958 - يىلى توققۇزاق گۇڭشې تۆۋەنكى مۇسۇما 8 - دادۈي بولغان. 1960 - يىلى ئوغساق گۇڭشې تۆۋەنكى مۇسۇما 8 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن.

1983 - يىلى ئوغساق رايونى تۆۋەنكى مۇسۇما يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ كەنت مۇسۇما كەنتىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەنكى مۇسۇما دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 7 تەبىئىي كەنت، 1,574 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2773 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: مېۋە. تۇرۇشلۇق ئورنى: ھېيتكا مەھەللىسىدە.

### ھېيتكا مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.8 كىلومېتر يىراقلىققا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 369 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا چوڭ بىر مەسچىت بولۇپ، ئەتراپتىكى ئاھالىلەر ھەر يىلى ھېيت بولغاندا، مۇشۇ جايدا توپلىشىپ ھېيت ئۆتكۈزىدىغان بولغاچقا، ھېيتكا - دەپ ئاتالغان.

### پاقىلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.5 كىلومېتر يىراقلىققا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 311 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە بىر ئادەم بولۇپ، پاقىلا دەپ لەقىمى بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن پاقىلا كەنتى - دەپ ئاتالغان.

### دۆڭ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5.4 كىلومېتر يىراقلىققا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز - پەس. نوپۇسى 122 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئېگىز بىر جايغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، دۆڭ مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### ئارا مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.7 كىلومېتر يىراقلىققا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 415 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت پاقىلا بىلەن دۆڭ مەھەللە ئىككى كەنتنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئارا مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### يولنىڭ ئايىقى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.4 كىلومېتر يىراقلىقـ

قا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 416 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كە-
نت چوڭ يولنىڭ ئايىقىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يولنىڭ ئايىقى دەپ - ئاتالغان.

### بىدىلىك مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا
جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 106 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا
بىدە تېرىپ ساتىدىغانلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، بىدىلىك مەھەللىسى- دەپ ئاتالغان.

### ئېرىقبويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.3 كىلومېتىر يىراقلىق-
قا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 147 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ
كەنت چوڭ ئېرىقنىڭ بويىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئېرىقبويى - دەپ ئاتالغان.

# پاختەكلە يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

پاختەكلە يېزىسى كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ شەرقى-شىمالىغا جايلاشقان. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى ئۆي مەھەللە كەنتىدە، ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 11·75 كىلومېتىر، يەر شەكلى تۈزلەڭ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 39·95 كۋادرات كىلومېتىر (59,930 مو)، شەرقى يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ سەككىز تاش كەنتى بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇبى تەلۈچۈك دەرياسى ئارقىلىق ئوغساق يېزىسى بىلەن يۈپۈر تۇرىدۇ. غەربى زەمىن يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمالىي قىزىل دەريا بىلەن چېگرىلىنىپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ شائال باغ يېزىسى بىلەن قارشىپ تۇرىدۇ. 1985-يىللىق ستاتىستىكىغا قارىغاندا؛ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 22,892 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 33·9% نى، ئورمان كۆلىمى 4,544 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 7·58% نى، ئوتلاق 3,147 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 5·25% نى، باشقا كۆلەم 29,347 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 48·96% نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ يېزىنىڭ تەۋەلىكىدە 7 كەنت كومىتېت، 31 تەبىئىي كەنت بار. 1985-يىللىق ستاتىستىكىغا قارىغاندا؛ 2,302 ئائىلە، 10,567 نوپۇسى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 10,535 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 99·7% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئۆزبەك 26 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0·24% نى تەشكىل قىلىدۇ. خەنزۇ 6 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0·06% نى تەشكىل قىلىدۇ. «پاختەكلە» دېگەن سۆز ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ. ئۇچار قۇشلار ماكانى دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بۇ جاي سۇلۇق ئوتلاقلىق بولۇپ، پاختەك ۋە باشقا ئۇچار قۇشلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، «پاختەكلە» دەپ ئاتالغان. جەمھۇرىيەت مەزگىلىدە كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ سەمەن بەگلىكىگە تەۋە 3 يۈز بېشى ئاساسىدا باشقۇرۇلغان. 1950-يىلى كوناشەھەر ناھىيە سەمەن رايونىنىڭ 3-يېزىلىق ھۆكۈمىتى بولغان. 1954-يىلى قەشقەر شەھىرى تەنتەربىيە رايونى كېيىن 7-رايون تەۋەلىكىدە بولغان. 1958-يىلى كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ سەمەن، ئوغساق گۇڭشېنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆزگەرتىلگەن. (ھازىرقى 1-2-6-7-دادۈيلىرى سەمەنگە 3-4-5-دادۈيلىرى ئوغساق گۇڭشېغا قارايتتى) 1973-يىلى سەمەن گۇڭشېدىن 11-12-13-14-دادۈينى ئوغساق گۇڭشېدىن 1-2-3-دادۈينى ئايرىپ چىقىپ، ئايرىم پاختەكلە گۇڭشېسى بولۇپ قۇرۇلغان. تەۋەلىكىدە 7 دادۈي بولغان. 1984-يىلى 8-ئايدا پاختەكلە گۇڭشېسى پاختەكلە يېزىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، تەۋەلىكىدە 7 كەنت كومىتېت بولۇپ، ھازىرغا قەدەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلمەكتە.

بۇ يېزىنىڭ يەر شارائىتى، غەربتىن شەرققە يانتۇ بولۇپ، قىزىل دەريا بىلەن

تەلۈچۈك دەرياسىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان. يەر شەكلى بىر قەدەر تۈزلەڭ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1291.7 مېتىر. ئاساسەن بۇلاق سۈيى ۋە قىزىل دەريا سۈيىدىن پايدىلىنىپ تېرىقچىلىق قىلىدۇ. تۇپرىقى شال تۇپرىقى ۋە زەي تۇپراق. ئازساندا تۇلكەلانقا تۇپراق بولۇپ، ئۇزۇغلۇق مىقدارى يۇقىرى 2 دەريانىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، دەريا سۈيى ئۈستىدىن بېسىپ تۇرغاچقا يەر ئاستى سۈيىنىڭ. ئېقىشى راۋان ئەمەس. يەر ئۈستى سۈيى بىلەن يەر ئاستى سۈيى بىر-بىرىگە يېقىن تۇتاش بولغانلىقى ئۈچۈن سۇ مەنبەسى بىر قەدەر مول. شال تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشتا ياخشى شارائىتقا ئىگە. بۇ يېزىنىڭ ئېتىز ئېرىقى ئاساسى قۇرۇلۇشلىرى بىر قەدەر ياخشى، ئېتىز-ئېرىق سالالاشقان. رەتلىك ئورمان بەلبېغى ھاسىل بولغان، يوللىرى راۋان، بۇ جاي ناھىيىمىزنىڭ ئاساسلىق شالچىلىق رايونى بولۇپ كەلمەكتە.

بۇ يېزىنىڭ ھاۋاكىلىماتى مۆتىدىل، تۆت پەسىل ئېنىق، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 38.7℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى -25.3℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 80–100 مىللىمېتىر، يىللىق قىروسىز مەزگىل 210–220 كۈنگىچە؛ بۇ يېزادا دېھقانچىلىق ئاساسى قىلىنىپ، شال، بۇغداي، قوناق، كېۋەز، مايلىقدان قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى شال، قوغۇن، تاۋۇز. 1985-يىللىق ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 18,800 مو، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 11,197,000 جىڭ، بىرلىك مەھسۇلاتى 595.6 جىڭ بولۇپ، بۇ سابىق گۆڭشې تارىخىدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە ھېسابلىنىدۇ. كېۋەز كۆلىمى 3,000 مو، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 250 مىڭ جىڭ. بىرلىك مەھسۇلاتى 83.4 جىڭ بولۇپ، بۇسابىق گۆڭشې تارىخىدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە ھېسابلىنىدۇ. 1985-يىللىق ئومۇمىي كىرىم 3,257,705 يۈەنگە يەتكەن.

بۇ يېزا شال تېرىقچىلىقنى ئاساسى قىلىپ، ئاساسەن بۇلاق سۈيىدىن پايدىلىنىدۇ، ئۇندىن باشقا قىزىل دەريا سۈيىدىن پايدىلىنىپ قىسمەن يەرنى سۇغىرىدۇ. 4 غول ئۆستەڭ ۋە ئارماق ئۆستەڭ بولۇپ، ئۇزۇنلىقى 16.5 كىلومېتىر سۇغىرىش كۆلىمى 27 مىڭ مو. 1985-يىلى چارۋىلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قوتاندىكى قالدۇقى 9,451 تۇياق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ چارۋا 1,657 تۇياق. كىچىك چارۋا 7,800 تۇياق، ئورمان كۆلىمى 4,544 موغا يېتىپ، 1,017,786 تۈپ ھەرخىل دەرەخلەر بار. كىشى بېشىغا 101 تۈپتىن توغرا كېلىدۇ. كۆپ خىل ئىگىلىكمۇ خېلى تەرەققى قىلغان، يېزا باشقۇرىۋاتقان ئۇن زاۋۇتى، شال زاۋۇدى، خىش زاۋۇتى، شىفېر زاۋۇتى قاتارلىق كارخانىلارنىڭ بار. كارخانىلارنىڭ يىللىق كىرىمى 98,400 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي كىرىمنىڭ 3.02% نى تەشكىل قىلىدۇ. قاتناش شارائىتى قۇلايلىق، قەشقەر شەھىرىگە يېقىن. قەشقەر شەھىرى بىلەن كوناشەھەر بازار ئارىلىقىدا، كۆندە كوچا ئاپتوموبىللىرى قاتناپ تۇرىدۇ. يېزا بىلەن كەنت، كەنت بىلەن كەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى يوللارمۇ راۋان

يېزا بويىچە 16 ماشىنا، 54 تراكتور بار.

مەدەنىي مائارىپ سەھىيە ئىشلىرىمۇ خېلى تەرەققى قىلغان بولۇپ، ھازىر 1 ئوتتۇرا مەكتەپ، 21 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى خىزمەتچىسى 182 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بار، 7 باشلانغۇچ مەكتەپ، 120 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى خىزمەتچىسى 1,694 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بار. ئۇنىڭدىن باشقا كىنوخانا، رادىئو ئۆزىلى، مەدەنىيەت پونكىتى، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئورۇنلىرى بار. 1 دوختۇرخانا 11 نەپەر تېببىي خادىم 32 كېسەل كارۋىتى بار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە 7 ئورۇندا داۋالاش پونكىتى 9 نەپەر يالاڭئاياق دوختۇر بار. 1952 - يىلى پاختەكلە يېزىسىدىكى ھەر مىللەت دېھقانلىرى يەر ئىسلاھاتىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ ماۋجۇشىغا خەت يېزىپ ئەۋەتكەن. ماۋجۇشى 1952 - يىلى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى نامىدىن پاختەكلە يېزىسىدىكى ھەر مىللەت دېھقانلىرىغا جاۋاپ خەت يېزىپ رەھمەت ئېيتقان.

# 中央人民政府委員會

喀什區疏附縣帕哈太克里鄉全體農民同志：

感謝你們今年三月在慶祝土地改革勝利時寫給我的信。你們已經從地主階級封建土地所有制的束縛中獲得解放，希望你們在愛國豐產的口號之下，更加團結，努力生產，改善自己的物質生活，並在這個基礎之上，一步一步地提高自己的文化水平。

毛泽东

一九五二年八月二十日

# مەركىزى خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتى

قەشقەر رايونى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ پاختەكلى
يېزىسىدىكى بارلىق دېھقان يولداشلارغا :
سىلەرنىڭ بۇ يىل 3-ئايدا يەر ئىسلاھاتىنىڭ غەلىبىسىنى
تەبرىكلەش ۋاختىدا ماڭا يازغان خېتىڭلار ئۈچۈن رەھمەت
ئېيتىمەن. سىلەر پومېششىكلارنىڭ يەر ئىگىلەش
تۈزۈمىنىڭ ئاسارىتىدىن ئازات بولدۇڭلار، سىلەر-
نىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك مول ھوسۇل ئېلىش شۇئارى
ئاستىدا تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ، تىرىشىپ ئىشلەپچىقىرىپ
ئۆزۈڭلارنىڭ ماددى تۇرمۇشۇڭلارنى
ياخشىلىشىڭلارنى ۋە شۇ ئاساستا مەدەنىيەت
سەۋىيەڭلارنى قەدەممۇ-قەدەم ئۆستۈرۈ-
شىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

ماۋزېدوڭ

1952-يىلى 8-ئاينىڭ 30-كۈنى

# پاختەكلە يېزىسى تەۋەسىدىكى يەر ناملىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇشى

## پاختەكلە يېزىسى

تەزكىرىسى «پاختەكلە يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا

### تۆۋەنكى پاختەكلە كەنت كومىتېتى

پاختەكلە يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 2·8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، قىزىل دەريا كۆۋرۈكىنىڭ قېشىغا جايلاشقان. 1950-يىلى سەمەن رايونى 11 - يېزىسى بولغان. 1953 - يىلى قەشقەر شەھىرى تەنتەربىيە رايونى تەۋەلىكىدە بولغان. كېيىن 7 رايون تەۋەلىكىدە بولغان. 1958- يىلى سەمەن گۇڭشېغا قاراشلىق تۆۋەنكى پاختەكلە 12- دادۈي بولغان. 1973 - يىلى پاختەكلە گۇڭشې تۆۋەنكى پاختەكلە 1- دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 8- ئايدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. پاختەكلە كەتتىنىڭ ئاياغ قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن تۆۋەنكى پاختەكلە دەپ ئاتالغان. قارمىقىدا 5 تەبىئىي كەنت 1,970 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يېرى 3,490 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، شال، كېۋەز، قاتارلىقلار تېرىلىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى شال، تۇرۇشلۇق ئورنى؛ دۆڭ مەھەللە كەنتىدە.

### دۆڭ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇررشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 2·8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز-پەس، نوپۇسى 453 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئېگىز دۆڭ جايغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، دۆڭ مەھەللە-دەپ ئاتالغان.

### ئەمەت ھاجى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 2·2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 528 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا ئەمەت ھاجى دېگەن بىر نوپۇزلۇق ئادەم بولۇپ، كىشىلەر شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئەمەت ھاجى مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

**تۇگمەنبېشى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 2.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 290 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا بىر نەچچە تاش تۇگمەن بولۇپ، ئاھالىلەر شۇ تۇگمەننىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۇگمەنبېشى ـ دەپ ئاتالغان.

**نو بېشى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ، شەرقىي جەنۇبىغا 3.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 172 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا زېمىنغا سۇ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بىر نو ياسالغان، ئاھالىلەر شۇ نونىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، نو بېشى ـ دەپ ئاتالغان.

**جۇۋازچى مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 432 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا جۇۋاز چۆرۈگەن ئادەملەر كۆپ بولغاچقا، جۇۋازچى مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

**پاختەكلە كەنت كومىتېتى**

پاختەكلە يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 0.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى سەمەن رايونىنىڭ 11 ـ يېزىسى بولغان. 1953 ـ يىلى قەشقەر شەھىرى تەنتەربىيە رايونى تەۋەلىكىدە بولۇپ، كېيىن 7 ـ رايونغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 ـ يىلى سەمەن گوڭشې 11 ـ دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1973 ـ يىلى پاختەكلە گوڭشې 2 ـ دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ جاي ئەسلى ساسلىق يەر بولۇپ، پاختەك قاتارلىق قۇشلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن پاختەكلە دەپ ئاتالغان. قارمىقىدا 4 تەبىئىي كەنت، 1,865 نەپەر نوپۇسى بار، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,445 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، شال، كېۋەز قاتارلىقلار تېرىلىدۇ، ئالاھىدە مەھسۇلاتى شال. تۇرۇشلۇق ئورنى: مەھەممەت نىياز ھاجى مەھەللىسىدە.

**مەھەممەت نىياز ھاجى مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 0.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 767 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا بۇرۇن

مەھەممەت نىياز ھاجى دېگەن نوپۇزلۇق بىر ئادەم ئۆتكەن بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن مەھەممەت نىياز ھاجى مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان

**ئىسمايىل كوسا مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 0.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 245 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە ئىسمايىل كوسا دەيدىغان بىر ئادەم بولۇپ، كەنتنىڭ نامى شۇ كىشىنىڭ ئىسمى ۋە لەقىمى بىلەن ئىسمايىل كوسا مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

**ئويكوچا كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 0.2 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز پەس، نوپۇسى 443 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئوي چۇڭقۇر جايغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئويكوچا ـ دەپ ئاتالغان.

**مامۇت ھاجىنىڭ مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 0.7 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 230 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا مامۇت ھاجى دەپ ئاتالغان يۇرت چوڭى بولۇپ، كەنت شۇنىڭ نامى بىلەن مامۇت ھاجى مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

**يۇقارقى پاختەكلە كەنت كومىتېتى**

پاختەكلە يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 3.8 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 ـ يىلى سەممەن رايونى 10 ـ يېزىسى بولغان، 1954 ـ يىلى سەممەن رايونى 8 ـ يېزىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 ـ يىلى توققۇزاق گۇڭشېگە قاراشلىق دادۈي بولغان. 1960 ـ يىلى ئوغساق گۇڭشې يۇقارقى پاختەكلە 3 ـ دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1973 ـ يىلى پاختەكلە گۇڭشې 3 ـ دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. پاختەكلە يېزىسىنىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن. يۇقارقى پاختەكلە دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 5 تەبىئىي كەنت 1,375 نوپۇسى بار، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 1,359 نەپەر، ئۆزبېك 16 نەپەر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,902 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، شال، كېۋەز، قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى شال، تۇرۇشلۇق ئورنى: پاۋان مەھەللىسىدە

**پاۋان مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 2.8 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشـ

قان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 307 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇنىڭدىن 150-يىل ئىلگىرى نىياز پاۋان قاتارلىق بىر قانچە ئۇۋچى ئولتۇرۇپ ئۇتكەن بولۇپ، ئۇۋچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى ئۈچۈن، پاۋان مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### قۇۋانچۇقنىڭ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 4.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 206 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا قۇۋان چوڭ دېگەن بىر ئابرۇيلۇق ئادەم ئۆتكەن بولۇپ، كەنت نامى شۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن قۇۋانچوڭنىڭ مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### ئارا مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 3.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 136 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت پاۋان مەھەللىسى ۋە قۇۋان چوڭ مەھەللىسى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئارا مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### سۇپى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 0.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 465 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 449 نەپەر، ئۆزبەك 16 نەپەر، بۇ جايدا ئىلگىرى سۇپاخۇن ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، كەنت ئىسمى شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن سۇپى مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### قىيش مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 0.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. نوپۇسى 261 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە ئىلگىرى ئابلا قىيش دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن قىيش مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### سۇغۇلۇق كەنت كومىتېتى

پاختەكلە يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 6.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى غەربى ئېگىز، شەرقى پەس. 1950 - يىلى توققۇزاق رايونى 3 - يېزىسى بولغان. 1958 - يىلى توققۇزاق گۇڭشې سۇغۇلۇق 4 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1960 - يىلى ئوغساق گۇڭشې سۇغۇلۇق 4 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1973 - يىلى پاختەكلە گۇڭشى 4 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ جاي

قىزىل دەريانىڭ ئىككى تارمىقىنىڭ ئاغزىغا جايلاشقان. كەلكۈن كەلگەندە سۈئۈلۈغ كېلىدىغان بولغاچقا سۇ ئۇلۇغ دەپ ئاتالغان. كېيىن تىلنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن سۈغۇلۇق قا ئۆزگەرگەن. تەۋەسىدە 2 تەبىئىي كەنت، 1,048 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,761 مۇ، ئاساسلىق مەھسۇلاتى، بۇغداي، قوناق، شال، كېۋەز، قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى شال، تۇرۇشلۇق ئورنى: قاقچا كەنتىدە.

### قاقچا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 6.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى غەربى ئېگىز، شەرقى پەس. نوپۇسى 535 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر، ئىلگىرى بۇ جايدا ئادەم يوق ساسلىق بولۇپ كېيىن ئاھالىلەر ئولتۇراقلىشىپ قاقچا ـ دەپ ئاتالغان.

### ئۆژمىلىك كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى غەربى ئېگىز شەرقى پەس، نوپۇسى 513 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا ئۆژمە دەرىخى كۆپ بولغاچقا، ئۆژمىلىك ـ دەپ ئاتالغان.

### شورباغ كەنت كومىتېتى

پاختەكلە يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 ـ يىلى سەمەن رايونى 10 ـ يېزىسى بولغان. 1958 ـ توققۇزاق رايون تەۋەلىكىدە بولغان. 1960 ـ يىلى ئوغساق گۇڭشې 3 ـ دادۇيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1973 ـ يىلى پاختەكلە گۇڭشې شورباغ 5 ـ دادۇيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 4 تەبىئىي كەنت، 1,233 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر، تېرىلغۇ يېرى 3,080 مۇ، ئاساسلىق مەھسۇلاتى، بوغداي، قوناق، شال، كېۋەز قاتارلىقلار، ئالاھىدە مەھسۇلاتى شال، تۇرۇشلۇق ئورنى: شورباغ كەنتىدە.

### شور باغ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 295 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇ كەنتنىڭ زېمىنى شورلۇق بولۇپ، كىشىلەر تەدرىجى ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق باغ ئەھيا قىلغان، كېيىن شورباغ ـ دەپ ئاتالغان.

**يۇقۇرسى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 229 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت شورباغ كەنتىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقۇرسى - دەپ ئاتالغان.

**بېلىقلىق كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، تەلۈچۈك دەريا كۆۋرۈكىنىڭ قېشىغا جايلاشقان. نوپۇسى 324 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇ كەنت قىزىل دەرياسى بويىغا جايلاشقان. يەنە بىر قانچە بۇلاق بولۇپ، سۇ مەنبەسى كۆپ بېلىق كۆپ بولغانلىقتىن، بېلىقلىق - دەپ ئاتالغان.

**نوبېشى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 385 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇرۇن بۇ كەنتتە سۇ ئۆتكۈزىدىغان بىر چوڭ نو بولۇپ، كەنتتىكى ئاھالىلەر شۇ نونىڭ باش تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، نو بېشى - دەپ ئاتالغان.

**يۇقارقى قاقۇللا كەنت كومىتېتى**

پاختەكلە يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 2.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى سەمەن رايونى 12 - يېزىسى بولغان 1953 - يىلى قەشقەر شەھىرى تەنتەربىيە رايونىغا قاراشلىق بولۇپ، كېيىن 7 - رايونغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى سەمەن گۇڭشې 14 - دادۈي بولغان. 1973 - يىلى پاختەكلە گۇڭشې يۇقارقى قاقۇللا 6 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ جاي بۇرۇن شورلۇق بولۇپ دېھقانلار شور يۇيۇپ يەر ئېچىشى ئۈچۈن كىچە كۈندۈزلەپ جاپالىق ئىشلەپ كەلگەن. سىرتتىن كەلگەن كىشىلەر بۇلارنى قۇلغا ئوخشاشى ئىشلەيدىكەن دېگەن. شۇنىڭ بىلەن يۇقارقى قاقۇللا دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 5 تەبىئىي كەنت، 1,085 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,360 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى، بۇغداي، قوناق، شال كېپەز قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى شال. تۇرۇشلۇق ئورنى: توپۇلۇق مەھەللىسىدە.

**توپۇلۇق مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 2.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 290 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە خالىقھاجى توپۇق دەپ لەقىمى بار كىشى ئۆتكەن بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن توپۇق مەھەللىسى دەپ ئاتالغان. كېيىن توپۇلۇق مەھەللىسىگە ئۆزگەرگەن.

**بەشتاش كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 2.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 148 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە 5 تاش تۈگمەن بولۇپ، ئاھالىلەر توگمەن ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، بەشتاش ـ دەپ ئاتالغان.

**قىپچاق مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 2.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 223 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە قىپچاق قەبىلىسى بولۇپ، بۇلاردىن بىرقانچە ئائىلە يەرلىك بولۇپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. شۇڭا قىپچاق مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

**نو بېشى مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 2.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 240 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا چوڭ بىر نۇ بولۇپ، ئاھالىلەر شۇ نو ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، نو بىشى مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

**كوچا مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 2.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 184 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە ئاھالىلەر ئولتۇراقلىشىپ بىر كوچا ھاسىل قىلغاچقا، كوچا مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

**تۆۋەنكى قاقۇللا كەنت كومىتېتى**

پاختەكلە يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 3.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 ـ يىلى سەمەن رايونى 12 ـ يېزىسى

بولغان. 1953 – يىلى قەشقەر شەھەرى تـەنتەربىيە رايونىغا قاراشلىق بولغان. 1958 – يىلى سەمەن گـۇڭشې تـۈۋەنكى قاقـوللا 13 – دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1973 – يىلـى پاختەكلە گۇڭشې تۈۋەنكى قاقوللا 7 – دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 – يىلـى 8 – ئايدا كەنت كـومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. قاقوللا كەنتىنىڭ تۈۋەنكـى تەرىپىگە جايلاشقانلىقـى ئـۈچۈن، تـۈۋەنكـى قـاقوللا دەپ ئـاتـالغان. تـەۋەسىدە 6 تـەبىئىي كەنت، 1,554 نـوپـۇسى بـولۇپ، ھـەممىسى ئـۇيغۇر. تـېرىلغۇ يـەر كـۆلىمى 3,954 مـۇ، ئاساسلىق مەھـسۇلاتى بۇغداي، قوناق، شال، كېپەز قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھـسۇلاتى شال، تۇرۇشلۇق ئورنى: كەنت ئېچى كەنتىدە.

### كەنت ئېچى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 3.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 264 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئۆستەڭبويـى ۋە دۆڭ مەھەللە 2 كەنتىنىڭ ئـوتتۇرىسىغا جـايلاشقانلىقى ئۈچۈن، كـەنت ئېچى – دەپ ئاتالغان.

### ئۆستەڭبويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايـلاشقان. يـەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 298 نەپەر بولۇپ، ھـەممىسى ئـۇيغۇر. بـۇ كـەنت يېڭىشەھەرگە سۇ ماڭىدىغان ناچۇق ئـۆستەڭ بويىغا جـايلاشقانلىقتىن ئـۆستەڭ بويى – دەپ ئاتالغان.

### دۆڭ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جـەنۇبىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز پەس، نوپۇسى 288 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر، بـۇ كەنت دۆڭلۈككە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، دۆڭ مەھەللە – دەپ ئاتالغان.

### سوقابېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يـەر شەكلـى تۈزلەڭ، نوپۇسى 227 نەپـەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە 12 سوقا بولۇپ، ئاھالىلەر سۇقىنىڭ باش تەرىپىگـە جايلاشقانلىقى ئۈچـۈن، سوقا بېشى – دەپ ئاتالغان.

### شور مەھەللىسى


يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا

جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 188 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇ كەنت بۇرۇن شورلۇق بىنام بولۇپ، كېيىن يەر تۈزلەشتۈرۈپ ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن شور مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

**يۇلغۇنلۇق مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.3 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 289 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئەسلى يۇلغۇنلۇق بولۇپ، كېيىن كىشىلەر ئولتۇراقلىشىپ يۇلغۇنلۇق مەھەللىسى دەپ ئاتالغان.

# سەھەن يېزىسىنىڭ يەر ـ جاي ناملىرى خەرىتىسى



# سەمەن يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

سەمەن يېزىسى كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. يېزىلىق ھۆكۈمەت قەشقەر شەھىرى شامال باغ يېزىسى چۆيۈنچى كەنتىگە ئورۇنلاشقان بولۇپ، ناھىيە مەركىزىگە 13.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. ئومۇمىي كۆلىمى، 31.02 كۋادىرات كىلومېتىر (46.535 موغا تەڭ). شەرقى قەشقەر شەھىرى شامالباغ يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. جەنۇبى قىزىل دەرياسى ئارقىلىق پاختەكلە يېزىسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ. غەربى لەڭگەر يېزىسى بىلەن، شىمالى تۈمەن دەرياسى ئارقىلىق خائىدى يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. 1985 - يىلى يىل ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا. بۇ يېزىنىڭ دېھقانچىلىق تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 20,300 مو بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 43.6% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئورمان يېرى 3,113 مو بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 6.68% نى، باغ كۆلىمى 801 مو بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 1.73% نى، باشقا كۆلىمى 22,313 مو بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 47.94% نى ئىگىلەيدۇ. بۇ يېزا تەۋەسىدە 7 كەنت كومىتېت، 47 تەبىئىي كەنت بار. 1985 - يىلى يىل ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىدىن قارىغاندا؛ 2,648 ئائىلە 11,970 نوپۇسى بولۇپ، بۇنىڭدىن؛ ئۇيغۇر 11,946 ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 99.79% نى، خەنزۇ 24 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.2% نى ئىگىلەيدۇ. ئەسلى ئىسمى سەھەرمەن بولۇپ، بۇ يېزا قەشقەر شەھىرىگە يېقىن بولغاچقا قوشۇمچە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئەپلىك. بۇ يېزىدىكى نەچچە ئەۋلاد كىشىلەر سەھەر تۇرۇپ كەچ يېتىپ تىرىشچانلىقتا ئادەتلەنگەن. ئەتىگەندە سەي كۆكتات ئېلىپ قەشقەرگە ئەكىرىپ سېتىپ، قايتىش ۋاقتىدا شەھەردىن ئوغۇت ئېلىپ قايتىپ، ئېتىز - ئېرىق ئەمگىكىنى بوشاشتۇرمىغان. بۇ خىل ئالاھىدىلىككە ئاساسەن بۇ جايدىكى كىشىلەرنى سەھەرمەن دەپ ئاتاپ، كېيىن تىلنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بۈگۈنكىچە «سەمەن» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

سەمەن يېزىسى جۇمھۇرىيەت مەزگىلىدە، كوناشەھەر ناھىيىسى تەۋەسىدە بىر بەگلىك بولغان. 16 يۈز بېشى قارىغان. 1950 - يىلى كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق سەمەن رايونى بولۇپ، تەۋەلىكىدە 16 يېزا بولغان، 1954 - يىلى بۇ يەرگە قاراشلىق مۇش سۇللۇق، بۈۋئاتام، كاندىر، ساي قاتارلىق 5 يېزىنى ئايرىپ لەڭگەر رايونى قۇرۇلغان. قوغاننىڭ خائىد يېزىسىنى سەمەن رايونى تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. تەۋەلىكىدىكى پايناپ، قازىرىق، قاقوللا، پاختەكلەر قاتارلىق 4 يېزىسىنى قەشقەر شەھىرىگە ئايرىپ بەرگەن. 1956 - يىلى قاقوللا پاختەكلە 2 يېزىنى قايتىدىن سەمەن رايونىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. 1958 - يىلى 3 - ئايدا ئاپتونوم

رايوننىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، سەمەن يېزىسى قايتىدىن كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئۆت-
كۈزۈپ بېرىلگەن. (كۆك، ئېرىق، دۆڭ ئېرىق قاتارلىق 6 دادۈي قەشقەر شەھىرىگە قال-
غان) 1973 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقى ئارقىلىق، سەمەن گۇڭشېغا قاراشلىق
11 - 12 - 13 - 14 - قاتارلىق 4 دادۈي ئايرىلىپ پاختەكلە گۇڭشې قۇرۇلغان. 1984 -
يىلى 8 - ئايدا سەمەن گۇڭشېدىن 6 دادۈينى ئايرىپ خاندى يېزىسى قۇرۇلغان. يۇقىرىقى
ئۆزگىرىشلەردىن كېيىن سەمەن يېزىسىدا ھازىر 7 كەنت كومىتېت بار. سە-
مەننىڭ يەر شەكلى غەربتىن شەرققە يانتۇ بولۇپ، بىر قەدەر تۈزلەڭ. دېڭىز يۈزىدىن
ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1,400 مېتر، ئاساسلىق سۇ مەنبەسى قىزىل دەرياسى بولۇپ، تۇپ-
رىقى ئۆلكە لاتقا تۇپراق، ئادەتتە ئوتتۇرا ئەت تۇپراق ھېسابلىنىدۇ. ئۇنۇمدارلىقى يۇقىرى
ئوغۇت مەنبەسى كەڭرى، ئاساسەن قەشقەر شەھىرىنىڭ ئوغۇتىغا تايىنىدۇ. ھاۋا كېلىماتى مۆ-
تىدىل، 4 پەسىل ئېنىق، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.3℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا
38.7℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا -25.3℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى
60 - 80 مىللىمېتىر، يىللىق كۈننىڭ يورۇتۇش ۋاقتى 2800 سائەت، يىللىق قىروسىز
مەزگىلى 210 كۈندىن 220 كۈنگىچە بولىدۇ. ئاساسلىق ئاشلىق زىرائىتى بۇغداي،
ئاق قوناق، كۆممە قوناق، شال قاتارلىقلار، ئاساسلىق ئىقتىسادىي زىرائىتى كېۋەز، سەي-
كۆكتات، قوغۇن. 1985 - يىلى، يىل ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسەن، ئاشلىق زىرا-
ئەت تېرىلغۇ كۆلىمى 20,800 مو، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 7 مىليون 201 مىڭ جىڭ. بىر-
لىك مەھسۇلاتى 346 جىڭ، كېۋەز 1,200 مو بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 174 مىڭ
جىڭ، بىرلىك مەھسۇلاتى 145 جىڭ، مايلىقدان 400 مو، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 185
مىڭ جىڭ بولۇپ، بۇ يېزىنىڭ تارىخىدا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلغان يىل
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەرخىل كۆكتات قوغۇن، تاۋۇز، سامساق تېرىلىدۇ.
ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولغان چىلگىنىڭ پىششىقى بالدۇر. 1985 - يىلى يىل
ئاخىرىدىكى چارۋىنىڭ قوتان قالدۇقى 14,803 تۇياق بولۇپ، بۇنىڭدىن چوڭ
چارۋا 3,002 تۇياق، ئۇششاق چارۋا 11,801 تۇياق، ئومۇمىي كىرىم 4 مىليون
407 مىڭ 540 يۈەن، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 668.5 جىڭ، كىشى بې-
شىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم 368.02 يۈەن. بۇ يېزا دائىرىسىدە تۈمەن دەرياسى بولۇپ
بۇ دەريا بۇلاق سۈيىدىن ھاسىل بولغان يامغۇر سۇلىرى بىرلىشىپ دائىم
ئېقىپ تۇرىدىغان دەريا ئېقىنى پەيدا بولغان، سەمەن يېزىسىدىن ئاقىدىغان قىسمى 7
كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا. تۈمەن دەريا سۈيىدىن پايدىلىنىپ شال تېرىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا
شەھەر ئۆستەڭ ئاۋات ئۆستەڭ بولۇپ، يېزا بويىچە دېھقانچىلىقتا مۇشۇ ئىككى ئۆستەڭگە
تايىنىدۇ. سۇغۇرىلىدىغان كۆلىمى 51 مىڭ مو، بۇ يېزىنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىك تەرەققىياتى
نىسبەتەن تېز بولغاچقا، يېزىدا ئۇن زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى، شال زاۋۇتى، پاختا زا-

ۋۇتى، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتى قاتارلىق يېزا باشقۇرغان كارخانىلار بار. يىللىق كىرىم 697 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، يېزا ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 15.8% نى تەشكىل قىلىدۇ. قاتناش ئىشلىرى ئوڭاي، قەشقەر شەھىرىدىن 1 ئېلېكتر ئىستانسىسىگە بارىدىغان تاشيول بۇ يېزىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. يېزا كەنتلەر ئوتتۇرىسىدا ئورمان بەلبېغى تاشيول بار. قاتناش ئىشلىرى راۋان. مەدەنىي مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان. 1985 - يىلى يىل ئاخىرىدا 1 ئوتتۇرا مەكتەپ، ئوقۇتقۇچى ئىشچى - خىزمەتچىسى 46 نەپەر، مەكتەپتە بار ئوقۇغۇچى 325 نەپەر، باشلانغۇچ مەكتەپ 5، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 103 نەپەر بولۇپ، مەكتەپتە بار ئوقۇغۇچى 1,516 نەپەر، كىنوخانا 1، يېزىلىق شىپاخانا 1، تېببىي خادىم 19 نەپەر، كېسەل كارۋىتى 53 دانە، ئامبولاتورىيە رېنتگېن ئۆيى، لابوراتورىيە ئىچكى - تاشقى بۆلۈم ئاياللار بۆلۈم بار. يەنە 7 داۋالاش پونكىتى 8 نەپەر يالاڭئاياق دوختۇر بار.

# سەمەن يېزىسى تەۋەسىدىكى يەرناملىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇشى

سەمەن يېزىسى

تەزكىرىسى «سەمەن يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا!

## ئاتھاغۇ كەنت كومىتېتى

سەمەن يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 1·3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى سەمەن رايونى 5 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 - يىلى سەمەن گۇڭشې ئاتھاغۇ 5 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەسىدە ئاتھاغۇ كەنتى بولغانلىقتىن، شۇ نام بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 12 تەبىئىي كەنت، 2,700 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4,450 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆمەقوناق، كېۋەز. ئالاھىدە مەھسۇلاتى كۆكتات، تۇرۇشلۇق ئورنى: كىچىك ئۆستەڭ بويى كەنتىدە.

## كىچىك ئۆستەڭبويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 1·3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 218 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتىكى ئاھالىلەر بىر كىچىك ئۆستەڭنىڭ ئىككى ياقىسىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، كىچىك ئۆستەڭبويى - دەپ ئاتالغان.

## يايەت كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 292 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. يايەت - يائەت دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى يارئەت دېگەن بولۇپ، بۇ كەنت يارنىڭ بېشىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يايەت - دەپ ئاتالغان.

## ئاتھاغۇ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 1·4 كىلومېتىر يىراقلىقتا

جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 275 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن ئەنجان تەرەپكە ئۆتىدىغان ئاتچى ۋە سودىگەرنىڭ ئات ئۇلاغلىرى مۇشۇ جايدا ھاردۇق ئېلىپ ئۆتىدىغان جاي بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاتھاغۇ - دەپ ئاتالغان.

**ئاق ھويلا كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 350 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جاي ئاق يەر بولۇپ، ئاھالىلەر كۆچۈپ كېلىپ ئۆي سېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاق ھويلا - دەپ ئاتالغان.

**كالتا بازار كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 3.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 384 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا بىر كىچىك بازار بولغانلىقىدىن كالتا بازار - دەپ ئاتالغان.

**چاچباغ كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 180 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا پارچە پۇرات باغلار كۆپ بولغانلىقىدىن چاچباغ - دەپ ئاتالغان.

**ئەمەت ئىمام مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 2.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 278 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئەسلى نامى جودا مەھەللىسى. بۇرۇن بۇ جايدا ئىمىن جودا دېگەن بىر ئادەم ئۆتكەن بولۇپ، كەنت نامى شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن ئاتالغان. 1984 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئەسلى نامىنى ئەمەت ئىمام مەھەللىسى - دەپ ئۆزگەرتكەن.

**قاساپ مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 1.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 183 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر بۇ كەنتنىڭ ئەسلى نامى تەخەي مەھەللىسى بولۇپ، 1984 - يىلى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى قاساپ مەھەللىسىگە ئۆزگەرتكەن.

### قورغان كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 0.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 223 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە قورغان شەكلىدىكى تاملار كۆپ بولغانلىقتىن قورغان مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### ناسىر بەگگە مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 12.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 127 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە ناسىر دېگەن بىر كىشى بولۇپ، لەقىمى بەگگە بولغانلىقتىن ئۇزۇنلۇق لەقىمى بويىچە ناسىر بەگگە مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### ھوشۇر سەتەڭنىڭ سېيى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 13.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 115 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇرۇن بۇ جاي ساي بولۇپ، ھوشۇر سەتەڭ دېگەن كىشى ئىگىلىگەن، كەنت شەكىللىنىپ ھوشۇر سەتەڭ سېيى - دەپ ئاتالغان.

### شېكەر باغ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 17.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 95 نەپەر ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇرۇن بۇ جاي جاڭگال سايلىق بولۇپ، كىشىلەر كۆچۈپ كېلىپ يەر ئېچىپ كۆكەرتىلگەنلىكتىن شېكەر باغ - دەپ ئاتالغان.

### دۆڭئېرىق كەنت كومىتېتى

سەمەن يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 1.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى سەمەن رايونى 4 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى سەمەن رايونى 6 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى سەمەن گوڭشې دۆڭئېرىق 6 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. ئىلگىرى بۇ جايدا بىر ئېگىز ئېرىق بولۇپ، ئاھالىلەر شۇ ئېرىقنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، دۆڭئېرىق دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت، 1,700 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,007 مو ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: باداڭ كوچا كەنتىدە.

### باداڭ كوچا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 426 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا كىرىم ھاجى دېگەن بىر كىشى بولۇپ لەقىمى باداڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، كەنت ئىسمى شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن ئاتالغان.

### باقى ھاجىمنىڭ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 1·8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 325 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە باقى ھاجىم دېگەن ئىناۋەتلىك بىر كىشى بولۇپ، كەنت نامى شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن باقى ھاجىمنىڭ مەھەللىسى — دەپ ئاتالغان.

### دۆڭ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 1·7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى ئېگىز - پەس، نوپۇسى 272 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ ئورۇنلاشقان جايى دۆڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، دۆڭ مەھەللە — دەپ ئاتالغان.

### قۇمتاي مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 313 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. رىۋايەتلەردىن قارىغاندا بۇرۇن بۇ جاي قۇملۇق بولۇپ، بىر كىشى تايغا مىنىپ مۇشۇ قۇملۇققا كەلگەندە ئۆلگەن. كېيىن كىشىلەر بۇ جايدا بىنام ئېچىپ كەنت شەكىللەنگەندىن كېيىن، قۇمتاي مەھەللىسى — دەپ ئاتالغان.

### يېڭىئايماق مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1·4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 203 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت يېڭىدىن قۇرۇلغانلىقتىن يېڭىئايماق مەھەللىسى — دەپ ئاتالغان.

### ئالىمخاننىڭ سېيى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي تەرىپىگە 16 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 53 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئالىمخان دېگەن كىشى بۇ سايدا دەسلەپ بىنام ئاچقانلىقتىن ئالىمخاننىڭ سېيى - دەپ ئاتالغان.

## تۇغ كەنت كومىتېتى

سەمەن يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 3.3 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 – يىلى سەمەن رايونى 6 – يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 – يىلى سەمەن رايونى 3 – يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 – يىلى سەمەن گۇڭشې تۇغ 7 – دادۈي بولغان. 1984 – يىلى 8 – ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۈمەن دەرياسىغا بىر تۇغ سېلىپ ئېتىز – ئېرىقلارنى سۇغارغانلىقتىن تۇغ دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 10 تەبىئىي كەنت، 2,053 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4,307 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، شال، كېۋەز قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئۆستەڭ بويى كەنتىدە.

## ئۆستەڭبويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 3.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 386 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر ئۆستەڭنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۆستەڭبويى – دەپ ئاتالغان.

## قاتاڭ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 2.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 405 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا قۇربان قاتاڭ لەقەملىك بىر كىشى بولۇپ، شۇنىڭ لەقىمى بويىچە قاتاڭ مەھەللىسى – دەپ ئاتالغان.

## چار باغ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز – پەس، نوپۇسى 203 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا بىر چوڭ باغ بولۇپ، مەنزىرىسى كۆركەم بولغانلىقتىن چارباغ – دەپ ئاتالغان.

## ساراي مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 2.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 126 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا پالات مىزان دېگەن بىر كىشى بىر دەڭ ئاچقان بولۇپ، يولۇچىلار بۇ جايدا قونۇپ ئۆتكەنلىكتىن ساراي مەھەللىسى – دەپ ئاتالغان.

### ئويكوچا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 2·4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز - پەس، نوپۇسى 177 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئويمان جايغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئويكوچا - دەپ ئاتالغان.

### ئۇزۇنكوچا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3·4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 248 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتىكى ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشى ئۇزۇنكوچا شەكلىدە بولغانلىقتىن ئۇزۇنكوچا - دەپ ئاتالغان.

### توختى شەيخ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 11·5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 130 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ دەسلەپكى شەكىللىنىشىدە توختى شەيخ دېگەن ئادەم ئولتۇراقلاشقانلىقتىن، شۇنىڭ ئىسمى بىلەن توختى شەيخ مەھەللىسى دەپ ئاتالغان.

### ئاقتام كۆلبېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 177 بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە بىر چوڭ كۆل بولۇپ كۆلنىڭ 4 ئەتراپىغا تام ئېتىپ ئاقارتىلغانلىقتىن ئاقتام كۆلبېشى - دەپ ئاتالغان.

### تۇما بېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 4·2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 211 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە بىر تۇما بولۇپ، ئاھالىلەر بۇ تۇمىنىڭ بېشىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۇما بېشى - دەپ ئاتالغان.

### ھاجى پەرەڭنىڭ سېيى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 19 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 43 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جاي ساي

بولۇپ، ھاجى پەرەڭ دېگەن ئادەم تۇنجى قېتىم كېلىپ بىنام ئېچىپ ئولتۇراقلاشقانـ
لىقتىن ھاجى پەرەڭنىڭ سېيى - دەپ ئاتالغان.

### خىلۋاپ كەنت كومىتېتى

سەمەن يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.4 كىلومېتىر يىراقـ
لىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى سەمەن رايونى 16 - يېزىسىنىڭ
باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى سەمەن رايونى 4 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرـ
تىلگەن. 1958 - يىلى سەمەن گوڭشېسى خىلۋاپ 8 - دادۈيى بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا
دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەـ
سىدە 3 تەبىئىي كەنت، 1,100 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى
1,888 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز. ئالاھىدە مەھسۇلاتى قوغۇن
تۇرۇشلۇق ئورنى: خىلۋاپ كەنتىدە.

### خىلۋاپ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا
جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 246 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. مىراپ
باخشىم دېگەن بىر مازار بولۇپ، كۆپ ساندىكى خىل زىمىنلەر شۇ مازارنىڭ ۋەخپىسى
بولغانلىقتىن خىلۋاپ دەپ ئاتالغان.

### توزغاق مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا
جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 423 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ
جايدا بىر يىكەنلىك ساس بولۇپ، كۈز ۋاقتىدا توزغاقلار ھەممە جايغا ئۇچۇپ
يۈرگەنلىكتىن توزغاق مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### مۇساچوك مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىگە 2.8 كىلومېتىر يىـ
راقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 431 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر.
بۇرۇن بۇ كەنتتە مۇساچوك دېگەن نوپۇزلۇق بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، كەنت ئىشلىرىغا
ئارىلاشقانلىقتىن مۇساچوك مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### تىكەن بېشى كەنت كومىتېتى

سەمەن يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.9 كىلومېتىر يىراقـ

لىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى سەمەن رايونى 9 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى سەمەن رايونى 7 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى سەمەن گوڭشى تىكەن بېشى 9 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈيى كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەسىدە تىكەن بېشى كەنتى بولغانلىقتىن شۇ نام بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 8 تەبىئىي كەنت، 1،600 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2،700 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي كۆممەقوناق، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئەيساچوڭنىڭ مەھەللىسىدە.

### ئەيسا چوڭنىڭ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 200 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە ئەيسا چوڭ دېگەن بىر كىشى كەنتنى باشقۇرۇلغانلىقتىن ئەيساچوڭنىڭ مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### تىكەن بېشى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 287 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت قىزىل دەرياسىنىڭ شىمالى قىرغىقىغا جايلاشقانلىقتىن تىكەن بېشى - دەپ ئاتالغان.

### تېرەك تۈۋى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 205 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە بىر قانچە تۈپ چوڭ تېرەك بولۇپ، ئاھالىلەر شۇ تېرەكنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، تېرەك تۈۋى - دەپ ئاتالغان.

### بەگ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 142 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە توختى بەگ قاتارلىق بىر نەچچە بەگلەر مۇشۇ كەنتتە بولغانلىقى ئۈچۈن، بەگ مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### ئۇستەڭبويى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا

جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 167 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتىكى ئاھالىلەر ئۈستەڭنىڭ بويىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۈستەڭبويى مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### ئويكوچا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىگە 3.3 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز - پەس، نوپۇسى 234 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ ئورنى چوڭقۇر بولۇپ، ئاھالىلەر شۇ جايغا كۆچۈپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئويكوچا - دەپ ئاتالغان.

### ياغاچچى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىگە 2.9 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 172 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ ئەسلى ئىسمى ئىشتاچى مەھەللىسى بولۇپ، 1984 - يىلى 12 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ياغاچچى مەھەللىسىگە ئۆزگەرتكەن.

### يار بېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 193 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت يارنىڭ بېشىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەسلى نامى تۆڭگان مەھەللىسى. بۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز بولغانلىقتىن 1984 - يىلى 12 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يار بېشىغا ئۆزگەرتكەن.

### كۆكتېرىق كەنت كومىتېتى

سەمەن يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 1.8 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى سەمەن رايونى 9 يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى سەمەن رايونى 7 يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتكەن. 1958 - يىلى سەمەن گۇڭشې كۆكتېرىق 10 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 2 تەبىئىي كەنت، 1,050 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1,692 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز، ئالاھىدە مەھسۇلاتى كۆكتات. تۇرۇشلۇق ئورنى: كۆكتېرىق كەنتىدە.

### كۆكئېرىق كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 1.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 545 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە بىر ئېرىق بولۇپ، ئېرىقنىڭ ئىككى تەرىپى سۆگەت بىلەن قاپلانغان بولغانلىقى ئۈچۈن، كۆكئېرىق ـ دەپ ئاتالغان.

### قاراقچى مەسچىت كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 505 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە بىر مەسچىت بولۇپ، بىر يولۇچى ئاتلىق بۇ جايغا كېلىپ ئېتىنى مەسچىتنىڭ سىرتىغا باغلاپ قويۇپ ناماز ئۆتەش ئۈچۈن، مەسچىتكە كىرىپ چىققاندىن كېيىن ئېتىنى ئوغرى ئەپقاچقانلىقتىن قاراقچى مەسچىت ـ دەپ ئاتالغان.

### كوك مەسچىت غوجام كەنت كومىتېتى

. سەمەن يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 3.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 ـ يىلى سەمەن رايونى 16 يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 ـ يىلى سەمەن رايونى 4 يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 ـ يىلى سەمەن گۇڭشې كۆك مەسچىت غوجام 11 ـ دادۈيى بولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇرۇن بۇ كەنتتە كۆك سىرلانغان بىر مەسچىت بولۇپ، قېشىدا غوجام دېگەن بىر قەۋرە بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇڭا كۆك مەسچىت غوجام دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت، 1,050 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,362 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز، ئالاھىدە مەھسۇلاتى كۆكتات. تۇرۇشلۇق ئورنى: خىلۋاپ كەنتىدە.

### خىلۋاپ كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 3.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 181 نەپەر بولۇپ. ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدىكى كۆپلىگەن خىل يەرلەر مەسچىتنىڭ ۋەخپە يەرلىرى بولۇپ، دېھقانلار ئوتاق تېرىغانلىقتىن خىلۋاپ ـ دەپ ئاتالغان.

### هوكە مەھەللىسى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 2.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشـ

قان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 250 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتىكى ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشى زىچ بولغانلىقى ئۈچۈن، ھۆكە مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### دۆڭھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 3.4 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز-پەس، نوپۇسى 210 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ جايلاشقان ئورنى ئېگىز بولغانلىقتىن دۆڭھويلا - دەپ ئاتالغان.

### كاتتا مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 4.3 كىلمېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 161 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە پۇلدار ھەم ھوقۇقلۇق كاتتا كىشىلەر ئۆتكەنلىكتىن كاتتا مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### ئاقيار بېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 4.2 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز-پەس، نوپۇسى 127 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت قىزىل دەريانىڭ شىمالى قىرغىقىدىكى ئاق يار ئېقىنىنىڭ بويىدىكى دوڭگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاقيار بېشى - دەپ ئاتالغان.

### خوخا مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 5.3 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 121 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي خۇخۇلۇق جاڭگال بولۇپ، كېيىن كىشىلەر يەر ئېچىپ ماكانلىشىپ كەنت شەكىللەنگەنلىكتىن خوخا مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

# خاڭدى يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

خاڭدى يېزىسى كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە بىلەن ئارىلىقى 18.3 كىلومېتىر. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى نۇر بېشى كەنتىدە. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 62.99 كۋادرات كىلومېتىر (94,481 مو) شەرقى تەرىپى ئۈرۈمچى خوتەن تاشيولى بىلەن، جەنۇبى تەرىپى تۈمەن دەرياسى ئارقىلىق سەمەن يېزىسى بىلەن. غەربى تەرىپى لەڭگەر يېزىسىنىڭ ئاق ھويلا كەنت كومىتېتى بىلەن، شىمالى تەرىپى قۇمال تاغ ئارقىلىق ئاتۇش ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. 1985-يىللىق ستاتىستىكىغا قارىغاندا؛ بۇ يېزىنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 14,500 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 15.3% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئورمان كۆلىمى 7,077 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 7.5% نى تەشكىل قىلىدۇ. باغ كۆلىمى 1,833 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 1.9% نى تەشكىل قىلىدۇ. باشقا كۆلىمى 71,071 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 75.2% نى تەشكىل قىلىدۇ.

بۇ يېزىنىڭ تەۋەسىدە 6 كەنت كومىتېتى، 2 باغۋەنچىلىك ئورمانچىلىق مەيدانى، 23 تەبىئىي كەنت، 1,505 ئائىلە، 7,363 نوپۇسى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 7,356 نەپەر. نوپۇسنىڭ 99.9% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئۆزبەك 2 نەپەر، خۇيزۇ 5 نەپەر بولار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.01% تەشكىل قىلىدۇ. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1.96 مو. ھەربىر ئەمگەك كۈچىگە توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 5.1 مو. «خاڭدى» دېگەن سۆز خەنزۇچە سۆز «خۋاڭدى» دېگەن بولۇپ، بوز يەر دېگەن مەنىدە. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 1887-يىلى بىر بۆلۈك دېھقانلار بۇ جايدا كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلغان، كېيىن ئەمەت ھاجى، مامۇت ھاجى دېگەن ئادەملەر بۇ جاينى ئىگەللىۋېلىپ، داۋاملىق ئورمان قويۇپ كەلگەن. 1901-يىلى بىر قىسىم دېھقانلار ئىلگىرى كېيىن بولۇپ، بۇ جايغا كۆچۈپ كېلىپ، شەرقى-جەنۇبى تەرەپتە بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان، شۇنىڭ بىلەن يۇرت شەكىللەنگەن. 1950-جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 3-ئاتلىق پولك بۇ جايدا تۇرۇپ، بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلغان، شۇڭا بۇ جاي خاڭدى دەپ ئاتالغان.

جۇمھۇرىيەت مەزگىلىدە كوناشەھەر ناھىيە قوغان بەگلىكىنىڭ خاڭدى يۈز بېشىغا تەۋە بولغان. 1950-يىلى قوغان رايونى خاڭدى 1-يېزا بولغان. 1954-يىلى سەمەن رايونى خاڭدى 1-يېزىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958-يىلى گۇڭشې قۇرۇلغاندا، خاڭدى 1-يېزىسى 6 دادۈي قىلىپ سەمەن گۇڭشېنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن.

1984 - يىلى 8 - ئايدا خاڭدى ئوچاستكىغا تەۋە 6 دادۈي، 2 باغۋەنچىلىك ئورمانچىلىق مەيدانىنى سەمەن گۇڭشېدىن ئايرىپ چىقىپ خاڭدى يېزىسى قۇرۇلغان. ھازىر خاڭدى يېزىسىنىڭ تەۋەلىكىدە 6 كەنت كومىتېت، بىر باغۋەنچىلىك مەيدانى، بىر ئورمانچىلىق مەيدانى بار.

خاڭدى يېزىسىنىڭ يەر تۈزۈلىشى شىمالدىن جەنۇبقا قىيپاش. شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس بولۇپ، بىر قەدەر تۈزلەڭ. دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1326 - مېتر. ئاساسلىق سۇ مەنبەسى قىزىل دەرياسى، تۇپرىقى ئۆلكە لاتقا تۇپراقنى ئاساس قىلىدۇ. قىسمەن جايلاردا چىم تۇپراق بار، سۇيىتى ئادەتتە ئوتتۇرا ھال ئەت تۇپراق، ئورگانىنىڭ تەركىبى بىر قەدەر يۇقىرى، ئوغۇت مەنبەسى كۆپ، ھاۋا كېلىماتى مۆتىدىل، 4 پەسىل ئېنىق، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.3℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 38.7℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا -25.3℃. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل يېغىن مىقدارى 60 - 80 مىللىمېتىر. يىللىق كۈننىڭ چۈشۈش ۋاقتى 2800 سائەت، قىروسىز مەزگىلى 210 - 220 كۈن بولىدۇ.

بۇ يېزا دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسلىق زىرائەتلىرىدىن، بۇغداي، كۆممەقوناق، ئاققوناق، كېۋەز، مايلىقدان كۆكتات، قوغۇن، تاۋۇز قاتارلىقلار تېرىلىدۇ. سەۋزە كۆپ چىقىدۇ، ئالاھىدە مەھسۇلاتى؛ مۇچ

1985 - يىللىق ستاتىستىكىغا قارىغاندا؛ ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 12,400 مو بولۇپ، ئومۇمى مەھسۇلاتى 3 مىلليون 871 مىڭ جىڭ، بىرلىك مەھسۇلاتى 312 جىڭ، كېۋەز كۆلىمى 1,200 مو بولۇپ، ئومۇمى مەھسۇلاتى 142 مىڭ جىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى، 118.3 جىڭ، مايلىقدان كۆلىمى 200 مو. ئومۇمى مەھسۇلاتى 42 مىڭ جىڭ. ئومۇمى كىرىم 1,870,333 يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگىنى 254 يۈەن. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 570 جىڭ. 1985 - يىلى يىل ئاخىرىدىكى چاۋرىنىڭ قوتان قالدۇقى 9,451 تۇياق، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ چارۋا 1,657 تۇياق، كىچىك چارۋا 7,800 تۇياق، يېزا بازار كارخانىلىرى ئەمدىلا تەرەققىي قىلماقتا. قاتناش قولايلىق قەشقەر شەھىرى بىلەن خاڭدى يېزا ئوتتۇرىسىدا بىر ئاددى تاش يول بار، يېزا بىلەن كەنت ئوتتۇرىسىدا ئورمان بەلۋىقى شەكىللەنگەن توپا يول بار بولۇپ، قاتنىشى راۋان.

مەدەنىي مائارىپ سەھىيە ئىشلىرى جەھەتتە، بىر ئوتتۇرا مەكتەپ بار بولۇپ، ئوقۇتقۇچى ئىشچى خىزمەتچىسى 27 نەپەر. ئوقۇغۇچى 165 نەپەر، 5 باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ. ئوقۇتقۇچى ئىشچى - خىزمەتچىسى 78 نەپەر ئوقۇغۇچى 1,061 نەپەر، ئۇندىن باشقا كىنو قويۇش ئەترىتى. رادىئو ئۆزۈلى. مەدەنىيەت پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلار بار. بىر دوختۇرخانا بار بولۇپ، تېببىي خادىم 8 نەپەر. كېسەل كارىۋىتى 30 دانە.

# خاگدى يېزىسى تەۋەسىدىكى يەر ناملىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرلىشى

## خاگدى يېزىسى

تەزكىرىسى «خاگدى يېزىسىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا

### ئەمەت زىۋا مەھەللىسى كەنت كومىتېتى

خۇاگدى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى قوغان رايونى خاگدى 1 - يېزىسى بولغان. 1954 - يىلى سەمەن رايونى 2 - يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى سەمەن گۇڭشې ئەمەت زىۋا مەھەللىسى دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا خاگدى يېزا ئەمەت زىۋا مەھەللىسى كەنت كومىتېتى بولغان. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان، تەۋەسىدە 4 تەبىئىي كەنت، 911 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,587 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كوممەقوناق، كېۋەز، قاتارلىقلار تېرىلىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: كوكتات. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئەمەت زىۋا مەھەللىسىدە.

### ئەمەت زىۋا مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 273 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتكە ئەمەت زىۋا دېگەن كىشى دەسلەپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئەمەت زىۋا مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### ساۋۇت مەزىن مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 4.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 276 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە ساۋۇت مەزىن دېگەن بىر ئابرۇيلۇق كىشى بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

### خوشا چوڭ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 4.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 194 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئەينى زاماندا خوشا چوڭ ئىسىملىك نوپۇزلۇق بىر ئادەم بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن خوشا چوڭ مەھەللىسى — دەپ ئاتالغان.

### ئەمەت چاكسا مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 3.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 273 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللىدە ئەمەت چاكسا لەقەملىك بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن ئەمەت چاكسا مەھەللىسى — دەپ ئاتالغان.

### مورتۇم كەنت كومىتېتى

خاڭدى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 1.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى قوغان رايونى خاڭدى 1 - يېزىسى بولغان. 1954 - يىلى سەمەن رايونى 2 - يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى سەمەن گۇڭشې مورتۇم 2 - داديگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا خاڭدى يېزا مورتۇم كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 3 تەبىئىي كەنت، 910 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1718 مو. ئاساسلىقى بۇغداي، قوناق، كېۋەر، قاتارلىقلار تېرىلىدۇ. تۇرۇشلۇق ئورنى: مورتۇم كەنتىدە.

### مورتۇم كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 1.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 384 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا ياۋدىسىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن تۆپىسىگە ئوت يېقىپ خەۋەرلىشىدىغان ئىگىز مۇنارە بولغانلىقتىن مورتۇم — دەپ ئاتالغان.

### ئاياغ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 2.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 369 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت مورتۇم كەنتىنىڭ ئاياغ قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ مەھەللە — دەپ ئاتالغان.

### ئېقىن بويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز - پەس. نوپۇسى 157 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت سەل سۈيى جىلغىسى بويىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئېقىن بويى - دەپ ئاتالغان.

### سۆگە تاغ كەنت كومىتېتى

خاڭدى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 0.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس. 1950 - يىلى قوغان رايونى خاڭدى 1 - يېزىسى بولغان. 1954 - يىلى سەمەن رايونى 1 - يېزىسى بولغان. 1958 - يىلى سەمەن گۇڭشې سۆگە تاغ دادۈيىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. ئىلگىرى بۇ كەنتنىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتكەن بىر ئۆستەڭ بولۇپ، ئۆستەڭنىڭ ئىككى قېشىدا سۆگەت كۆپ بولغاچقا سۆگەت تال دەپ ئاتالغان. كېيىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سۆگە تاغقا ئۆزگىرىپ قالغان تەۋەسىدە 5 تەبىئىي كەنت. 1,170 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1,820 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، قوناق، كېۋەز، قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: كۆكتات. تۇرۇشلۇق ئورنى: نورپېشى كەنتىدە.

### نورپېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 0.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى شەرقى ئېگىز، جەنۇبى پەس. نوپۇسى 288 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە چوڭ بىر نور بولۇپ. ئاھالىلار شۇ نورنىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، نورپېشى دەپ ئاتالغان.

### تۇردى چوڭنىڭ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 4.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى شىمالى، ئېگىز جەنۇبى پەس، نوپۇسى 248 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا تۇردى چوڭ دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، بۇ كەنتنىڭ نامى شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن تۇردى چوڭنىڭ مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### قىرغىز مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس، نوپۇسى 320 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ كەنتتە بىر ئائىلىلىك قىرغىز ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن قىرغىز مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### سا مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 4·3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس. نوپۇسى 194 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە ھوشۇر ئاخۇن ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، بۇ كىشىنىڭ لەقىمى «سا» بولغانلىقى ئۈچۈن، سا مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

### ماموت چوڭنىڭ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 4·4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس، نوپۇسى 120 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى ماموت چوڭ ئىسىملىك ئابرويلۇق بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، كەنت نامى شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن، ماموت چوڭنىڭ مەھەللىسى دەپ-ئاتالغان.

### ئېرىقبويى كەنت كومىتېتى

خاڭدى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 2·1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس. 1950-يىلى قوغان رايونى خاڭدى 1-يېزىسى بولغان. 1954-يىلى سەمەن رايونى 2-يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن 1958-يىلى سەمەن گوڭشې ئېرىقبويى 4-دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن، 1984-يىلى 8-ئايدا خاڭدى يېزا ئېرىقبويى كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەسىدە ئېرىقبويى كەنتى بولغاچقا ئېرىق بويى كەنت كومىتېتى دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 5 تەبىئىي كەنت 1,535 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممەسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,203 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، قوناق، كېۋەز. ئالاھىدە مەھسۇلاتى كوكتات. تۇرۇشلۇق ئورنى: ھاجى قارى مەھەللىسىدە.

### ھاجى قارى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 2·1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس نوپۇسى 354 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا ھاجى قارىم ئىسىملىك بىر ئابرۇيلۇق كىشى ئۆتكەن بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ھاجى قارى مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

### شىۋە بېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2·5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس، نوپۇسى 287 نەپەر بولۇپ، ھەم-

مىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جاي چىملىق بولۇپ، كىشىلەر بىنام ئىچىپ ئېتىزلىققا ئايلاندۇرغان، ئاھالىلار ئوتتۇراقلاشقاندىن كېيىن شىۋە بېشى - دەپ ئاتالغان.

### چاقماق مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس، نوپۇسى 242 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا ھاجاخۇن چاقماق ئىسىملىك بىر ئادەم بولۇپ شۇنىڭ لەقىمى بىلەن چاقماق مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### ئېرىقبويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس. نوپۇسى 601 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلار چوڭ بىر ئېرىقنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئېرىقبويى - دەپ ئاتالغان.

### غىشالىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس. نوپۇسى 51 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئەسلى بۇ جاي چىملىق ساسلىق يەر بولۇپ، كېيىن كىشىلەر بىنام ئىچىپ كەنت بەرپا قىلغان، شۇنىڭغا ئاساسەن بۇ جاينى غىشالىق - دەپ ئاتالغان.

### قۇپپىدىن مازا كەنت كومىتېتى

خاڭدى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950-يىلى قوغان يېزا خاڭدى 1-يېزىسى بولغان. 1954-يىلى سەمەن رايونى 1-يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958-يىلى سەمەن گۇڭشې قۇپپىدىن مازار 12-دادۈيىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى 8-ئايدا خاڭدى يېزا قۇپپىدىن مازار كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 4 تەبىئىي كەنت، 858 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1,775 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆمەقوناق، كېۋەز، قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: قۇپپىدىن مازار كەنتىدە.

## قۇپپىدىن مازار كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 295 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا قۇپپىدىن مازار دەپ ئاتىلىدىغان بىر مازارلىق بولۇپ، ئاھالىلار بۇ مازارنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، قۇپپىدىن مازار - دەپ ئاتالغان.

## مازار كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 1.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 255 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇرۇن بۇ جايدا بىر چوڭ مازارلىق بولۇپ، كەنت پەيدا بولغاندىن كېيىن مازار كەنتى - دەپ ئاتالغان.

## قۇمكوچا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 145 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئەسلى قۇملۇق جاي بولۇپ، كىشىلەر بىنام ئېچىپ يەر تېرىپ مەھەللە شەكىللەنگەن. شۇنىڭ بىلەن قومكوچا - دەپ ئاتالغان.

## يار بېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز - پەس. نوپۇسى 163 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە بىر يارلىق بولۇپ، ئاھالىلار شۇ يارلىقنىڭ بويىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن. يار- بېشى - دەپ ئاتالغان.

## تاشئېغىز كەنت كومىتېتى

خانئىدى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 0.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس. 1950 - يىلى قورغان رايونى خانئىدى 1 - يېزىسى بولغان. 1954 - يىلى سەمەن رايونى 1 - يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى سەمەن گۇڭشې تاشئېغىز 13 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 2 تەبىئىي كەنت، 498 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 867 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، قوناق، كېۋەز، قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: تاشئېغىز كەنتىدە.

## تاشئېغىز كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 0.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس. نوپۇسى 343 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. زېمىنگە سۇ ئېچىش ئۈچۈن تاشتىن بىر ئېغىز ياسىغان. ئاھالىلەر ئولتۇراقلىشىپ شۇ نام بىلەن تاشئېغىز مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

## ئاقھويلا كەنتى

يېزىلىق ھوكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 1.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى شىمالىي ئېگىز، جەنۇبى پەس. نوپۇسى 155 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ يەر ئىلگىرى ئاق تاشلىنىپ قالغان جاي بولۇپ، كېيىن ئاھالىلەر ئولتۇراقلىشىپ ھويلا قورۇپ ئۆي سالغانلىقى ئۈچۈن نامى ئاقھويلا - دەپ ئاتالغان.

## خاڭدى باغۇەنچىلىك مەيدانى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 2.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. نوپۇسى 639 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. باغۇەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئاساس. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى قوشۇمچە قىلىنىپ ھەرخىل مېۋە ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ. بۇغداي، قوناق، كېۋەز، تېرىلىدۇ. بۇ مەيدان ئەسلىدىكى ھۆسەيىن گۇلچىنىڭ بېغىنى ئاساس قىلىپ كېڭەيتىپ قۇرۇپ، خاڭدىباغ مەيدان - دەپ ئاتالغان. 1968 - يىلى قۇرۇلغان.

## خاڭدى ئورمان مەيدانى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ، غەربىي شىمالىغا 4.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. نوپۇسى 170 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. كۆلىمى 845 مو، ئورمان يېرى 300 مو، ئورمان ئاساس قىلىنىدۇ. كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى ئورمان مەيدان 1960 - يىلى قۇرۇلغان.

# لەڭگەر يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

لەڭگەر يېزىسى كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالى قىسمىغا جايلاشقان. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى لەڭگەر كەنتىدە بولۇپ، ناھىيە مەركىزىي بىلەن بولغان ئارىلىقى 13,35 كىلومېتر، يەر شەكلى تۈزلەڭ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 25,957 كۋادرات كىلومېتر (389,362) مو. شەرقى تەرىپى سەمەن يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇبى تەرىپى قىزىل دەرياسى ئارقىلىق زەمىن يېزىسى بىلەن قارشىپ تۇرىدۇ. غەربى تەرىپى مۇش يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمالى تەرىپى قاراتاغ ئارقىلىق قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئاتۇش ناھىيىسى بىلەن يۈپۈر تۇرىدۇ. 1985 - يىلىدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ئېكىن يېرى 33,600 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 8,6% نى، ئورمان يېرى 12,861 مۇ بولۇپ، 3.3% نى، يايلاق كۆلىمى 1,453 مو بولۇپ، 0,37% نى ئىگەللەيدۇ. باشقا كۆلىمى 341.146 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 87,61% نى ئىگەللەيدۇ.

بۇ يېزا تەۋەلىكىدە 8 كەنت كومىتېت، 64 تەبىئىي كەنت بار. 1985 - يىللىق ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 2826 ئائىلە 11,874 نوپۇس بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 11,861 نەپەر، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 99,9% نى ئىگەللەيدۇ. خەنزۇ 12 نەپەر، ئۆزبەك 1 نەپەر، بۇلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.1% نى تەشكىل قىلىدۇ.

لەڭگەر دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىغا تەۋە بولۇپ، قونالغۇ دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. ئىلگىرى قەشقەردىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەنجان دېگەن يېرىگە بېرىپ كېلىدىغان سودىگەر كارۋانلار ۋە يولۇچىلار ئارام ئېلىپ، قونۇپ ئۆتىدىغان جاي بولغانلىقى ئۈچۈن لەنگەر دەپ ئاتالغان. 1932 - يىلى قەشقەرنىڭ دۇتىيى ماشاۋۇ، بۇ يەردە بىر چوڭ باغ ياساپ ياز كۈنلىرى بالا چاقىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ يازنى ئۆتكۈزگەن. پەرىقلەندۈرۈشكە ئوڭايلىق بولۇش ئۈچۈن، خەلق ئاممىسى بۇ جاينى دۇتەينىڭ لەڭگىرى دەپ ئاتاشقان.

جۇمھۇرىيەت مەزگىلىدە كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ سەمەن بەگلىكىگە تەۋە بولغان، 1950 - يىلى سەمەن رايونىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى سەمەن رايونىنىڭ مۇش، سۇلۇغ بۇۋئانام، كاندىر ۋە ساي قاتارلىق 5 يېزا ئاساسىدا لەڭگەر رايونلۇق مەھكىمە قۇرۇلغان. 1958 - يىلى گۇڭشېلىشىشتا رايونلۇق مەھكىمە لەڭگەر گۇڭشېغا ئۆزگەرتىلىپ، تەۋەلىكىدە 13 دادۈي بولغان. 1961 - يىلى لەڭگەر گۇڭشې لەڭگەر رايونىغا ئۆزگەرتىلىپ، تەۋەلىكىدە 3 كىچىك گۇڭشې بولغان. 1965 - يىلى لەڭگەر رايونى يەنە لەڭگەر گۇڭشېغا

ئۆزگەرتىلىپ تەۋەلىكىدە 8 دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا لەڭگەر گۇڭشې لەڭگەر يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن.

لەڭگەرنىڭ يەر تۈزۈلىشى غەربتىن شەرققە قىيپاش، ئېگىز - پەسلىك پەرقى ئانچە چوڭ ئەمەس، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1,351.8 مېتر. قىزىل دەرياسى ئاساسى سۇ مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دائىرىسى ئىچىدە ئاۋات ئۆستىڭى شەھەر ئۆستىڭى، غورلاي ئۆستىڭى قاتارلىق 3 غول ئۆستەڭ بولۇپ، ئومۇمى ئۇزۇنلۇقى 25 كىلومېتر، سۇغۇرۇشى كولىمى 47,000 مو. تومەن دەرياسى لەڭگەر يېزىسىنىڭ سۇلۇغ كەنتىدىن باشلىنىپ 5 كىلومېتر ئاققاندىن كېيىن سەمەن تەۋەلىكىگە ئوتۇپ كېتىدۇ. قەشقەر ۋىلايەتلىك 3 - ئېلېكتر ئىستانسىنىڭ چۈشۈرگە ئۆستىڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتر بولۇپ يېزىنىڭ غەربى تەرىپى بىلەن ئېقىپ قىزىل دەرياغا قۇيۇلىدۇ. توپرىقى ئاساسەن ئولكە لاتقا تۇپراق بولۇپ، تۇپراق قەۋىتى قېلىن، ئوتتۇرا ئەت تۇپراق، سۇ ۋە ئوغۇت ساقلاشقا ياخشى، قىسمەن ئېغىر ئەت تۇپرىقىمۇ بولۇپ، تۇپرىقى ئۈنۈمسىز ئوزۇقلۇق مىقدارى تۆۋەن. ھاۋا كىلىماتى مۆتىدىل 4 پەسىل ئېنىق، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 38.7℃ ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى –25.3 ℃. يىللىق ئوتتۇرىچە ھول يېغىن مىقدارى 60 – 80 مىللىمېتر، يىللىق قىروسىز مەزگىلى 210 – 220 كۈن، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، كۆممە قوناق، شال، كېۋەز، مايلىقدان قاتارلىقلار تېرىلىدۇ، قوغۇن، ئۈرۈك، قاتارلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلارمۇ چىقىدۇ.

1985 - يىللىق ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 27,600 مو، بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 9,806,000 جىڭ، بىرلىكى 355.2 جىڭ بولۇپ، گۇڭشې تارىخىدىكى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتتى. كېۋەز 6,200 مو، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 528,000 جىڭ، بىرلىكى 85.1 جىڭ بولۇپ، سابىق گۇڭشې تارىخىدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يېزا ئىگىلىك ئومۇمى كىرىمى 3,534,455 يۈەن. 1985 - يىلى يىل ئاخىرىدىكى قوتاندىكى قالدۇق چارۋا سانى 20,982 تۇياق، بۇنىڭدىن چوڭ چارۋا 3,629 تۇياق، ئۇششاق چارۋا 17,353 تۇياق. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئورمانچىلىق تەرەققىياتى خېلى تېز بولۇپ، ئورمان كۆلىمى 12,861 موغا، ھەر خىل ئورمان 1,079,352 تۈپكە، يېتىپ كىشى بېشىغا 93 تۈپتىن توغرا كېلىدۇ. كوپ خىل ئىگىلىك تېز تەرەققى قىلىپ، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتى، پاختا زاۋۇتى قاتارلىق يېزا باشقۇرغان كارخانىلار قۇرۇلۇپ يىللىق كىرىمى 97,300 يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي كىرىمنىڭ 2.75% نى ئىگەللەيدۇ. قاتنىشى قولايلىق، دائىرىسى ئىچىدە قەشقەر شەھەرىدىن مۇش يېزىسىغا بارىدىغان 32 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى تاشيول بار. يېزا بىلەن كەنتلەر ئوتتۇرىسىدا شېغىل ياتقۇزۇلغان يوللار بار، قاتناش راۋان، يېزا بويىچە 8 دانە ئاپتوموبىل ۋە 58 دانە ھەرخىل تىپتىكى تراكتورلار بار.

بۇ يېزىنىڭ مەدەنىي مائارىپ سەھىيە ئىشلىرىمۇ بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان. بىر ئوتتۇرا مەكتەپ 23 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى، 200 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بار، 8 باشلانغۇچ مەكتەپ 70 نەپەر، ئوقۇتقۇچى ئىشچى - خىزمەتچىسى، 1,732 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بار. رادىيو پونكىتى مەدەنىيەت پونكىتى. كىنو قويۇش ئەترىتى قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش ئورۇنلىرى بار. 12 نەپەر تىببىي خادىم، 35 كېسەل كارۋىتىغا ئىگە بىر دوختۇرخانىسى بار. ھەممە كەنت كومىتېتلاردا داۋالاش پونكىتلىرى بولۇپ، يېزا بويىچە 11 نەپەر يالاڭئاياق دوختۇر بار.

# لەڭگەر يېزىسى تەۋەلىكىدىكى يەر - جاي ناملىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىشى

## لەڭگەر يېزىسى

تەزكىرىسى «لەڭگەر يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا

### ئاقھويلا كەنت كومىتېتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 5.75 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى سەمەن رايونى 14 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى لەڭگەر رايونى 2 - يېزىسى بولغان. 1958 - يىلى لەڭگەر گۇڭشې ئاقھويلا 1 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن، تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 7 تەبىئىي كەنت، 1,278 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,455 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كومىمە قوناق، كېۋەز، تۇرۇشلۇق ئورنى: ئاقھويلا كەنتىدە.

### ئاقھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 5.75 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 269 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇ كەنت تاغ باغرىدىكى ئاقلاڭلىقتا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاقھويلا - دەپ ئاتالغان.

### ئاياغ تۆگمەنبېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 6.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 181 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتىكى ئاھالىلەر تۆگمەننىڭ ئايىقىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ تۆگمەنبېشى - دەپ ئاتالغان.

### چىگىلىك كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 6.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا

جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 113 نەپەر، بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇ كەنتتىكى ئاھالىلەر بىر ـ بىرى بىلەن ئىناق ھەم ئۇششاق چۈششەك ئىشلارغا چىڭكىشلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، چىڭكىلىك ـ دەپ ئاتالغان.

### قىزىل قۇرۇق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىغا 6·5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 181 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ يەرلىرى قاقاس تۇپراقلىرى كويەك بولغانلىقى ئۈچۈن، قىزىل قۇرۇق ـ دەپ ئاتالغان.

### سۆك كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىغا 6·8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 183 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ كەنتتە باشقا زىرا ئەتلەر ياخشى بولماي پەقەت تىرىقلا (سۆك) ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن، سۆك ـ دەپ ئاتالغان.

### ئارا مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىغا 6·25 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 165 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇ كەنت سوك بىلەن بولىمە كەنتنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئارا مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### بۆلمە كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىغا 5·5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇس 186 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇ كەنتنى جىلغا 2 گە بۆلۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۆلمە ـ دەپ ئاتالغان.

### سۇلۇق كەنت كومىتېتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىغا 4·5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس. 1950 ـ يىلى سەمەن رايونى 14 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 ـ يىلى لەڭگەر گۇڭشې سۇلۇق 2 ـ دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ كەنت ئاۋات ئۆستەڭ بىلەن تۈمەن دەرياسى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقتىن سۈيى مول بولغاچقا، ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن سۇلۇق دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 8 تەبىئىي كەنت، 1,671

نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,518 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، شال كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: قۇچچا كەنتىدە.

### قۇچچا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا 4.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى بىرقەدەر تۈزلەڭ. شىمالى ئېگىز جەنۇبى پەس، نوپۇسى 160 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. قوچچا «قوشچى»دېگەن سۆزدىن كەلگەن. بۇرۇن بۇ كەنتتە قۇش بېقىپ ئوۋ ئوۋلايدىغانلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، قوچچا ـ دەپ ئاتىغان.

### ئوي مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا 3.8 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز پەس، نوپۇسى 349 نەپەر. ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت چوڭقۇر ئوي بىر جايغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئوي مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### سايئېرىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا 4 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلىشىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس. نوپۇسى 214 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇ كەنت ئىلگىرى ساي بولۇپ، ئاھالىلەر ئولتۇراقلىشىپ سايدىن ئېرىق ئالغان بۇنىڭ بىلەن ساي ئېرىق ـ دەپ ئاتالغان.

### لاۋادان كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا 4 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 187 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇرۇن بۇ كەنتنىڭ زېمىنىغا سۇ ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن، بىر لاۋادان ياسىغان. ئاھالىلەر ئولتۇراقلىشىپ لاۋادان ـ دەپ ئاتالغان.

### دۆڭ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 4.3 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز. نوپۇسى 163 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئىلگىرى دۆڭ بىر جايغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، دۆڭ مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### كۆكۆلە كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى شىمالىغا 5 كىلومېتر يىراقلىقتا

جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 353 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇرۇن بۇ جايدا باغ، داۋۇ - دەرەخلەر كۆپ بولۇپ، كۆپ - كۆك يېشىللىق بولغانلىقى ئۈچۈن، كۆكلۆلە - دەپ ئاتالغان.

## ئوي كوچا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 4.8 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 129 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت چوڭقۇر جايغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئوي كوچا - دەپ ئالغان.

## يۇلغۇنلۇق مازار كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 5.3 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 116 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا يۇلغۇنلۇق بىر چوڭ مازار بولۇپ، ئاھالىلار شۇ مازار ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇلغۇنلۇق مازار - دەپ ئاتالغان.

## بۇۋئانام كەنت كومىتېتى

لەڭگەر يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 3.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس. 1950 - يىلى سەمەن رايونى 15 - يېزىسىنىڭ باشقۇرىشىدا بولغان. 1954 - يىلى لەڭگەر رايونى 3 - يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى لەڭگەر گوڭشې بۇۋ ئانام 3 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇرۇن بۇ جايدا بوغەزنىنەم دېگەن ئاتاغلىق بىر ئۇلۇما ئايال ئۆتكەن بولۇپ، ئۆلگەندىن كېيىن مۇشۇ جايغا قويۇلۇپ، ياتار يەرلىكى بۇۋ ئانام مازىرى دەپ ئاتالغان. شۇندىن بېرى كەنت نامى بۇۋ ئانام - دەپ ئاتىلغان. تەۋەسىدە 11 تەبىئىي كەنت، 1,893 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 5,019 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممەقوناق، شال، كېۋەز. ئالاھىدە مەھسۇلاتى يەل يېمىشى مۆه. تۇرۇشلۇق ئورنى: يەلىك مەھەللىسىدە

## يەلىك مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 3.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس، نوپۇسى 186 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇ جايدا ئۆلگەن كىشىلەرنى كومىدىغان بىر يەرلىك بولۇپ، (گورمازار)

كىشىلەر مۇشۇ مازارنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، يەلىك ـ دەپ ئاتىغان.

### ئاخۇن مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 110 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە دىنى ئاخۇنلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاخۇن مەھەللىسى ـ دەپ ئاتىغان.

### قىشلاق مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 142 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ كەنتتە چارۋىلارنى قىشلىتىدىغان بىر ئورۇن بولۇپ، ئاھالىلەر ئورۇنلاشقاندىن كېيىن قىشلاق ـ دەپ ئاتالغان.

### مامۇت ھاجىم مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 133 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە مامۇت ھاجىم دېگەن نوپۇزلۇق بىر كىشى بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن مامۇت ھاجىم مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### كونا ئۆستەڭ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 3.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 454 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى ئېلىنغان كونا بىر ئۆستەڭ بولۇپ، ئاھالىلار مۇشۇ ئۆستەڭنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، كونا ئۆستەڭ ـ دەپ ئاتالغان.

### يۇقارقى ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 3.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز پەس، نوپۇسى 136 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇ كەنت لاۋادان مەھەللىسىنىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى ھويلا ـ دەپ ئاتالغان.

### لاۋادان مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 3.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا

جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز پەس. نوپۇسى 170 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ كەنتتە چوڭ بىر شاقىراتما بولۇپ، كىشىلەر تاقاق سېلىپ سۇ ئۆتكۈزىدىغانلىقى ئۈچۈن، لاۋادان ـ دەپ ئاتالغان.

**گۈمبەز ئالدى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 4 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 213 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە چوڭ بىر گۈمبەز بولۇپ، ئاھالىلەر شۇ گۈمبەزنىڭ ئالدىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، گۈمبەز ئالدى دەپ ـ ئاتالغان.

**مازۇق مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 3 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان يەر شەكلى ئېگىز پەس، نوپۇسى 110 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. مازۇق مەھەللىسى ماۋزۇق دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، كېيىن مازۇققا ئۆزگەرگەن. ئىلگىرى بۇ جايدا ئاتاغلىق ئەل نەغمىچى قىزىقچىلار ئۆتكەن.

**قاتاڭ مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 1.8 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز پەس، نوپۇسى 119 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە ئىمىن قاتاڭ دېگەن بىر كىشى بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن قاتاڭ مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

**قۇزغۇن مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 2.7 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس، نوپۇسى 83 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. قۇزغۇن ئۇچار قۇش، بۇ كەنتتە چوڭ بىر جىلغا بولۇپ، بۇ جىلغىدا قوزغۇنلار ياشايدىغانلىقى ئۈچۈن، قۇزغۇن مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

**ساي كەنت كومىتېتى**

لەڭگەر يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 1.8 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس. 1950 ـ يىلى سەمەن رايونى 7 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 ـ يىلى لەڭگەر رايونى 1 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 ـ يىلى لەڭگەر گۇڭشې ساي 4 ـ دادۈي بولغان 1984 ـ

يىلى 8 - ئايدا دادۇي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. ئەسلى بۇ جاي بىر سايلىق بولۇپ ئاھالىلار ئولتۇراقلىشىپ، كەنت شەكىللەنگەندىن كېيىن ساي - دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 5 تەبىئىي كەنت، 1,135 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,647 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، شال، كىۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئۆژمىلىك كەنتىدە.

### ئۆژمىلىك كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 1.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس، نوپۇسى 341 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە ئۆژمە دەرىخى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆژمىلىك - دەپ ئاتالغان.

### كونا تۆگمەن كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 1.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس، نوپۇسى 157 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە بىر كونا تۆگمەن بولۇپ، ئاھالىلەر شۇ تۆگمەننىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، كونا تۆگمەن - دەپ ئاتالغان.

### تاغ تېرەكى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 2.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 181 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە تاغ تېرەكى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، تاغ تېرەكى - دەپ ئاتالغان.

### ئىسمايىل بارات مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 1.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 163 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە ئىسمايىل بارات دېگەن بىر ئابرۇيلۇق يۇرت بېشى ئۆتكەن بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئىسمايىل بارات مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### ئالتە يۈز كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس، نوپۇسى 321 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايغا كەلگەن كىشىلەر يەرلەرنى بىر قانچە يۈز پارچىغا بۆلۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئالتە يۈز - دەپ ئاتالغان.

## سەلەي چوڭ مەھەللىسى كەنت كومىتېتى

لەڭگەر يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 0.75 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 – يىلى سەمەن رايونى 7 – يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 – يىلى لەڭگەر رايونى 1 – يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 – يىلى لەڭگەر گۇڭشې سەلەي چوڭ مەھەللىسى 5 – دادۈي بولغان. 1984 – يىلى 8 ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن، تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت، 945 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,471 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، شال كېپەز، تۇرۇشلۇق ئورنى: سەلەي چوڭ مەھەللىسىدە.

## سەلەي چوڭ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 0.75 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 145 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە سەلەي چوڭ دېگەن بىر نوپۇزلۇق كىشى بولۇپ كەنتنى باشقۇرغانلىقى ئۈچۈن، سەلەي چوڭ مەھەللىسى – دەپ ئاتالغان.

## پايەندى ئىمامنىڭ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 1.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 277 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە پايەندى ئىمام دېگەن نوپۇزلۇق بىر كىشى بولۇپ، كەنت نامى شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

## سەيدىن ھاجى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 1.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 124 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە سەيدىن ھاجىم دېگەن نوپۇزلۇق بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، كەنت شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

## ھاجاخۇن ھاجى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 2.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 85 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە ھاجاخۇن ھاجى دېگەن ئاتاغلىق بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، كەنت نامى شۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان.

### تۆگمەنبېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 2.9 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 86 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت تۆگمەننىڭ بېشىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، توگمەنبېشى-دەپ ئاتالغان.

### دوتەي لەڭگىرى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 0.7 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 228 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا دوتەينىڭ بىر بېغى بولۇپ، دوتەي ياز كۈنلىرى دەم ئېلىشقا چىقىپ دەم ئالىدىغان ئورۇن بولغاچقا دوتەي لەڭگىرى-دەپ ئاتالغان.

### قاراگۆل سېيى كەنت كومىتېتى

لەڭگەر يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.8 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى سەھەن رايونى 8 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى لەڭگەر رايونى 6 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى لەڭگەر گوڭشې قارا گۆل سېيى 6 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەسىدە قارا گۆل سېيى كەنتى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇ نام بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 9 تەبىئىي كەنت، 858 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4,146 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، شال، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: كامىلكام سېيى كەنتىدە

### كامىلكام سېيى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.8 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 40 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر بۇرۇن بۇ كەنتتە كامىلكام دېگەن كىشى بولۇپ، سايدا بىنام ئېچىپ ئولتۇراقلاشقانلىقتىن كامىلكام سېيى دەپ ئاتالغان.

### قارا گۆل سېيى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 8.2 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 103 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە ئىسمايىل قارا گۆل دېگەن بىر كىشى كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، قارا گۆل سېيى-دەپ ئاتالغان.

**قىپچاق مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.75 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 101 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا ئۇيغۇر، قىرغىز ئوتتۇرىسىدىن چىققان (تورەلگەن) كىشىلەر ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، قىپچاق مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

**چولڭ ئاكام چولاق مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 102 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە چولڭ ئاكام چولاق دېگەن نوپۇزلۇق بىر كىشى ئولتۇراقلاشقانلىقتىن شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**ھەسەن باخشىم مەھەللىسى.**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 3.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 171 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە ھەسەن باخشىم دېگەن نوپۇزلۇق بىر كىشى بولغانلىقىدىن، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**مامۇت خەلپەت مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 2.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 141 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە مامۇت خەلپەت دېگەن بىر دىنى زات ئۆتكەنلىكتىن، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**ئابدىراخمان قارى مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 63 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە ئابدىراخمان قارى دېگەن دىنى زات بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**ئىمىن قاساپ مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 86 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە ئىمىن قاساپ دېگەن بىر قاساپ بولۇپ، شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**توختىكام ئاقتىچى مەھەللىسى.**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا

جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 51 نەپەر ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە توختىكام ئاقتىچى دېگەن ئابرويلۇق بىر كىشى بولغانلىقتىن، توختىكام ئاقتىچى مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### ئۈژمىلىك كەنت كومىتېتى.

لەڭگەر يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىغا 2.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى سەمەن رايونى 8 - يېزىسىنىڭ باشقۇرىشىدا بولغان. 1954 - يىلى لەڭگەر رايونى 6 - يېزىسىنىڭ باشقۇرىشىدا بولغان. 1958 - يىلى لەڭگەر گۇڭشى ئۈژمىلىك 7 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەسىدە ئۈژمىلىك كەنتى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇ نام بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 10 تەبىئىي كەنت، 1,744 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى، 5,656 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى، بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئورايىمھاجىمنىڭ مەھەللىسىدە.

### ئورايىمھاجىم مەھەللىسى.

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 2.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 210 نەپەر. ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە ئورايىمھاجىم دېگەن نوپۇزلۇق بىر كىشى بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

### ئۈژمىلىك كەنتى.

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىغا 3.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 244 نەپەر. ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە ئۈژمە دەرىخى كۆپ بولۇپ، شۇڭا ئۈژمىلىك - دەپ ئاتالغان.

### ئاق خوخا مەھەللىسى.

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىغا 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 244 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇجايدا ئاق خوخا كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاق مەھەللىسى خوخا - دەپ ئاتالغان.

### مەتخان خەپتىم مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەقى جەنۇبىغا 3.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 158 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن

بۇ كەنتتە مەتخان خەپتىم دېگەن بىر نوپۇزلۇق كىشى بولۇپ، شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**قۇربان لولاڭ مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىغا 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 215 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە قۇربان لولاڭ دېگەن بىر كىشى بولۇپ، كەنت نامى شۇنىڭ لەقىمى بىلەن ئاتالغان.

**ئوبۇلخەيرى ئىمامنىڭ مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 2.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 117 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتكە ئوبۇلخەيرى ئىمام دېگەن كىشى دەسلەپتە ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئوبۇلخەيرى ئىمامنىڭ مەھەللىسى ــ دەپ ئاتالغان.

**مامۇت ئامبال مەھەللىسى.**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 2.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 111 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە مامۇت ئامبال دېگەن نۇپۇزلۇق بىر كىشى بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**سېيت قورۇل مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 2.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 191 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە سېيت قورۇل ناملىق بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، شۇنىڭ لەقىمى بىلەن سېيت قورۇل مەھەللىسى ــ دەپ ئاتالغان.

**موللاق تۆرەك مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 1.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 139 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە ئىلگىرى موللاق تۆرەك دېگەن بىر ئادەم ئۆتكەن بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**باۋۇدۇننىڭ سېپى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 6.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 115 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئىلگىرى

تاشلىق ساي بولۇپ، باۋۇدۇن دېگەن كىشى چىقىپ ئۆزلەشتۈرگەندىن كېيىن، باۋۇدۇننىڭ سېيى ـ دەپ ئاتالغان.

### كاندىر كەنت كومىتېتى

لەڭگەر يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 3·5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 ـ يىلى سەمەن رايونى 7 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 ـ يىلى لەڭگەر رايونى 1 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 ـ يىلى لەڭگەر گۇڭشې كاندىر 8 ـ دادۈي بولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ جاينىڭ ئەسلى يەرلىرى ساي بولۇپ، كىشىلەر كەڭ دالا دەپ ئاتىغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كەڭ دالا كاندىرغا ئۆزگىرىپ قالغان. تەۋەسىدە 8 تەبىئىي كەنت، 1,784 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4,922 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، شال، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: سوقا بېشى كەنتىدە.

### سوقا بېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 3·5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 322 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە بىر سوقا بولۇپ، ئاھالىلەر شۇ سوقىنىڭ بېشىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، سوقا بېشى ـ دەپ ئاتالغان.

### ئۈژمىلىك كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 5·3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 173 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە ئۈژمە دەرىخى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۈژمىلىك ـ دەپ ئاتالغان.

### ئۆستەڭبويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 5·2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 152 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر بىر چوڭ ئۆستەڭ بويىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۆستەڭبويى ـ دەپ ئاتالغان.

### لەڭگەر كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 4·8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاش‑

قان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 223 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە كىشىلەر قونۇپ ئۆتىدىغان بىر قونالغۇ بولغانلىقى ئۈچۈن، لەڭگەر ـ دەپ ئاتالغان.

### قومباغ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىغە 3.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 155 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنت قۇملۇق بولۇپ كىشىلەر ئولتۇراقلىشىپ باغ بىنا قىلغانلىقتىن قومباغ ـ دەپ ئاتالغان.

### نور مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىغە 4.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا يەر جايلاشقان.يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 216 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە زېمىن سۇغۇرۇش ئۈچۈن، سۇنى بىر نودىن ئۆتكۈزگەنلىكتىن نور مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### كۆرۈكبېشى كەنتى


يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىغە 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 225 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە چوڭ بىر كۆرۈك بولۇپ ئاھالىلەر شۇ كۆرۈكنىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، كۆرۈك بېشى ـ دەپ ئاتالغان.

### يۇقارقى ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىغە 2.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 317 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە چوڭ بىر ھويلا بولۇپ ئاھالىلار شۇ ھويلىنىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى ھويلا ـ دەپ ئاتالغان.

# موش يېزىنىڭ يەر - جاي ناملىرى خەرىتىسى

1:200000



# مۇش يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

مۇش يېزىسى كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى گۇمبەز ئالدى كەنتىدە، ناھىيە مەركىزىگىچە بولغان ئارىلىقى 22.5 كىلومېتىر، يەرشەكلى تۈزلەڭ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 693.10 كۋادىرات كىلومېتىر (موغا سۇندۇرغاندا 1,036,612 مو) شەرقىي تەرىپى لەڭگەر يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇبىي تەرىپى قىزىل دەرياسىنىڭ ئايرىپ تۇرىشى بىلەن زەمىن يېزىسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ. غەربىي-شىمالىي قىسمى ئاق تاغنىڭ ئايرىپ تۇرىشى بىلەن ئۇلۇغچات ناھىيىسى بىلەن ئۇدۇل كېلىدۇ.

1985-يىللىق ستاتىستىكىغا قارىغاندا؛ دېھقانچىلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 38,300 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 3.7% نى ئىگىلەيدۇ. ئورمان يېرى 14,967 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 1.4% نى ئىگىلەيدۇ. يايلاق كۆلىمى 224,214 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 21.5% نى ئىگىلەيدۇ. باشقا كۆلەم 760,175 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 73.3% نى ئىگىلەيدۇ. بۇ يېزا تەۋەسىدە 9 كەنت كومىتېت، 50 تەبىئىي كەنت بار. 1985-يىلدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا؛ 1,866 ئائىلە، 8,966 نوپۇسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە، ئۇيغۇر 8,809 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 98.5% نى ئىگىلەيدۇ. قىرغىز 148 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 1.8% نى، ئۆزبېك 9 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.1% نى ئىگىلەيدۇ. مۇش ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، 2 خىل چۈشەندۈرۈشى بار.

(1) قاراڭگولىك ۋە قىزىل دەريا سۇلىرى خۇددى بىر ئادەمنىڭ 2 مۇشتىدەك تاغدىن بۇ يېزىنىڭ زېمىنىغا چۈشۈپ ئاندىن ئاياقتا ئېقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن مۇش دەپ ئاتالغان

(2) ئەنجاندىن چىققان كارۋانلار ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ھېرىپ چارچاپ مۇشقا يېتىپ كەلگەن ۋە قەشقەر دېگەن مۇشۇ، مۇشنىڭ بۇ تەرىپى قەشقەر دېيىشكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ يۇرت مۇش دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

مۇش يېزىسى جۇمھۇرىيەت مەزگىلىدە كوناشەھەر ناھىيىسى سەمەن بەگلىكىنىڭ باشقۇرىشىدا بولغان. 1950-يىلى سەمەن رايونىنىڭ 13-يېزىسى بولغان. 1954-يىلى لەڭگەر يېزىسىنىڭ 4-5 يېزىسى بولغان. 1958-يىلدىكى گۇڭشېلىشىشتا لەڭگەر گۇڭشېنىڭ 1-7 داداۋيى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1965-يىلى لەڭگەر يېزىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل ھالدا مۇش گۇڭشې بولۇپ قۇرۇلۇپ، تەۋەلىكىدە 7 داداۋي بولغان.

1977 - يىلى 7 - دادۋىنى ئىككى دادۋي قىلىپ تەڭشىگەن تەۋەلىكىدە 9 دادۋي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا گۇڭشېنىڭ نامى يېزىغا ئۆزگەرتىلگەن، تەۋەلىكىدە 9 كەنت كومىتېت بولغان.

بۇ يېزىنىڭ يەر شەكلى غەربتىن شەرققە قىيپاش، دۆڭلۈك ئاز، ئوتتۇرىچە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1,494.7 مېتر، دېھقانچىلىق رايونىدىكى تۇپراق ئاساسلىقى ئۆلكە لاتقا تۇپراق بولۇپ، توپا قاتلىمى قېلىن، ئادەتتە ئوتتۇرا ھالەت تۇپراق، قىسمەن ئېغىرئەت تۇپراقتىن ئىبارەت، بۇ يېزا ئىچىدىكى ئاقتاغدا ئالتۇن كان بار. تېخى قېزىلمىغاچقا ئالتۇن زاپىسى ئېنىق ئەمەس. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئالتۇن تەركىبىدە قىزىل ئالتۇننىڭ تەركىۋى 85% نى ئىگەللەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. تارىختا دېھقانلارنىڭ پارچە - پارات قازغان ئالتۇنلارنىڭ يىللىق مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5 سەر ئەتراپىدا بولغان. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئېنىقلىنىشىچە بەزىلەر بىر قېتىمدىلا 1 سەردىن ئارتۇق ساپ ئالتۇن قېزىۋالغان.

قارا بەل جاڭگال يايلىقى يېزىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاساسلىقى ساي، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىدىن ئاساسەن، قۇرغاقچىلىققا چىداملىق چاتقال ئۆسۈملۈكلىرى بار. يېپىنچا نىسپىتى تۆۋەن، چارۋا باققاندىن سىرت دېھقانلار بۇ جايدىن ئوتۇن كېسىپ يېقىلغۇ قىلىدۇ. بۇ يەرنىڭ سۇ مەنبەسى كەمچىل، ئورنى گەرچە قىزىل دەريانىڭ يۇقىرى قىسمىغا جايلاشقان بولسىمۇ، لېكىن دەريا يەر يۈزىدىن 50 - 400 مېتر چوڭقۇرلۇقتا بولغاچقا سۇ باشلاش قىيىن، ھۆل - يېغىن مىقدارى باشقا رايونلارغا قارىغاندا كۆپ بولسىمۇ لېكىن ساقلاش ئورنى بولمىغاچقا كۆپ قىسمى ئېقىپ كېتىدۇ ياكى سىڭىپ كېتىدۇ. بۇ يېزىنىڭ ھاۋا كېلىماتى سوغاق، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 9.8℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 42.3℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى -25.9℃ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 80 - 100 - مىللىمېتىر، قىروسىز مەزگىلى 190 - 210 - كۈنگىچە، بوران ۋە غەربىي شىمال شامىلى چىقىدۇ.

ئادەتتىكى چاغدا بوراننىڭ ئەڭ تېز سۈرئىتى 35 سېكونت مېتر بولىدۇ. ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، كۆممە قوناق، شال. قاتارلىقلار، ئىقتىسادىي زىرائەتلىرىدىن كېۋەز، مايلىقدان، بىدە، قوغۇن، سەي - كۆكتات، قاتارلىقلار تېرىلىدۇ، 1985 - يىلدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئاشلىق زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 24,100 مو بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 7,093,000 جىڭ، موبېشى بىرلىك مەھسۇلاتى 294 جىڭ، بولۇپ گۇڭشى تارىخىدىكى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن. كېۋەز 3,900 مو، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 204,000 جىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 52.3 جىڭ، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى 2,291,932 يۈەن، ئومۇمىي كىرىمنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى 256 يۈەن. چارۋىنىڭ يىل ئاخىردىكى قوتان قالدۇقى 22,009 تۇياق، بۇنىڭدىن چوڭ چارۋا 3,058 تۇياق، ئۇششاق چارۋا 18,951 تۇياق. بۇ يېزا قىزىل دەرياسىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا جايلاشقان،

سۇ مەنبەسى مول، سۇغىرىش شارائىتى بىرقەدەر ياخشى. يېزا دائىرىسىدە مۇش تاپقا، ئاقتاش قاتارلىق ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 45 كىلومېتىر كېلىدىغان 3 غول ئۆستەڭ بار. سۇغۇرۇش كۆلىمى 70 مىڭ مو. قىزىل دەرياسىنىڭ بىر تارماق ئېقىمى بوزتاغ ئارقىلىق مىڭ يول كەنت كومىتېتىغا كېلىپ بۇلاق سۇلىرى بىلەن قوشۇلۇپ مىڭ يولىنىڭ ئاساسىي سۇ مەنبەسىگە ئايلىنىدۇ. ئورمانچىلىقمۇ خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان، ئورمان كۆلىمى 14,967 مو، تۈرلۈك ئورمانلاردىن 4,551,777 تۈپ بولۇپ، كىشى بېشىغا 547 تۈپتىن توغرا كېلىدۇ. كۆپخىل ئىگىلىكمۇ تېز تەرەققىي قىلدى. ئۇن زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى، شال ئاقلاش زاۋۇتى، تراكتور پونكىتى قاتارلىق يېزا باشقۇرغان كارخانىلار بار. بۇ كارخانىلارنىڭ يىللىق كىرىمى 82,600 يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي كىرىمنىڭ 3.6% نى ئىگىلەيدۇ.

مەدەنىي مائارىپ ساقلىقنى ساقلاش جەھەتتە، 1985 - يىلى يىل ئاخىرىدا بىر ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 16 نەپەر، ئوقۇغۇچى 157 نەپەر، 8 باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 85 نەپەر، ئوقۇغۇچىسى 1,511 نەپەر، ئۇندىن باشقا رادىئو ئۇزېلى، كىنو قويۇش ئەترىتى، مەدەنىيەت پونكىتى قاتارلىق مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئورۇنلىرى بار. بىر خەلق دوختۇرخانىسى بولۇپ، 8 تىببىي خادىم 28 دانە كېسەل كارىۋىتى بار. ئۇندىن باشقا ھەرقايسى كەنتلەردىمۇ داۋالاش پونكىتلىرى بولۇپ 11 - يالاڭئاياق دوختۇر بار.

يېزا چېگرىسى ئىچىدە يەنە ۋىلايەتلىك نەسىللىك چارۋا مەيدانى، بىرىنچى ئېلېكتر ئىستانسىسى، بالىلار پاراۋانلىق ئورنى قاتارلىق ئورۇنلار جايلاشقان. قاتنىشى بىرقەدەر قولايلىق 1 - ئېلېكتر ئىستانسىسىغا بارىدىغان تاش يول بۇ يېزىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 47 كىلومېتىر، كەڭلىكى 12 مېتىر، كەنتلەر ئوتتۇرىسىدا ئاددىي تاش يوللار بولۇپ، قاتنىشى راۋان. بۇ يېزىدا 6 دانە ئاپتوموبىل، 17 ھەر خىل تىپتىكى تراكتور بار.

# مۇش يېزا تەۋەلىكىدىكى يەر نامىلىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇشى

**مۇش يېزىسى:**

تەزكىرىسى «مۇش يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا؛

**شەرەك سېپى كەنت كومىتېتى**

مۇش يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 7.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1972 - يىلى مۇش يېزا تەۋەلىكىدە ھەرقايسى دادۇيدىن ئائىلە كۆچۈرۈپ چىقىپ دادۈي قۇرۇپ، شەرەك سېپى دادۈي دەپ ئاتالغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن، تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 4 تەبىئىي كەنت، 422 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,321 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممەقوناق، شال، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: شەرەك سېپى كەنتىدە.

**شەرەك سېپى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 7.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 118 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت بۇرۇن ساي بولۇپ، ئەخمەت ئاكام شەرەك دېگەن ئادەم بۇ جايغا كېلىپ يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلغان، كەنت شەكىللەنگەندە شۇ ئادەمنىڭ نامى بىلەن شەرەك سېپى - دەپ ئاتالغان.

**لەڭگەر كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 7.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 63 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئورۇنلاشقان جاي يولۇچىلار چۈشۈپ قونۇپ ئۆتىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر بۇ كەنتنى لەڭگەر - دەپ ئاتىغان.

**قاپقا كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 10.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا

جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 126 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قاپچۇغانغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، قاپچۇغاي ئاتىلىپ كېيىنچە تىللارنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىلىق قاپقا - دەپ ئاتالغان.

## توختىكام چوڭكەش مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 8.3 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 115 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ساي بولۇپ توختىكام چوڭ كەش لەقەملىك بىر كىشى بۇ جايدا بىنام ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلغانلىقتىن، شۇ ئادەمنىڭ نامى بىلەن توختىكام چوڭ كەش مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

## كۆل مەھەللىسى كەنت كومىتېتى

مۇش يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 0.7 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى سەمەن رايونى 13 - يېزىنىڭ باشقۇرىشىدا بولغان. 1954 - يىلى لەڭگەر رايونى 4 يېزىسىنىڭ باشقۇرىشىدا بولغان. 1958 - يىلى لەڭگەر گۇڭشې كۆل مەھەللىسى 7 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1965 - يىلى مۇش گۇڭشې كۆل مەھەللىسى 2 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇرۇن بۇ جايدا بىر چوڭ كۆل بولۇپ، كېيىن ئاھالىلەر كۆل ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقتىن كۆل مەھەللىسى دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت، 1206 نوپۇسى، بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3،651 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممە قوناق، شال، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: قەدەم جاي كەنتىدە.

## قەدەمجاي كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 0.7 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 165 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جاي بىنام بولۇپ، ئاھالىلەر ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىق قىلغان قەدىمكى جاي بولغانلىقتىن قەدەمجاي - دەپ ئاتالغان.

## توغرا ساي كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 1 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 268 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ساي باغرىغا جايلاشقان بولۇپ، كەلكۈن سۈيى بۇ سايىنى توغرىسىغا كېسىپ بۆلۈۋەتكەنلىكتىن. توغرا ساي كەنتى - دەپ ئاتالغان.

### كۆنچى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربكە 0.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 79 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە مامۇتكام كۆنچى دېگەن بىر كۆنچى بولغانلىقتىن، كۆنچى مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### يۇقارقى ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، نوپۇسى 306 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا بىر ھويلا بولۇپ ئاھالىلەر يۇقىرى تەرەپكە ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى ھويلا ـ دەپ ئاتالغان.

### يۇقارقى قارا ياغاچ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 1.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى شىمالىي ئېگىز، جەنۇبىي پەس، نوپۇسى 137 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا قاراياغاچ كۆپ بولۇپ، ئاھالىلەر قاراياغاچنىڭ يۇقىرى قىسمىغا جايلاشقانلىقتىن. يۇقارقى قاراياغاچ كەنتى ـ دەپ ئاتالغان.

### قۇمئېرىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى شىمالىي ئېگىز، جەنۇبىي پەس، نوپۇسى 251 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت سۇنىڭ بېشى بولۇپ، قۇم ئېقىپ كېلىشى ئەھۋالى ئېغىر، ئېرىقلار دائىم قۇم بىلەن توشۇپ تۇرغانلىقتىن، قۇمئېرىق ـ دەپ ئاتالغان.

### بوستان كەنت كومىتېتى

مۇش يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 0.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى سەمەن رايونى 13 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 ـ يىلى لەڭگەر رايونى 4 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 ـ يىلى لەڭگەر گۇڭشې بوستان 8 ـ دادۈي بولغان. 1965 ـ يىلى مۇش گۇڭشې بوستان 3 ـ دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ جاي ئىلگىرى سۆگەتلىك ۋە يېشىلزارلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، بوستان دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت 1,039 نەپەر، نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,824 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، شال، كېۋەز قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: گۈمبەز ئالدى كەنتىدە.

### گۇمبەز ئالدى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 0.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشـقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي. نوپۇسى 198 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ كەنتتە بىر مازار بولۇپ، مازارلىقتا گۈمبەز بار ئىدى، گۈمـبەزنىڭ ئالدىدا ئاھالىلەر ئولتۇراقلىشىپ كەنت شەكىللەنگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن گۈمبەز ئالدى ـ دەپ ئاتالغان.

### جىگدە ئېرىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 0.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 368 نەپەر، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 366، ئۆزبەك 2 نەپەر، ئىلگىرى بۇ جايدا بىر ئېرىق بولۇپ ئەتراپىدا جىگدىلەر كۆپ بولغانلىقتىن، جىگدە ئېرىق ـ دەپ ئاتالغان.

### ئاياغ ساي مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 175 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت سايىنىڭ ئاياغ قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ ساي ـ دەپ ئاتالغان.

### ئاياغ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا 1.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 101 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئاياغ ساي كەنتىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### كوچا يار كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 3.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز پەس، نوپۇسى 91 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي كوچىغا ئوخشاش چوڭقۇر يار بولۇپ، ئەتراپىغا ئاھالىلەر ئولتۇراقلىشىپ كەنت شەكىللەنگەن، يەر شەكلىگە ئاساسەن كوچا يار ـ دەپ ئاتالغان.

### جىگچى سېيى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 3.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 106 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە جىك يا ـ سايدىغان ئادەملەر بولۇپ، شۇ كىشىلەرنىڭ كەسپى بىلەن جىگچى سېيى ـ دەپ ئاتالغان.

**ئەپرات كەنت كومىتېتى**

مۇش يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 1.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950-يىلى سەمەن رايونى 13 يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954-يىلى لەڭگەر رايونى 4 يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958-يىلى لەڭگەر گۇڭشې ئەپرات 9-دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1965-يىلى مۇش گۇڭشې ئەپرات 4-دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى 8-ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت، 1,219 نوپۇسى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر، 1,212 نەپەر، ئۆزبېك، 7 نەپەر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4,707 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كوممەقوناق، شال، كېۋەز، قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئەپرات كەنتىدە.

**ئەپرات كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 1.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 238 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. «ئەپرات»ئەرپات سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ ئەرپاتقا باردىغانلار موشۇ جايغا چۈشۈپ ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، «ئەرپات» ـ دەپ ئاتالغان، كېيىنچە تىلنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئەپرات بولۇپ قالغان.

**تۇمشۇقيار كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز ـ پەس، نوپۇسى 175 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جاينى سەل سۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، يارلىقتا ئايلىنىپ قالغان. كەنتتىنىڭ ئاھالىلىرى ئاشۇ يارنىڭ تۇمشۇقىغا جايلاشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۇمشۇقيار ـ دەپ ئاتالغان.

**ئېرىقبېشى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 0.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 156 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا چوڭ بىر ئېرىق بولۇپ ئاھالىلەر ئېرىقنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئېرىقبېشى ـ دەپ ئاتالغان.

**بەگ مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 0.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 274 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر.

ئىلگىرى باشقا يەرلەردىن بەگلەر بېرىپ كېلىشتە مۇشۇ كەنتتە قونۇپ ئۆتىدىغانلىقى ئۈچۈن، بەگ مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### گەمىلە كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 2.2 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 196 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ يەر ساي بولۇپ كىشىلەر زېمىن ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىش ئۈچۈن، گەمە كولاپ ئۆي قىلىپ ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن گەمىلە ـ دەپ ئاتالغان.

### ئاياغ قارا ياغاچ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 1.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 207 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە بۇرۇندىن تارتىپ بىر تۈپ قارا ياغاچ بولۇپ، ئاھالىلەر قارا ياغاچنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ئاياغ قارا ياغاچ ـ دەپ ئاتالغان.

### نىياز ھاۋرەڭ سېيى كەنت كومىتېتى

مۇش يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 ـ يىلى سەمەن رايونى 13 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 ـ يىلى لەڭگەر رايونى 5 يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 ـ يىلى لەڭگەر گۇڭشېنى نىياز ھاۋرەڭ سېيى 10 ـ دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1965 مۇش گۇڭشې نىياز ھاۋرەڭ سېيى 5 ـ دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 5 تەبىئىي كەنت، 720 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,767 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، كېۋەر، شال، قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: نىياز ھاۋرەڭ مەھەللىسىدە

### نىياز ھاۋرەڭ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلق جايىنىڭ غەربىي جەنوبىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 146 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ يەردە ھاۋرەڭ لەقەملىك نىياز ئاخۇن دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، كېيىن كەنت نامى شۇ كىشىنىڭ ئىسمى ۋە لەقىمى بويىچە نىياز ھاۋرەڭ مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

## زاكۇ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي-جەنۇبىغا 6·3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 123 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ يەردە بىر زاكۇ بولۇپ، ئاھالىلار زاكۇنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، زاكۇ مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

## مەشرەپ تۆمۈرچى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي-جەنۇبىغا 3·2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 124 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە مەشرەپ دېگەن بىر تۆمۈرچى بولۇپ، كەنت شۇ كىشىنىڭ ئىسمى ۋە كەسپى بىلەن مەشرەپ تۆمۈرچى مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

## ئوتتۇرا ساي كەنتى

يېزىلىق ھوكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي-جەنۇبىغا 4·2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 165 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ساينىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئوتتۇرا ساي-دەپ ئاتالغان.

## غاپپار سېيى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6·3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 157 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن غاپپار دېگەن كىشى بۇ سايدىن يەر ئېچىپ تېرىغان، كېيىن ئاھالىلەر كۆپىيىپ كەنت شەكىللەنگەن، كەنت نامى شۇ ئادەمنىڭ ئىسمى بىلەن غاپپار سېيى-دەپ ئاتالغان.

## ئەسلى مۇش كەنت كومىتېتى

مۇش يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2·1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950-يىلى سەمەن رايونى 13 يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954-يىلى لەڭگەر رايونى 5 يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958-يىلى لەڭگەر گوڭشې 11-دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1965-يىلى مۇش گوڭشې ئەسلى مۇش 6-دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى 8-ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت، 1,170 نوپۇسى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 1167 نەپەر، قىرغىز 3 نەپەر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 6,072 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كوممىقوناق، شال، كېۋەز، قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئەسلى مۇش كەنتىدە.

### ئەسلى مۆش كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 403 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 400 نەپەر، قىرغىز 3 نەپەر، بۇ كەنتنىڭ ئەسلى نامى، ئەسكى مۆش ناھىيلىك خەلق هۆكۈمىتى. 1984-يىلى 12-ئاينىڭ 5-كۈنى ئەسكى مۆش دېگەن نامنى ئەسلى مۆشقا ئۆزگەرتكەن.

### يار بېشى كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز-پەس، نوپۇسى 151 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت بورى ئېقىن جىلغىسى يار بېشىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن. يار بېشى - دەپ ئاتالغان؟

### دۆۋە قۇم كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 137 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت دۆۋە قۇم ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، دۆۋە قۇم - دەپ ئاتالغان.

### ساي كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 4.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 268 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت سايغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ساي - دەپ ئاتالغان.

### تۈگمەنبېشى كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 4.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 102 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت تۈگمەننىڭ يۇقىرى تەرىپىگە ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۈگمەنبېشى-دەپ ئاتالغان.

### ئارالچى كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 62 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئىككى دەريا ئارىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئارالچى - دەپ ئاتالغان.

**ئۈستەڭبويى كەنت كومىتېتى**

مۇش يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950-يىلى سەمەن رايونى 13 يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954-يىلى لەڭگەر رايونى 5 يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958-يىلى لەڭگەر گۇڭشې تەۋەلىكىدە ئۈستەڭ بويى 12-دادۈي بولغان. 1965-يىلى مۇش گۇڭشې تەۋەلىكىدە ئۈستەڭبويى 7-دادۈي بولغان. 1984-يىلى 8-ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەسىدە ئۈستەڭبويى كەنتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۈستەڭ بويى - دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 9 تەبىئىي كەنت، 1,353 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 6,559 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، شال كېۋەز. قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: ساقى توختى مەھەللىسىدە.

**ساقى توختى مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 135 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ كەنتتە ساقى توختى دېگەن نوپۇزلۇق بىر كىشى بولۇپ، كەنت نامى شۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن ساقى توختى مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

**قىلىچ ھاجى مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 3.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 265 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ كەنتتە قىلىچ ھاجى ئىسىملىك بىر نوپۇزلۇق كىشى بولۇپ، كەنت نامى شۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن قىلىچ ھاجى مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

**تۇرسۇن قارىم مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 3.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 110 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ كەنتتە تۇرسۇن قارىم دېگەن نوپۇزلۇق بىر كىشى بولۇپ، كەنت نامى شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن تۇرسۇن قارىم مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

**ئىسمايىل تۆرە مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 110 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ كەنتنى ئىسما-

يىل تۆرە ئىسىملىك بىر كىشى باشقۇرۇپ ئۆتكەن بولۇپ، كەنت نامى شۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن ئىسمايىل تۆرە مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### مامۇت جاڭ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 170 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ كەنتتە مامۇت جاڭ دېگەن بىر چولاق كىشى ئۆتكەن بولۇپ، كەنت نامى شۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن مامۇت جاڭ مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### روزى قىچى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 138 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ كەنتتە روزى ئىسىملىك قىچى لەقەملىك جاھىل بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، كەنت نامى مۇشۇ كىشىنىڭ ئىسمى ۋە لەقىمى بىلەن روزى قىچى مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### قەلەمباي مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 212 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ كەنتتە قەلەمباي دېگەن بىر باي بولۇپ، كەنتنى شۇ كىشى ئىگىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن كەنت نامى شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن قەلەمباي مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### يۇقارقى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 4.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 121 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت قەلەمباي مەھەللىسى كەنتىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى مەھەللە دەپ ئاتالغان.

### ئۆستەڭبويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىگە 5.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 86 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتىكى ئاھالىلەر ئۆستەڭ بويىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۆستەڭبويى ـ دەپ ئاتالغان.

**مىلىك يول كەنت كومىتېتى**

مۇش يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 12 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، يەر شەكلى پەلەمپەي، 3 تەرىپى تاغ، ھاۋاسى سالقىن، سۈيى مول. 1950-يىلى سەمەن رايونىنىڭ تەۋەلىكىدە مۇش 13 يېزىلىق ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954-لەڭگەر رايونىنىڭ 4 يېزىلىق ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958-يىلى لەڭگەر گۇڭشېنىڭ تەۋەلىكىدە مىلىك يول دادۈي بولغان. 1965-يىلى مۇش گۇڭشې تەۋەلىكىدە 8-دادۈي بولغان. 1984-يىلى 8-ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ كەنتنى مىلىك يول دېيىشتە، ئەنجاندىن بۇ جايغا مىلىك يول كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، مىلىك يول - دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 3 تەبىئىي كەنت، 404 نوپۇسى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 209، قىرغىز 135 نەپەر، تېرىلغۇ يېرى 2.036 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق. تۇرۇشلۇق ئورنى: قورۇل كەنتىدە.

**قورۇل كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 12 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى پەلەمپەي، 3 تەرىپى تاغ، نوپۇسى 144 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 109 نەپەر قىرغىز 35 نەپەر. بۇرۇن بۇ جاي پوستا تۇرىدىغان ئورۇن بولغانلىقى ئۈچۈن، قورۇل - دەپ ئاتالغان.

**ئاياغ مەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 11.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى پەلەمپەي، 3 تەرىپى تاغ، نوپۇسى 157 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 125 نەپەر، قىرغىز 32 نەپەر، بۇ كەنت مىلىك يولىنىڭ ئايىغىدا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

**باشتوغراق كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 13.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى پەلەمپەي، 3 تەرىپى تاغ، نوپۇسى 114 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 51 نەپەر، قىرغىز 63 نەپەر. بۇ كەنت تەبىئىي توغراقلىق ھەم مىلىك يولنىڭ بېشىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، باشتوغراق - دەپ ئاتالغان.

**يېڭىئۆستەڭبويى كەنت كومىتېتى**

مۇش يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.8 كىلومېتىر يې-

راقلىقتا شامال ئېغىزىغا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1976 - يىلى مۇش گۇڭشېنىڭ ئۈستەڭ بويى 7 - دادۈيىدىن ئايرىلىپ يېڭىدىن قۇرۇلغان دادۈي بولۇپ، يېڭىئۈستەڭ 9 - دادۈي دەپ نام بېرىلگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن، تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 5 تەبىئىي كەنت 1,037 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4,416 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بوغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: يېڭىئۈستەڭ بويى كەنتىدە

## يېڭىئۈستەڭ بويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 298 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جاي ساي جاڭگال بولۇپ، كېيىن كىشىلەر ماكانلىشىپ ئۈستەڭ ئېلىپ دېھقانچىلىق قىلغان. ئاھالىلەر بۇ ئۈستەڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن يېڭىئۈستەڭ بويى - دەپ ئاتالغان.

## توغراقلىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. نوپۇسى 142 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ يەر توغراقلىق بولۇپ، كېيىن ئاھالىلەر ئولتۇراقلىشىپ كەنت شەكىللەنگەندىن كېيىن، بۇ كەنتنى توغراقلىق - دەپ ئاتىغان.

## قارا ئەچكۈ سېيى كەنتى


يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 361 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ كەنتتە قارا قۇربان دېگەن بىر كىشى بولۇپ، بۇ كىشىنىڭ قارا ئەچكۈ دېگەن لەقىمى بولغان، كېيىن مۇشۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن بۇ كەنتنى قارا ئەچكۈ سېيى - دەپ ئاتىغان.

## قارا قاسماخۇن مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 122 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنت ساي بولۇپ، قاسماخۇن دېگەن كىشى كۆچۈپ كېلىپ ئۆي سېلىپ ئولتۇراقلاشقان. كەنت شەكىللەنگەندىن كېيىن قارا قاسماخۇن مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### شازىمكام سېيى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 114 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا شازىمئاخۇن دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، مۇشۇ جايغا ئۆي سېلىپ ماكانلاشقاندىن كېيىن، بۇ يەر كەنتكە ئايلانغان، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ كەنتنى شازىمكام سېيى ـ دەپ ئاتىغان.


قوغان يېزىسىنىڭ يەر- جاي ناملىرى خەرىتىسى
1: 100000
ئاۋات
قەشقەر
قوغان يېزىلىق ھۆكۈمەت
شەھىرى
يېڭى شەھەر
ناھىيىسى

# قوغان يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

قوغان يېزىسى كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى ھەزرەت كەنتىدە، ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان تۈز لىنىيە ئارىلىقى 18.5 كىلومېتىر، يەر تۈزۈلۈشى شىمالى ئېگىز، جەنۇبىي پەس. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 82.95 كۋادرات مېتىر (124,418 مو). شەرقى ئاۋات يېزىسى بىلەن، غەربىي قەشقەر شەھىرىنىڭ نەزەرباغ يېزىسى بىلەن، جەنۇبى قەشقەر شەھىرىنىڭ دۆلەتباغ يېزىسى بىلەن، شىمالىي چاقماق دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 40,548 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 32.2% ئىگىلەيدۇ. ئورمان يېرى 8,251 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 6.63% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئوتلاق كۆلىمى 3,386 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 2.72% نى تەشكىل قىلىدۇ. باشقا كۆلەم 72,709 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 58.48% نى تەشكىل قىلىدۇ.

يېزا تەۋەلىكىدە 15 كەنت كومىتېتى، بىر ئورمانچىلىق مەيدانى، 80 تەبىئىي كەنت بار. 1985-يىللىق ستاتىستىكىغا قارىغاندا؛ 6,029 ئائىلە، 25,673 نوپۇسى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 25,666 نەپەر، بۇ ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 99.97% نى تەشكىل قىلىدۇ. خەنزۇ 7 نەپەر، 0.03% نى تەشكىل قىلىدۇ.

قوغان ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى «قورغان» دېگەن بولىدۇ. قوغان دېگەن نام ئەسلى سەمەن يېزا قارمىقىدىكى خاڭدى، قەشقەر شەھىرى نەزەرباغ يېزىسى قارمىقىدىكى پىخسىن، موللازەدى دېگەن 3 كەنتنىڭ ئومۇمىي ئاتالغۇسى. بۇ 3 ئورۇندا بۇرۇن ئېگىز-ئېگىز قورغان بولغانلىقى ئۈچۈن قورغان-دەپ ئاتالغان. ھازىر شۇ بويىچە ئاتىلىپ كەلمەكتە.

جۇمھۇرىيەت مەزگىلىدە كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ قوغان بەگلىكىگە قاراشلىق بولۇپ، تەۋەلىكىدە 12 يۈز بېشى بارىدى. 1950-يىلدىن باشلاپ كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ قوغان رايونىغا ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەلىكىدە 12 يېزىلىق ھۆكۈمەت بارئىدى. 1954-يىلى قوغان رايونى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. 1956-يىلى قورغان رايونى قايتا كوناشەھەر ناھىيىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. 1958-يىلى يەنە قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ گۇڭشې قۇرۇلغان. 1964-يىلى قوغان گۇڭشېنى كوناشەھەر ناھىيىگە يەنە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن، 1975-يىلى گۇڭشې قايتا قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. 1982-يىلى يەنە كونا شەھەر ناھىيىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. 1984-يىلى 8-ئايدا گۇڭشې

يېزىغا ئۆزگەرتىلگەن. يەر تۈزۈلۈشى شەرقتىن غەربكە قىيپاش بولۇپ، بىرقەدەر تۈزلەڭ. دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1,303.6 مېتىر، تۇپرىقى ئاساسەن ئۆلكە لاتقا تۇپراق، قىسمەن ئۆلكە جىگەرەڭ تۇپراق، چىم تۇپراقمۇ بار. ئادەتتە ئوتتۇرائەت تۇپراق ھېسابلىنىدۇ. ھاۋا كىلىماتى مۆتىدىل، 4 پەسىل ئېنىق. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 38.7℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا -25.3℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 50-60mm، يىللىق كۈن نۇرىنىڭ ئوتتۇرىچە چۈشۈش ۋاقتى 2,800 سائەت، يىللىق قىروسىز مەزگىلى 210-220 كۈن. ئاساسلىق سۇ مەنبەسى قىزىل دەرياسى بولۇپ، ئاۋات ئۆستەڭدىن نىسبەتلىك سۇ ئۆتىدۇ. تەۋەسىدە ھەزرەت تاش ئۆستەڭ، سۇزاق سېمونت ئۆستەڭ بار. ئۆستەڭنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 22 كىلومېتىر، سۇغىرىش كۆلىمى 57,000 مو. ئاۋات ئۆستىڭى يېزىنىڭ شىمالىدىن 8 كىلومېتىر كېسىپ ئۆتۈپ ئاۋات يېزىسىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. دائىرىسىدە ۋاپ سۇ ئامبىرى بار بولۇپ، 1967-يىلى قۇرۇلغان. سۇ سىغىمچانلىقى 7 مىليون كۇبمېتىر، سۇغىرىش كۆلىمى 5,000 مو. بېلىق باقىلى بولىدۇ. بۇ يېزىدا ئاساسەن بۇغداي، ئاق-قوناق، كۆممەقوناق، شال، كېۋەز، مايلىقدان قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلىدۇ. 1985-يىلدىكى، يىللىق ستاتىستىكىدىن قارىغاندا؛ ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 48,200 مو بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 14 مىليون 451 مىڭ جىڭ. ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 562 جىڭ بولغان. يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى 6,048,727 يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا 235.5 يۈەندىن توغرى كەلگەن. بۇ يېزىنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىمۇ تېز تەرەققى قىلدى. 1985-يىلى، يىل ئاخىرىسىدا قوتاندىكى قالدۇق چارۋا سانى 25,625 تۇياق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ چارۋا 6,494 تۇياق، كىچىك چارۋا 19,131 تۇياق، ئورمان كۆلىمى 8,251 مو بولۇپ، جەمئىي 1,600,797 تۈپ ھەرخىل دەرەخ بار. بۇ كىشى بېشىغا 62 تۈپتىن توغرى كېلىدۇ. ياۋايى ھايۋاناتلاردىن ياۋا توشقان، تۈلكە قاتارلىقلار بار. كوپ خىل ئىگىلىكمۇ تېز تەرەققى قىلدى. ھازىر يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدە ئۇن زاۋۇتى، خىش زاۋۇتى، شال ئاقلاش زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى قاتارلىق كارخانىلار بولۇپ، 31 كىشى ئىشلەيدۇ. يىللىق كىرىمى 520 مىڭ يۈەن. پۈتكۈل يېزىنىڭ ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 8.7% تەشكىل قىلىدۇ. بۇ يېزا قەشقەر شەھىرىگە يېقىن بولۇپ، قاتناش قولايلىق. قەشقەر-بەشكېرەم قارماي يولى بۇ يېزىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ھەر كۈنى ئاپتوبۇز قاتناپ تۇرىدۇ. يېزا بىلەن كەنت، كەنت بىلەن كەنت ئوتتۇرىسىدا تاش يول بار. قاتنىشى راۋان، يېزا دائىرىسىدە 16 ماشىنا، 58 ھەرخىل تىپتىكى تراكتور بار.

مەدەنىي مائارىپ سەھىيە ئىشلىرى بىرقەدەر تېز تەرەققى قىلغان. ھازىر 2 ئوتتۇرا مەكتەپ 13 باشلانغۇچ مەكتەپ، 280 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىسى، 3762 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بار. بىر دوختۇرخانا 25 نەپەر تىببىي داۋالاش خادىمى، 60 دانە كېسەل

كارۋىتى بار، 15 ئورۇندا داۋالاش پونكىتى، 17 نەپەر يالاڭئاياق دوختۇر بار، ئۇندىن باشقا كىنو قويۇش ئەترىتى، رادىئوئۇزېلى، مەدەنىيەت پونكىتى، كۇتۇپخانا قاتارلىق مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئورۇنلىرى بار.

تەكشۈرۈشىمىزچە ئاساسلىق تەبىئىي ئاپەتتىن مىلادى 1100-يىلى ئەتراپىدا چاقماق دەرياسىنىڭ كەلكۈن سۈيى 20 نەچچە كۈن ئېقىپ قوغان دائىرىسىدىن چوڭ جىلغا ھاسىل قىلغان. ھازىرقى يالاڭ سۇ ئامبىرى بىلەن ۋاپ سۇ ئامبىرى بۇ 2 جىلغىغا قۇرۇلغان.

# قوغان يېزىسى تەۋەلىكىدىكى يەر ناملىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇشى

**قوغان يېزىسى**

**تەزكىرىسى «قوغان يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا**

**ھەزرەت كەنت كومىتېتى**

قوغان يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 0.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950-يىلى قوغان رايونى 6-يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954-يىلى قوغان رايونى 10-يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958-يىلى قوغان گۇڭشې ھەزرەت 1-دادۈي بولغان. 1975-يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قوغان گۇڭشې ھەزرەت دادۈيى بولغان. 1982-يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ قوغان گۇڭشې ھەزرەت 1-دادۈيى بولغان. 1984-يىلى 8-ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. ئاپپاق غوجا مازىرىنىڭ قېشىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ھەزرەت دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 13 تەبىئىي كەنت، 2,375 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,586 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممىقوناق، كېۋەز، مايلىق دان قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى مېۋە-چېۋە. تۇرۇشلۇق ئورنى: مال كوچا كەنتىدە.

**مالكوچا كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 0.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 220 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا ئاھالىلار ئولتۇراقلاشقان بىر كوچا بولۇپ، ئۇلار مال بېقىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن، مالكوچا دەپ ئاتالغان.

**ئاياقچىلا كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 1.2 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 261 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا ئاياق (ياغاچتىن ياسالغان قاچا) ياسايدىغان ئاھالىلەر كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئا-

ياقچىلا ـ دەپ ئاتالغان.

**ئاياغ كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 164 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئاياقچىلا كەنتىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ كەنتى ـ دەپ ئاتالغان.

**تېرەك تۈۋى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 0.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 144 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە بىر تۈپ قاپاق تېرەك بولۇپ، ئاھالىلەر شۇ تېرەك ئەتراپىغا ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، تېرەك تۈۋى ـ دەپ ئاتالغان.

**بۆلۈڭكوچا كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 0.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 173 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە ئاھالىلەر يۇرتىنىڭ بۇرجىكىدىكى بۆلۈڭ شەكلىدىكى بىر جايغا كوچا شەكىللەندۈرۈپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، بۆلۈڭكوچا ـ دەپ ئاتالغان.

**توگمەنبېشى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 1.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 151 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇكەنت توگمەننىڭ باش قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، توگمەنبېشى ـ دەپ ئاتالغان.

**تۆمۈرچى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 0.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 187 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە بىر تۆمۈرچىلىك دوككىنى بولغانلىقى ئۈچۈن، تۆمۈرچى ـ دەپ ئاتالغان.

**ئارقا كوچا كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 0.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 174 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت تۆمۈرچى كەنتىنىڭ ئارقا تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئارقا كوچا ـ دەپ ئاتالغان.

### ئاياغ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 0.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 185 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللە يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### قوشگۈمبەز كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 0.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 212 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ ئالدىدا قوشگۈمبەز بولغانلىقى ئۈچۈن، قوشگۈمبەز - دەپ ئاتالغان.

### چارباغ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 127 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ كەنتتە بىر باينىڭ چوڭ بىر بېغى بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى چارباغ - دەپ ئاتىغان. شۇڭا كەنت نامى چارباغ ئاتالغان.

### يەيلىغان كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 0.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 158 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ يەر شەكلى تۈزلەڭ بولۇپ، ئاھالىلەر كەڭ زېمىندا تارقاق ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، يەيلىغان - دەپ ئاتالغان.

### ۋاپ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 0.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 221 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا ۋەخپىي زېمىن كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋاپ - دەپ ئاتالغان.

### ۋاپ كەنت كومىتېتى

قوغان يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى قوغان رايونى 9 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى قازىرىق رايونى 4 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى قوغان گۇڭشې 2 - دادۈي بولغان. 1975 - يىلى قەشقەر

شەھەرنىڭ باشقۇرۇلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قوغاق گۈڭشې ۋاپ دادۈي بولغان. 1982 - يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ قوغان گۈڭشې ۋاپ 2 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن، تۇرۇشلۇق كەنت ئىسمى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 4 تەبىئىي كەنت، 1,246 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,522 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز، مايلىقدان قاتارلىقلار، ئالاھىدە مەھسۇلاتى: مېۋە - چېۋە، تۇرۇشلۇق ئورنى: ۋاپ كەنتىدە.

### ۋاپ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەقىي جەنۇبىغا 2·3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 585 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ كەنت تەۋەسىدىكى زېمىننىڭ كۆپ قىسمى قەشقەر شەھىرى چاسا مىچىتكە تەۋە ۋەخپە يەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋاپ - دەپ ئاتالغان.

### تۆمۈرچىلە كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1·9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 234 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە تۆمۈرچى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، تۆمۈرچىلە - دەپ ئاتالغان.

### ئۆيكوچا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1·9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز - پەس، نوپۇسى 244 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان جاي پەس بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆيكوچا - دەپ ئاتالغان.

### يېڭى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2·4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 183 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئەسلى بۇ كەنتنىڭ نامى شەيتان مەھەللىسى - دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بولۇپ، 1984 - يىلى 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇ جاينىڭ نامىنى يېڭى مەھەللىگە ئۆزگەرتكەن.

### تۆۋەنكى سۇزاق كەنت كومىتېتى

قوغان يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 4·2 كىلومېتىر يىراقلىق-

قا جايلاشقان بولۇپ، يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950-يىلى بەشكېرەم رايونى 5-يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954-يىلى قازىرىق رايون 5-يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958-يىلى قوغان گۇڭشې 2-دادۈي بولغان. 1975-يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قوغان گۇڭشې تۆۋەنكى سۇزاق دادۈي بولغان. 1982-يىلى كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قوغان گۇڭشې تۆۋەنكى سوزاق 3-دادۈي بولغان. 1984-يىلى 8-ئايدا دادۈينى كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتكەن. بۇ جاي شىمالىدىن شەرققە قاراپ ئۇزۇن سوزۇلغانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەنكى سوزاق دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت، 1,888 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,696 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: مېۋە-چېۋە. تۇرۇشلۇق ئورنى: سامانچى كەنتىدە.

**سامانچى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 3.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 220 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدىكى ئاھالىلەر سامان سېتىش كەسپى بىلەن كۆپ شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن، سامانچى كەنتى-دەپ ئاتالغان.

**كوچا ئالدى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 4.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 652 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت 4 كوچىنىڭ دوقمۇشىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، كوچا ئالدى-دەپ ئاتالغان.

**توغبېشى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 3.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 256 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ يەردە چوڭ بىر تۇغ (تۇغان) بولۇپ، ئاھالىلار شۇ تۇغىنىڭ باش تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، بۇ كەنت تۇغبېشى-دەپ ئاتالغان.

**ئېرىقبويى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 129 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر بۇ كەنت ئېرىق بويى-

غا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئىرىقبويى ـ دەپ ئاتالغان.

#### هويلا ئالدى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 211 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت بىر ـ بىرىگە قارشى تۇرىدىغان ئىككى چوڭ هويلا ئالدىدىكى بوشلۇقتا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، هويلا ئالدى ـ دەپ ئاتالغان.

#### ئاياغ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 4.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 420 نەپەر. ھەممىسى ئۇيغۇر. يۇرتنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

#### توقاي كەنت كومىتېتى

قوغان يېزىلىق هوكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى بەشكېرەم رايونى 6 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 ـ يىلى قازىرىق رايونى 6 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 ـ يىلى قوغان گۇڭشې 4 ـ دادۈي بولغان. 1975 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ قوغان گۇڭشې توقاي دادۈي بولغان. 1982 ـ يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قوغان گۇڭشې توقاي 4 ـ دادۈي بولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت. 1,889 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يېرى 4,014 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆمەقوناق، كېۋەز، مايلىقدان قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: مېۋە ـ چېۋە. تۇرۇشلۇق ئورنى: دۆڭتوقاي كەنتىدە.

#### دۆڭتوقاي كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 343 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئېگىز توقايلىق ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، دۆڭتوقاي ـ دەپ ئاتالغان.

#### داموللام توقىيى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 7.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاش-

قان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 392 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي داموللام ئىگەلىگەن توقاي بولغانلىقى ئۈچۈن، داموللام توقىيى ـ دەپ ئاتالغان.

### قوتاز توقىيى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 8.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 488 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئىلگىرى جاڭگال بولۇپ، تۇرسۇن قوتاز دېگەن كىشى چىقىپ بىنام ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلغان، شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن بۇ كەنت قوتاز توقىيى ـ دەپ ئاتالغان.

### ئوتتۇرا مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 9.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 212 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. قوتاز توقىيى بىلەن يانتاق مەھەللىسى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئوتتۇرا مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### يانتاق مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 9.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 162 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا ھەممىدىن بۇرۇن يانتاق ئىسىملىك بىر كىشى ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، كەنت نامى يانتاق مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### مەسچىت ئالدى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 9.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 202 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت مەسچىتنىڭ ئالدى تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، مەسچىت ئالدى ـ دەپ ئاتالغان.

### تۆۋەنكى ھويلا كەنت كومىتېتى

قوغان يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى بەشكېرەم رايونى 5 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 ـ يىلى قازىرىق رايونى 5 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 ـ يىلى قوغان گۇڭشې 5 ـ دادۈي بولغان. 1975 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قوغان گۇڭشې تۆۋەنكى ھويلا دادۈي بولغان. 1982 ـ يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قوغان

گۈڭشى 5 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كـومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ جاي يۇرتنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەنكى هويلا دەپ - ئاتالغان. تـەۋەسىدە 6 تـەبىئىي كـەنت، 1,328 نـوپـۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يـەر كۆلىمى 3,243 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز، مـايلىقدان قا- تارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: مېۋە - چېۋە. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئېرىق بېشى كـەنتىدە.

### ئېرىقبېشى كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغـا 5.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 165 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئېرىق- نىڭ باش تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئېرىقبېشى - دەپ ئاتالغان.

### تۆۋەنكى هويلا كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغـا 5.6 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 618 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت يۇرت- نىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەنكى هويلا - دەپ ئاتالغان.

### دۆڭ مەھەللە

يېزىلىق هۆكۈمەت تـۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنـۇبىغـا 5.6 كىلومـېتر يىراق- لىقتا جايـلاشـقان. يەر شەكلى ئېگىز - پەس. نوپۇسى 144 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت سۇ چىقمايدىغـان ئېگىز جايغا ئورۇنلاشـقانلـىقى ئـۈچـۈن، دۆڭ مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### چوڭ هويلا كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغـا 6 كىلومېتر يىراقـلىقـتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 100 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جاي- دا بىر دېھقان چوڭ بىر هويلا چۆرىگەن بولۇپ، كېيىن ئاھالىلەر كېلىپ ئولـتۇراقلـ- شىپ كەنتكە ئايلانغانلىقى ئۈچۈن، چوڭ هويلا - دەپ ئاتالغان.

### يېڭى هويلا كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغـا 6.3 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 87 نەپەر، ھەممـىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت پەيدا

بولۇشتىن بۇرۇن بىر دېھقان بۇ يەرگە يېڭى ھويلا چۆرىگەن. كېيىن ئاھالىلەر ئەترا- پىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، يېڭى ھويلا - دەپ ئاتالغان.

#### ئارقا مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 5.1 كىلومېتىر يىراقلىق- قا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 185 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللە يۇرتنىڭ ئارقا تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئارقا مەھەللە-دەپ ئاتالغان.

#### لەڭگەر كەنت كومىتېتى

قوغان يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 5.8 كىلومېتىر يىراقلىقىقا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى بەشكېرەم رايونى 6 - يېزىسىنىڭ باش- قۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى قازىرىق رايونى 6 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىل- گەن. 1958 - يىلى قوغان گوڭشې 6 - دادۈي بولغان. 1975 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قوغان گوڭشې لەڭگەر دادۈي بولغان. 1982 - يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قوغان گوڭشې 6 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. ئىلگىرى بۇ كەنتتە قونالغۇ بولغانلىقى ئۈچۈن، لەڭگەر-دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 3 تەبىئىي كەنت، 1،165 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2،098 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز، مايلىقدان قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۆرۈك، شاپتۇل. تۇرۇشلۇق ئورنى: بوتىكامنىڭ قىشلىقى كەنتىدە.

#### بوتىكامنىڭ قىشلىقى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 5.5كىلومېتىر يىراقلىقىقا جايلاش- قان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 469 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ ئەتراپىدا ئوت - چۆپ كۆپ بولۇپ، چارۋىلارنىڭ قىشلىق يايلىقى بولغاچقا بوتىكام بۇ جايغا ماكانلىشىپ كېيىن ئاھالىلەرنىڭ كۆپىيىشى بىلەن كەنت شەكىللەنگەنلىكى ئۈچۈن، بوتىكامنىڭ قىشلىقى - دەپ ئاتالغان.

#### لەڭگەر كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 5.8 كىلومېتىر يىراقلىقىقا جايلاش- قان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 313 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا

ئاۋات يېڭى ئۆستەڭنىڭ دېھقانلىرى شەھەرگە بېرىپ كېلىشتە قوناپ ئۆتىدىغان قونالغۇ بولغانلىقى ئۈچۈن، لەڭگەر-دەپ ئاتالغان.

**تالىپكامنىڭ قىشلىقى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 5.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 304 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئەتراپىدا ئوتلاق بولۇپ، چارۋىلارنىڭ قىشلىق يايلىقى بولغان. تالىپكام بۇ جايدا ماكانلىشىپ ئاھالىلەرنىڭ ماكانلىشى بىلەن كەنت شەكىللەنگەنلىكى ئۈچۈن، تالىپكامنىڭ قىشلىقى -دەپ ئاتالغان.

**تىل سوزاق كەنت كومىتېتى**

قوغان يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950-يىلى بەشكېرەم رايونى 6-يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان 1954-يىلى قازىرىق رايونىنىڭ 7-يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958-يىلى قوغان گۇڭشې 7-دادۈي بولغان، 1975-يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قوغان گۇڭشې تىل سوزاق دادۈي بولغان. 1982-يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قوغان گۇڭشې 7-دادۈي بولغان. 1984-يىلى 8-ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ جاينىڭ شەرقى تەرىپى پەس، ئاياغ تەرىپى نوي تىل شەكىلدە بولغانلىقى ئۈچۈن، تىل سوزاق دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت، 1,934 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يېرى 3,586 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز، مايلىقدان قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۆرۈك، شاپتۇل، ئۈزۈم تۇرۇشلۇق ئورنى: كۆلبېشى كەنتىدە.

**كۆلبېشى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى سوزۇلچاق، نوپۇسى 443 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. كەنتنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كۆل بولۇپ، ئاھالىلەر كۆلنىڭ بېشىدا ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، كۆل بېشى-دەپ ئاتالغان.

**ئۆستەڭبويى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 350 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئۆستەڭ بويىغا

جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۈستەڭبويى-دەپ ئاتالغان.

### ئارقا مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 5.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 378 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي يۇرتنىڭ ئارقا تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئارقا مەھەللە-دەپ ئاتالغان.

### تۇگمەنبېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 235 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا تۇگمەن كۆپ بولۇپ، ئاھالىلەر تۇگمەننىڭ باش تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۇگمەن بېشى-دەپ ئاتالغان.

### دۆڭئېرىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 5.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 363 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاينىڭ زېمىنى پەس، ئېرىقى دۆڭدە بولغانلىقى ئۈچۈن، دۆڭئېرىق-دەپ ئاتالغان.

### ئويكوچا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 5.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز-پەس، نوپۇسى 191 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ يەرنىڭ ئورنى پەس بولغانلىقى ئۈچۈن، ئويكوچا دەپ ئاتالغان.

### باش سۇزاق كەنت كومىتېتى

قوغان يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 3.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950-يىلى بەشكېرەم رايونى 5-يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954-يىلى قازىرىق رايونى 5-يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتكەن. 1958-يىلى قوغان گۇڭشې 8-دادۈي بولغان. 1975-يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قوغان گۇڭشې باش سۇزاق دادۈي بولغان. 1982-يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قوغان گۇڭشې 8-دادۈي بولغان. 1984-يىلى 8-ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. دائىرىسىدە باش سۇزاق كەنتى بول-

خانلىقى ئۈچۈن، شۇ نام بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 5 تەبىئىي كەنت، 1,606 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,770 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز، مايلىقدان قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۆرۈك، شاپتۇل. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئاچىخوي كەنتىدە.

### ئاچىخوي كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 3.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 206 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ كەنتتە مەمەت ئاچىخوي دېگەن لەقىمى بار بىر دېھقان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاچىخوي - دەپ ئاتالغان.

### ئۇستەڭبويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 3.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 407 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئۇستەڭ بويىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇستەڭبويى - دەپ ئاتالغان.

### بەشئېرىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 3.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 559 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت 5 ئېرىققا سۇ بارىدىغان بىر تۇما ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، بەشئېرىق - دەپ ئاتالغان.

### چوجە باش كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 230 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ شەكلى چوجە بېشىغا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن، چوجە باش - دەپ ئاتالغان.

### ئاياغ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 143 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت يۇرتنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### قارا ساقال كەنت كومىتېتى

قوغان يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جاي-

لاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى بەشكېرەم رايونى 3 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى قازىرىق رايونى 3 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى قوغان گۇڭشې 9 - دادۈي بولغان. 1975 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قوغان گۇڭشې قاراساقال دادۈي بولغان. 1982 - يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قوغان گۇڭشې 9 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. دائىرىسىدە قاراساقال كەنتى بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ نام بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 3 تەبىئىي كەنت، 1,484 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يېرى 2,910 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆمەقوناق، كېۋەز، مايلىقدان قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: مېۋە - چېۋە. تۇرۇشلۇق ئورنى: كىچىكئېرىق كەنتىدە.

### كىچىكئېرىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 652 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە بىر كىچىك ئېرىق بولغانلىقى ئۈچۈن، كىچىكئېرىق - دەپ ئاتالغان.

### قاراساقال كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 736 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. قاراخانىلار دەۋرىدە ئاتاقلىق بىر ئەرباپ 45 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇنى قاراساقال ئاتام - دەپ ئاتاپ، ئاتىغا بىر چوڭ مازار ياسىغان كېيىن يەرنامى قاراساقال - دەپ ئاتالغان.

### شالا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 168 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلار تارقاق - تارقاق ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، شالاڭ دەپ ئاتالغان، كېيىن تىلنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن شالاغا ئۆزگىرىپ قالغان.

### شام پاششا كەنت كومىتېتى

قوغان يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى بەشكېرەم رايونى 3 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، 1954 - يىلى قازىرىق رايونى 3 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىل-

گەن. 1958 - يىلى قوغان گۇڭشې 10 - دادۈي بولغان. 1975 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قوغان گۇڭشې 10 - دادۈي بولغان. 1982 - يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قوغان گۇڭشې 10 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. شام پاشا دېگەن سۆز، شام شەھىرىنىڭ پادىشاھلىرى دېگەن مەنىدە، رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا ئىلگىرىكى زاماندا شام شەھىرىدىن بىر دىن تارقاتقۇچى دىن تارقىتىش سەۋەبى بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ ۋاپات بولۇپ، مۇشۇ ئورۇنغا دەپنە قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بۇ جاينى شام پاشا دەپ ئاتىغان. تەۋەسىدە 3 تەبىئىي كەنت، 843 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ كۆلىمى 1,456 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بوغداي كۆممەقوناق، كېۋەز، مايلىقدان قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: مېۋە - چېۋە. تۇرۇشلۇق ئورنى: تۆۋەنكى ھويلا كەنتىدە

### تۆۋەنكى ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 4.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 212 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت يۇرتنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەنكىھويلا - دەپ ئاتالغان.

### يۇقارقى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 305 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللە يۇرتنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### ئاياغ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 4 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 275 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللە يۇرتنىڭ ئاياغ قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### تۆۋەنكى قازىرىق كەنت كومىتېتى

قوغان يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 1.1 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى قوغان رايونى 9 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى قازىرىق رايونى 4 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى قوغان گۇڭشې 11 - دادۈي بولغان. 1975 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قوغان گۇڭشې 11 - دادۈي بولغان. 1982 - يىلى قاي-

تا كوناشەھەر ناھىيىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قوغان گۇڭشې 11 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەسىدە 4 تەبىئىي كەنت، 1,092 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يېرى 1,837 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز، مايلىقدان قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئاياغ مەھەللىدە.

### ئاياغ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 1.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 231 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللە يۇرتنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### كۆلبېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 1.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 443 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە بىر كۆل بولۇپ، ئاھالىلار شۇ كۆل ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، كۆلبېشى - دەپ ئاتالغان.

### لەڭگەر كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 1.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 117 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا يېڭىئۆستەڭگە بېرىپ كېلىشتە دەم ئالىدىغان بىر قونالغۇ بولغانلىقى ئۈچۈن، لەڭگەر - دەپ ئاتالغان.

### جىلغا مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 1.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 260 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللە بىر جىلغىنىڭ باش قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، جىلغا مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### چۆمبۈس كەنت كومىتېتى

قوغان يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 2.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى بەشكېرەم رايونى 3 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى قازىرىق رايونى 3 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى قوغان گۇڭشې 12 - دادۈي بولغان. 1975 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ

باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قوغان گوڭشې 12 - دادۈي بولغان. 1982 - يىلى قايـ ـتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قوغان گوڭشې 12 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. چۇمبۇس دېـ گەن سۆز مۇڭغۇلچە كامالىق دېگەن مەنىدە. بۇرۇن بۇ جاينىڭ شەرقىدە چوڭقۇر كامالىق بولغانلىقى ئۈچۈن، چۇمبۇس - دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 7 تەبىئىي كەنت، 2،090 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يېرى 3،267 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغـ داي، كۆممەقوناق، كېۋەز، مايلىقدان قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: كوچا ئاغزى كەنتىدە.

### كوچا ئاغزى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 2.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشـ قان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 507 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت 4 كوچىنىڭ ئاغزىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، كوچا ئاغزى - دەپ ئاتالغان.

### يۇقارقى مەھەللە كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. نوپۇسى 208 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت كوچا ئاغزى كەنتىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### سوقا كۆل كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جـايلاشـ قان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 395 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە بىر سوقـ چاق كۆل بولغانلىقى ئۈچۈن، سوقا كۆل - دەپ ئاتالغان.

### ئارقا مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 3.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جـايلاشـ قـان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 338 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بـۇ مەھەللە شەھـەر يولى كەنتىنىڭ ئارقا تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئارقا مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### شەھەر يولى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 3.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايـلاشـ قان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 301 نەپەر، ھەممىسى ئۇيـغۇر. بۇ كـەنتتە قـەشـقەر شەھىرىگە ماڭىدىغان بىر يول بولغانلىقى ئۈچۈن، شەھەر يولى - دەپ ئاتالغان.

## خالتا كوچا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقاق. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 115 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئايىقى يوق بىر كوچىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، خالتا كوچا - دەپ ئاتالغان.

## ھەرەمباغ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 155 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا مەنزىرىسى ناھايىتى ياخشى، بىر چىلانلىق باغ بولۇپ، كىشىلەر سايامەت قىلىدىغان باغ بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەرەمباغ - دەپ ئاتالغان.

## يۇقارقى قازىرىق كەنت كومىتېتى

قوغان يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى بەشكېرەم رايونى 2 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى قازىرىق رايونى 2 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى قوغان گۇڭشې 13 - دادۈي بولغان. 1975 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرۇپ بېرىلىپ، قوغان گۇڭشې 13 - دادۈي بولغان. 1982 - يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قوغان گۇڭشې 13 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. قازىرىق دېگەن سۆز قازى ئېرىقى دېگەن مەنىدە، بۇرۇن بۇ جايدا بىر قازى يۇرتنىڭ بېشىغا بىر ئېرىق چاپتۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، قازى ئېرىق دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت، 2,422 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,352 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز، مايلىقدان ناتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۈرۈك، شاپتۇل. تۇرۇشلۇق ئورنى: يۇقارقى مەھەللىدە.

## يۇقارقى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 602 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللە تېرەك ئالدى كەنتىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

## تېرەك ئالدى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 196 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ ئالدىدا بىر

تۈپ چوڭ قاپاق تېرەك بولۇپ، ئاھالىلار شۇ تېرەكنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، تېرەك ئالدى - دەپ ئاتالغان.

### ئوتتۇرا مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ نوپۇسى 561 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللە تېرەك ئالدى كەنتى بىلەن ئاياغ مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئوتتۇرا مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### ئاياغ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 493 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللە ئوتتۇرا مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### ئاق ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 3.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 216 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا چوڭ بىر ئاق ھويلا بولۇپ، ئاھالىلار ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاق ھويلا - دەپ ئاتالغان.

### ياۋلىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز - پەس، نوپۇسى 200 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. كەنت چاقماق دەرياسى بويىدىكى يارلىقتا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يارلىق دەپ ئاتالغان. كېيىن ياۋلىققا ئۆزگىرىپ قالغان.

### بوچا كەنت كومىتېتى

قوغان يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى بەشكېرەم رايونى 1 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى قازىرىق رايونى 1 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى قوغان گۇڭشې 14 - دادۈي بولغان. 1975 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قوغان گۇڭشې 14 دادۈي بولغان. 1982 - يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قوغان گۇڭشې 14 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. دائىرىسىدە بوچا كەنتى بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ نام بىلەن ئاتالغان تەۋەسىدە 4 تەبىئىي

كەنت، 2,309 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يېرى 2,867 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بوغداي، كوممىقوناق، كېۋەز، مايلىقدان قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۈزۈك، شاپتۇل قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: تېتىر باغ كەنتىدە.

### تېتىر باغ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 3.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 516 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جاي جاڭگال بولۇپ، ئاھالىلار بىنام ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىپ يۇرتقا ئايلاندۇرغانلىقى ئۈچۈن، تېتىر باغ ــ دەپ ئاتالغان.

### يۇقارقى بۇچا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 770 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇچا دېگەن سۆز بۇرجەك دېگەن مەنىدە بۇ كەنت بوچىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى بۇچا ــ دەپ ئاتالغان.

### چوڭكۆل بېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 4.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 252 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇ كەنتتە چوڭ بىر كۆل بولۇپ، ئاھالىلار شۇ كۆل ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، چوڭكۆل بېشى ــ دەپ ئاتالغان.

### پارچە بۇچە كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 696 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت بوچىنىڭ بىر بۆلىكىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، پارچە بۇچە ــ دەپ ئاتالغان

### قاساپ مەھەللىسى كەنت كومىتېتى

قوغان يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 1.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ــ يىلى بەشكىرەم رايونى 6 ــ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 ــ يىلى قوغان گوڭشې 15 ــ دادۈي بولغان. 1975 ــ يىلى قەشقەر شەھرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قوغان گوڭشې 15 ــ دادۈي بولغان. 1982 ــ يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قوغان گوڭشې

15 ـ دادۈي بولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىگە ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق جايىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 4 تەبىئىي كەنت، 1570 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1,777 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆمەقوناق، كېۋەز، مايلىقدان. تۇرۇشلۇق ئورنى؛ قاساپ مەھەللىسىدە.

### قاساپ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 1.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 747 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللىدە قاساپ كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، قاساپ مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### توقاي كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 2.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 264 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت دەريا بويىدىكى جەينەك شەكىلدىكى ئورۇنغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، توقاي ـ دەپ ئاتالغان.

### لەڭگەر كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 2.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ نوپۇسى 205 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە يولۇچىلار يېتىپ قوپىدىغان بىر قونالغۇ بولغانلىقى ئۈچۈن، لەڭگەر ـ دەپ ئاتالغان.

### يۇمۇلاقلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 1.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 354 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر بۇ جاي يۇمۇلاق شەكىلدە بولغانلىقى ئۈچۈن، يۇمۇلاقلا ـ دەپ ئاتالغان.

# بەشكىرەم يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

بەشكىرەم يېزىسى كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ شەرقى تەرىپىگە جايلاشقان. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى: توقاي كەنتىدە. ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان ئارلىقى 20 كىلومېتىر، يەر تۈزلىشى شىمالى تەرىپى ئېگىز، جەنۇبى تەرىپى پەس، بىر قەدەر تەكشى. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 242.93 كۋادىرات كىلومېتىر (364,394 مو) شەرقى ئاققاش يېزىسى بىلەن غەربى قەشقەر ئايرودوم بىلەن، جەنۇبى ئاۋات يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمالى تەرىپى قۇمال تاغ ئارقىلىق قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئاتۇش ناھىيىسى بىلەن يوپور تۇرىدۇ. 1985 - يىلدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، يېزا بويىچە ئېكىن يەر كۆلىمى 41,200 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 11.3% نى ئىگەللەيدۇ. ئورمان يېرى 18,110 مۇ بولۇپ، ئومۇمى يەر كۆلىمىنىڭ 5% نى، باغ 6,086 مۇ بولۇپ، ئومۇمى يەر كۆلىمىنىڭ 1.8% نى، ئوتلاق 12,191 مو بولۇپ،يەر كۆلىمىنىڭ 3.1% نى، باشقا كۆلىمى 287,961 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 79% نى ئىگەللەيدۇ.

1985 - يىلدىكى ستاتىستىكىدا، يېزا بويىچە 25 كەنت كومىتېت، 2 باغ مەيدان. 142 تەبىئىي كەنت، 6,516 ئائىلە، 29,530 نوپۇس بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 29,371 نەپەر بۇ ئومۇمى نوپۇسنىڭ 99.5% نى، خەنزۇ 130 نەپەر بولۇپ، قىرغىز 14 نەپەر، ئۆزبەك 5 نەپەر خۇيزۇ 5 نەپەر، باشقا مىللەتلەر 5 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.5% تىنى ئىگەللەيدۇ.

بەشكىرەم ئەسلىدە «بېيش كىرەم» دېگەن سۆز بولۇپ، جەننەتكە ئوخشاش مېۋە-چېۋىلەر مول جاي دېگەن بولىدۇ. كەڭ دېھقانلار ئاتا بوۋىللىرىدىن تارتىپ مېۋىلىك كۆچەت يېتىشتۈرۈپ باغ بەرپا قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەچكە، بۇ جايدىكى مېۋىنىڭ تۈرلىرى كۆپ، سۈپىتى ياخشى، ھۆل ھەم قۇرۇق مېۋىگە ئىش قۇشىدۇ. بۇ جاينىڭ مەنزىرىسىمۇ گۈزەل تارىختىن تارتىپ كىشىلەر بۇ جاينى «مېۋە - چېۋە ماكانى» دەپ ئاتاپ كەلگەن. تىل يېزىقنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ بېيشكىرەم دېگەن سۆز «بەشكىرەمگە» ئۆزگىرىپ شۇ بويىچە ئاتىلىپ كەلمەكتە. جۇمھۇرىيەت مەزگىلىدە بۇ يېزا كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ بەشكىرەم بەگلىكىگە تەۋە بولۇپ. تەۋەسىدە 14 يۈز بېشى بولغان.

1950 - يىلى كوناشەھەر ناھىيە بەشكىرەم رايونىغا ئۆزگەرتىلىپ، تەۋەسىدە 14 - يېزا بولغان. 1958 - يىلى كوناشەھەر ناھىيە بەشكىرەم گۇڭشېغا ئۆزگەرتىلىپ تەۋەلىكىدە 25 دادۈي بولغان. 1961 - يىلى بەشكىرەم گۇڭشې بەشكىرەم رايونىغا ئۆزگەرتىلىپ تەۋەلىكىدە 4 كىچىك گۇڭشې بولغان. 1965 - يىلى يەنە بەشكىرەم رايونى بەشكىرەم

گۈڭشېغا ئۆزگەرتىلىپ تەۋەلىكىدە 25 دادۈي بولغان. 1975 - يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، قەشقەر شەھىرى بەشكېرەم گۈڭشې دەپ ئاتالغان. 1982 - يىلى يەنە كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، كوناشەھەر ناھىيە بەشكېرەم گۈڭشې دەپ ئاتالغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا بەشكېرەم يېزىسىغا ئۆزگەرتىلىپ تەۋەلىكىدە 25 كەنت كومىتېت بولغان. يەر تۈزلىشى غەربتىن شەرققە قىيپاش بىر قەدەر تەكشى، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1,298 مېتىر ئاساسلىقى ئولكەلاتقا تۇپراق، ئايرىم جايلىرى زەي تۇپراق، يەرنىڭ سۈپىتى ئوتتۇرائەت تۇپراق، دائىرىسى ئىچىدە لەڭگەر سۇ ئامبىرى بولۇپ، ئامبارنىڭ ساقىندى سۈيى يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئۆرلىشىگە تەسىر كۆرسىتىپ بىر قىسىم يەرلەرنى زەيلەشتۈرۈۋەتكەن ۋە شورئاپىتى ئېلىپ كەلگەن. ھاۋا كىلىماتى مۆتىدىل، تۆت پەسىل ئېنىق، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 13℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 42.3℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا ‎-25.3℃. قوياش نۇرى يېتەرلىك، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 50 - 60 مىللىمېتىر يىللىق كۈننىڭ يورۇتۇش ۋاقتى 2800 - 2900 سائەت، قىروۋسىز مەزگىلى 220 - 240 كۈنگىچە، قىزىل چاقماق دەريالىرى ئاساسلىق سۇ مەنبەلىرى بولۇپ، يېزا مۇشۇ ئىككى دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقانلىقتىن سۇ كەمچىل مەزگىلدە ئېغىر قۇرغاقچىلىق بولىدۇ، يېزا بويىچە 89,610 مو يەرنى سۇغى- رىشقا بولىدىغان 40 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى 2 غول ئۆستەڭ بار. لەڭگەر، سەكرەپ ئىلگىرلەش (يۈجىن) يېڭەنلىك قاتارلىق 3 سۇ ئامبىرى بار چاقماق، ياقناش، ئىشتىلا، قارا دەپ ئاتىلىدىغان 4 جىلغا بار.

دېھقانچىلىق ئاساس، باغۋەنچىلىك قوشۇمچە قىلىنىدۇ، ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرا- ئەتلىرىدىن بۇغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز مايلىقدان، قوغۇن، سەي - كۆكتات، قاتارلىقلار تېرىلىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى ئۆرۈك، شاپتۇل، ئەنجۈر ئۈزۈم، چىلان، ئانار، پىستە، بادام، قاتارلىقلار. 1985 - يىللىق ستاتىستىكىغا قارىغاندا: ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 50,300 مو، ئومۇمى مەھسۇلاتى 14,567,000 جىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 289.6 جىڭ بولۇپ تارىختىكى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. كېۋەز 3,800 مو، ئومۇمى مەھسۇلاتى: 422,000 جىڭ بىرلى- كى 111 جىڭ بولۇپ گۈڭشې تارىخىدىكى يۇقۇرى سەۋىيەگە يەتكەن. مايلىقدان 1,100 مو، ئومۇمى مەھسۇلاتى 496,000 جىڭ، باغ كۆلىمى 6,686 مو، ئومۇمى مەھسۇلاتى 5,634,265 جىڭ. 1985 - يىللىق يېزا ئىگىلىك ئومۇمى كىرىم 5,326,474 يۈەن، كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى 180 يۈەن 1985 - يىلى يىل ئاخىرىدا قوتاندا قالغان ئومۇمى چارۋا 41,814 تۇياق، بۇنىڭدىن چوڭ چارۋا: 7,478 تۇياق، ئۇششاق چارۋا 34,336 تۇياق، ئورمان كۆلىمى 18,110 مو، تۈرلۈك ئورمان 11,3171.66 تۈپ، كىشى بېشىغا 394 تۈپتىن توغرا كېلىدۇ. يېزا باشقۇرغان بىر ئورمانچىلىق مەيدانى بولۇپ، كۆلىمى 18,000 مو. بىر باغ مەيدان بولۇپ، كۆلىمى 2,000 مو. يىللىق كىرىمى 40 مىڭ يۈەن. كۆپ خىل ئىگىلىك تەرەققىياتىمۇ خېلى تېز بولۇپ. ئون زاۋۇت، مېۋىگە ئىش

قۇشۇش زاۋۇتى، ماي زاۋۇتى قاتارلىق يېزا باشقۇرغان كارخانىلار بار. يىللىق كىرىمى 154,000 يۈەن بولۇپ، ئومۇمى كىرىمنىڭ 2.89% نى ئىگەللەيدۇ. قاتنىشى قولايلىق قەشقەر شەھىرى بىلەن بەشكىرەم ئوتتۇرىسىدا 14 كىلومېتىر قاراماي ياتقۇزۇلغان يول بولۇپ كۈنلىكى ئاپتۇۋۇز قاتناپ تۇرىدۇ.

يېزا بىلەن كەنتلەر ئوتتۇرىسىدا ئورمان بەلبېغى بىلەن ئورالغان شېغىل ياتقۇزۇلغان يوللار بار. قاتنىشى راۋان 13 ئاپتوموبىل ھەرخىل تىپتىكى تراكتوردىن 120 سى بار. بۇلارنىڭ بىر قىسمى دېھقانچىلىقتىن سىرت ترانسپورت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ.

مەدەنىي مائارىپ سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى خېلى تېز بولۇپ 23 سىنىپ 96 ئوقۇتقۇچى ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 697 ئوقۇتقۇچى بار ئىككى ئوتتۇرا مەكتەپ، 246 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى خىزمەتچىسى، 4,363 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بار. 20 باشلانغۇچ مەكتەپ بار. رادىئو پونكىتى كىنو ئەترىتى مەدەنىيەت پونكىتى قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش ئورۇنلىرى بار. يېزا بويىچە ئېلېكتر ئارقىلىق يورۇتۇش ئاساس جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە تېلېۋىزور بار، 23 نەپەر تېببىي خادىم 35 دانە كېسەل كارۋىتىغا ئىگە بىر دوختۇرخانا يەنە 25 داۋالاش پونكىتى 25 يالاڭئاياق دوختۇر بار.

مەدەنىي يادىكارلىقتىن تاڭ دەۋرىدىكى خانۇي قەدىمكى شەھىرىنىڭ خارابىسى ۋە مۇرا مۇنارىسى بار. بۇلار ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ئورۇنلاردۇر.

# بەشكېرەم يېزىسى تەۋەسىدىكى يەرناملىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىشى

**بەشكېرەم يېزىسى**

تەزكىرىسى «بەشكېرەم يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا.

**يۇقارقى ساپىرىق كەنت كومىتېتى**

بەشكېرەم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى بەشكېرەم رايونى ساپىرىق 4 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى بەشكېرەم رايونى ساپىرىق 1 - يېزىغا تەۋە بولغان. 1958 - يىلى بەشكېرەم گۇڭشې ساپىرىق 1 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1975 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ بەشكېرەم گۇڭشې ساپىرىق دادۈي بولغان. 1982 - يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم گۇڭشې ساپىرىق 1 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن، ساپىرىق دېگەن سوز. كۆپ ئېرىق دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇرۇن بۇ جايغا چاقماق دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىغا جايلاشقان سايدىكى ئۇششاق ئېرىقلار ئارقىلىق سۇ كېلىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت، 892 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1.011 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كوممەقوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۈرۈك، ئۈزۈم. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئارقا مەھەللىدە.

**ئارقا مەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 231 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا ئوي ئىمارەت يوق ۋە خېپى يەر بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان. يۇقارقى ساپىرىق كەنتىنىڭ ئارقا تەرىپىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئارقا مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

**ساي كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا

جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 99 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئەسلىدە ساي بولۇپ كېيىن ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن كەنت بەرپا قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ساي دەپ ئاتالغان

### رەجەپ شەرى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 7 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 172 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئەسلىدە ساي بولۇپ، رەجەپ شەرى دېگەن ئادەم كېلىپ يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلغان. كېيىن ئاھالىلەر كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ يۇرتقا ئايلانغان. شۇڭا رەجەپ شەرى مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### ئوي كوچا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.7 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز-پەس نوپۇسى 114 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاينىڭ زېمىنى پەسرەك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوي كوچا دەپ ئاتالغان.

### يار كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 154 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي بۇرۇن سەل ئاقىدىغان سۇ ئېقىنى ئىدى. كېيىن كىشىلەر سەل سۈيىنى تىزگىنلەپ يۇرت بىنا قىلغان، ئاھالىلەر يار ئۈستىدە ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، يار - دەپ ئاتالغان.

### دۆڭمەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى ئېگىز-پەس، نوپۇسى 122 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئىككى تەرىپى پەس، ئوتتۇرسى ئېگىز جايغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، دۆڭمەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### ئاياغ سايبىرىق كەنت كومىتېتى

بەشكىرەم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى كوناشەھەر ناھىيە بەشكىرەم رايونىنىڭ سايبىرىق 4 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى بەشكىرەم رايونى

1-يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958-يىلى بەشكىرەم گۆڭشې ئاياغ ساپىرىق 2-دادۈي بولغان. 1975-يىلى قەشقەر شەھەرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ بەشكىرەم گۆڭشې ساپىرىق دادۈي بولغان. 1982-يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكىرەم گۆڭشى ساپىرىق 2-دادۈي بولغان. 1984-يىلى 8-ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن، بۇ كەنت يوقارقى ساپىرىقنىڭ ئاياغ قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ ساپىرىق دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 7 تەبىئىي كەنت، 1,231 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر، كۆلىمى 1,642 مۇ. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، قوناق، ئاق قوناق، كېۋەر قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۆرۈك، ئۈزۈم، شاپتۇل، تۇرۇشلۇق ئورنى: قۇملاق كەنتىدە.

### قۇملاق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 166 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جاي قۇملۇق بولۇپ، كېيىن كىشىلەر قۇمنى تىزگىنلەپ بوراندىن مۇداپىئەلىنىپ يۇرۇت بەرپاقىلغان، شۇڭا قۇملاق-دەپ ئاتالغان.

### ساي مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىغا 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 184 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ساي بېشىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ساي مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

### قىزىل ئۆستەڭبويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 233 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. كەنت ئىچىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭ دىن قىزىل سۇ ئاقىدىغانلىقى ئۈچۈن، قىزىل ئۆستەڭبويى-دەپ ئاتالغان.

### ئۈژمەقاتار كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.8 يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 143 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە ئۈژمە كۆپ بولۇپ قاتار-قاتار ئۈژمە دەرىخى بار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۈژمە قاتار-دەپ ئاتالغان.

### بۆلۇنمە كەنتى

يېزىلىق ھۆكـۇمەت تـۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جـەنۇبىغا 4.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، يەر شەكلى تـۈزلەڭ، نوپۇسى 127 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت بۇرۇن، بۆلۈنۈپ كەتكەن زېمىن ئۈستىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، بۆلۈنمە ـ دەپ ئاتالغان.

### تۈۋەنكى يەر كەنتى

يېزىلىق ھۆكـۇمەت تـۇرۇشلۇق جايىنىڭ غـەربـى جەنـۇبىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 316 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت يۇرتىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەنكى يەر ـ دەپ ئاتالغان.

### لايلاق كەنتى

يېزىلىق ھۆكـۇمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربى جەنـۇبىغا 7.2 كىلـومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلـى تۈزلەڭ، نـوپۇسى 72 نەپەر، ھەممـى ئۇيغۇر. بـۇ كەنت بۇرۇن ساي بـولۇپ، كېيىن لايلىتىپ تېرىلغۇ يەرگـە ئايـلاندۇرغانلىقى ئۈچۈن، لايلاق دەپ ـ ئاتالغان.

### چوڭ ئېشتلا كەنت كومىتېتى

بەشكېرەم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تـۈزلەڭ، 1950 ـ يىلـى بەشكېرەم رايونـى ساپىرىق 4 ـ يېزىسىغا تەۋە بولغان. 1954 ـ يىلى بەشكېرەم رايونـى ئىشتلا 2 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەر ـ تىلگەن، 1958 ـ يىلى بەشكېرەم گۇڭشى ئېشتلا 3 ـ دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1975 ـ يىلى قەشقەر شەھەرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ بـەشكېرەم گـۇڭشې ئېشتلا دادۈي بـولغان. 1982 ـ يىلـى قايتا كـوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكـۈزۈپ بېرىلىپ بەشكېرەم گـۇڭشې ئېشتـلا 3 ـ دادۈي بـولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈي كـەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. ئىشتلا دىگەن سوز ئەينى زاماندا چاقماق دەرياسىنىڭ سۈيى بۇ كەنتتىن 3 بـولەككە بـۆلۈنـۈپ ئېقىپ زېمىننى 3 پارچىغا ئـايرىۋەتكەنلىكتىن 3 تالا دەپ ئاتالغان. كېيىن تىلنىڭ ئـۆزگىرىشى بىلـەن ئىشتلا دەپ ئۆزگەرگـەن. تەۋەسىدە 8 تەبىئىي كەنت، 1,835 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1,796 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممە قـوناق، كېۋەز. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئەنجۈر، ئانار، ئۈزۈم قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: پەشتاغ كەنتىدە.

### پەشتاق كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 213 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. پەشتاقلىق ئازنا مەسچىتىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان بولۇپ، پەشتاق-دەپ ئاتالغان.

### ساي مەھەللە

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 4.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 95 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئەسلى ساي بولۇپ، ئاھالىلەر سايغا چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ساي مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

### ساي ئېغىزى كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 158 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر ساي ئېغىزىغا ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، ساي ئېغىزى-دەپ ئاتالغان.

### ئارا مەھەللە

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 152 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ساي ئېغىزى كەنتى بىلەن قازئېرىق كەنتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئارا مەھەللە-دەپ ئاتالغان.

### قازئېرىق كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 193 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. قازئېرىق دېگەن سۆز قېزىپ ئېلىنغان ئېرىق دېگەن بولۇپ ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن ئېرىق قېزىپ سۇ باشلاپ تېرىقچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، قازئېرىق-دەپ ئاتالغان.

### قايناقكۆل كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 200 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. كۆل ئەتراپىغا جۇۋازچى ئاھالىلەر ئولتۇراقلىشىپ قىزىغان جۇۋاز ئوقىنى كۆلگە تاشلىغاندا سۇ قايناپ چىققان، شۇنىڭ بىلەن قايناقكۆل-دەپ ئاتالغان.

**سودىگەر مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 456 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللىدە بۇرۇن سودىگەرلەر كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، سودىگەر مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

**تۆۋەنكى مەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 2.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 288 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت سودىگەر مەھەللىسىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەنكى مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

**پارچەئىشتلا كەنت كومىتېتى**

بەشكېرەم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 2.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى بەشكېرەم رايونى ساپ ئېرىق 4 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 ـ يىلى بەشكېرەم رايونى ئىشتلار 2 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 ـ يىلى بەشكېرەم گۇڭشى پارچە ئىشتلا 4 ـ دادۈي بولغان. 1975 ـ يىلى قەشقەر شەھەرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم گۇڭشى پارچە ئىشتلا 4 ـ دادۈي بولغان. 1982 ـ يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بىرىلىپ، بەشكېرەم گۇڭشى بارچە ئىشتلا 4 ـ دادۈي بولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. ئەينى زاماندا چاقماق دەرياسىنىڭ سۈيى بۇ زېمىننى 3 كىچىك پارچىگە بۆلۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، پارچە ئىشتلا دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 4 تەبىئىي كەنت، 788 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1.027 مۇ. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي كۆممەقوناق، ئاق قوناق، كېۋەز، ئالاھىدە مەھسۇلاتى: يەل يېمىش. تۇرۇشلۇق ئورنى: يەقەللە كەنتى.

**يەقەللە كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 2.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 209 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. يەقەللە يېقىنلا دېگەن مەنىدە بۇرۇن ئاھالىلەر بىر ـ بىرىگە يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن، يېقىنلا ـ دەپ ئاتالغان كېيىن يەقەللە دېگەن سۆزگە ئۆزگىرىپ قالغان.

**يۇقىرىسى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 363 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت يەقەللە كەنتىنىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرىسى ـ دەپ ئاتالغان.

**ئارقا مەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 2.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 131 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللە يەقەللە كەنتىنىڭ ئارقا تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئارقا مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

**تۆۋەنكى ئۆي كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 85 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جاي چوڭ بىر ئۆيلۈك بولۇپ، كوپ ساندىكى ئاھالىلار كەنتنىڭ تۆۋەن قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەنكى ئۆي - دەپ ئاتالغان.

**باش چۆگۈر كەنت كومىتېتى**

بەشكېرەم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ غەربىگە 2.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى بەشكېرەم رايونى 12 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى بەشكېرەم رايونى چۆگۈر 3 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى بەشكېرەم گۇڭشېسى باش چۆگۈر 5 - دادۈي بولغان. 1975 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم گۇڭشېسى باش چۆگۈر دادۈي بولغان. 1982 - يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم گۇڭشېسى چوگۈر 5 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. ئىلگىرى بۇ جايدا بىرقانچە كەنتكە سۇ ئۆتكۈزىدىغان ئۆستەڭ بولۇپ، چۆشۈرگە ياسىغان. كېيىن ئاھالىلەر ئەتراپىغا ئولتۇراقلىشىپ بۇ كەنتنى چۆشۈرگە دەپ ئاتاپ كەلگەن. كېيىن چۆگۈر دېگەن سۆزگە ئۆزگىرىپ قالغان. كەنتنى ئىككىگە بۆلگەندىن كېيىن باش تەرەپكە ئورۇنلاشقان يۇرتنى باش چۆگۈر دەپ ئاتىغان. تەۋەسىدە 4 تەبىئىي كەنت. 969 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1.050 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، ئاققوناق، كېۋەز، قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: يەل - يېمىش. تۇرۇشلۇق ئورنى: يۇقارقى مەھەللىدە.

**يۇقارقى مەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 2.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 302 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ھويلا ئالدى كەنتىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

**ھويلا ئالدى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 2.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان.

يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 198 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە چوڭ بىر هويلا بولۇپ، ئاھالىلەر هويلا ئالدىدا ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، هويلا ئالدى ـ دەپ ئاتالغان.

### كۆلبېشى كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 161 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر كۆل بېشىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، كۆلبېشى ـ دەپ ئاتالغان.

### تۆۋەنكى ئارا كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. نوپۇسى 308 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت يۇرتىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدىكى يول ئارلىشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەنكى ئارا ـ دەپ ئاتالغان.

### يۇقارىقى سايباغ كەنت كومىتېتى

بەشكېرەم يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 1.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى بەشكېرەم رايونى 12 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 ـ يىلى بەشكېرەم رايونى 3 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 ـ يىلى بەشكېرەم گۇڭشې يۇقارىقى سايباغ 6 ـ دادۈي بولغان. 1975 ـ يىلى قەشقەر شەھەرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم گۇڭشې يۇقارىقى سايباغ 6 ـ دادۈي بولغان. 1982 ـ يىلى كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم گۇڭشې يۇقارىقى سايباغ 6 ـ دادۈي بولغان، 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. سايباغ دېگەن سوز ساي ئۈستىگە بەرپا قىلىنغان باغ دېگەن بولۇپ، ئاھالىلەر ئولتۇراقلىشىپ يەر ئېچىپ باغ بەرپا قىلغانلىقى ئۈچۈن، سايباغ دەپ ئاتالغان. سايباغ كەنتىنىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقان يۇرتنى يۇقىرىقى سايباغ دەپ ئاتىغان. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت، 1,484 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1,669 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، ئاق قوناق، كېۋەز، قاتارلىقلار، ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۈزۈم، ئانار، ئەنجۈر، قاتارلىقلار بار. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئوتتۇرا مەھەللىدە.

### ئوتتۇرا مەھەللە

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 2.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 453 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللە سايباغ كەنتىنىڭ

ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئوتتۇرا مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### لايلىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 5.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 109 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنت سايلىق بولۇپ، كېيىن لايلىنىپ تېرىلغۇ يەر بەرپا قىلىپ ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، لايلاق ـ دەپ ئاتالغان.

### يوقارقى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 3.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 116 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئوتتۇرا مەھەللىنىڭ يۇقىرىقى تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يوقارقى مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### موكىلاغ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 2.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 114 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە سۇ ئايرىيدىغان تۇما بولۇپ، تۇما خۇددى باپكانىڭ موكىسىغا ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن، موكىلاغ ـ دەپ ئاتالغان.

### كۆرۈكبېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 2.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 386 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت سايباغ ئۆستىڭىنىڭ كۆۋرۈك بېشىنىڭ يوقىرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، كۆۋرۈكبېشى ـ دەپ ئاتالغان.

### ئۆستەڭبويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 306 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت سايباغ ئۆستىڭىنىڭ بويىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۆستەڭبويى ـ دەپ ئاتالغان.

### ئاياغ سايباغ كەنت كومىتېتى

بەشكېرەم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 1.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 ـ يىلى بەشكېرەم رايونى 12 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 ـ يىلى بەشكېرەم رايونى 3 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا

ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى بەشكېرەم گۇڭشې ئاياغ سايباغ 7 - دادۈي بولغان، 1975 - يىلى قەشقەر شەھەرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم گۇڭشې ئاياغ سايباغ 7 - دادۈي بولغان. 1982 - يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيەنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم گۇڭشى 7 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ كەنت بۇرۇن ساي بولۇپ، كېيىن لايلىتىپ باغ ئەھيا قىلىنغانلىقتىن سايباغ دەپ ئاتالغان. سايباغ ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقان كەنتنى ئاياغ سايباغ دەپ ئاتىغان. تەۋەسىدە 5 تەبىئىي كەنت، 911 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1,141 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بوغداي، كۆممە، قوناق، كېپەز قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۈزۈم، ئانار، ئەنجۈر قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: تېرەك ئالدى كەنتىدە

### تېرەك ئالدى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 1.8 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 141 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا چوڭ بىر تۈپ تېرەك بولۇپ، ئاھالىلەر تېرەك ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، تېرەك ئالدى - دەپ ئاتالغان.

### قورغان كۆلبېشى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 1.9 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 131 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت قەدىمكى قورغان يېنىدىكى كۆلنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، قورغان كۆلبېشى - دەپ ئاتالغان.

### بوستانكۆل كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 1.6 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 127 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ كەنتتە بىر كۆل بولۇپ ئەتراپىغا قاتار سۆگەت قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، بوستانكۆل - دەپ ئاتالغان.

### تۆۋەنكى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 1.3 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 316 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللە تېرەك ئالدى كەنتىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەنكى مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### ئوي مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 1.3 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان.

يەر شەكلى ئېگىز ـ پەس، نوپۇسى 96 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللە چوڭقۇر جايغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇني مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### لەڭگەر كەنت كومىتېتى

بەشكېرەم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 1.8 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى بەشكېرەم رايونى 13 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇ- شىدا بولغان. 1954 ـ يىلى بەشكېرەم رايونى 5 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 ـ يىلى بەشكېرەم گۇڭشې لەڭگەر 8 ـ داد ۈي بولغان. 1975 ـ يىلى قەشقەر شەھەر- نىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم گۇڭشې لەڭگەر داد ۈي بولغان. 1982 ـ يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم گۇڭشې لەڭگەر 8 ـ داد ۈي بولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا داد ۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە قەشقەردىن ئاتۇشقا، ئاتۇش تىن قەشقەرگە بېرىش كېلىشتە ماڭىدىغان بىر يول بۇ كەنتتىن ئۆتۈپ، بارىدىغان كېلىدىغانلار بۇ ئورۇننى قونالغۇ قىلغانلىقى ئۈچۈن، لەڭگەر دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 5 تەبىئىي كەنت، 982 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1.452 مۇ. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بوغداي، كۆممە،قوناق، ئاقۇوناق قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۈزۈم، ئانار، ئەنجۈر قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئاياغ مەھەللىدە.

### ئاياغ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 1.8 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 207 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئوتتۇرا مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### ئوتتۇرا مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 2 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 170 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. يوقارقى مەھەللە ۋە ئاياغ مەھەللىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئوتتۇرا مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### يۇقارقى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 2.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 336 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئوتتۇرا مەھەللىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### ئارقا مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 1.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 187 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللە ئوتتۇرا مەھەللىنىڭ ئارقا تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئارقا مەھەللە-دەپ ئاتالغان.

### دۆڭشور كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 82 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ زېمىنى شورلۇق ھەم بىر قەدەر ئېگىز دۆڭگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، دۆڭشور-دەپ ئاتالغان.

### يۇقارقى قۇمباغ كەنت كومىتېتى

بەشكېرەم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 0.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950-يىلى بەشكېرەم رايونى 13-يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954-يىلى بەشكېرەم رايونى 4-يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958-يىلى بەشكېرەم گۇڭشې يۇقارقى قۇمباغ دادۈي بولغان. 1975-يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم گۇڭشې يۇقارقى قۇمباغ دادۈي بولغان. 1982-يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم گۇڭشې يۇقارقى قۇمباغ 9-دادۈي بولغان. 1984-يىلى 8-ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. قۇمباغ دېگەن سۆز، قۇملۇقتا جايلاشقان باغ دېگەن مەنىدە، يۇقارقى ۋە ئاياغ قۇمباغ دەپ ئىككى كەنت بولغانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرىقى قىسمىغا جايلاشقان كەنتنى يۇقارقى قۇمباغ دەپ ئاتىغان. تەۋەسىدە 8 تەبىئىي كەنت، 1,700 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1,570 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، ئاققوناق، كېپەز قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى يەل يېمىش. تۇرۇشلۇق ئورنى: قۇشكۆل كەنتىدە.

### قۇشكۆل كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 0.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 285 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا ئىككى چوڭ كۆل بولۇپ، ئاھالىلەر كۆل ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، قۇشكۆل-دەپ ئاتالغان.

### يارېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 0.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 191 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئېگىز بىر يارنىڭ

بېشىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يارىبېشى ـ دەپ ئاتالغان.

**دەلۋ مەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 1.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 200 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە بىر دەلۋ (قۇناغۇ) بولۇپ، ئاھالىلەر دەلۋنىڭ ئەتراپىغا ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، دەلۋ مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

**توختى موللام كوچىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. نوپۇسى 203 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا توختى موللام ئىسىملىك بىر ئادەم بولۇپ، ئامما ئارىسىدا ئىناۋىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغانلىقتىن كېيىن ئاھالىلەر ئولتۇراقلىشىپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن توختى موللام كوچىسى ـ دەپ ئاتالغان.

**سخى ئابدۇللا مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 0.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 154 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايغا سخى ئابدۇللا ئىسىملىك بىر ئادەم چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان. كېيىن ئاھالىلەر كوچۇپ چىقىپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن بۇ يۇرتنى سخى ئابدۇللا مەھەللىسى ـ دەپ ئاتىغان.

**ئارقا مەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 0.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 209 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت توختى موللام كوچىسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئارقا مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

**موللا ھاجىم مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 0.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 182 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا موللا ھاجىم دېگەن بىر ئادەم بولۇپ، ھەجگە بارغان، ئامما ئارىسىدا ئىناۋىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن يۇرت نامى موللا ھاجىم مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### خانقا مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 1.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 133 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا بىر خانىقا بولۇپ، ئاھالىلەر خانىقا ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، خانىقامەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### خالتا كوچا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 0.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 142 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان بۇ كوچىنىڭ ئاخىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، خالتا كوچا - دەپ ئاتالغان.

### ئاياغ قومباغ كەنت كومىتېتى

بەشكېرەم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 1.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى بەشكېرەم رايونى 13 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى بەشكېرەم رايونى 4 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى بەشكېرەم گۇڭشې ئاياغ قومباغ 10 - دادۈي بولغان. 1975 - يىلى قەشقەر شەھەرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكىرەم گۇڭشې ئاياغ قومباغ دادۈي بولغان. 1982 - يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ بەشكىرەم گۇڭشې ئاياغ قومباغ 10 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. ئاياغ قومباغ دىگەن سوز قومىلۇقنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى باغ دېگەن مەنىدە. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت، 1,059 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يېرى 1,148 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممەقوناق. ئاقّوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى يەل يېمىش، تۇرۇشلۇق ئورنى: ئوي كوچا كەنتىدە.

### ئويكوچا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 1.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى ئېگىز - پەس، نوپۇسى 161 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ يەر كەنتنىڭ تۈزلىشى پەس بولغانلىقى ئۈچۈن، ئويكوچا - دەپ ئاتالغان.

### جانان كوچا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 1.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 163 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان

ئاھالىلەر ئەدەپلىك ھەم مەدەنىيەتلىك ھەم مۇھىتى پاكىزە بولغانلىقى ئۈچۈن، جانان كوچىسى - دەپ ئاتالغان.

### چولاق كوچا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 147 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە بىر چولاق كوچا بولۇپ ئاھالىلەر چولاق كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، چولاق كوچا - دەپ ئاتالغان.

### ئاق ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 1.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 185 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇنقى زاماندا بۇ جاي ئاقلاڭ يەر بولۇپ، ئاھالىلەر مۇشۇ يەرگە ئىمارەت سېلىپ يۇرتنى بەرپا قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاق ھويلا - دەپ ئاتالغان.

### تۆۋەنكى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 1.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 211 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئاق ھويلا كەنتىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەنكى مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### قوچقاچ تام كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 185 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا كونا بىر تام بولۇپ، قوچقاچ كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، قوچقاچ تام - دەپ ئاتالغان.

### بېغىرىق كەنت كومىتېتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى بەشكېرەم رايونى 14 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى بەشكېرەم رايونى 6 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى بەشكېرەم گۇڭشې بېغىرىق دادۈي بولغان. 1975 - يىلى قەشقەر شەھەرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم گۇڭشې بېغىرىق دادۈي بولغان. 1982 - يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم گۇڭشې بېغىرىق

11 - دادۋي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۋي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇرۇن بۇ كەنتتە كەنجى بەگ ئىسىملىك بىر ئادەم خەلقنى قوزغاپ بىر ئۆستەڭ چېپىپ يەرلەرنى سۇغىرىدىغانلىقى ئۈچۈن، بەگئېرىق دەپ ئاتالغان. كېيىن بېغىرىق دەپ ئۆزگىرىپ قالغان. تەۋەسىدە 5 تەبىئىي كەنت، 970 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1,024 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، ئاقغوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى مېۋە-چېۋە. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئىمىنچوڭ مەھەللىسىدە

**ئىمىن چوڭ مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 177 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە ئىمىن چوڭ ئىسىملىك بىر ئادەم بولۇپ، كەنتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان. ئامما ئارىسىدا ئىناۋىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئىمىن چوڭ مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

**توقاي كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 0.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي، نوپۇسى 206 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جاي توقايلىق بولۇپ، كېيىن كەنت شەكىللەنگەن شۇڭا توقاي - دەپ ئاتالغان.

**ساقى چوڭ مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 0.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 153 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا ساقى چوڭ دېگەن نوپۇزلۇق بىر ئادەم بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ساقى چوڭ مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

**تاياجى مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 0.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 165 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا تاياجى ئىسىملىك بىر نوپۇزلۇق ئادەم ئۆتكەن بولۇپ، ھەممىدىن بۇرۇن شۇ كىشى كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، تاياجى مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

**ئۆستەڭ بويى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان.

يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 269 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر كەنتتىكى ئۆستەڭ بويىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۆستەڭ بويى - دەپ ئاتالغان.

### بايلا كەنت كومىتېتى

بەشكېرەم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى بەشكېرەم رايونى 14 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى بەشكېرەم رايونى 6 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى بەشكېرەم گۇڭشې بايلا 12 - دادۈي بولغان. 1975 - يىلى قەشقەر شەھەرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم بايلا دادۈي بولغان. 1982 - يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم گۇڭشې بايلا 12 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. كەنت كومىتېتىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بايلا مەھەللىسىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، بايلا دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 5 تەبىئىي كەنت، 1,480 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يېرى 1,731 مۇ. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممەقوناق، ئاققوناق، كېپەز. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۈزۈم، ئەنجۈر، ئانار قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: بايلا مەھەللىسىدە.

### بايلا مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 311 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدىكى كىشىلەر دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماي بەلكى تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغانلار بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ئىقتىسادى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، بايلا - دەپ ئاتالغان.

### لايلىغان كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 1.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 149 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جاي سازلىق جاڭگاللىق بولۇپ، كىشىلەر بۇ يەرنى لايلىتىپ تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇرغانلىقى ئۈچۈن، لايلىغان - دەپ ئاتىغان.

### پاختەكلە مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 1.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 258 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا ھۇسۇينكام پاختەك لەقەملىك بىر ئادەم بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ لەقىمىگە ئاساسەن بۇ جاي پاختەكلە مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### ئۈستەڭبويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 281 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. يېڭى ئاۋاتقا سۇ بارىدىغان ئۈستەڭ بويىغا ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۈستەڭبويى-دەپ ئاتالغان.

### ئاياغ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 2.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 481 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئۈستەڭبويى كەنتىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ مەھەللە-دەپ ئاتالغان.

### يېڭى ئاۋات كەنت كومىتېتى

بەشكېرەم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى بەشكېرەم رايونى 14 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى بەشكېرەم رايونى 7 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى بەشكېرەم گۇڭشې يېڭى ئاۋات 13 - دادۈي بولغان. 1975 - يىلى قەشقەر شەھەرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم گۇڭشې يېڭى ئاۋات دادۈي بولغان. 1982 - يىلى كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم گۇڭشې يېڭى ئاۋات 13 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ كەنت كومىتېتىنىڭ ئەسلى ئىسمى ئەسكىلە ئىدى، ئازادلىقتىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇ جاينىڭ ئىسمىنى يېڭى ئاۋاتقا ئۆزگەرتكەن. تەۋەسىدە 8 تەبىئىي كەنت، 1,311 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ كۆلىمى 2,563 مۇ. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممە قوناق، ئاق قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۈزۈم، ئەنجۈر، ئانار قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: لەڭگەر ئېرىقى كەنتىدە.

### لەڭگەر ئېرىقى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 178 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە ئاتۇش پەيزىۋاتقا بارىدىغانلارنىڭ قونۇپ ئۆتىدىغان بىر قونالغۇسى ۋە كەنتتىن ئېقىپ ئۆتىدىغان بىر ئېرىق بولۇپ، ئاھالىلەر ئېرىق ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقانلىقتىن لەڭگەر ئېرىقى-دەپ ئاتالغان.

### سدىق ھاجىم مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 158 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايغا ھەممىدىن بۇرۇن سدىق ھاجىم ئىسىملىك ئۇلۇغ ئادەم كېلىپ ئولتۇراقلاشقان، ئاھما ئارىسىدا نوپۇزلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن سدىق ھاجىم مەھەللىسى - دەپ ئاتىغان.

### ئويكوچا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 2.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز - پەس. نوپۇسى 161 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ يەرنىڭ يەر تۈزلىشى پەس بولغانلىقى ئۈچۈن، ئويكوچا - دەپ ئاتالغان.

### مەھەممەت رەھىم ھاجى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 157 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن مەھەممەت رەھىم ھاجىم دېگەن ئادەم بىنام ئېچىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، كېيىن ئاھالىلەرنىڭ كۆپىيىشى بىلەن كەنت شەكىللەنگەن. شۇڭا شۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن بۇ جاينى مەھەممەت رەھىم ھاجىم مەھەللىسى - دەپ ئاتىغان.

### توغراقئالدى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 160 نەپەر. ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي بۇرۇن تەبىئىي توغراقلىق بولۇپ، ئاھالىلەر كوچۈپ كېلىپ توغراقلىقنىڭ شەرقىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، توغراقئالدى - دەپ ئاتالغان.

### پالتا ھاجىم مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 151 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا پالتا ھاجىم ئىسىملىك بىر دىنى زات بولۇپ، ئاھما ئارىسىدا نوپۇزلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ جاينى شۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن پالتاھاجىم مەھەللىسى - دەپ ئاتىغان.

### مەمتىملىكامنىڭ جىلغىسى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان.

يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 303 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جاينى سەل سۇ كېلىپ يەرنى ئىككىگە بۆلۈپ جىلغا پەيدا قىلغان. مەمتىلىكام ئىسىملىك بىر ئادەم شۇ جايدا بىنام ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، مەمتىلىكام جىلغىسى ـ دەپ ئاتالغان.

## توپاق يار كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 79 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي بۇرۇن چوڭ يارلىق بولۇپ، دەسلەپ ياقۇپ توپاق ئىسىملىك بىر ئادەم يار بېشىغا ھويلا چۈرىگەن، شۇڭا بۇ جاينى شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن توپاقيار ـ دەپ ئاتالغان.

## بوستان كەنت كومىتېتى

بەشكېرەم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىغا 5.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى بەشكېرەم رايونى 14 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 ـ يىلى بەشكېرەم رايونى 7 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 ـ يىلى بەشكېرەم گوڭشې بوستان دادۈي بولغان. 1975 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم گوڭشې بوستان دادۈي بولغان. 1982 ـ يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم گوڭشې 14 ـ دادۈي بولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بوستان دېگەن يېشىلزارلىق مەنىسىدە، بۇرۇن بۇ جايدا جاڭگال ئورمانلىقى بولۇپ، كېيىن كەنت شەكىللىنىپ بوستان دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 5 تەبىئىي كەنت، 501 نوپۇس بولۇپ ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يېرى 1,096 مۇ. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، ئاق قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: جىگدە. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئۈچ تاسما كەنتىدە.

## ئۈچتاسما كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىغا 5.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 99 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاينىڭ زېمىنى سەل سۇ كېلىپ ئۈچ تاسما شەكلىدە بۆلۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۈچتاسما ـ دەپ ئاتالغان.

## ياسىن ماڭسۇر جىگدىلىكى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى شىمالىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا

جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 121 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن ياسىن ماڭسۇر دېگەن ئادەم بۇ جايدا جىگدىلىك بەرپا قىلغان. كېيىن ئاھالىلەر شۇ جىگدىلىكنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، ياسىن ماڭسۇر جىگدىلىكى ـ دەپ ئاتالغان.

### پالتا ھاجى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 79 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا پالتا ھاجى ئىسىملىك بىر ئادەم بولۇپ ئاما ئارىسىدا نوپۇزلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ جاينى پالتا ھاجى مەھەللىسى ـ دەپ ئاتىغان.

### قادىر چوڭنىڭ دۆڭى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 75 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ دۆڭلۈككە قادىرچوڭ دېگەن بىركىشى ئۆي ئىمارەت سېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، قادىر چوڭنىڭ دۆڭى ـ دەپ ئاتالغان.

### توختى چوڭنىڭ يۇلغۇنلىقى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 5.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 127 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئەينى ۋاقىتتا بۇ جاي بىر يۇلغۇنلۇق بولۇپ توختى چوڭ دېگەن ئادەمنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن شۇ ئادەمنىڭ ئىسمى بىلەن بۇ جاينى توختى چوڭنىڭ يۇلغۇنلىقى ـ دەپ ئاتىغان.

### تاغ ئاغزى كەنت كومىتېتى

بەشكىرەم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 7.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى بەشكىرەم رايونىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1960 ـ يىلى بەشكىرەم گۇڭشې ھەرقايسى دادۈيلەردىن دېھقان كۆچۈرۈپ كېلىپ، ياشلار مەيدانى قۇرغان، 1975 ـ يىلى يىل بېشىدا ياشلار مەيدانى تاغ ئاغزى دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن، شۇ يىلى 11 ـ ئايدا قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ بەشكىرەم گۇڭشې تاغ ئاغزى دادۈي بولغان. 1982 ـ يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكىرەم گۇڭشې تاغ ئاغزى 15 ـ دادۈي بولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا داۋى كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن، بۇ جاينىڭ زېمىنى تاغ ئاغزىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، تاغ ئاغزى دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 1 ـ تەبىئي

كەنت، 256 نوپۇس بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 120 نەپەر، خەنزۇ 136 نەپەر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 779 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۈزۈم، ئەنجۈر. تۇرۇشلۇق ئورنى: تاغ ئاغزى ـ كەنتىدە.

### تاغ ئاغزى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 7.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر ـ شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 256 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 120 نەپەر، خەنزۇ 136 نەپەر، بۇ جايدا ئاتۇشقا بارىدىغان بىر يول بولۇپ كەنت تاغنىڭ قاپتىلىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تاغ ئاغزى ــ دەپ ئاتالغان.

### كەپتەرخانا كەنت كومىتېتى

بەشكىرەم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 9.5 ـ كىلومېتر يىراقلىقتا شامال ئېغىزىغا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى بەشكىرەم رايونىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 ـ يىلى بەشكىرەم گۇڭشېنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1965 ـ يىلى بەشكىرەم گۇڭشې ھەرقايسى داديۈيدىن دېھقان كۆچۈرۈپ كېلىپ گۇڭشېغا قاراشلىق ئورمانچىلىق مەيدانى قۇرغان. 1971 ـ يىلى بەشكىرەم گۇڭشې كەپتەرخانا 16 ـ داديۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1975 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكىرەم گۇڭشې كەپتەرخانا داديۈي بولغان. 1982 ـ يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكىرەم گۇڭشې كەپتەرخانا 16 ـ داديۈي بولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا داديۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇرۇن بۇ جاڭگالدا بىرقانچە ئېغىز ئەسكى ئۆي بولۇپ ياۋا كەپتەرلەر ياشايدىغان ماكان بولغاچقا، بۇ جاينى كەپتەرخانا دەپ ئاتىغان. تەۋەسىدە 5 تەبىئىي كەنت، 500 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1,955 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: بايلا كەنتىدە.

### بايلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 9.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. ـ يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 81 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايغا بايلا كەنتىدىن كۆچۈرۈپ كەلگەن ئاھالىلەر كۆپ سانىنى تەشكىل قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئەسلى يۇرت نامىنى قوللىنىپ بايلا ــ دەپ ئاتالغان.

### ساپئېرىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 8.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 107 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايغا ساپ ئېرىق كەنت كومىتېتىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئاھالىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەسلى يۇرتىنىڭ ئىسمى بىلەن ساپئېرىق كەنتى-دەپ ئاتالغان.

### چۇگۇر كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 8.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 128 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا چۇگۇر كەنت كومىتېتىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئاھالىلەر كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەسلى يۇرتىنىڭ ئىسمى بىلەن چۇگۇر كەنتى-دەپ ئاتىغان.

### سايباغ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 9.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 64 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. سايباغ كەنت كومىتېتىدىن كۆچۈرۈپ كەلگەن ئاھالىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، سايباغ كەنتى-دەپ ئاتالغان.

### قۇمباغ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 10 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 97 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. قۇمباغ كەنت كومىتېتىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئاھالىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، قۇمباغ كەنتى-دەپ ئاتالغان.

### خانئۆي كەنت كومىتېتى

بەشكېرەم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 6.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا شامال ئېغىزىغا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950-يىلى بەشكېرەم رايونى 11-يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954-يىلى بەشكېرەم رايونى خانئۆي 8-يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلىپ، 1958-يىلى بەشكېرەم گۇڭشې خانئۆي 17-دادۈي بولغان. 1975-يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ بەشكېرەم گۇڭشې خانئۆي دادۈي بولغان. 1982-يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم گۇڭشې 17-دادۈي بولغان. 1984-يىلى 8-ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ كەنت 10-ئەسىردىكى خانئۆي

قەدىمكى شەھىرىنىڭ خارابىسى ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، خانئۆي دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت، 1,776 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,085 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق. كېۋەز قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى جىگدە. تۇرۇشلۇق ئورنى: ساۋۇت ھاجىم مەھەللىسىدە.

**ساۋۇت ھاجىم مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 6.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 291 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا بۇرۇن ھەج قىلغان ساۋۇت ھاجىم ئىسىملىك بىر ئادەم بولۇپ، ئامما ئارىسىدا نوپۇزلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، ساۋۇت ھاجىم مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

**قاپاق لەڭگەر كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 286 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا قاسىم قاپاق ئىسىملىك بىر ئادەم بولۇپ ھەم يول ئۈستىدە يولۇچىلار قونۇپ ئۆتىدىغان بىر قونالغۇ بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ جاينى شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن قاپاق لەڭگەر ـ دەپ ئاتىغان.

**ئارا مەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 5.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 279 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي قاپاق لەڭگەر بىلەن ھەسەن قازى لەڭگىرى كەنتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئارا مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

**ھەسەن قازى لەڭگىرى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 7.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 598 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ھەسەن قازى ئىسىملىك بىر نوپۇزلۇق ئادەم دەسلەپتە بۇ جايغا كېلىپ، ئولتۇراقلىشىپ بىر دەڭ (قونالغۇ) ئاچقان. بېرىپ كېلىدىغانلار بۇ دەڭدە قونۇپ يول يۈرگەن. كېيىن ئاھالىلەر ئولتۇراقلىشىپ بۇ كەنتنى ھەسەن قازى لەڭگىرى ـ دەپ ئاتىغان.

**پالتاخۇنىڭ مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 8.2 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان.

يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 201 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ يۇرتتا پالتاخۇن دېگەن ئابرۇيلۇق بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، كەنت ئىسمى شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن پالتاخۇن مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### مازار ئالدى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 4.6 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 151 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا چوڭ بىر مازار بولۇپ، ئاھالىلەر مازارنىڭ ئالدىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، مازار ئالدى ـ دەپ ئاتالغان.

### قارا قۇم كەنت كومىتېتى

بەشكېرەم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 4.2 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى بەشكېرەم رايونى سىدى 10 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 ـ يىلى بەشكېرەم گۇڭشې سىدى دادۈينىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1975 ـ يىلى يىل بېشىدا بەشكېرەم گۇڭشې سىدى دادۈيدىن دېقان كۆچۈرۈپ كېلىپ قارا قۇم دادۈي قۇرغان. 1975 ـ يىلى 11 ـ ئايدا قەشقەر شەھرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم گۇڭشې 18 ـ دادۈي بولغان. 1982 ـ يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم گۇڭشى قاراقۇم 18 ـ دادۈي بولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق جايىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 2 تەبىئىي كەنت، 1,428 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يېرى 2,774 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: جىگدە. تۇرۇشلۇق ئورنى: قارا قۇم كەنتىدە

### قارا قۇم كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 4.2 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 778 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت قۇملۇقتا جايلاشقان. كىشىلەر بىنام ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، قارا قۇم ـ دەپ ئاتالغان.

### مىراپ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 655 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا مىراپ ئىسىملىك بىر ئادەم بولۇپ، سۇ باشلاپ بىنام ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان ھەم بۇ جايدا

سۇ ياقىلايدىغان (مىراپ) ئادەملەر كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، مىراپ مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

**بەشتوغراق كەنت كومىتېتى**

بەشكېرەم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 4.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى بەشكېرەم رايونى بەش تۇغراق 11 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى بەشكېرەم رايونى 9 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى بەشكېرەم گوڭشى بەشتوغراق دادۈي بولغان. 1975 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم گوڭشې بەش تۇغراق دادۈي بولغان. 1982 - يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم گوڭشې بەشتوغراق 19 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بەشتوغراق دېگەن سۆز كەنتتە 5 تۈپ تۇغراق بار دېگەن مەنىدە، ئىلگىرى بۇ جايدا 5 تۈپ تۇغراق بولۇپ، ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن بەشتوغراق دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 12 تەبىئىي كەنت 1,986 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,340 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي كۆممەقوناق، كېۋەز. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۈزۈم، ئانار. تۇرۇشلۇق ئورنى: خانىقا مەھەللىسىدە.

**خانىقا مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 4.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 152 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا ئىلگىرى چوڭ بىر خانىقا بولۇپ، ئاھالىلەر شۇ خانىقا ئەتراپىغا ئورۇنلىشىپ مەھەللە شەكىللەندۈرگەندىن كېيىن، خانىقا مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

**دۆڭ مەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ نوپۇسى 176 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايىنىڭ زېمىنى بىر قەدەر ئېگىز بولۇپ، كېيىن كىشىلەر بىنام ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىپ كەنت شەكىللەندۈرگەنلىكى ئۈچۈن، دۆڭ مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

**كەتمەنچى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 2.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 103 نەپەر ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا كەتمەن

سۇقۇپ ساتىدىغان بىر ئۇستام بولۇپ، سۇقىان كەتمىنىنى كىشىلەر ئىنتايىن ياخشى كۆرگەنلىكتىن، ئاھالىلەر بۇ جايغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ كەتمەنچى مەھەللىسى-دەپ ئاتىغان.

### ئوتتۇرا مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 2.7 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 202 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت كەتمەنچى بىلەن ئارقا مەھەللە كەنتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئوتتۇرا مەھەللە-دەپ ئاتالغان.

### ئارقا مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3.2 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 208 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللە ئوتتۇرا مەھەللىنىڭ ئارقا تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئارقا مەھەللە-دەپ ئاتالغان.

### ئوي كوچا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا 4 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز-پەس، نوپۇسى 143 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ يەر تۈزلىشى ئويراق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوي كوچا-دەپ ئاتالغان.

### بەگ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا 4.3 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 142 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا قادىربەگ ياقۇپ بەگ قاتارلىق بىرقانچە بەگلەر ئۆتكەن، ھەر بىرى بىردىن يېزىنى سورىغان، شۇڭا بەگلەرنىڭ نامى بويىچە بەگ مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

### ئارقا قوتان كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا 4.6 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 165 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا مال سولايدىغان بىر قوتان بولۇپ، كېيىن كىشىلەر ئولتۇراقلىشىپ، ئاھالىلەر كۆچۈپ كەنتكە ئايلانغان، شۇندىن بۇيان ئارا قوتان-دەپ ئاتالغان.

### بەكرى ھاجى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا 4.5 كىلومېتر يىراقلىقتا

جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 159 نەپەر ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا بەكرى ھاجى ئىسىملىك بىر ئادەم بولۇپ، ئامما ئارىسىدا نوپۇزلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن بەكرى ھاجى مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

#### مازار باغ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىغا 5 كىلومېتىر يىراقلىققا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 138 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا بىر مازار بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا بىر باغ بەرپا قىلغانلىقى ئۈچۈن، مازار باغ-دەپ ئاتالغان.

#### قۇم مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقى جەنۇبىغا 5.3 كىلومېتىر يىراقلىققا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 222 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي بۇرۇن قۇملۇق بولۇپ، كىشىلەر قۇمنى تىزگىنلەپ، يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان. كېيىن ئاھالىلەر كۆپىيىپ كەنتكە ئايلانغان، شۇڭا قۇم مەھەللە-دەپ ئاتالغان.

#### زەگەر مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 5.5 كىلومېتىر يىراقلىققا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 183 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ مەھەللىدە زەگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، زەگەر مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

#### ئاياغ سىدى كەنت كومىتېتى

بەشكېرەم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 3.4 كىلومېتىر يىراقلىققا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950-يىلى بەشكېرەم رايونى سىدى 10-يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958-يىلى بەشكېرەم گۇڭشې ئاياغ سىدى 20-دادۈي بولغان. 1975-يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم گۇڭشې سىدى دادۈي بولغان. 1982-يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم گۇڭشې سىدى 20-دادۈي بولغان. 1984-يىلى 8-ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. باش سىدىنىڭ ئاياغ قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ سىدى دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 7 تەبىئىي كەنت 1,164 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يېرى 1,661 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بوغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز، ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۈزۈم، ئەنجۈر، ئانار، قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئۆستەڭبويى كەنتىدە.

ئۆستەڭبويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 183 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي سىدى ئۆستەڭنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۆستەڭبويى ـ دەپ ئاتالغان.

يەقەللە كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 176 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرى بىر ـ بىرىگە يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن، يېقىن مەھەللە دەپ ئاتىغان. كېيىن تىلنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن يەقەللە ـ دەپ ئاتالغان.

يار بېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 2.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز ـ پەس، نوپۇسى 195 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي سەل سۇ ئېلىپ قاچقان بىر يالىقتا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يار بېشى ـ دەپ ئاتالغان.

غورا مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 155 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا بۇرۇن ئۆرۈك دەرىخى كۆپ بولۇپ، غورا بولغاندا كىشىلەر بازاردا ساتىدىغانلىقى ئۈچۈن، غورا مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

دوغا مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 155 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا دوغا يايى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، دوغا مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

تۆۋەن مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 172 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي يار بېشى كەنتىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەن مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

سوكسۆك كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 4.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان.

يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 99 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت جاڭگاللىقتا ئورۇنلاشقان. سوكسۆك دەيدىغان بىر خىل ياۋا ئۆسۈملۈك كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، سوكسۆك دەپ ئاتالغان.

### باش سىدى كەنت كومىتېتى

بەشكېرەم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3. كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى بەشكېرەم رايونى 1 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 - يىلى بەشكېرەم گۇڭشې باش سىدى 21 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1975 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم گۇڭشې باش سىدى دادۈي بولغان. 1982 - يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم گۇڭشې باش سىدى 21 دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. ئىلگىرى بۇ جايدا سىدى دەرىخى كۆپ بولۇپ، بۇ جاي باش تەرەپكە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، باش سىدى دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 7 تەبىئىي كەنت، 1,162 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1.307 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز، قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۈزۈم ئەنجۇر، جىگدە قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئويكوچا كەنتىدە.

### ئويكوچا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز - پەس، نوپۇسى 178 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ ئۆزى باشقا جايلارغا سېلىشتۇرغاندا نىسبەتەن پەس بولغانلىقى ئۈچۈن، ئويكوچا - دەپ ئاتالغان.

### ئارقا مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 116 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئوي كوچا كەنتىنىڭ ئارقا تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئارقا مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### گۈگۈتچى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 126 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا تارشاگۈ-

گۈت ياساپ ئاتىدىغان، كىشىلەر كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، گۈگۈتچى مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### كوچا بېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 141 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت بىر چوڭ كوچىنىڭ بېشىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، كوچا بېشى - دەپ ئاتالغان.

### باغ ئېرىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 2.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 144 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە بىر چوڭ باغ بولۇپ، باغنى سۇغىرىش ئۈچۈن، بىر ئېرىق چېپىپ سۇ ئۆتكۈزگەن شۇنىڭ ئۈچۈن، باغ ئېرىق - دەپ ئاتالغان.

### تاغلىق مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 180 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايغا تاغ رايونىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئاھالىلەر كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، تاغلىق مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### سۆكسۆك كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 234 نەپەر ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئىلگىرى جاڭگال بولۇپ سۆكسۆك دەيدىغان بىر خىل ياۋا ئۆسۈملۈك كۆپ بولۇپ، كېيىن ئاھالىلەر ئولتۇراقلىشىپ، بىنام ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان. شۇڭا سۆكسۆك - دەپ ئاتالغان.

### بويلا كەنت كومىتېتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى بەشكېرەم رايونى 9 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى بەشكېرەم رايونى 11 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى بەشكېرەم گۇڭشې بويلا 22 - دادۈي بولغان. 1975 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ بويلا دادۈي بولغان. 1982 - يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم گۇڭشې بويلا 22 دادۈي بولغان.

1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۋي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ جاي توغرىسى تار بويىغا سوزۇلۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، شەكلىگە قاراپ بويىلا دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت 1,004 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يېرى 1,434 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: چىلان. تۇرۇشلۇق ئورنى: تۆۋەنكى مەھەللىدە.

### تۆۋەنكى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 194 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي يۇقارقى مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەنكى مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### يۇقارقى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 4.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 178 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي تۆۋەنكى مەھەللىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### سەينا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 4.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 153 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايىنىڭ مەركىزىدە بىر سەينا بولۇپ، ئاھالىلەر ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، سەينا - دەپ ئاتالغان.

### ئازنا مەسچىت ئالدى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 4.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 133 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ كەنتتە بىر ئازنا مەسچىت بولۇپ، ئەتراپىدا ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئازنا مەسچىت ئالدى - دەپ ئاتالغان.

### ئاچىقا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 4.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 200 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت 3 ئاچا يول ئاغزىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئورنى ئاچىقا كەنتى - دەپ ئاتىغان.

### ئاياغ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان.

يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 146 نەپەر ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت تۆۋەنكى مەھەللىنىڭ ئايىغىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### يەنچا كەنت كومىتېتى

بەشكېرەم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى بەشكېرەم رايونى 9 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى بەشكېرەم رايونى 11 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى بەشكېرەم گۇڭشې يەنچا 23 - دادۈي بولغان، 1975 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم گۇڭشې يەنچا دادۈي بولغان. 1982 - يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ بەشكېرەم گۇڭشې يەنچا دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. يەنچا دېگەن سۆز ياچى سۆزىدىن كېلىپ چىققان ئىلگىرى بۇ يەردىكى كىشىلەر ئوقيا ياچاق ياساشقا ماھىر ئوقيا ئېتىپ ئويناشقا ئامراق بولغانلىقى ئۈچۈن ،شۇنداق دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 2 تەبىئىي كەنت، 1,038 نوپۇسى بولۇپ. ھەممىسى ئۇيغۇر تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1,284 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۈزۈم، ئانار، ئەنجۈر. تۇرۇشلۇق ئورنى: يەنچا كەنتىدە.

### يەنچا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 405 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. يەنچا سۆزى ياچى سۆزىدىن كېلىپ چىققان. ئىلگىرى بۇ كەنتتىكىلەر ئوقيا، ياچاق ياساشقا ماھىر ئوقيا ئېتىپ ئويناشقا ئامراق بولغانلىقى ئۈچۈن، يەنچا - دەپ ئاتالغان.

### تۆۋەنكى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 633 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي يەنچا كەنتىنىڭ ئايىغىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەنكى مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### كوكاڭ كەنت كومىتېتى

بەشكېرەم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى بەشكېرەم رايونى 9 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى بەشكېرەم رايونى 11 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا

ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى بەشكېرەم گۆڭشې كۆكاڭ 24 - دادۈي بولغان. 1975 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم گۆڭشې كۆكاڭ دادۈي بولغان. 1982 - يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم گۆڭشې كۆكاڭ 24 دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. كۆكاڭ، گولكان دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرتىلگەن، قەدىمدىن تارتىپ بۇ يەردىكى خەلق گۈل تېرىشقا ماھىر. گۈل خومار، گۈلگە ئەجىر قىلىدىغان ھەممە ئائىلە گول ئۆستۈرىدىغان، ھەتتە ئەڭ قەدىرلىك مېھمانلىرىغىمۇ گول تۇتۇپ قارشى ئالىدىغان. بولغاچقا گۈلكان كەنت دەپ ئاتالغان. كېيىن گۈلكان گۈل كەنت دېگەن نام كوكاڭغا ئۆزگىرىپ قالغان. تەۋەسىدە 7 تەبىئىي كەنت 1.177 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1.895 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي كۆممە قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۆرۈك، ئۈزۈم، ئانار، ئەنجۈر، تۇرۇشلۇق ئورنى: تۈگمەنبېشى كەنتىدە.

### تۈگمەنبېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 327 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا بىر قانچە تۈگمەن بولۇپ، ئاھالىلەر ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۈگمەنبېشى - دەپ ئاتالغان.

### ساي كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 81 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جاينىڭ ئورنى ساي بولۇپ، كەنت بىنا قىلىنغاندىن كېيىن ساي - دەپ ئاتالغان.

### يۇقىرىسى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 162 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت تۈگمەن بېشى كەنتىنىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرىسى - دەپ ئاتالغان.

### ئۆستەڭبويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 195 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ كەنتتە بىر ئۆستەڭ بولۇپ، ئاھالىلەر ئەتراپىغا ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن ئۆستەڭبويى دەپ ئاتالغان.

### يار قورغان كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 5.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 143 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي يار بېشىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاھالىلەرنىڭ ھويلا تاملىرى ئېگىز قوپۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن يار قورغان ـ دەپ ئاتالغان.

### لەڭگەر كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 157 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا بىر قونالغۇ بولۇپ، ئاتۇشقا بېرىپ كېلىدىغانلار دەم ئېلىپ ياكى قونۇپ ماڭغان، شۇڭا بۇ جاينى لەڭگەر ـ دەپ ئاتىغان.

### خانىقا مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 112 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا بىر خانىقا بولۇپ، ئەتراپىدا ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، خانىقا مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### ئاياغ چۇگۇر كەنت كومىتېتى

بەشكېرەم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى بەشكېرەم رايونى چۇگۇر 12 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 ـ يىلى بەشكېرەم رايونى 3 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 ـ يىلى بەشكېرەم گۇڭشې 25 ـ دادۈي بولغان. 1975 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بەشكېرەم گۇڭشې 25 ـ دادۈي بولغان. 1977 ـ يىلى باش چۇگۇر 25 ـ دادۈيدىن ئايرىلىپ چىقىپ ئاياغ چۇگۇر دادۈيى قۇرۇلغان. 1982 ـ يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ بەشكېرەم گۇڭشې ئاياغ چۇگۇر 25 ـ دادۈي بولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ جايدا بىر ئۆستەڭ بولۇپ، باشتا يۇرتقا سۇ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بىر چۇشۇرگە ياسىغان. تىلنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن چۇشۇرگە چۇگۇر دەپ ئۆزگەرگەن. بۇ يەر چۇگۇرنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ئاياغ چۇگۇر دەپ ئاتىغان. تەۋەسىدە 4 تەبىئىي كەنت 820 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 849 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممەقوناق،

كېۋەز قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۈزۈم، ئانار. تۇرۇشلۇق ئورنى: تەگلە كۆل كەنتىدە

**تەگلە كۆل كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.3 كىلومېتر يىراقلىقتىكى جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 357 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ مەھەللە ئوتتۇرىسىدا تەگلە شەكىللىك بىر كۆل بولغانلىقى ئۈچۈن، تەگلە كۆل كەنتى ـ دەپ ئاتالغان.

**دۆڭ مەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.5 كىلومېتر يىراقلىقتىكى جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 232 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللە زېمىننىڭ ئېگىز يېرىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، دۆڭ مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

**ئارا مەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.2 كىلومېتر يىراقلىقتىكى جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 158 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللە تەگلە كۆل كەنتى بىلەن دۆڭ مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئارا مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

**قاشبويى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1 كىلومېتر يىراقلىقتىكى جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 173 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر بىر ئېگىز قاش بويىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، قاشبويى ـ دەپ ئاتالغان.

# ئاۋات يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ئاۋات يېزىسى كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى ئاۋاي كوچا كەنتىدە. ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 27.5 كىلومېتىر، يەر شەكلى تۈزلەڭ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 84.67 كۋادرات كىلومېتىر. (127,016 مو) شەرقىي ۋە جەنۇب تەرىپى يېڭى ئۆستەڭ يېزىسى بىلەن غەربىي تەرىپى قوغان يېزىسى بىلەن شىمالىي تەرىپى بەشكېرەم يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. 1985 - يىلدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 46,700 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 36.2% نى ئىگىلەيدۇ. ئورمان كۆلىمى 14,102 مو بولۇپ. 11.1% نى ئىگىلەيدۇ. باشقا كۆلەم 38,499 مو بولۇپ، 30.5% نى ئىگىلەيدۇ.

يېزا تەۋەلىكىدە 21 كەنت كومىتېتى، 2 ئورمان مەيدانى، 96 تەبىئىي كەنت بار. 1985 - يىلدىكى ستاتىستىكىدا 4,877 ئائىلە، 21,862 نوپۇس بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 21,845 نەپەر، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 99.93% نى ئىگىلەيدۇ. خەنزۇ 9 نەپەر خۇيزۇ 8 نەپەر بولۇپ، بۇلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.07% نى ئىگىلەيدۇ.

ئاۋات دېگەن سۆز ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، گۈللەپ ياشناش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇرۇن بۇ يەردە ئۇيغۇر دېھقانلىرى بوزيەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلغان سۇ مەنبەسى ھەل قىلىش ئۈچۈن، قىزىل دەريانىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىدىكى قاپقا ئېغىزىدىن بىر قانچە يىل جاپالىق ئەمگەك قىلىپ، چوڭ ئۆستەڭ چېپىپ سۇ باشلاپ تېرىقچىلىق قىلغان. ئەسلىدىكى قاقاسلىق ئېكىنزارلىققا ئايلانغان. دېھقانلار ئارقا - ئارقىدىن بۇ جايغا كۆچۈپ كېلىپ، بۇ جايدا گۈللەپ ياشنىغان ئاۋات مەھەللە بەرپا قىلغان. ئاۋات دېگەن نام مانا مۇشۇنداق غايەت زور ئۆزگىرىشتىن كېيىن بېرىلگەن.

جۇمھۇرىيەت مەزگىلىدە ئاۋات بەگلىكىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، تەۋەلىكىدە 15 يۈز بېشى بولغان. 1950 - يىلى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئاۋات رايونىغا ئۆزگەرتىلىپ تەۋەلىكىدە 15 يېزا بولغان. 1954 - يىلى ئاۋات رايونىنىڭ 10 يېزىسىنى يېڭىئۆستەڭ رايونىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، تەۋەسىدە 5 لا يېزا قالغان. كېيىن بەشكېرەم رايونىدىن 3 - يېزىنى ئۆتكۈزۈپ ئاۋات رايونىغا بېرىپ تەۋەلىكىدە 8 - يېزا بولغان. 1958 - يىلى ئاۋات رايونى ئاۋات گۇڭشېغا ئۆزگەرتىلگەن. 1961 - يىلى ئاۋات گۇڭشې رايونغا ئۆزگەرتىلىپ، 4 كىچىك گۇڭشې بولغان. 1975 - يىلى 11 - ئايدا ئاۋات گۇڭشې قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يەنىلا ئاۋات گۇڭشې دەپ ئاتالغان. 1982 - يىلى بۇ گۇڭشې يەنە كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، تەۋەلىك-

ده 21 دادۇي بولغان. 1984 - يىلى ئاۋات گۇڭشې ئاۋات يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەلىكىدە 21 كەنت كومىتېت بار. يەر شەكلى غەربىتىن شەرققە قىيپاش بولۇپ، بىر قەدەر تۈزلەڭ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1,279 مېتىر، ئاساسەن قىزىل دەريا سۇيىدىن پايدىلىنىدۇ. تۇپرىقى ئۆلكە لاتقا تۇپراق بولۇپ، قىسمەن زەي تۇپراق ھەم چىم تۇپراق بار. ئومۇمەن ئوتتۇرائەت تۇپراق، ھاۋا كىلىماتى مۆتىدىل، 4 پەسىل ئېنىق، قىش پەسلى سوغۇق، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃ ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 38.7℃ ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 25.3℃ -، يىللىق ھۆل يېغىن مىقدارى 50 - 60 مىللىمېتىر. يىللىق كۈننۇرىنىڭ يورۇتۇش ۋاقتى 2800 - 2900 سائەت. قىروسىز مەزگىلى 210 - 220 كۈن، تەۋەسىدە، ئاۋات ئۆستىڭى، يالاڭ سۇ ئامبىرى بار. ئاۋات غول ئۆستىڭىنىڭ ئاۋات دائىرىسى ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقى 12 كىلومېتىر بولۇپ، سۇغۇرۇش كۆلىمى 110 مىڭ مو. يالاڭ سۇ ئامبىرىنىڭ كۆلىمى 3,000 مو. ساقلىنىدىغان سۇ مىقدارى 3 مىليون كۇب مېتىر، سۇغۇرۇش كۆلىمى 22 مىڭ مو. يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي تەرىپىدە 12 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يالاڭ جىلغىسى بار.

ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، كۆممە قوناق، ئاق قوناق، شال، كېۋەز، مايلىقدان، قوغۇن، سەي - كۆكتات قاتارلىقلار تېرىلىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۆرۈك، توغاچ، ئامۇت، ئانار قاتارلىقلار. 1985 - يىلدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا تېرىلغان ئاشلىق زىرائەت كۆلىمى 37,400 مو. ئومۇمىي مەھسۇلاتى 15,007‘000 جىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى: 401 جىڭ بولۇپ، سابىق گۇڭشې ۋاقتىدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن. كېۋەز 9,300 مو، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 765,000 جىڭ، بىرلىكى 82.3 جىڭ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىقى 762.5 جىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى 5,667,033 يۈەن. 1985 - يىلى يىل ئاخىرىدا قوتاندىكى قالدۇق چارۋا سانى 30,838 تۇياق، بۇنىڭدىن چوڭ چارۋا 6,639 تۇياق، ئۇششاق چارۋا 24,199 تۇياق. 1985 - يىلىدىكى ئورمان كۆلىمى 14,102 مو. تۈرلۈك ئورمان 7,113,301 تۈپ بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئورمان 342 تۈپ. كۆپ خىل ئىگىلىك تەرەققىياتى خېلى تېز بولۇپ، ئۇن زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى، مېۋىگە ئىش قوشۇش زاۋۇتى، ياغاچچىلىق كارخانىسى قاتارلىق يېزا باشقۇرغان كارخانىلار بولۇپ، يىللىق كىرىمى 21,000 يۈەن بۇ ئومۇمىي كىرىمنىڭ 0.3% نى ئىگىلەيدۇ.

بۇ يېزىنىڭ باغۋەنچىلىكى خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۆرۈك، توغاچ، ئانار، ئامۇت قاتارلىق مېۋىلەر بار. ئانار بۇ يېزىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولۇپ، سېتىلىش يولى كەڭ، ئۆرۈكتە بازارنى تەمىنلەشتىن سىرت يەنە گۈلە قۇرۇتىدۇ، كۆك ئامۇتنىڭ سۈپىتى ياخشى بولۇپ، ساقلاشقا ئەپلىك، قىش ۋە ئەتىياز پەسلىدە بازارنى تەمىنلەيدۇ.

مەدەنىي مائارىپ سەھىيە ئىشلىرىمۇ خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، 45 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى، 392 ئوقۇغۇچى، 10 سىنىپ بار بىر ئوتتۇرا مەكتەپ،

91 سىنىپى 161 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىسى 2،717 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بولغان 12 باشلانغۇچ مەكتەپ بار. رادىئو پونكىتى كىنو قويۇش ئەترىتى، مەدەنىيەت پونكىتى قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش ئورۇنلىرى بار. 11 تىببى خادىم 20 كېسەل كارۋىتىغا ئىگە بىر دوختۇرخانا ۋە 20 داۋالاش پونكىتى، 20 يالاڭئاياق دوختۇر بار.

قاتناش قولايلىق بولۇپ، قەشقەر شەھىرىدىن ئاۋات يېزىسىغا ھەر كۈنلىكى ئاپتو-ۋۇز قاتناپ تۇرىدۇ. قەشقەر شەھىرى بىلەن ئاۋات يېزىسى ئارىلىقىدا 35 كىلومېتر ئۇزۇن-لۇقتىكى ئاددى تاش يول بار. يېزا بىلەن كەنتلەر ئوتتۇرىسىدا شېغىل ياتقۇزۇلغان تاشيول بار. بۇ يوللارنىڭ 2 تەرىپى ئورمان بىلەن قاپلانغان قاتنىشى راۋان. يېزا بو-يىچە 5 ئاپتوموبىل ۋە 65 ھەرخىل تىپتىكى تراكتۇرلار بار.

# ئاۋات يېزا تەۋەلىكىدىكى يەرجاي ناملىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇشى

### ئاۋات يېزىسى

تەزكىرىسى «ئاۋات يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا

### قومپېتىق كەنت كومىتېتى

ئاۋات يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 6.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى كوناشەھەر ناھىيە بەشكېرەم رايونى 7 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى ئاۋات رايونى 7 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى ئاۋات گوڭشې قومپېتىق 1 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1975 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گوڭشې قومپېتىق 1 - دادۈي بولغان. 1982 - يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گوڭشې قومپېتىق 1 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. قومپېتىق دېگەن سۆز ماگىسا پۈت پېتىپ قالىدىغان قۇملۇق دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇرۇن بۇ جاي قۇملۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 3 تەبىئىي كەنت، 635 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1,186 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئارا مەھەللىدە.

### ئارا مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 6.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 198 نەپەر ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت يۇقارقى مەھەللە بىلەن ئاياغ مەھەللە ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئارا مەھەللە دەپ ئاتالغان.

### يۇقارقى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 6.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 228 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئارا مەھەللە كەن-

تىنىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يوقارقى مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### ئاياغ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 209 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئارا مەھەللە كەنتىنىڭ ئايىغىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### يالاڭ كەنت كومىتېتى

ئاۋات يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 4.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. يالاڭ سۇ ئامبىرىنىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقان. 1950 ـ يىلى بەشكېرەم رايونى 7 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 ـ يىلى ئاۋات رايونى 7 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 ـ يىلى ئاۋات گۇڭشې يالاڭ 2 ـ دادۈي بولغان. 1975 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گۇڭشې يالاڭ 2 ـ دادۈي بولغان. 1982 ـ يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گۇڭشې يالاڭ 2 ـ دادۈي بولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇرۇن بۇ جاينى كەلكۈن كېلىپ بىر قانچە بۆلۈك يارلىققا ئايلاندۇرۇۋەتكەن. كەنت يار ئۈستىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يالاڭ دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت، 1,206 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1,186 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۆرۈك، توغاچ، تۇرۇشلۇق ئورنى: تۆۋەنكى مەھەللىدە.

### تۆۋەنكى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 4.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 295 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت يوقارقى مەھەللە كەنتىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەنكى مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### يوقارقى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 195 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت تۆۋەنكى مەھەللە كەنتىنىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يوقارقى مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### ئۆچھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 5.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا

جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 195 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا ئۈچ بىر تۇققان ئۆچۈيلا ياساپ ئولتۇراقلاشقان، كېيىن كەنت شەكىللىنىپ ئۈچۈيلا — دەپ ئاتالغان.

**ئارا مەھەللە**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 5.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 253 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت يوقارقى مەھەللە بىلەن ئۆچۈيلا كەنتىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئارا مەھەللە — دەپ ئاتالغان.

**كاج مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 138 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايغا تۇرسۇن چوڭ كاج دېگەن ئادەم چىقىپ ئولتۇراقلاشقان. بۇ كەنت تۇرسۇن چوڭنىڭ لەقىمى بىلەن كاج مەھەللىسى — دەپ ئاتالغان.

**ئويكوچا كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز — پەس، نوپۇسى 164 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت چوڭقۇر جايغا ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئويكوچا — دەپ ئاتالغان.

**يىڭىچكە كەنت كومىتېتى**

ئاۋات يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 — يىلى بەشكېرەم رايونى 7 — يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 — يىلى ئاۋات رايونى 7 — يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 — يىلى ئاۋات گوڭشې يىڭىچكە 3 — دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1975 — يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گوڭشې يىڭىچكە دادۈي بولغان. 1982 — يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گوڭشې يىڭىچكە 3 — دادۈي بولغان. 1984 — يىلى 8 — ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. يىڭىچكە دېيىشتە بۇ جاينىڭ توغرىسى تار بويى ئۇزۇن بولغانلىقى ئۈچۈن، يىڭىچكە دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت، 1.319 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يېرى 2.027 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: توغاچ تۇرۇشلۇق ئورنى: ئارا مەھەللىدە.

### ئارا مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 325 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت يۇقارقى مەھەللە كەنتى بىلەن ئاياغ مەھەللە كەنتىنىڭ ئارلىقىدا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئارا مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### يۇقارقى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 3.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 164 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئارا مەھەللە كەنتىنىڭ يۇقىرىسىدا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقارقى مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### پەشتاق مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 3.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز - پەس. نوپۇسى 198 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايىنىڭ شەكلى پەشتاقسىمان ئېگىز بولۇپ، ئاھالىلەر شۇ جايغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، پەشتاق مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### قۇملۇق مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 159 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئىلگىرى قۇملۇق بولۇپ، كىشىلەر ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن قۇملۇق مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### يار بېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 4.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 191 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئەسلى ئۇزۇن كەتكەن بىر يارلىق بولۇپ، ئاھالىلار شۇ يارلىقنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، يار بېشى - دەپ ئاتالغان.

### ئاياغ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 3.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 282 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت يۇقارقى مەھەللە كەنتىنىڭ ئايىغىدا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### يار بېشى كەنت كومىتېتى

ئاۋات يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورۇنلاشقان جاينىڭ شىمالىغا 2.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى ئاۋات رايونى 3 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 - يىلى ئاۋات گۇڭشې يار بېشى 4 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1975 - يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گۇڭشې يار بېشى دادۈي بولغان. 1982 - يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گۇڭشې يار بېشى 4 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 9 تەبىئىي كەنت، 2,078 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,896 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممىقوناق، كېۋەز. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئانار. تۇرۇشلۇق ئورنى: يار بېشى كەنتىدە.

### يار بېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 2.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 226 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئەسلى يارلىق بولۇپ، كېيىنچە ئاھالىلەر ئولتۇراقلىشىپ كەنت شەكىللەنگەن شۇندىن بۇيان كىشىلەر يار بېشى - دەپ ئاتىغان.

### ئېگىز ئېرىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 3.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 198 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا ئېگىز جايدىن چېپىلغان بىر ئېرىق بولۇپ، ئاھالىلار شۇ ئېرىق ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئېگىز ئېرىق - دەپ ئاتالغان.

### تۇغبېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 426 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا شاخ قوزۇق بىلەن ياسالغان بىر تۇغ بولۇپ، ئاھالىلار شۇ تۇغنىڭ باش تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۇغبېشى - دەپ ئاتالغان.

### ھېكىمئاخۇن باينىڭ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 3.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 154 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايغا يەرزىمـ

نى مول. مال ۋارانلىرى كۆپ بولغان ھېلىمئاخۇن دېگەن كىشى ئولتۇراقلاشقان كەنت شەكىللەنگەندىن كېيىن، كىشىلەر ھېلىمئاخۇن باينىڭ مەھەللىسى-دەپ ئاتىغان.

**چامغۇر مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 2.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 204 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتىكى كىشىلەر بۇرۇندىن تارتىپ چامغۇر تېرىپ سېتىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن، چامغۇر مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

**مەتخان خەپتىم مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 2.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 302 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا مەتخان خەپتىم دېگەن نوپۇزلۇق بىر كىشى ئولتۇراقلاشقان. كەنت شەكىللەنگەندىن كېيىن، كىشىلەر شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن مەتخان خەپتىم مەھەللىسى-دەپ ئاتىغان.

**ئۆيكوچا كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 1.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 155 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلار ئۆي-چوڭقۇر جايغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۆيكوچا-دەپ ئاتالغان.

**پوندىلاڭ مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 230 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايغا قۇناخۇن پوندىلاڭ لەقەملىك بىر كىشى ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن كەنت شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن پوندىلاڭ مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

**پەشتاق مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 2.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 183 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا ئېگىز پەشتاقلىق بىر مەسچىت بولۇپ، كىشىلەر مەسچىتنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، پەشتاق مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

### تۇگمەنبېشى كەنت كومىتېتى

ئاۋات يېزىلىق هۆكۈمەت ئورۇنلاشقان جايىنىڭ شىمالىغا 1.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى ئاۋات رايونى 2 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرشىدا بولغان. 1958 ـ يىلى ئاۋات گۇڭشې تۇگمەنبېشى 5 ـ دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1975 ـ يىلى قەشقەر شەھرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گۇڭشې تۇگمەنبېشى دادۈي بولغان. 1982 ـ يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گۇڭشې تۇگمەنبېشى 5 ـ دادۈي بولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتقا ئۆزگەرتىلگەن تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 4 تەبىئىي كەنت، 696 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1,633 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي كۆممە قوناق، كىۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: تۇگمەنبېشى كەنتىدە.

### تۇگمەنبېشى كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 1.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 135 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا بىر تاش تۇگمەن بولۇپ، ئاھالىلار تۇگمەننىڭ باش تەرىپىگە ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۇگمەنبېشى ـ دەپ ئاتالغان.

### كالۋا مەھەللىسى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 262 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا نىرۋا سېستىمىسى جايىدا بولمىغان بىر كىشى بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭغا كالۋا دەپ لەقەم قويغان، شۇندىن بېرى بۇ مەھەللە كالۋا مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### قاساپ مەھەللىسى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 2.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 185 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇندىن باشلاپ بۇ كەنتتە قاساپلىق قىلىدىغان كىشىلەر كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، قاساپ مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### ئاراكۆل بېشى كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 1.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 214 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر

كۆل بولۇپ، ئاھالىلەر شۇ كۆل ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئارا كۆل بېشى -دەپ ئاتالغان.

**ياقا تام كەنت كومىتېتى**

ئاۋات يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 1.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى پەلەمپەي. 1950 - يىلى ئاۋات رايونى 2 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 - يىلى ئاۋات گۇڭشې ياقا تام 6 - دادۈي بولغان. 1975 - يىلى قەشقەر شەھەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گۇڭشې ياقا تام دادۈي بولغان. 1982 - يىلى قايتا كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گۇڭشې ياقا تام 6 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن، بۇ كەنت يۇرتنىڭ ياقىسىغا جايلاشقانلىقى ۋە بىر ئېگىز كونا تام بولغانلىقى ئۈچۈن، ياقا تام دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 5 تەبىئىي كەنت، 752 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,327 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز. ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئۆرۈك، ئانار. تۇرۇشلۇق ئورنى: قارا مەھەللىسىدە.

**قارا مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 1.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 137 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا قاسىم قارا دېگەن بىر كىشى بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن قارا مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

**ساتتار مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 1.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 122 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا ئەۋۋەل ئاخۇن دېگەن بىر كىشى بولۇپ، ساتتار ياسايدىغان بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ كەسپى بىلەن ساتتار مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

**قوچقار مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 2.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 163 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا ئىسلام ئاكام قوچقار دېگەن بىر كىشى بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن قوچقار مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

**جىگدە مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 112 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن ئاھالىلار ئولتۇراقلاشقان جايلاردا جىگدە دەرىخى كۆپ بولۇپ، جىگدە مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

**كەپتەرخانا كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 218 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا ياۋا كەپتەرلەر ئۇۋا تۈزۈپ ياشايدىغان ئورۇن بولۇپ، ئاھالىلەر بۇ جايىنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، كەپتەرخانا ـ دەپ ئاتالغان.

**توقام مەھەللىسى كەنت كومىتېتى**

ئاۋات يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 1 كىلومېتىر يىراغلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، 1950 ـ يىلى ئاۋات رايونى 1 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 ـ يىلى ئاۋات گۇڭشېي توقام مەھەللىسى 7 ـ دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1975 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گۇڭشېي توقام مەھەللىسى دادۈي بولغان. 1982 ـ يىلى قايتا كونا شەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گۇڭشېي توقام مەھەللىسى 7 ـ دادۈي بولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 7 تەبىئىي كەنت، 1،213 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3،568 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كىۋەز. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۆرۈك، ئانار. تۇرۇشلۇق ئورنى: توقام مەھەللىسىدە.

**توقام مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 1 ـ كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 198 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا توقام تىكىپ ساتىدىغان كىشىلەر كۆپرەك بولغانلىقى ئۈچۈن، توقام مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

**مازار ئالدى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 177 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا قىلىچى بۇغراخان دېگەن بىر چوڭ مازار بولۇپ، ئاھالىلەر بۇ مازارنىڭ ئالدىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، مازار ئالدى ـ دەپ ئاتالغان.

### چاكا كۆلبېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جەيىنىڭ غەربىگە 1.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 257 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. چاكا دېگەن ئەرەپچە 4 كوچا دېگەن بولۇپ، بۇرۇن بۇ يەرنىڭ 4 كوچا ئاغزىدا بىر كۆل بولۇپ، كىشىلەر مۇشۇ كۆلنىڭ بېشىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن. چاكا كۆلبېشى-دەپ ئاتالغان.

### ھاجىئاخۇن ھاجىم مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 0.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 195 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە ھاجىئاخۇن ھاجىم دېگەن نوپۇزلۇق بىر كىشى بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

### سۆرەم مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 194 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا سۆرەم ياساپ ساتىدىغان كىشىلەر كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، سۆرەم مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

### قوشقورو كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 1.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 119 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا يانداش ياسالغان 2 قورو بولغان، كىشىلەر مۇشۇ قورو ئەتراپىغا جايلىشىپ قوشقورو-دەپ ئاتالغان.

### كەپتەرخانا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ نوپۇسى 78 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ يەردە ياۋايى كەپتەرلەر ياشايدىغان بىر جاي بولۇپ، كىشىلەرمۇ شۇ جاينىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، كەپتەرخانا-دەپ ئاتالغان.

### ھاسا كەنت كومىتېتى

ئاۋات يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 1.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، 1950-يىلى ئاۋات رايونى 1-يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958-يىلى ئاۋات گۇڭشې ھاسا 8-دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1975-يىلى قەش-

قەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ ئاۋات گۇڭشې ھاسا دادۈي بولغان. 1982 - يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گۇڭشې ھاسا 8 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن، تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت، 1,228 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ كۆلىمى 4,217 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: ھاسا كەنتىدە.

### ھاسا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 1.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 269 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايىنىڭ يەر شەكلى ھاسا شەكىلدە بولۇپ، ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن ھاسا - دەپ ئاتالغان.

### مازار ئالدى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 5.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 280 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ يەردە چوڭ بىر مازار بولۇپ، كىشىلەر مۇشۇ مازار ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، مازار ئالدى - دەپ ئاتالغان.

### تاغلىق مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 0.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 182 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە تاغلىق رايونلارغا بېرىپ تىجارەت قىلىدىغانلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، تاغلىق مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### ئۇلۇغ يول كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 0.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 139 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدىن ئاقاش يېڭى ئۆستەڭ يېزىلارغا بارىدىغان بىر چوڭ يول بولۇپ، ئاھالىلەر مۇشۇ يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلۇغ يول - دەپ ئاتالغان.

### قۇمكوچا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 0.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاش-

قان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 158 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جاي قومluq بولۇپ، ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن قومكوچا ـ دەپ ئاتالغان.

### غاز مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 0.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاش-قان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 103 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا ئىلگىرى ئىب-رايىم غاز لەقەملىك بىر كىشى بولۇپ، ئاھالىلار ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن غاز مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### بوغاش كەنت كومىتېتى

ئاۋات يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 1.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى ئاۋات رايونى 6 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 ـ يىلى ئاۋات گۇڭشې بوغاش 9 ـ دادۈي بولغان. 1975 ـ يىلى قەشقەر شەھرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گۇڭشې بوغاش دادۈي بولغان. 1982 ـ يىلى قايتا كونا شەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گۇڭشېنىڭ بوغاش 9 ـ دادۈي بول-غان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. دائىرىسىدە بوغاش كەنتى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت، 1,308 نە-پەر نوپۇس بولۇپ ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,053 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: گودۈڭ مەھەللىسىدە.

### گودۈڭ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 1.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاش-قان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 169 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا رېيىم-كام گودۈڭ ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، ئاھالىلار ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن شۇ كىشى-نىڭ لەقىمى بىلەن گودۈڭ مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### بوغاش كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 1.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 408 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جاينىڭ زېمىنى قۇرغاق سۈيى كەمچىل بولۇپ، كىشىلەر دائىم سۇ تالىشىپ بوغاشقانلىقتىن كىشىلەر بو-غاش ـ دەپ ئاتىغان.

### ياقاتام كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 1.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 192 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر يۇرتىنىڭ ئايغىدىكى بىر تاملىق ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، ياقاتام ـ دەپ ئاتىغان.

### توختاجىمىنىڭ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 2.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 167 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا توختاجىم دېگەن نوپۇزلۇق بىر كىشى بولۇپ، ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن توختاجىمىنىڭ مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### تۆۋەنكى ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 1.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 172 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. يۇرتىنىڭ ئاياغ قىسمىدا 2 ھويلا بولۇپ، ئاھالىلەر شۇ ھويلىنىڭ ئەتراپىغا ئاھالىلار جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، كەنت نامى تۆۋەنكى ھويلا ـ دەپ ئاتالغان.

### بەگ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 1.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نو پۇسى 200 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا خۇدا يار دېگەن بىر بەگ ئۆتكەن بولۇپ، كىشىلەر ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن شۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن بەگ مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### باغ ھويلا كەنت كومىتېتى

ئاۋات يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، 1950 ـ يىلى ئاۋات رايونى 5 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 ـ يىلى ئاۋات گۇڭشې باغ ھويلا 10 ـ دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1975 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گۇڭشې باغ ھويلا دادۈي بولغان. 1982 ـ يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گۇڭشې باغ ھويلا 10 ـ دادۈي بولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 3 تەبىئىي كەنت، 836 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1,245 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كىۋەز.

تۇرۇشلۇق ئورنى: باغ ھويلا كەنتىدە.

باغ ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 1 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 407 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا چوڭ بىر باغ بولۇپ، ئاھالىلەر باغنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، باغ ھويلا-دەپ ئاتالغان.

شاھىكى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 1.6 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 360 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا مۇساچوڭ، ئوسمان چوڭ، ئىبرايىم چوڭ دېگەن نوپۇزلۇق كىشىلەر بولۇپ، ئاھالىلەر بۇلارنى پاشاغا ئوخشۇتۇپ شاھ ئەۋلادى دەپ ئاتىغان. كېيىن تىل ئاۋۇشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن شاھ شاھىكىغا ئۆزگىرىپ قالغان. شۇندىن بېرى كەنت نامى شاھىكى -دەپ ئاتالغان.

سۆڭگىلاچ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 1.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 69 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئىلگىرى ئاق بوزلاڭ جاي بولۇپ، سۇغا بەكمۇ ئېھتىياجلىق بولۇپ، كىشىلەر كۆپ كۈچى سەرىپ قىلىپ سۇ ئەكىلىپ يەر سۇغارغان. بۇنىڭ بىلەن كەنت نامىنى سۇغا ئولاچ دەپ ئاتىغان. كېيىن تىل ئاۋۇشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن سۆڭگىلاچقا ئۆزگىرىپ قالغان ھازىرغىچە شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.

كۆكچى كەنت كومىتېتى

ئاۋات يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 2.3 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى ئاۋات رايونى 4 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 - يىلى ئاۋات گۇڭشې كۆكچى 11 - دادۈي بولغان. 1975 - يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گۇڭشې كۆكچى دادۈي بولغان. 1982 - يىلى قايتا كونا شەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گۇڭشې كۆكچى دادۈي بولغان، 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن، تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 5 تەبىئىي كەنت، 1,405 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,746 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كې-

ۋەز. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۆرۈك، توغاچ. تۇرۇشلۇق ئورنى: كۆكچى كەنتىدە.

**كۆكچى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 193 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي كۆپ كۆك چىمەن-زارلىق بولۇپ، ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن مۇشۇ ئالاھىدىلىكى بويىچە كۆكچى دەپ ئاتالغان.

**پىلال كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 2.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاش-قان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 325 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت پىلال ئېرىق-نىڭ ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، پىلال - دەپ ئاتالغان.

**ئۆستەڭبويى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 2.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 281 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر بۇ كەنتنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر چوڭ ئۆستەڭنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۆستەڭبويى - دەپ ئاتالغان.

**شاخشاخا كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 329 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. شاخشاخا تارماق ئېرىق دېگەن بولۇپ، ئاھالىلەر مۇشۇ تارماق ئېرىقلار ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، شاخشاخا - دەپ ئاتالغان.

**قۇمئېرىق كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 3.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 177 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر قۇم كۆپ بىر ئېرىق ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، قۇمئېرىق - دەپ ئاتالغان.

**خاپانلا كەنت كومىتېتى**

ئاۋات يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 2.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا

جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى ئاۋات رايونى 4 - يېزىسىنىڭ باشقۇرىشىدا بولغان. 1958 - يىلى ئاۋات گۇڭشې خاپانلا 12 - دادۈي بولغان. 1975 - يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گۇڭشې خاپانلا دادۈي بولغان. 1982 - يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گۇڭشې خاپانلا 12 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن، تۆرۈشلۈق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 5 تەبىئىي كەنت، 832 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,096 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز. تۆرۈشلۈق ئورنى: خاپانلا مەھەللىسىدە.

**خاپانلا مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۆرۈشلۈق جايىنىڭ شەرقىگە 2.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 196 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا توختاخۇن دېگەن بىر كىشى بولۇپ، لەقىمى خاپانلا بولۇپ، مۇشۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن خاپانلا - دەپ ئاتالغان.

**كالا مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۆرۈشلۈق جايىنىڭ شىمالىغا 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 118 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا ھىلاجى كالا دېگەن بىر كىشى بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن كالا مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

**ياغاچچى مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۆرۈشلۈق جايىنىڭ شىمالىغا 2.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 140 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە ياغاچچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپ بولغاچقا، ياغاچچى مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

**قاساپ مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۆرۈشلۈق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 220 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە قاساپلىق قىلىدىغان كىشىلەر كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، قاساپ مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

**قالىغاچ مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۆرۈشلۈق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا

جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 158 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايغا ئىلمىن قالىغاچ دېگەن بىر كىشى ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن قالىغاچ مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### ئامانلا كەنت كومىتېتى

ئاۋات يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 3 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى بەشكېرەم رايونى 8 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى ئاۋات رايونى 8 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى ئاۋات گۇڭشې ئامانلا 13 - دادۈي بولغان. 1975 - يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گۇڭشې ئامانلا دادۈي بولغان. 1982 - يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گۇڭشې ئامانلا 13 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ جاينىڭ كىشىلىرى ئۇرۇشقاق جېدەلخور بولغانلىقتىن كىشىلەر يامانلا دەپ ئاتالغان. 1950 - يىلى خەلق ھۆكۈمىتى ئامانلارغا ئۆزگەرتكەن. شۇندىن بېرى ئامانلا دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت، 1'136 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1.834 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، كېۋەز ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۈزۈك. تۇرۇشلۇق ئورنى: چاشەمبە بازار كەنتىدە.

### چارشەمبە بازار كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 3 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 134 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇندىن تارتىپ چاشەمبە كۈنى بولىدىغان بازار ئەتراپىغا ئاھالىلەر ئولتۇراقلىشىپ كەنت نامى چاشەمبە بازار ـ دەپ ئاتالغان.

### يۇقۇرى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 4.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 252 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئۆستەڭ بويى كەنتىنىڭ يۇقۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقۇرى مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### ئۆستەڭبويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 3.8 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 229 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئاۋات چوڭ ئۆستىڭىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۆستەڭبويى ـ دەپ ئاتالغان.

## هويلا كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 137 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر چوڭ ھويلا ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، هويلا كەنتى ـ دەپ ئاتالغان.

## چاقا كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 3.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 124 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا باش تەمرەتكىسى بار كىشىلەر كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر كەنت نامىنى چاقا مەھەللىسى ـ دەپ ئاتىغان.

## چوڭقۇر مەھەللە

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 3.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز ـ پەس، نوپۇسى 206 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر چوڭقۇر جايغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، چوڭقۇر مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

## قالۇق كەنت كومىتېتى

ئاۋات يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 2.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى بەشكىرەم رايونى 8 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 ـ يىلى ئاۋات رايونى 8 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 ـ يىلى ئاۋات گۇڭشې قالۇق 14 ـ دادۈي بولغان. 1975 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گۇڭشې قالۇق دادۈي بولغان. 1982 ـ يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گۇڭشې قالۇق 14 ـ دادۈي بولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. مۇندىن 300 يىل ئىلگىرى بۇ يۇرتقا قېلىن قار يېغىپ يۇرتنى كۆمىۋەتكەن. بولۇپمۇ بۇ يۇرتتا قار قېلىن بولۇپ، كىشىلەر بۇ يۇرت نامىنى قالىق دەپ ئاتىغان. كېيىن تىل ئاۋۇشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن قارلىق قالۇققا ئۆزگىرىپ قالغان. تەۋەلىكىدە 8 تەبىئىي كەنت، 1،448 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2،452 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: چىلان. تۇرۇشلۇق ئورنى: تۇغبېشى كەنتىدە.

## تۇغبېشى كەنتى

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 2.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشـ

قان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 266 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا بىر چوڭ
تۇغ بولۇپ، ئاھالىلەر مۇشۇ تۇغنىڭ بېشىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تۇغبېشى
- دەپ ئاتالغان.

### ئاياغ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 3.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاش-
قان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 203 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت تۇغبېشى
كەنتىنىڭ ئايىغىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### يۇقۇرىغا چىقا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 3.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاش-
قان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 211 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت ئېگىز جايغا
ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقۇرىغا چىقا - دەپ ئاتالغان.

### يېڭىباغ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 3.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان.
يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 228 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە باغ ئەھيا
قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ بىر قانچە يەرگە باغ بىنا قىلىغانلىقتىن يېڭىباغ
- دەپ ئاتالغان.

### مەسچىت ئالدى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاش-
قان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 195 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر چوڭ بىر مەس-
چىتنىڭ ئالدىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، مەسچىت ئالدى - دەپ ئاتالغان

### مازار ئالدى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 2.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاش-
قان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 168 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر چوڭ مازار
ئالدىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، مازار ئالدى - دەپ ئاتالغان.

### ئويكوچا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 3.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان.

يەرشەكلى ئېگىز-پەس. نوپۇسى 184 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر چوڭقۇر بىر جايغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئويكوچا كەنتى-دەپ ئاتالغان.

### قىبلى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 3.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 174 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. يۇرتنىڭ قىبلى تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، قىبلى مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

### چىتلىق كەنت كومىتېتى

ئاۋات يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 3.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، 1950-يىلى بەشكېرەم رايونى 8-يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954-يىلى ئاۋات رايونى 8-يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958-يىلى ئاۋات گۇڭشې چىتلىق 15-دادۈي بولغان. 1975-يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گۇڭشې چىتلىق 15-دادۈي بولغان. 1982-يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گۇڭشې چىتلىق 15-دادۈي بولغان. 1984-يىلى 8-ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ جايدىكى كىشىلەر باغ ھويلا تاملىرى ئۈستىگە چىت قويىدىغان ئادەتلىرى بولغانلىقتىن كىشىلەر چىتلىق دەپ ئاتىغان. تەۋەسىدە 3 تەبىئىي كەنت، 752 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1,319 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۈزۈك تۇغاچ. تۇرۇشلۇق ئورنى: كوچا مەھەللىسىدە

### كوچا مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 3.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 232 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر ئۇزۇن بىر كوچىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، كوچا مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

### يۇقۇرسى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 4.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 329 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. كوچا مەھەللىسى كەنتىنىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقۇرسى-دەپ ئاتالغان.

### سودىگەر مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 3.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا

جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 191 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، سودىگەر مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

### چاكسا كەنت كومىتېتى

ئاۋات يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 6.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى بەشكېرەم رايونى 7 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى ئاۋات رايونى 7 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى ئاۋات گۇڭشې چاكسا 16 - دادۈي بولغان. 1975 - يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گۇڭشې چاكسا دادۈي بولغان. 1982 - يىلى كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گۇڭشې چاكسا 16 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 2 تەبىئىي كەنت، 417 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1,152 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ھەرخىل مېۋە. تۇرۇشلۇق ئورنى: چاكسا كەنتىدە.

### چاكسا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي - شىمالىغا 6.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 164 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. چاكسا دېگەن ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، بىر كىلونىڭ ¼ قىسمى بۇ كەنت كىچىك بولغانلىقتىن چاكسا - دەپ ئاتالغان.

### يۇقۇرسى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 253 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت چاكسا كەنتىنىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يۇقۇرسى كەنتى - دەپ ئاتالغان.

### قاتار قىشلاق كەنت كومىتېتى

ئاۋات يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى ئاۋات رايونى 2 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 - يىلى ئاۋات گۇڭشې قاتار قىشلاق 17 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن.

1975 - يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات كۆكشى قاتار قىشلاق دادۈي بولغان. 1982 - يىلى قايتا كونا شەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات كۆكشى قاتار قىشلاق 17 دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 3 تەبىئىي كەنت، 1,045 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,437 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئانار. تۇرۇشلۇق ئورنى: قاتار قىشلاق كەنتىدە.

### قاتار قىشلاق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 467 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جاي چارۋىلار قىشلايدىغان قىشلاق بولۇپ، ئاھالىلەر نەچچە قاتار ئۆي ئىمارەت سېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقتىن قاتار قىشلاق دەپ ئاتالغان.

### كەتۇر مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.3 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 138 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە بۇرۇن ئاياغدىن يۇقىرىسىغا سۇ ئاقىدىغان بىر ئۆستەڭ بولۇپ، كەتۇر مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### چوڭكۆل بېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 0.8 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 451 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر چوڭ بىر كۆل بېشىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، چوڭكۆل بېشى - دەپ ئاتالغان.

### چاگا كەنت كومىتېتى

ئاۋات يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 0.3 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى ئاۋات رايونى 2 - يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 - يىلى ئاۋات كۆكشى چاگا 18 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1975 - يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات كۆكشى چاگا 18 - دادۈي بولغان. 1982 - يىلى قايتا كونا شەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات كۆكشى چاگا 18 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. چاگا ئەرەبچە ئاتالغۇ بولۇپ، بىزچە 4 كوچا دېگەن بولىدۇ. بۇ جايدا 4 كوچا بولغانلىقى ئۈچۈن، چاگا دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 2 تەبىئىي كەنت، 573 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر.

تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1,394 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز. تۇ-رۇشلۇق ئورنى: ناۋاي كوچا كەنتىدە

**ناۋاي كوچا كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 0.3 كىلومېتر يىراقلىقتىكى جايـلاشـقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي، نوپۇسى 371 نەپەر، ھەممىـسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە ناۋايلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ناۋاي كوچا ـ دەپ ئاتالغان.

**جىننى گوزە كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا 0.7 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 202 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. جىننى گوزە دې-گەن كىچىك بازار دېگەن بولۇپ، كەنت نامى شۇنداق ئاتالغان.

**چىغلىق كەنت كومىتېتى**

ئاۋات يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 1.8 كىلومېتر يىـراقـلىقـتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى ئاۋات رايونى 5 ـ يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958 ـ يىلى ئاۋات گۇڭشې چىغلىق 19 ـ دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1975 ـ يىلى قەشقەر شەھرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گۇڭشې چىغلىق دادۈي بولـغان. 1982 ـ يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئاۋات گۇڭشې چىغلىق 19 ـ دادۈي بولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلـگەن. تۇرۇش-لۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 4 تەبىئىي كەنت، 973 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىـسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,386 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: چىغلىق كوچا كەنتىدە.

**چىغلىق كوچا كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 2 كىلومېتر يىراقلىقتا جايـلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 457 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا چىغ كۆپ بولۇپ، ئاھالىلەر ئولتۇراقلىشىپ كوچا شەكىللەنگەن مۇشۇ ئالاھىدىلىككە قاراپ، چىغلىق كوچا ـ دەپ ئاتالغان.

**تولكە مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 1.6 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان.

يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 145 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا ماللاق ئاكام تولكە دېگەن بىر كىشى بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن تولكە مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

**تاناپ مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 4 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 184 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت تۈپ-تۈز يىڭچىكە بولغانلىقى ئۈچۈن، تاناپ مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

**ئالالىق كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 2.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 187 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جاينىڭ يەرلىرى ئاق ئالا بولۇپ، زىرائەت ياخشى ئۈنمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئالالىق-دەپ ئاتالغان.

**مەتقاسىم مەھەللىسى كەنت كومىتېتى**

ئاۋات يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 4 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ. 1950-يىلى ئاۋات رايونى 5-يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958-يىلى ئاۋات گۇڭشې 9-دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1975-يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گۇڭشې مەتقاسىم مەھەللىسى دادۈي بولغان. 1978-يىلى بوغاش 9-دادۈيدىن ئايرىلىپ چىقىپ ئايرىم دادۈي بولغان. 1982-يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گۇڭشې مەتقاسىم 20-دادۈي بولغان. 1984-يىلى 8-ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 2 تەبىئىي كەنت، 345 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 987 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: مەتقاسىم مەھەللىسىدە.

**مەتقاسىم مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 4 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 202 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى مەتقاسىم دېگەن كىشى مۇشۇ جايدا زېمىن ئېچىپ تېرىپ، ئۆي سېلىپ ماكانلاشقانلىقتىن مەتقاسىم مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

### پاختا ژۇلغۇن كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 143 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جاي ژۇلغۇنلۇق بولۇپ، كۈزدە چېچەكلىرى پاختىغا ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن، پاختا ژۇلغۇن -دەپ ئاتالغان.

### ئاق ئۆستەڭ كەنت كومىتېتى

ئاۋات يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 5.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950-يىلى ئاۋات رايونى 4-يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1958-يىلى ئاۋات گۇڭشې خاپانلا دادۈيىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1975-يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گۇڭشې ئاق ئۆستەڭ دادۈي بولغان. 1982-يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئاۋات گۇڭشې ئاق ئۆستەڭ 21 دادۈي بولغان. 1984-يىلى 8-ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 1 تەبىئىي كەنت، 279 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 977 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي. كۆممە قوناق، كېۋەز. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئاق ئۆستەڭ كەنتىدە.

### ئاق ئۆستەڭ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 279 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. كىشىلەر ئاق يەر ئۈستىگە بىر ئۆستەڭ ئېلىپ تېرىقچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاق ئۆستەڭ-دەپ ئاتالغان.

### پېژگان ئورمانچىلىق مەيدانى


ئاۋات يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، كۆلىمى 9 مىڭ مو، ئورمان كۆلىمى 5 مىڭ مو، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 340 مو، باغ 240 مو، نوپۇسى 109 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 90 نەپەر، خەنزۇ 10 نەپەر، خۇيزۇ 9 نەپەر، ئورمانچىلىق ئاساس قىلىنىپ تېرەك، جىگدە ۋە ھەرخىل مېۋىلىك دەرەخلەرنى يېتىشتۈرىدۇ. دېھقانچىلىق قوشۇمچە. 1958-يىلى قۇرۇلغان. بۇ جاي شورلۇق قاقاس ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقتىن پېژگان-دەپ ئاتالغان.

### ئوتلاق ئورمانچىلىق مەيدانى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 9.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا

جايلاشقان. كۆلىمى 5 مىڭ مو، ئورمان يېرى 1،500 مو، تېرىلغۇ يېرى 500 مو، باغ 250 مو، نوپۇسى 150 بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئورمانچىلىق ئاساس قىلىنىپ ھەرخىل دەرەخ كۆچەتلىرى يېتىشتۈرۈلىدۇ. دېھقانچىلىق قوشۇمچە. 1979 - يىلى قۇرۇلغان. بۇ جاي ئەسلى ئوتلاق بولۇپ، كېيىن ئورمان مەيدانى قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئوتلاق ئورمان مەيدانى - دەپ ئاتالغان.

# يېڭى ئۆستەڭ يېزىسىنىڭ يەر - جاي ناملىرى خەرىتىسى



# يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

يېڭىئۆستەڭ يېزىسى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان. يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي ئاچا تام كەنتىدە، ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان تۈزلىنىيە ئارىلىقى 33.5 كىلومېتىر. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 148.8 كۋادرات كىلومېتىر، 223,198 مو)، شەرقىي ئاققاش يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇبىي قىزىل دەرياسى ئارقىلىق يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ياندۇما يېزىسى بىلەن قارشىپ تۇرىدۇ، غەربىي ئاۋات يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمالىي خانئۆي ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش مەيدانىغا تۇتىشىدۇ. 1985 - يىلى يىل ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا: بۇ يېزىنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 61,500 مو، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 27.5% نى ئىگىلەيدۇ، ئورمان يەر كۆلىمى 18,456 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 8.26% نى ئىگىلەيدۇ، مېۋىلىك باغ كۆلىمى 1,066 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 0.47% نى، ئوتلاق كۆلىمى 39,030 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 17.7% نى ئىگىلەيدۇ. باشقا يەر كۆلىمى 102,546 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 45.94% نى ئىگىلەيدۇ. بۇ يېزىدا 17 كەنت كومىتېت، 102 تەبىئىي كەنت بار. 1985 - يىلى يىل ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا: جەمئىي 5,934 ئائىلە، 25,191 نەپەر نوپۇس بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 25,149 نەپەر، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 99.83% نى تەشكىل قىلىدۇ. خەنزۇ 39 نەپەر، ئۆزبەك 3 نەپەر، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.17% نى ئىگىلەيدۇ. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر 2.44 مو، ھەر بىر ئەمگەك كۈچى ئىگىلىگەن تېرىلغۇ يەر 6.6 مو.

يېڭىئۆستەڭ ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «يېڭى ئۆستەڭ» دېگەن بولىدۇ. مىلادى 1830 - يىلىنىڭ ئالدى كەينىدە قەشقەرنىڭ يەرلىك ھاكىمى زوردۇن ھاكىم بۇ يەردە بوز يەر ئېچىپ ئېكىنزارلىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن دېھقانلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، سۆگەتتۇغ (ھازىرقى قەشقەر ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئەتراپى) دىن دۆڭ كۆلگە قەدەر يېڭىدىن بىر ئۆستەڭ چاپقۇزغان، شۇنىڭغا ئاساسەن يېڭىئۆستەڭ دەپ نام بېرىلگەن.

جۇمھۇرىيەت مەزگىلىدە يېڭىئۆستەڭ، دۆڭ كۆل، چىچەكلىك، سۇڭگىلاچ، قاتارلىق كەنتلىرى يېڭىشەھەر ناھىيە ياندۇما بەگلىكىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلگەن. باشقا كەنتلەر كونىشەھەر ناھىيە ئاۋات بەگلىكىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1950 - يىلى چىچەكلىك، دۆڭ كۆل، سۇڭگىلاچ، كونىشەھەر ناھىيە ئاۋات رايون تەۋەلىكىگە ئايرىپ بېرىلگەن. 1954 - يىلى يېڭىئۆستەڭ رايونى قۇرۇلۇپ، چىچەكلىك، دۆڭ كۆل، سۇڭگى-

لاچ كەنتلىرى يېڭىئۆستەڭ رايونىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە ئايرىلغان. 1958 - يىلى كونىشەھەر ناھىيە تەۋەلىكىدىكى يېڭى ئۆستەڭ گۇڭشې بولغان. 1961 - يىلى كوناشەھەر ناھىيە تەۋەلىكىدە يېڭىئۆستەڭ رايونى بولغان. 1965 - يىلى يېڭىئۆستەڭ رايونى يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1975 - يىلى يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. 1982 - يىلى يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې قايتىدىن كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. 1984 - يىلى 8 - ئايدا يېڭىئۆستەڭ گۇڭشېدىن ئاق ئېرىق قاتارلىق 5 دادۈينى ئايرىپ ئېلىپ ئاققاش يېزىسى قۇرۇلغان. يېڭىئۆستەڭ يېزىسىغا ھازىر 17 كەنت كومىتېت قارايدۇ.

يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى شەرقتىن غەربكە قىيپاش، بىر قەدەر تۈزلەڭ. دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرچە ئېگىزلىكى 1,251 مېتر، ئاساسەن ئۆلكە لاتقا تۇپراق، قىسمەن شور تۇپراق، ساس تۇپراق، زەي تۇپراق، چىم تۇپراق بار. بۇ يېزا تەۋەسىدە تۆۋەنكى يالاڭ، قىزىل بايراق ئىككى سۇ ئامبىرى بولغانلىقتىن زور مىقتاردىكى سۇ سىڭىپ تۆۋەن ئېقىندىكى زېمىننىڭ يەر ئاستى سۈيىنى كۆپەيتىپ تۇپراقنىڭ زەيلىشىپ كېتىش خەۋپىنى چىقارماقتا. ھاۋا كىلىماتى مۆتىدىل، 4 پەسىل ئېنىق، يىللىق ئوتتۇرچە تېمپېراتۇرا 11.2℃ بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 39.6℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا -25.2℃، يىللىق ئوتتۇرچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 50 - 60 مىللىمېتر، كۈن نۇرىنىڭ يورۇتۇش ۋاقتى 2800 - 2900 سائەت، يىللىق قىروسىز مەزگىلى 220 - 240 كۈن بولىدۇ.

بۇ يېزىنىڭ ئاساسلىق سۇ مەنبەسى تۈمەن دەرياسىنى ئاساس قىلىدۇ، تۈمەن دەرياسىنىڭ سۈيى، بۇلاق سۈيى، يامغۇر سۈيى ۋە ساقىندى سۇلار قوشۇلۇپ يىل بويى ئېقىپ تۇرىدۇ، يىللىق سۇ مىقدارى ئاساسەن بىر قەدەر مۇقىم، يېڭى ئۆستەڭ يېزىسى تۈمەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، سۇ مىقدارى چەكلىك، ئەتىياز پەسلىدە سۇ ئىنتايىن كەمچىل، بولۇپمۇ قىش پەسلىدە ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ئىچىملىكى ئۈچۈن سۇ ناھايىتى قىس بولىدۇ، سۇ ماددىسىنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى ۋە كىلورۇتلۇق دەرىجىسى ئۈستۈن، بۇلغىنىشى ئېغىر، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشتىن قارىغاندا؛ تازىلاپ بىر تەرەپ قىلىنمىغىچە بىۋاستە ئىچكىلى بولمايدۇ، تۈمەن دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن ئېكىنزارلىقنى سۇغىرىشتىن باشقا، سۇ يىل بويى كېلىپ تۇرغانلىقتىن تۆۋەنكى يالاڭ، قىزىل بايراق سۇ ئامبىرىغا زاپاس سۇ قاچىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر چوڭ ئۆستەڭ بولۇپ، سۇغۇرۇش كۆلىمى 14,0,000 مو، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىپ مۇھىم ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، قوناق، ئاق قوناق، ئىقتىسادىي زىرائەتلىرى كېۋەز، سەي - كۆكتات، قوغۇن، تاۋۇز قاتارلىقلار چىقىدۇ. 1985 - يىلى يىل ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا؛ ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 60,300 مو بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 16 مىليون 8 يۈز 60 مىڭ جىڭ

ئوتتۇرچە مو بېشى مەھسۇلاتى 266.7 جىڭ، كېۋەز 10,400 مو بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1,008,000 جىڭ، ئوتتۇرچە مو بېشى مەھسۇلاتى 96.9 جىڭ بولۇپ، ئەسلى كۆكشى تارىخىدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1985 ‑ يىللىق ئومۇمىي كىرىم 6,825,106 يۈەن، كىشى بېشىغا كېلىدىغان ئاشلىق 690.6 جىڭ، كىشى بېشىغا كېلىدىغان كىرىم 270.9 يۈەن. يىل ئاخىرىدا چارۋىنىڭ قوتاندا قالدۇق سانى 41,729 تۇياق بولۇپ، بۇنىڭدىن چوڭ چارۋا 7,249 تۇياق، ئۇششاق چارۋا 34,480 تۇياق. كۆپ خىل ئىگىلىك تەرەققىيات سۈرئىتى بىر قەدەر تېز بولۇپ، ئۇن زاۋۇتى، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتى، شال ئاقلاش زاۋۇتى، پاختا زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى قاتارلىق يېزا باشقۇرغان كارخانىلار بار. يىللىق كىرىم 415,700 يۈەن بولۇپ، پۈتۈن يېزا ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 6.09% نى ئىگەللەيدۇ. قاتناش قۇلايلىق، قەشقەر شەھىرى بىلەن يېڭىئۆستەڭ يېزىسى ئارلىقىدا بىر تاشيول بار، ھەر كۈنى ئاپتوۋۇز قاتناپ تۇرىدۇ، يېزا بىلەن كەنتلەر ئارلىقىدا ئورمان بەلبېغى، تاشيوللار بار، قاتناش راۋان. بۇ يېزىدا 10 دانە ئاپتوموبىل، ھەر خىل تىپتىكى تراكتورلاردىن 86 سى بار.

بۇ يېزىنىڭ مەدەنىي مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىمۇ خېلى تەرەققىي قىلغان. ھازىر 2 ئورۇندا ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ‑ خىزمەتچىلىرى 58 نەپەر، ئوقۇغۇچى 544 نەپەر، 14 ئورۇندا باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى، خىزمەتچىسى 159 نەپەر، ئوقۇغۇچى 3,363 نەپەر، رادىئو ئۈززۈلى، كىنو قويۇش ئەترىتى، مەدەنىيەت پونكىتى، قىرائەتخانا قاتارلىق ئورۇنلار بار. مەدەنىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق ئاممىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشى يولغا قويۇلماقتا.

بىر ئورۇندا دوختۇرخانا بار بولۇپ، 21 نەپەر تىببىي خادىم، 50 دانە كېسەل كارۋىتى بار. ھەرقايسى كەنت كومىتېتلارنىڭ ھەممىسىدە تىببىي پونكىتلىرى 19 نەپەر يالاڭئاياق دوختۇر بار.

# يېڭىئۆستەڭ يېزىسىدىكى يەر ناملىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىشى

### يېڭىئۆستەڭ يېزىسى

تەزكىرىسى «يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالىدا

### سەيپۇڭ ئېرىق كەنت كومىتېتى

يېڭىئۆستەڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 7.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى ئاۋات رايونىنىڭ 6 - يېزىسىغا تەۋە بولغان. 1954 - يىلى يېڭىئۆستەڭ رايونىنىڭ 1 - يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى يېڭىئۆستەڭ گۇڭشېنىڭ سەيپۇڭ ئېرىق 1 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1975 - يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې سەيپۇڭ ئېرىق 1-دادۈيى بولغان. 1982 - يىلى كوناشەھەر ناھىيىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې سەيپۇڭ ئېرىق 1 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن بۇرۇن بۇ جايدىكى ئاھالىلەر بىر ئېرىقنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان. ھەم سەيپۇڭلۇق قىلىدىغانلار بىر ئاز كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، سەيپۇڭ ئېرىق دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 3 تەبىئىي كەنت. 1,037 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,611 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۆرۈك، شاپتۇل. تۇرۇشلۇق ئورنى: ھىلاجى مەھەللىسىدە

### ھىلاجى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 7.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 235 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا مەككىگە بېرىپ ھەج قىلغان ئابرويلۇق ھىلاجى دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، بۇ جاي شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

### ئويكوچا مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 7.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز - پەس، نوپۇسى 300 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. يەرلىرى ئوي كوچىغا ئوخشاپ كەتكەچكە شۇ نام بويىچە ئاتالغان.

### غاز مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 8.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 502 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا تۇردى ھاجى غاز ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، بۇ جايىنىڭ نامى شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن ئاتالغان.

### توقايئېرىق كەنت كومىتېتى

يېڭىئۆستەڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ. 1950-يىلى ئاۋات رايونىنىڭ 7-يېزىسى بولغان. 1954-يىلى يېڭىئۆستەڭ رايونى 2-يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958-يىلى يېڭى ئۆستەڭ گوڭشې توقاي ئېرىق 2-دادۈيى بولغان. 1975-يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ يېڭىئۆستەڭ گوڭشې توقاي ئېرىق 2-دادۈيى بولغان. 1982-يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيەگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يېڭىئۆستەڭ گوڭشې توقايئېرىق 2-دادۈي بولغان. 1984-يىلى 8-ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 10 تەبىئىي كەنت 1,795 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4,031 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۆرۈك، شاپتۇل. تۇرۇشلۇق ئورنى: توقاي ئېرىق كەنتىدە.

### توقايئېرىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 186 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت دەريا بويىدىكى توقايلىقتا جايلاشقان بولۇپ، كېيىن بۇ يەردىن بىر ئېرىق چېپىپ سۇ باشلاپ كېلىپ تېرىقچىلىق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن توقايئېرىق دەپ ئاتالغان.

### كالتەك مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 195 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ مەھەللىدە تۇرسۇن كالتەك ئىسىملىك بىر پاكار ئادەم بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن ئاتالغان.

### داخان مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 5.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 225 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ مەھەللىدە داخان كۆپ بولۇپ، شۇڭا داخان مەھەللىسى دەپ ئاتالغان.

### ياغچى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي تەرىپىگە 6.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 170 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللىدە ياغچىلىق (ياغ ساتىدىغان) كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر كۆپ بولغاچقا ياغچى مەھەللىسى ــ دەپ ئاتالغان.

### مەھەممەت بەگ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي تەرىپىگە 6.2 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 194 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ مەھەللىدە ھوقۇقى بىر قەدەر چوڭ مەھەممەت ئىسىملىك بىر بەگ ئۆتكەن بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

### خەپتىم مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي ــ تەرىپىگە 7 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 148 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا مەھەممەت نىياز ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، بىر دىنىنى مەكتەپ ئاچقان، شۇنىڭ بىلەن بۇ جاينىڭ نامى خەپتىم مەھەللىسى ــ دەپ ئاتالغان.

### چۇقۇر مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىپ تەرىپىگە 7.2 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 119 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ مەھەللىدە ئۆمەر چۇقۇر، ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن چۇقۇر مەھەللىسى ــ دەپ ئاتالغان.

### مەزىن مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي تەرىپىگە 6.8 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 180 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ مەھەللىدە نىياز مەزىن دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن بۇ كىشى ئۇزۇن ۋاقىت مەزىن بولغانلىقى ئۈچۈن، مەزىن مەھەللىسى ــ دەپ ئاتالغان.

### توقايئېرىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي تەرىپىگە 6.6 كىلومېتر يىراقلىقتا

جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 152 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جاينىڭ ئەتراپى توقايلىق بولۇپ، كىشىلەر ئېرىق چېپىپ كېلىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. شۇڭا بۇ جاي توقايئېرىق ـ دەپ ئاتالغان.

### ئارا مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 5.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 170 نەپەر ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت مەزىن مەھەللىسى بىلەن توقايئېرىق كەنتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقاچقا، ئارا مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### دۆڭئېرىق كەنت كومىتېتى

يېڭىئۆستەڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي تەرىپىگە 5.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى ئاۋات رايونىنىڭ 8 ـ يېزىسىغا تەۋە بولۇپ، 1954 ـ يىلى يېڭىئۆستەڭ رايونىنىڭ 3 ـ يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 ـ يىلى يېڭىئۆستەڭ گۇڭشېي دۆڭئېرىق 3 ـ دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1975 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشېي دۆڭئېرىق دادۈي بولغان. 1982 ـ يىلى كوناشەھەر ناھىيىسىگە قايتۇرۇلۇپ يېڭى ئۆستەڭ گۇڭشېي دۆڭ ئېرىق 3 ـ دادۈي بولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان تەۋەسىدە 7 تەبىئىي كەنت 1,582 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,410 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممەقوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۈزۈم، قارا تۇغاچ قاتارلىقلار بار. تۇرۇشلۇق ئورنى: دۆڭئېرىق مەھەللىسىدە.

### دۆڭئېرىق مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 5.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 479 نەپەر، بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ مەھەللىنىڭ ئېگىز تەرىپىدە بىر ئېرىق بولۇپ، دۆڭئېرىق ـ دەپ ئاتالغان، كېيىن بۇ جاي شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن.

### ھەۋىللاجىمنىڭ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 5.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 247 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئېگىز جاي بولۇپ، ھەممىدىن بۇرۇن ھەۋىللاجىم دېگەن كىشى بۇ جايغا كېلىپ، بوز يەر ئېچىپ ماكانلاشقان، كېيىن بۇ جاي شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

### داقتال مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي تەرىپىگە 6.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 174 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا ئۆمەر ھاجىم داقتال (سۇ باشقۇرغۇچى) دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، شۇنىڭ ۋەزىپىسى بويىچە داقتال مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### توگمەنبېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 314 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللە توگمەننىڭ يۇقىرى تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن توگمەنبېشى ـ دەپ ئاتالغان.

### غەزنە بويى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي تەرىپىگە 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 158 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ يەردە چوڭ بىر ئۆستەڭ بولۇپ، ياۋا ئۆدەك غازلار ئوتلايدىغان بولغاچقا غاز بويى دەپ ئاتالغان. كېيىن غەزنە بويىغا ئۆزگىرىپ قالغان.

### توقناق مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 6.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 83 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ مەھەللىدە قوناجىم توقناق دېگەن بىر ئادەم ئۆتكەن بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن توقناق مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### چاچقان مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 4.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 127 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ مەھەللىدە ساۋۇت ساچقان لەقەملىك بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن چاچقان مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### غەزنە بويى كەنت كومىتېتى

يېڭىئۆستەڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 4.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 ـ يىلى ئاۋات رايونى 9 ـ يېزىسىغا تەۋە بولۇپ، 1954 ـ يىلى يېڭىئۆستەڭ رايونىنىڭ 4 ـ يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 ـ يىلى يې-

ڭىئۆستەڭ گۇڭشېنىڭ غەزنىنە بويى 4 - دادۈيىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1975 - يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ يېڭىئۆستەڭ گۇڭشى غەزنىنە بويى 4 - دادۈيى بولغان. 1982 - يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشى غەزنىنە بويى 4 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇرۇن بۇ جاي ساسىق بولۇپ، ياۋا غاز ياۋا ئۆدەكلەر كۆپ بولغاچقا غەزنىنە بويى دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 5 تەبىئىي كەنت، 1,078 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,837 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كىۋەز قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۈزۈم، توغاچ قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئوچتىگەر مەھەللىسىدە

## ئوچتىگەر مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي تەرىپىگە 4.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 223 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايغا قەشقەر شەھىرىدىن ھەممىدىن بۇرۇن كۆچۈپ كېلىپ بوز يەر ئاچقان بىر كىشى ئۆزى تېرىپ بولالمىغان يېرىنى ئوتاق بېرىپ، 3 بۆلىكىنى تېرىغۇچى 5 بۆلىكىنى يەر ئىگىسى ئالغان. شۇندىن بۇيان بۇ جاي ئىسمى ئوچتىگەر - دەپ ئاتالغان.

## توما تۈگمەنبېشى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 150 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ مەھەللىدىكى تومىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە بىر تاش تۈگمەن ئورنىلاشقان بولۇپ، كىشىلەر تۈگمەن ئەتراپىغا ماكانلاشقان. شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي توما تۈگمەنبېشى - دەپ ئاتالغان.

## چاقماق مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 3.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 308 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ مەھەللىدە ئېزىز چاقماق دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن چاقماق مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

## قوچقار مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 3.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 227 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا ھاجى-

كام قوچقار دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن قۇچقار مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

**گۈمبەز ئېرىق كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 3.5 كىلومېتر يىراقلىقتىكى جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 169 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ مەھەللىدە چوڭ بىر گۈمبەز بولۇپ، گۈمبەز يېنىدىن بىر ئېرىق چېپىپ سۇ باشلاپ كەلگەن شۇڭا گۈمبەز ئېرىق ـ دەپ ئاتالغان.

**توقاي كەنت كومىتېتى**

يېڭىئۆستەڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە 3.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى ئاۋات رايونى تەۋەلىكىدىكى 9 ـ يېزا بولغان، 1954 ـ يىلى يېڭىئۆستەڭ 4 ـ يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 ـ يىلى يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې توقاي 5 ـ دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1975 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې توقاي دادۈي بولغان. 1982 ـ يىلى قايتا كونىشەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې توقاي 5 ـ دادۈي بولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ جاي قىزىل دەريا قوانتۇقىغا جايلاشقاچقا توقاي دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 8 تەبىئىي كەنت 1.870 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر، 1.869 نەپەر ئۆزبېك 1 نەپەر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4.486 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۈزۈم. تۇرۇشلۇق ئورنى: قۇملۇقتوقاي مەھەللىسىدە.

**قۇملۇقتوقاي كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى284 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللە دەريا ياقىسىدىكى قۇملۇققا ئورۇنلاشقان بولۇپ، قۇملۇقتوقاي ـ دەپ ئاتالغان.

**بۆلمە كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3.6 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 164 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى كەلكۈن كېلىپ بۇ جاي بىر قانچە بۆلەككە بۆلۈنۈپ كەتكەن مەھەللە بولۇپ، كەنت شەكىللەنگەندىن كېيىن بۆلمە ـ دەپ ئاتالغان.

### دۆڭ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز، نوپۇسى 261 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئاھالىلەر ئېگىز بىر دۆڭلۈككە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، دۆڭ مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### يامبا توقاي كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 321 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جاي ھازىرقى يېڭى شەھەر ناھىيىسىنىڭ ياندۇرما يېزىسىغا تەۋە بولۇپ، بىر قانچە بايلار بۇ جاينى يامبۇغا سېتىۋالغان، شۇڭا يامبا توقاي كەنت ـ دەپ ئاتالغان.

### قارقتوقاي كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 195 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 194 نەپەر، ئۆزبېك 1 نەپەر. ئىلگىرى قەشقەر شەھىرى قارىقى دەرۋازىسىدىن بايلار يەر ئىگەللەپ تۇرغاچقا قارقتوقاي ـ دەپ ئاتالغان.

### ئىمىن باي مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 2.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 120 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ مەھەللىدە ئىمىن ئىسىملىك بىر باي ئۆتكەن بولۇپ، نامى چىققان باي بولغاچقا شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

### باخشى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 257 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ مەھەللىدە باخشىلار كۆپ بولغاچقا شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

### گۈمبەز كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە 1.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 279 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ مەھەللىدە بىر گۈمبەز بولۇپ، ئاھالىلەر گۈمبەز ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقتىن گۈمبەز مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### ئەرەم باغ كەنت كومىتېتى

يېڭىئۆستەڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە 0.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى ئاۋات رايونى تەۋەلىكىدىكى 7 - يېزا بولغان. 1954 - يىلى يېڭىئۆستەڭ رايونىنىڭ 4 يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې ئەرەمباغ 6 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1975 - يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې ئەرەمباغ 6 - دادۈي بولغان. 1982 - يىلى يەنە كوناشەھەر ناھىيىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلىپ، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې ئەرەمباغ 6 - دادۈي دەپ ئاتالغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن ئىلگىرى بۇ جايدا بىر قانچە چوڭ باغ بولۇپ، مېۋىلىك دەرەختىن باشقا ھەرخىل گۈل - گىيالار بىلەن قاپلانغان. مەنزىرىسى گۈزەل سەيلە ساياھەت قىلىدىغان باغ بولغاچقا ئەرەمباغ دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت 2,552 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 5,392 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز، قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۈزۈم تۇرۇشلۇق ئورنى: يۇقارقى ئېرىق كەنتىدە

### يۇقارقى ئېرىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 0.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 639 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى كىشىلەر تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئەرەمباغنىڭ يۇقىرىسىدىن ئېرىق چېپىپ تېرىقچىلىق قىلغاچقا يۇقارقى ئېرىق - دەپ ئاتالغان.

### ئاچاتام كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 0.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي. نوپۇسى 361 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى ئاھالىلەر چوڭ بىر ئاچا تام ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاچاتام كەنت - دەپ ئاتالغان.

### باش مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 412 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي يۇقارقى ئېرىق مەھەللىسىنىڭ باش تەرىپىگە ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن باش مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

ئاياغ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 1.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 343 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي يۇقارقى ئېرىق مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ مەھەللە دەپ ئاتالغان.

ئارا ئېرىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 2.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 394 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىككى مەھەللە ئوتتۇرىسىدا بىر ئېرىق بولۇپ، بۇ مەھەللىنى ئايرىلاپ ئېقىپ ئۆتكەچكە ئارا ئېرىق دەپ ئاتالغان.

غەزنە بويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي تەرىپىگە 1.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 405 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جاي سازلىق بولۇپ، ياۋا ئۆردەك ۋە ياۋا غازلار كۆپ بولغاچقا غەزنە بويى دەپ ئاتالغان.

غالچا ئېرىق كەنت كومىتېتى (غۇنچا ئېرىق)

يېڭىئۆستەڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىگە 0.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى ئاۋات رايون تەۋەلىكىدىكى 10 - يېزا بولغان، 1954 - يىلى يېڭىئۆستەڭ رايونىغا تەۋە 5 - يېزا بولغان. 1958 - يىلى يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې غالچا ئېرىق 7 - دادۈي بولغان. 1975 - يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يېڭى ئۆستەڭ گۇڭشې غالچا ئېرىق دادۈي دەپ ئاتالغان. 1982 - يىلى كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې غالچا ئېرىق 7 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق كەنت نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 3 تەبىئىي كەنت 1,267 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,166 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار تېرىلىدۇ. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۆرۈك، توغاچ قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: غالچا ئېرىق كەنتىدە

غالچا ئېرىق كەنتى (غۇنچا ئېرىق)

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 0.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا

جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 682 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ مەھەللىدىكى كۆپلىگەن يەرلەر قەشقەر شەھىرىدىكى بەگ غوجاملارنىڭ ئىلكىدە بولغان نامرات دېھقانلار گەرچە ئېرىقنىڭ ئىككى ياقىسىغا ماكانلاشقان بولسىمۇ، لېكىن تېرىيدىغان يېرى بولمىغاچقا ئاشۇ بەگلەر يەرلىرىنى ئىجارىگە بېرىدىكەن، نامراتلار ئالغان ھوسۇلنى ئۇلار كېلىپ ئېلىپ كېتىدىكەن، شۇڭا بۇ ئېرىق غالچىلار ئېرىقى دەپ ئاتىلىپ، بۇ مەھەللە شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. 1985 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن بۇ نام «غۇنچە ئېرىق» دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

### ئاخۇنۇمنىڭ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىي نەرپىگە 1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 249 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ مەھەللىدە بىر دىنىي زات ئۆتكەن بولۇپ، ئىسمى ھاجى قازى ئاخۇنۇم بولۇپ، خەلق ئىچىدە چوڭ ئابرۇيغا ئىگە بولغاچقا بۇ مەھەللىنىڭ نامى شۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان.

### سۇپىئېرىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي تەرىپىگە 1.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 336 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ مەھەللىدە ئىككى نەپەر ئىشان ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلار باشلامچى بولۇپ بىر ئېرىق چاپقان ،شۇڭا بۇمەھەللە سۇپىئېرىق - دەپ ئاتالغان.

### يېڭىنە قاش كەنت كومىتېتى

يېڭىئۆستەڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 2.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى ئاۋات رايونى تەۋەلىكىدىكى 10 - يېزا بولۇپ، 1954 - يىلى يېڭىئۆستەڭ رايونىنىڭ 5 - يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن 1958 - يىلى يېڭىئۆستەڭ گۇڭشېسى يېڭىنە قاش 8 - دادۈي بولغان. 1975 - يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې يېڭىنە قاش دادۈي دەپ ئاتالغان. 1982 - يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يېڭىنە قاش 8 - دادۈي دەپ ئاتالغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. ئىلگىرى بۇ جايدا، ئۇزۇن ھەم يىڭىچكە بىر تىگەن بولغانلىقىدىن يېڭىنە قاش دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 7 تەبىئىي كەنت، 2,308 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 5,153 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: ئۈزۈم. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئاچا مەھەللىسىدە.

### ئاچا مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 2.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 641 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللە چوڭ يول-لار كېسىشىدىغان جايغا ئورۇنلاشقاچقا، ئاچا مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### ئارا مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي تەرىپىگە 1.7 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 522 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللە ئىككى ئۆستەڭنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقاچقا، ئارا مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### جاڭگال مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي تەرىپىگە 3 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 122 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللىنىڭ ئورنى ئەسلى جاڭگال بولغاچقا، جاڭگال مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### دەريا بويى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي تەرىپىگە 2.7 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 102 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ مەھەللىدە مىس چېكىپ مەس يۇرۇيدىغان كىشىلەر كۆپ بولغاچقا مەس مەھەللىسى دەپ ئاتالغان، 1985 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن دەريا بويى مەھەللىسىگە ئۆزگەرتىلگەن

### توقاي كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 4 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 241 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي دەريانىڭ ئەگمە يېرىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، توقاي - دەپ ئاتالغان.

### قوغان مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي تەرىپىگە 2.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 223 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەل-لىدىكى زور كۆپچىلىك كىشىلەر قوغاندىن كۆچۈپ كەلگەنلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆز يۇرتى-نى ئەسلەپ تۇرۇشى ئۈچۈن، بۇ جاينى قوغان مەھەللىسى - دەپ ئاتىغان.

## قىشلاق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 1.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 346 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ ئەسلىدە قىشلىق يايلاق بولۇپ، مەھەللە شەكىللەنگەندىن كېيىن شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

## چىچەكلىك كەنت كومىتېتى

يېڭىئۆستەڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 5.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى ئاۋات رايونىغا قاراشلىق 13 - يېزا بولۇپ، 1954 - يىلى يېڭىئۆستەڭ رايونى 8 - يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى يېڭىئۆستەڭ گوڭشې چىچەكلىك 9 - دادۈي دەپ ئاتالغان. 1975 - يىلى قەشقەر شەھرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يېڭىئۆستەڭ گوڭشې چىچەكلىك دادۈي دەپ ئاتالغان. 1982 - يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يېڭىئۆستەڭ گوڭشې چىچەكلىك 9 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ جايدا باغ ژۇلغۇنلۇق كۆپ بولۇپ، باھار كېلىشى بىلەن ھەممە جايدا چېچەك ئېچىلىپ كەتكەچكە چىچەكلىك دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت 800 نەپەر نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,150 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: كۆك ئامۇت، توغاچ قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: زاراتلىق مەھەللىسىدە.

## زاراتلىق مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە 5.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 174 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. زاراتلىق ئەتراپىدىكى مەھەللە بولغاچقا، زاراتلىق مەھەللىسى دەپ ئاتالغان.

## سەلەي چوڭنىڭ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە 4.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 173 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى سەلەي چوڭ دېگەن بىر كىشى ھەممىدىن بۇرۇن كېلىپ ماكانلاشقانلىقتىن شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن سەلەي چوڭنىڭ مەھەللىسى دەپ ئاتالغان.

## قوناچىمىنىڭ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 147 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ يەردە

قوناجىم دېگەن ئابرويلۇق بىر دىننى زات بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن قوناجىمىنىڭ مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

### پاخال مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي تەرىپىگە 6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 114 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ مەھەللىدە ئەيسا پاخال ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن پاخال مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

### قاسىم چاۋارنىڭ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي تەرىپىگە 6.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 107 بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا قاسىم چاۋاردېگەن بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

### دۆڭ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي تەرىپىگە 7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز-پەس، نوپۇسى 85 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي بىر قەدەر ئېگىز بولغاچقا، دۆڭ مەھەللە-دەپ ئاتالغان.

### سوڭگولاچ كەنت كومىتېتى

يېڭىئۆستەڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىي تەرىپىگە 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950-يىلى ئاۋات رايون تەۋەلىكىدىكى 11-يېزا بولغان. 1954-يىلى يېڭىئۆستەڭ رايون تەۋەلىكىدىكى 6-يېزىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958-يىلى يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې سوڭگولاچ 10-دادۈي بولغان. 1975-يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې سوڭگولاچ دادۈي دەپ ئاتالغان. 1982-يىلى قايتا كونا شەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې سوڭگولاچ 10-دادۈي دەپ ئاتالغان. 1984-يىلى 8-ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ جايدا سوڭگولاچ پاششىم دېگەن بىر چوڭ مازار بولۇپ، كېيىن كىشىلەر بۇ جايغا كۆچۈپ كېلىپ مەھەللىنىڭ نامىنى سوڭگولاچ دەپ ئاتىغان. تەۋەسىدە 3 تەبىئىي كەنت 976 نەپەر نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,680 مو، ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كۆۋەر قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: كۆك ئامۇت. تۇرۇشلۇق ئورنى: ۋاپ ئېرىق كەنتىدە.

## ۋاپئېرىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 589 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ مەھەللىدىكى كۆپلىگەن يەرلەر مەسچىتنىڭ ۋەخپە يەرلىرى بولۇپ، ۋەخپە يەرلەرگە سۇ ئاچىدىغان بىر ئېرىق بولغان، شۇنىڭ بىلەن ۋاپئېرىق ـ دەپ ئاتالغان.

## ئالتۇن دۆۋىسى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە 2.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 139 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ مەھەللىدە چوڭ بىر تاش بولۇپ، بۇنى ھۆكۈمەتتىن ئېلىپ كەتكەن، پۇقرالار بۇ تاشتا ئالتۇن ماددىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراپ بۇ جاينى ئالتۇن دۆۋىسى دەپ ئاتىغان.

## ئاتۇش مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە 1.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 248 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ مەھەللىگە ئاتۇشتىن كۆچۈپ كەلگەنلەر كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئۆز يۇرتىنى ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن، مەھەللە نامىنى شۇنداق ئاتىغان.

## قاشبويى كەنت كومىتېتى

يېڭىئۆستەڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى ئاۋات رايونى تەۋەلىكىدىكى 12 ـ يېزا بولغان. 1954 ـ يىلى يېڭىئۆستەڭ رايونى 7 ـ يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 ـ يىلى يېڭىئۆستەڭ گوڭشېسى قاش بويى 11 ـ دادۈي دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1975 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يېڭىئۆستەڭ گوڭشې قاش بويى دادۈي دەپ ئاتالغان. 1982 ـ يىلى يەنە كوناشەھەر ناھىيىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلىپ، يېڭىئۆستەڭ گوڭشې 11 ـ دادۈي دەپ ئاتالغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. دائىرىسىدە قاش بويى مەھەللىسى بولغاچقا شۇ نام بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت 1,592 نەپەر نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,562 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئاق مەھەللىدە.

## ئاق مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا

جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 439 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئىلگىرى ئاق يەر بولۇپ، كىشىلەر بىنام ئېچىپ تۈزلەشتۈرۈپ مەھەللە شەكىللەندۈرگەن. بۇشۇ ئالاھىدىلىك بويىچە ئاق مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### قۇمكوچا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىي تەرىپىگە 5.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 198 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ مەھەللە قۇملۇق بولۇپ، كېيىن كىشىلەر كۆچۈپ كېلىپ قۇمنى تېزگىنلەپ ئېتىز بەرپا قىلغان، كېيىن مەھەللە شەكىللىنىپ شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

### قۇم مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىي تەرىپىگە 4.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 06 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جاي قۇملۇق بولۇپ، كېيىن كىشىلەر كۆچۈپ كېلىپ قۇمنى تېزگىنلەپ كەنت شەكىللەندۈرگەندىن كېيىن قۇم مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### قاشبويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىي تەرىپىگە 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 374 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللىدە چوڭ بىر قاش بولۇپ، ئاھالىلەر قاشنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقانلىقتىن قاش بويى ـ دەپ ئاتالغان.

### دۆۋىلىك كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىي تەرىپىگە 5.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 163 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا قۇم بارخانلىرى كۆپ بولۇپ، كېيىن كىشىلەر قۇمنى تېزگىنلەپ ئېتىز بەرپا قىلغان، كېيىن مەھەللىنىڭ نامى دۆۋىلىك ـ دەپ ئاتالغان.

### ئاياغ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىي تەرىپىگە 4.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 212 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت دۆۋىلىك مەھەللىسى نىڭ ئايىغىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ مەھەللە ـ دەپ ئاتالغان.

### دۆڭكۆل كەنت كومىتېتى

يېڭىئۆستەڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ. 1950-يىلى ئاۋات رايونىغا قاراشلىق 12-يېزا بولغان، 1954-يىلى يېڭىئۆستەڭ رايونىنىڭ 7-يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958-يىلى يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې دۆڭكۆل 12-دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1975-يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې دۆڭكۆل دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1982-يىلى كوناشەھەر ناھىيىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلىپ، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې دۆڭكۆل 12-دادۈي دەپ ئاتالغان. 1984-يىلى 8-ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.
بۇ مەھەللىنىڭ يەر تۈزلىشى بىر قەدەر ئېگىز بولۇپ، بۇ يەردە بىر چوڭ كۆل بولۇپ، خەلق مۇشۇ كۆل ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقتىن دۆڭكۆل دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 7 تەبىئىي كەنت 1,550 نەپەر نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4,229 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: كۆك ئامۇت، ئۆرۈك قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: كىچىك ھاجى مەھەللىسى.

### كىچىك ھاجى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىي تەرىپىگە 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 159 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ مەھەللىدە كىچىك ھاجى ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، خەلق ئىچىدە ئابرويى زور بولغاچقا بۇ مەھەللە شۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان.

### سوڭئېرىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 266 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئازادلىقتىن كېيىن يېزىلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ بۇ كەنتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر ئېرىق چېپىپ سۇ باشلاپ كەلگەنلىكتىن سوڭئېرىق دەپ ئاتالغان.

### ئاياغ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 4.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 258 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللە سوڭئېرىق كەنتنىڭ ئاياغ تەرىپىگە جايلاشقانلىقتىن، ئاياغ مەھەللە دەپ ئاتالغان.

### سەمەن مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 3.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان.

يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 177 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايغا سەمەندىن بىر بۆلۈك كىشىلەر كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقان بولۇپ، ئۇلار ئۆز يۇرتىنىڭ نامىنى مۇشۇ مەھەللىگە ئېلىپ كېلىپ سەمەن مەھەللىسى دەپ ـ ئاتىغان.

باغ ھويلا كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىگە 3.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇس 392 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا بىر چوڭ باغ بولۇپ، ئاھالىلەر شۇ باغ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقاچقا باغ ھويلا ـ دەپ ئاتىغان.

قازىنىڭ لەڭگىرى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىگە 5.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 174 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ مەھەللىدە ساۋۇت قازى دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، بۇ مەھەللىدە بىردەڭ سالغان، قەشقەر ۋە پەيزىۋاتقا بېرىپ كېلىدىغانلار مۇشۇ دەڭگە چۈشۈپ دەم ئېلىپ ماڭغاچقا، قازىنىڭ لەڭگىرى ـ دەپ ئاتىغان.

قەنچى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىگە 4.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 124 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللىدە قەشقەردىن كۆچۈپ كەلگەن بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، كەسپى قەنچى بولغانلىقتىن، قەنچى مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

جىگدىلىك كەنت كومىتېتى

يېڭىئۆستەڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 3.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950 ـ يىلى ئاۋات رايون تەۋەلىكىدىكى 13 ـ يېزا بولغان، 1954 ـ يىلى يېڭىئۆستەڭ رايونى 8 ـ يېزىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 ـ يىلى يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې جىگدىلىك 16 ـ دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1975 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې جىگدىلىك دادۈي بولغان. 1982 ـ يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلىپ، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې جىگدىلىك 16 ـ دادۈي دەپ ئاتالغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. ئىلگىرى بۇ جاي تەبىئىي جىگدىلىك بولۇپ، كېيىن مەھەللە بولۇپ، شەكىللەن

گەچكە جىگدىلىك مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت 838 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3.272 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: ھاجى خەتۋاخۇنۇمنىڭ مەھەللىسىدە.

**ھاجى خىتۋاخۇنۇمنىڭ مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 3.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 193 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ جايدا ھاجى خىتۋاخۇنۇم دېگەن بىر دىنىي زات ئۆتكەن بولۇپ، ئامما ئىچىدە ئىناۋىتى زور بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ مەھەللە شۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان.

**بەگ مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىگە 2.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 126 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ مەھەللىدە ئەمەت بەگ دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**بايخان قارى مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 3.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 89 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە بايخان قارى دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، چوڭ قارى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ كەنتنى بايخان قارى مەھەللىسى ـ دەپ ئاتىغان.

**ئەمەت خىتۋاخۇنۇمنىڭ مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 118 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ مەھەللىدە ئابرۇيى چوڭ ئەمەت خىتۋاخۇنۇم دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**ساۋۇر ھاجىمنىڭ مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىگە 4.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 163 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا باي ئۆتكەن ۋە مەككىگە بېرىپ ھەج قىلغان ساۋۇر ھاجىم دېگەن

بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان.

**روزى ھاجىمنىڭ مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 4.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 149 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ مەھەللىدە مەككىگە بېرىپ ھەج قىلغان بىر دىنىي زات بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**ئاۋاتئېرىق كەنت كومىتېتى**

يېڭىئۆستەڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى ئاۋات رايونى تەۋەلىكىدىكى 8 - يېزا بولغان. 1954 - يىلى يېڭىئۆستەڭ رايونى 3 - يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى يېڭىئۆستەڭ گوڭشې ئاۋات ئېرىق 18 - دادۈيىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1975 - يىلى قەشقەر شەھرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يېڭى ئۆستەڭ گوڭشې ئاۋات ئېرىق دادۈي دەپ ئاتالغان. 1982 - يىلى كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يېڭىئۆستەڭ گوڭشې ئاۋات ئېرىق 18 - دادۈي دەپ ئاتالغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. ئاۋات ئۆستەڭنىڭ بىر تارماق ئېقىنى موشۇ مەھەللىدىن ئېقىپ ئۆتكەچكە ئاۋاتئېرىق مەھەللىسى دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 10 تەبىئىي كەنت 1,633 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3,829 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: گەدەن مەھەللىسىدە.

**گەدەن مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 197 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ مەھەللىدە ساۋۇت گەدەن ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن گەدەن مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

**ئۆزبەك مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 5.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 236 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇنىستا بۇ جايدا ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە ئۆزبەك بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ئۆزبەك مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

**سوقا مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 4.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاش-

قان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 231 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ مەھەللىدە بىر سوقا بولۇپ، ئاھالىلەر شۇ سوقىنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقاچقا، سوقا مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

**گۈگۈت مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 4.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 132 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ مەھەللىدە تارىشا گۈگۈت ئىشلەيدىغانلار كۆپ بولغاچقا، گۈگۈت مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

**چىلان مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 155 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ مەھەللىدە چىلان كۆپ بولغاچقا شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

**شۇاق مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 156 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللىدە شۇاق كۆپ ئۆسكەچكە شۇاق مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

**بۆلۈنمە كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 3.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 190 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايىنىڭ يەرلىرىنى كەلكۈن سۈيى بىر نەچچە بۆلەككە بۆلۈۋەتكەچكە كىشىلەر بۇ جايىنى بۆلۈنمە-دەپ ئاتىغان.

**پۈرەك مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 127 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ مەھەللىدە ھەسسىنىكام دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، لەقىمى پۈرەك ئىكەن شۇڭا كىشىلەر شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن پۈرەك مەھەللىسى - دەپ ئاتىغان.

**ئاتەك مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 3.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 161 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جايدا ئابرويلۇق

ئاتىكىخان ئىسىملىك بىر ئايال بولۇپ، ئەكىلىتىپ ئاتەك دەپ ئاتىغان. كېيىنچە مەھەللە نامىمۇ ئاتەك مەھەللىسى-دەپ ئاتىغان.

### يېڭى مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 3.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 175 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللىنىڭ بۇرۇنقى نامى تاز مەھەللىسى بولۇپ، 1984-يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارى بويىچە يېڭى مەھەللىگە ئۆزگەرتىلگەن.

### ئارا مەھەللە كەنت كومىتېتى

يېڭىئۆستەڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 9.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. 1950-يىلى ئاۋات رايونى تەۋەلىكىدىكى 13-يېزا بولىغان 1954-يىلى يېڭىئۆستەڭ رايونغا تەۋە 8-يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958-يىلى يېڭىئۆستەڭ گوڭشې ئارا مەھەللە 19-دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1975-يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يېڭىئۆستەڭ گوڭشې ئارا مەھەللە 19-دادۈي بولغان. 1982-يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يېڭىئۆستەڭ گوڭشې ئارا مەھەللە 19-دادۈي دەپ ئاتالغان. 1984-يىلى 8-ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەسىدە ئارا مەھەللە كەنتى بولغاچقا شۇ مەھەللىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 6 تەبىئىي كەنت، 1,316 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,150 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: قوغۇن. تۇرۇشلۇق ئورنى: كونا مەسچىت مەھەللىسىدە

### كونا مەسچىت مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 9.9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 322 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ مەھەللىدە بىر كونا مەسچىت بولۇپ، ئاھالىلەر ئەتراپىغا ئولتۇراقلاشقاچقا شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

### ئارا مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. نوپۇسى 193 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللە كونا مەسچىت ۋە ئابدۇسەمەتجاننىڭ ئېرىقى قاتارلىق ئىككى مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغاچقا ئارا مەھەللە دەپ ئاتالغان.

### ئابدۇسەمەتجاننىڭ ئېرىقى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 5.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 205 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى ئابدۇسەمەتجان ئىسىملىك بىر كىشى ئېرىق چېپىپ بۇ يەرگە سۇ باشلاپ كەلگەچكە بۇ مەھەللە شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

### ئاتا موللام مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 7.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. نوپۇسى 139 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ مەھەللىدە ئاتا موللام دېگەن دىنىي زات ئۆتكەن بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

### ئاتۇش مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 7.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 310 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بىر بۆلۈك ئاتۇشلۇقلار بۇ جايغا كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقان بولۇپ، بۇ يەرنى ئاتۇش مەھەللىسى دەپ ئاتىغان.

### باي مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 147 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ مەھەللىدە ئۆمەر ئىسىملىك بىر باي ئۆتكەن بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

### يېڭىئېرىق كەنت كومىتېتى

يېڭىئۆستەڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەرشەكلى تۈزلەڭ. 1950 - يىلى ئاۋات رايونى تەۋەلىكىدىكى 10 - يېزا بولغان. 1954 - يىلى يېڭىئۆستەڭ رايونىنىڭ 6 - يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى يېڭىئۆستەڭ گوڭشې يېڭىئېرىق 21 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1975 - يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يېڭىئۆستەڭ گوڭشې يېڭىئېرىق دادۈي دەپ ئاتالغان. 1982 - يىلى كونىشەھەر ناھىيىسىگە قايتۇرۇلۇپ، يېڭىئۆستەڭ گوڭشې يېڭىئېرىق دادۈي دەپ ئاتالغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تۇرۇشلۇق مەھەللىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 4 تەبىئىي كەنت، 1,020 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,903 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: يېڭىئېرىق كەنتىدە.

### يېڭىئېرىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 220 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللە يېڭىدىن بىر ئېرىق قېزىلغاندىن كېيىن ئاھالىلەر كېلىپ ئولتۇراقلاشقان شۇڭلاشقا بۇ كەنت نامىنى يېڭىئېرىق ــ دەپ ئاتىغان.

### ئوي مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز ــ پەس نوپۇسى 344 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللە ئويمان بولغاچقا، ئوي مەھەللە ــ دەپ ئاتىغان.

### باۋدۇن ھاجىمنىڭ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 4.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. بۇ جاينىڭ يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 277 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ مەھەللىدە باۋدۇن ھاجى ئىسىملىك بىر كىشى كېلىپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

### ئاق مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 4.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 212 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى كىشىلەر بۇ مەھەللىگە ئورۇنلىشىشتىن بۇرۇن ئاقلاڭ بولۇپ، كېيىن ئاق مەھەللە ــ دەپ ئاتىغان.

### ئوسمانتوز ئېرىق كەنت كومىتېتى

يېڭىئۆستەڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 7.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 ــ يىلى ئاۋات رايونى تەۋەلىكىدىكى 6 ــ يېزا بولغان. 1954 ــ يىلى يېڭىئۆستەڭ رايونى 1 ــ يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 ــ يىلى يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې سەيپۈڭ 1 ــ دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1975 ــ يىلى قەشقەر شەھرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې ئوسمانتوز ئېرىق دادۈي دەپ ئاتالغان. 1976 ــ يىلى يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې 22 ــ دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1982 ــ يىلى كوناشەھەر ناھىيىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلىپ، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې 22 ــ دادۈي بولغان. 1984 ــ يىلى 8 ــ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. ئورنى تۇرۇشلۇق مەھەللىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. تەۋەسىدە 5 تەبىئىي كەنت 1,209 نوپۇسى

بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,431 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئوسمانتۈز ئېرىقى كەنتىدە.

### ئوسمانتۈز ئېرىقى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 8.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 474 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى ئوسمان تۈز دېگەن بىر كىشى بۇ يەردە ئېرىق ئېلىپ ئورمان قويۇپ تېرىقچىلىق قىلغان، شۇڭا شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

### جاغىلاڭ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 7.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 149 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. ئىلگىرى بۇ يەردە ئەمتاجىم دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، لەقىمى جاغىلاڭ ئىكەن ئۇ كىشى ھەممىدىن بۇرۇن بۇ يەرگە ماكانلاشقاچقا كەنت نامى شۇ كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن ئاتالغان.

### ئارالچى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 8.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 164 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللە ئىككى ئۆستەڭنىڭ ئارىلىقىدا بولغاچقا، ئارالچى مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### دۆڭ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 9.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز پەس، نوپۇسى 143 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ مەھەللە دۆڭگە جايلاشقاچقا، دۆڭ مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

### ئۆستەڭبويى كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 8.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 179 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتىكى كىشىلەر ئۆستەڭنىڭ ئىككى ياقىسىغا ئورۇنلاشقاچقا، ئۆستەڭ بويى - دەپ ئاتالغان.

# ئاققاش يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ئاققاش يېزىسى كوناشەھەر ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان ناھىيە بىلەن ئارىلىقى 49.5 كىلومېتىر، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بازار بېشى كەنتىدە، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 242.78 كۋادرات كىلومېتىر، (364.164 مو) شەرقىي پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ شاپتۇل يېزىسى بىلەن، جەنۇبى ناھىيىمىزنىڭ يېڭىئۆستەڭ يېزىسى بىلەن، غەربىي تەرىپى ئاۋات، بەشكېرەم يېزىسى بىلەن، شىمالى قومالتاغ ئارقىلىق ئاتۇش ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. 1985-يىللىق ستاتىستىكىدىن قارىغاندا: بۇ يېزىنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 22.100 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 6.13% نى تەشكىل قىلىدۇ، ئورمان كۆلىمى 3.846 مو، 1.05% تەشكىل قىلىدۇ، باغ كۆلىمى 178 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 0.04% نى تەشكىل قىلىدۇ، ئوتلاق كۆلىمى 29.800 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 8.18% نى تەشكىل قىلىدۇ، باشقا كۆلەم 308.240 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 84.6% نى تەشكىل قىلىدۇ.

بۇ يېزىنىڭ تەۋەسىدە 5 كەنت كومىتېت، 1 چارۋىچىلىق مەيدانى، 25 تەبىئىي كەنت بار، 1985-يىللىق ستاتىستىكىدىن قارىغاندا: يېزا بويىچە 1,600 ئائىلە، 6,854 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كىشى بېشىغا 3.2 مودىن توغرا كېلىدۇ. ھەر بىر ئەمگەك كۈچىگە 9.5 مودىن توغرا كېلىدۇ.

«ئاققاش» ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، ئاق رەڭلىك قاش دېگەن مەنىدە، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇندىن 100 يىل بۇرۇن بۇجاي شورلۇق جاڭگال بولۇپ، يەر يۈزىنىڭ رەڭگى ئاق ئىكەن، جاڭگاللىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئۇزۇن سوزۇلغان قاش بولۇپ، ئاھالىلەر كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن بوز يەر ئېچىپ، سۇ باشلاپ تېرىقچىلىق قىلغان، ھەمدە ئاھالىلەر قاشنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن «ئاققاش» دەپ ئاتالغان.

ئاققاش يېزىسى جۇمھۇرىيەت مەزگىلىدە يېڭىشەھەر ناھىيە ياندۇرما بەگلىكىنىڭ ئاققاش يۈز بېشىغا تەۋە بولغان. 1950-يىلى كوناشەھەر ناھىيە ئاۋات رايونىنىڭ 15-يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن، 1954-يىلى يېڭىئۆستەڭ رايونى 10-يېزىسى بولغان. 1958-يىلى يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې 13-14-15-17-20-دادۈي بولغان. 1959-يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاققاش دېھقانچىلىق مەيدانى بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى تەۋەسىدە بولغان. 1962-يىلى دېھقانچىلىق مەيدانى ئەمەلدىن قېلىپ، يېڭى ئۆستەڭ رايونى ئاققاش گۇڭشې بولغان. 1964-يىلى ئاققاش گۇڭشې ئەمەلدىن قېلىپ، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشېنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، 1975-يىلى يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ

بېرىلگەن. 1982-يىلى قايتا كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. 1984-يىلى 8-ئايدا 5 دادۈي، بىر چارۋىچىلىق مەيدانىنى يېڭىئۆستەڭ گۇڭشېدىن ئايرىپ چىقىپ، ئاققاش يېزىسى قۇرۇلغان.

بۇ يېزىنىڭ يەر تۈزلىشى شەرقتىن غەربكە قىيپاش بولۇپ، بىر قەدەر تۈزلەڭ. دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1234.5 مېتر. ئۆلكە لاتقا تۇپراقنى ئاساس قىلىدۇ، قىسمەن جايلىرى شور تۇپراق، زەي تۇپراق، چىم تۇپراقمۇ بار. بۇ يېزىنىڭ چېگرىسىدا قىزىل بايراق سۇ ئامبىرى بولۇپ، ئەتراپىدىكى زېمىننىڭ يەر ئاستى سۇ قاتلىمىنى ئۆستۈرۈۋېتىشكە سەۋەبچى بولۇپ، يەرنىڭ شورلىشىپ كېتىش ئاپىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ھاۋا كىلىماتى مۆتىدىل، 4 پەسىل ئېنىق، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.2℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 39.6℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 25.2℃-، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 50-60 مىللىمېتر، يىللىق كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاختى 2800-2900 سائەت، يىللىق قىروسىز مەزگىلى 220-240 كۈن بولىدۇ.

بۇ يېزىنىڭ ئاساسلىق سۇ مەنبەسى تۈمەن دەرياسى، تۈمەن دەرياسى بۇلاق سۈيى، يامغۇر سۈيى ئارىلىشىپ ئاقىدىغان تېپىك دەريا ئېقىمى بولۇپ، يىللىق سۇ مىقدارى بىر قەدەر مۇقىم. ئاققاش يېزىسى تۈمەن دەرياسىنىڭ ئاياغ قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئەتىياز پەسلىدە سۇ ناھايىتى كەمچىل، بولۇپمۇ قىش پەسلىدە ئادەم ۋە ھايۋاناتلارنىڭ ئىچىملىك سۈيى ناھايىتى قىس. دەريا سۈيى ئېغىر بولغانلىغان سۇ تەركىۋىنى كۆرگەندە، بىۋاستە ئىچىشكە بولمايدۇ، بۇ يېزىدا ئاققاش غول ئۆستەڭگى بولۇپ، سۇغىرىش كۆلىمى 80 مىڭ مودىن ئارتۇق، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، كۆممەقوناق، ئاق قوناق قاتارلىقلار بار، ئاساسلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلىرىدىن كېۋەز، بېدە، سەي-كۆكتات، قوغۇن-تاۋۇز، تېرىلىدۇ. 1985-يىللىق ستاتىستىكىدىن قارىغاندا: ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 19,700 مو بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 4 مىليون 656 مىڭ جىڭ، بىرلىك مەھسۇلاتى 236.2 جىڭ. كېۋەز كۆلىمى 3,200 مو بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 273 مىڭ جىڭ، بىرلىك مەھسۇلاتى 85.3 جىڭ. مايلىق دان كۆلىمى 800 مو بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 274 مىڭ جىڭ. يىللىق ئومۇمىي كىرىم 1,650,948 يۈەن، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 733 جىڭ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 240 يۈەن. 1985-يىلى يىل ئاخىرىدىكى قوتاندا قالدۇق چارۋىنىڭ سانى 15,561 تۇياق، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ چارۋا 3,715 تۇياق، ئۇششاق چارۋا 11,846 تۇياق. يېزا بازار كارخانىلىرى ئەمدىلا قۇرۇلماقتا. بۇ يېزا ناھىيىمىزنىڭ يىراق چەت رايونى بولۇپ، قاتناش قولايسىز، قەشقەر شەھىرى بىلەن ئاققاش يېزىسى ئوتتۇرىسىدا ئادى بىر توپا يول بولغان بولسىمۇ ئاپتوز قاتنىمايدۇ، ئەمما ھارۋا ئارقىلىق يېڭىئۆستەڭ يېزىسىغا بېرىپ ئاندىن ئاپتوز بىلەن قەشقەرگە بارالايدۇ.

مەدەنى ـ مائارىپ ئىشلىرى جەھەتتە، بىر ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇتقۇچى ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 13 نەپەر، ئوقۇغۇچىسى 140 نەپەر، 4 باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 55 نەپەر، ئوقۇغۇچى 1000 نەپەر، ئۇندىن باشقا رادىئو ئۇزۇلى، كىنو قويۇش ئەترىتى، مەدەنىيەت پونكىتى قاتارلىق مەدەنى كۆڭۈل ئېچىش ئورۇنلىرى بار، بىر دوختۇرخانا بولۇپ، 6 نەپەر تىببى خادىم، 25 دانە كېسەل كارىۋىتى بار.

# ئاقچاش يېزىسى تەۋەسىدىكى يەر ناملىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىشى

## ئاقچاش يېزىسى

تەزكىرىسى «ئاقچاش يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا

### ئوراھىم ھاجىمنىڭ مەھەللىسى كەنت كومىتېتى

ئاقچاش يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، شامال ئېغىزىغا جايلاشقان. 1950 - يىلى ئاۋات رايونى 14 - يېزىسى بولغان. 1954 - يىلى يېڭىئۆستەڭ رايونى 9 - يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې 13 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1960 - يىلى ئاقچاش دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى بولغان. 1962 - يىلى ئاقچاش مەيدان ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن يېڭىئۆستەڭ گۇڭشېغا قاراشلىق 13 - دادۈي بولغان. 1975 - يىلى قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې 13 - دادۈي بولغان. 1982 - يىلى قايتا كوناشەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې 13 - داذۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەسىدە ئوراھىم ھاجىمنىڭ مەھەللىسى كەنتى بولغاچقا ئوراھىم ھاجىمنىڭ مەھەللىسى دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 4 تەبىئىي كەنت، 1,240 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4,585 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار ئالاھىدە مەھسۇلاتى: قوغۇن. تۇرۇشلۇق ئورنى: قۇم مەھەللىسىدە.

### قۇم مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىگە 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 304 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتە قۇم كۆپ بولغاچقا، قۇم مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### ئوراھىم ھاجىمنىڭ مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا

جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 325 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە ئىبراھىم ھاجىم دېگەن نوپۇزلۇق بىر ئادەم بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئىبراھىم ھاجىمنىڭ مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

**چوڭ تاقتاق مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 2.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 377 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا چوڭ سېرىدق چاشقان كۆپ بولغاچقا، زىرائەتلەرنى كۆپلەپ ۋەيران قىلغان. شۇڭا چوڭ تاقتاق ـ دەپ ئاتىغان.

**لەڭگەر مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 234 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتىكى كۆپلىگەن كىشلەر بۇرۇن ئاتۇشنىڭ لەڭگەر يېزىسىدىن كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئەسلى يۇرتىنى ئەسلەش يۈزىسىدىن لەڭگەر مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

**ئاققاش كەنت كومىتېتى**

ئاققاش يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 0.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 ـ يىلى ئاۋات رايونى 15 ـ يېزىسى بولغان. 1954 ـ يىلى يېڭىئۆستەڭ رايونى 10 ـ يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 ـ يىلى يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې ئاققاش 14 ـ دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1960 ـ يىلى ئاققاش دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مەيدانغا ئۆزگەرتىلگەن. 1962 ـ يىلى ئاققاش مەيدان ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې 14 ـ دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1975 ـ يىلى قەشقەر شەھەرگە قاراشلىق يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې 14 ـ دادۈي بولغان. 1982 ـ يىلى كونا شەھەر ناھىيىسىگە قايتۇرۇلۇپ يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې ئاققاش 14 ـ دادۈي بولغان. 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇرۇن بۇ جايدا ئۇزۇن بىر شورلۇق تىگەن بولۇپ، ئاھالىلەر مۇشۇ چوڭ تىگەننىڭ ئىككى تەرەپكە ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاققاش دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 8 ـ تەبىئىي كەنت، 1,874 نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 5,330 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، كۆمەز قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: قوغۇن. تۇرۇشلۇق ئورنى: بازار بېشى كەنتىدە.

**بازار بېشى كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 0.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي، نوپۇسى 271 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جاي بازارنىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقانلىقتىن بازار بېشى -دەپ ئاتالغان.

**ئابدۇۋاسىل ئېرىق كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 163 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە ئابدۇۋاسىل دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، كەنتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر ئېرىق چېپىپ يەرنى سۇغارغاچقا، ئابدۇۋاسىل ئېرىق-دەپ ئاتالغان.

**سېيتكام ئېرىق كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 137 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا سېيتكام دېگەن بىر كىشى بولۇپ، كۆپچىلىكنى باشلاپ بىر ئېرىق چاپتۇرۇپ يەرلەرنى سۇغارغان، شۇڭا سېيتكام ئېرىق-دەپ ئاتالغان.

**چوڭ بۇلۇڭ كەنتى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 1.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 380 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي كەنتنىڭ بىر بۇلۇڭىغا جايلاشقانلىقتىن، چوڭ بۇلۇڭ-دەپ ئاتالغان.

**مېيى مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 0.6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 272 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن ئاتۇشنىڭ مېي كەنتىدىن كەلگەنلەر كۆپ بولۇپ، ئەسلى يۇرتىنىڭ نامى بىلەن مېيى مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

**ئاۋات مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 0.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 230 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتتىكى ئاھالى-

لار يىغىلىپ زىچ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاۋات مەھەللىسى-دەپ ئاتالغان.

### تاقتاقئېرىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 0·8 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 292 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر.، بۇ جاي ئىلگىرى جاڭگاللىق بىنام جاي بولۇپ، چېكەتكە كۆپ بولغانلىقتىن، تاقتاقئېرىق-دەپ ئاتالغان.

### بارىن ئېرىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي شىمالىغا 1·4 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 129 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر بۇرۇن بۇ جايغا يېڭى شەھەرنىڭ بارىندىن كۆچۈپ كەلگەنلەر كۆپ بولغاچقا، بارىن ئېرىق-دەپ ئاتىغان.

### ئاقئېرىق كەنت كومىتېتى

ئاققاش يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 2·7 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، شامال ئېغىزىغا جايلاشقان. 1950-يىلى ئاۋات رايونى 5-يېزىسى بولغان. 1954-يىلى يېڭىئۆستەڭ رايونى 10-يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958-يىلى يېڭىئۆستەڭ گۇڭشېي 15-دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1960-يىلى ئاققاش دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىغا تەۋە بولغان. 1962-يىلى بۇ مەيداندىن ئەمەلدىن قېلىپ يېڭىئۆستەڭ گۇڭشېي 15-دادۈي بولغان. 1975-يىلى قەشقەر شەھىرىگە تەۋە يېڭىئۆستەڭ گۇڭشېي 15-دادۈي بولغان. 1982-يىلى كونا شەھەر ناھىيىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلىپ، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشى ئاقئېرىق 15-دادۈي بولغان. 1984-يىلى 8-ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەسىدە ئاقئېرىق كەنتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاقئېرىق كەنتى دەپ ئاتالغان. دائىرىسىدە 5 تەبىئىي كەنت، 1,243 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4,641 مو ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: قوغۇن. تۇرۇشلۇق ئورنى: شورۇق مەھەللىسىدە.

### شورۇق مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 2·7 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 183 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن ئاتۇشنىڭ

شورۇق كەنتىدىن كۆچۈپ كېلىپ، ئولتۇراقلاشقانلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەسلى يۇرتىنىڭ نامى بىلەن شورۇق مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### كوزىچاق مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 189 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي خانىۋەي خارابىلىقىنىڭ تۆۋەن قىسمى بولۇپ، بۇ يەردىن بۇرۇنقى كوزىلار كۆپ چىققانلىقى ئۈچۈن، كوزىچاق مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### بەشئورۇق مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 3.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 251 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت 5 ئۇرۇغداش ئائىلىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى كۆپەيگەندىن كېيىن، بەشئورۇق مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### ياپپاڭ كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 3.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 342 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاينىڭ يېرى كەڭ، تۈزلەڭ بولغاچقا، ياپپاڭ ـ دەپ ئاتالغان.

### ئاقئېرىق مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 3.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 278 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ ئاقئېرىق دېگەن يېرىدىن بۇ جايغا كۆچۈپ كەلگەنلەر كۆپ بولغانلىقتىن، ئاقئېرىق مەھەللىسى ـ دەپ ئاتالغان.

### كۆل كەنت كومىتېتى

ئاققاش يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 ـ يىلى ئاۋات رايونى 14 ـ يېزىسى بولغان. 1954 ـ يىلى يېڭىئۆستەڭ رايونى 9 ـ يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 ـ يىلى يېڭىئۆستەڭ گوڭشى كۆل 17 ـ دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1960 ـ يىلى ئاققاش دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى تەۋەسىدە بولغان. 1962 ـ يىلى مەيدان ئەمەلدىن

قالغاندىن كېيىن يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې كۆل 17 - دادۈي بولغان. 1975 - يىلى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې كۆل 17 - دادۈي بولغان. 1982 - يىلى قايتا كونا شەھەر ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې كۆل 17 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. تەۋەسىدە كۆل كەنتى بولغانلىقتىن كۆل دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 3 تەبىئىي كەنت، 698 نەپەر نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,108 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. تۇرۇشلۇق ئورنى: كۆل كەنتىدە.

### كۆل كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز - پەس. نوپۇسى 266 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ يەر تۈزلىشى چوڭقۇر قاچقان سۇ مۇشۇ جايغا يىغىلىپ كۆل پەيدا قىلغاچقا، كۆل - دەپ ئاتالغان.

### باخشى مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 10 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 166 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ جايدا باخشىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلار كۆپ بولغاچقا، باخشى مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

### دىڭتام كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا 7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 266 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ جاي ئەسلىدە ئېگىز جاي بولۇپ، كىشىلەر ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن ھويلا تاملىرى ئېگىز ئۆيلەرنى سېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقتىن، دۆڭ تام - دەپ ئاتالغان. كېيىن تىلنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن دىڭتام بولۇپ قالغان.

### دۆڭ كەنت كومىتېتى

ئاققاش يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 0.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، 1950 - يىلى ئاۋات رايونى 15 - يېزىسى بولغان. 1954 - يىلى يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې 10 - يېزىسى بولغان. 1958 - يىلى يېڭىئۆستەڭ گۇڭشى دۆڭ

20 دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1960 - يىلى ئاقتاش دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىغا تەۋە بولغان. 1962 - يىلى مەيدان ئەمەلدىن قالغاندىن كېيىن، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې دۆڭ 20 - دادۈيگە ئۆزگەرتىلگەن. 1975 - يىلى قەشقەر شەھرىگە قاراشلىق يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې 20 - دادۈي بولغان. 1982 - يىلى كونا شەھەر ناھىيىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلىپ، يېڭىئۆستەڭ گۇڭشې دۆڭ 20 - دادۈي بولغان. 1984 - يىلى 8 - ئايدا دادۈي كەنت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. دائىرىسىدە دۆڭ مەھەللە كەنتى بولغاچقا دۆڭ كەنتى دەپ ئاتالغان. تەۋەسىدە 5 تەبىئىي كەنت، 943 نوپۇسى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2,931 مو. ئاساسلىق مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار. ئالاھىدە مەھسۇلاتى: قوغۇن. تۇرۇشلۇق ئورنى: ئارا مەھەللىدە.

## ئارا مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 0.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ. نوپۇسى 213 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنت دۆڭ مەھەللە كەنتى بىلەن باي مەھەممەت ئىككى كەنتنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئارا مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

## دۆڭ مەھەللە

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 2.1 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز، نوپۇسى 239 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ يېرى ئېگىز بولغانلىقتىن، دۆڭ مەھەللە - دەپ ئاتالغان.

## روزى ئىمام مەھەللىسى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 0.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 109 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ كەنتتە روزى ئىمام دېگەن ئابرويلۇق بىر دىنىي زات ئۆتكەن بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن روزى ئىمام مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

## دۆڭئېرىق كەنتى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 0.7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى ئېگىز، نوپۇسى 140 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇ كەنتنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز، ھەم بىر ئېرىق بولغان. ئاھالىلەر مۇشۇ ئېرىقنىڭ ئىككى

ئەرپىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، دۆڭئېرىق - دەپ ئاتالغان.

**باي مەھەممەتنىڭ مەھەللىسى**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 1.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، نوپۇسى 242 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. بۇرۇن بۇ يەردە باي مەھەممەت دېيىدىغان نوپۇزلۇق بىر ئادەم بولۇپ، بۇ كەنتكە بالدۇرراق كۆچۈپ كەلگەچكە مۇشۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن باي مەھەممەت مەھەللىسى - دەپ ئاتالغان.

**ئاقئاش يېزىلىق چارۋا مەيدان**

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە 8 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. نوپۇسى 467 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر. چارۋىسى 689 تۇياق. تېرىلغۇ يېرى 1,600 مو. چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنىدۇ. دېھقانچىلىق قوشۇمچە قىلىنىدۇ، ئاساسلىقى بۇغداي، قوناق، تېرىلىدۇ. 1965 - يىلى قۇرۇلغان، يېزا باشقۇرغان چارۋىچىلىق مەيدان ھېسابلىنىدۇ.

# 二 ، يەرناملىرى رولىغا ئىگە بولغان مەخسۇس كەسپىي تارماقلارنىڭ نامى

[illegible]

[illegible]

# مۇھىم بولغان نامىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

# كوناشەھەر ناھىيىلىك سۈپەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش مەيدانىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

كوناشەھەر ناھىيىلىك سۈپەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش مەيدانى، ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، ئورنى جاڭگال كەنتىدە، ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان تۈز لىنىيە ئارىلىقى 4 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقىي تەرىپى يېڭىشەھەر ناھىيە باغچى يېزىسىنىڭ تۇغچى كەنتى بىلەن، غەربىي تەرىپى كوناشەھەر ناھىيە سايباغ يېزىسىنىڭ مەنگەن كەنتى بىلەن، جەنۇبىي تەرىپى شورلۇق ساسلىقلار بىلەن چېگرىلىنىپ سايباغ يېزىسىنىڭ كوكچى كەنتى بىلەن، شىمالىي تەرىپى ئوغساق يېزىسىنىڭ غوجىلا كەنتى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1,500 مو. 1985-يىللىق ستاتىستىكىغا قارىغاندا. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 950 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 63·3% نى تەشكىل قىلىدۇ، ئورمان كۆلىمى 25 مو بولۇپ ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 1·7% نى تەشكىل قىلىدۇ. باغ كۆلىمى 20 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 1·3% نى تەشكىل قىلىدۇ، بوز يەر 505 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 33·3% نى ئىگىلەيدۇ. ئائىلىلارنىڭ ئولتۇراق رايونى ۋە تۈرلۈك قۇرۇلۇش كۆلىمى 2,980 كۋادرات مېتىر، مەيداندا دائىم تۇرۇشلۇق ئائىلە 35 ئائىلە، 120 نوپۇس بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 104 نەپەر، خەنزۇ 16 نەپەر، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 53 نەپەر، بۇ مەيداندا قاراشلىق بۇغدايچىلىق، شالچىلىق، پاختىچىلىقتىن ئىبارەت 3 ئەترەت بار. ئۇلار مەخسۇس دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ سۈپەتلىك ئۇرۇقىنى يېتىشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بۇ مەيدان تۇرۇشلۇق ئورۇن ئەسلى «جاڭگال» بولۇپ، يېپيېڭى ئۆسۈملۈك ناھايىتى شالاڭ ئىدى، ئەتراپتىكى دېھقانلار بۇ ئورۇندا چارۋا باقاتتى. 1951-يىلى ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق 13 دېۋىزىيىسى (مىللىي قوشۇن) بۇ جايدا بوز يەر ئېچىپ، قىسىمنىڭ قوشۇمچە كەسپ مەيدانى قىلغان. سۇ مەنبەسى كەم بولغانلىقى ئۈچۈن، 1954-يىلى يەرلىككە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. شۇندىن باشلاپ «جاڭگال» دەپ نام بېرىلگەن. 1965-يىلى 10-ئايدا مەيدان بارلىققا كەلگەن. دەسلەپتە كوناشەھەر ناھىيىلىك «8-مارت» ئاياللار مەيدانى بولغان. 1972-يىلى كوناشەھەر ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1982-يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقىغا ئاساسەن، كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇ مەيدانىغا سۈپەت-


لىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش مەيدانى دېگەن نام بېرىشنى قارار قىلغان، بۇ ئىسىم ھازىر-غىچە ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە.

بۇ مەيداننىڭ يەر شەكلى تۈزلەڭ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى، 1325 مېتىر، ھاۋاسى قۇرغاق، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.3°C، كۈننىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، يىللىق قىروسىز مەزگىلى 210 – 220 كۈن بولىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل يېغىن مىقتارى 72.2mm، تۇپرىقى ئۆلكە لاتقا تۇپراقنى ئاساس قىلىپ، ئاز ساندا زەي تۇپراقمۇ بار. مەنگەن ئۆستەڭدىن پايدىلىنىپ سۇغىرىش ئېلىپ بارىدۇ. 5 قۇدۇق بولۇپ، ئېلېكتىر قۇۋۋىتى بىلەن يۈرۈشلەشكىنى 3، سۇغىرىش كۆلىمى 1,200 مو.

بۇ مەيدان دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ سۈپەتلىك ئۇرۇقىنى يېتىشتۈرۈش، كۆپەيتىشنى ئاساس قىلىدۇ. قوشۇمچە چوچقا فېرمىسى، ئۇن زاۋۇتى، شال زاۋۇتى، باغۋەنچىلىك كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، شال، پاختا، مايلىقدان، قوغۇن، تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، سەي - كۆكتات، قاتارلىقلار بار. 1985 - يىللىق ستاتىستىكىغا قارىغاندا؛ بۇ مەيداننىڭ ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 220 مو بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 94,200 جىڭ، كېۋەزنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 150 مو بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 35 مىڭ جىڭ، مايلىقدانىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1,500 جىڭ بولغان، يىل بويى يېتىشتۈرۈپ چىققان ئەلا سۈپەتلىك ئۇرۇغلۇق 66,800 جىڭ، كېۋەز ئۇرۇقلۇقى 17,000 جىڭ، ئومۇمىي كىرىم 56,086 يۈەن، بۇ مەيداندا 2 تىراكتور، بىر دانە 24 قۇرلۇق سىيالكا، 4 دانە سەلەركە ماتور، 8 دانە دىزېل، بىر دانە ئېزىش ماشىنىسى، بىر دانە تېلېۋىزور بار. مەيدان بىلەن ناھىيە بازىرى ئارىلىقىدا بىر توپا يول بار بولۇپ، ئىككى ئەتراپىدا ئورمان بەلبېغى بار، يولنىڭ ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 12 مېتىر، ھەرخىل چوڭ - كىچىك ئاپتوموبىل قاتنىيالايدۇ.

## نا شەهەر ناهیە ئورمانچلق مەیدانی

1;12500



# كوناشەھەر ناھىيىلىك ئورمان مەيدانىنىڭ
# ئومۇمىي ئەھۋالى

كوناشەھەر ناھىيىلىك ئورمانچىلىق مەيدانى كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان، مەيدان ئىشخانىسى جىلغا كەنتىگە ئورۇنلاشقان. ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 13.2 كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 7,032 مو، شەرقىي زەمىن يېزىسى، جەنۇبىي ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانى ۋە مۇسۇما غول ئۆستەڭگى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي ۋە شەرقىي تەرىپىدە قىزىل دەرياسى بار. 1985 - يىلدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا: مەيداننىڭ ئېكىن يەر كۆلىمى 970 مو، ئورمان يېرى 4,090 مو، كۆچەتخانا 210 مو، باغ 112 مو، ئېچىشقا بولىدىغان بوز يەر 1,650 مو، ئائىلىكلەر رايوندىكى تۇرالغۇ قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى 4,780 كۋادرات مېتىر، تەۋەلىكىدە 3 دېھقانچىلىق ئەترىتى بىر ئورمانچىلىق ئەترىتى بار. 1985 - يىلدىكى ستاتىستىكىدا دائىمىي تۇرۇشلۇق 242 نوپۇس، 51 ئائىلە بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر، ئىشچى - خىزمەتچىسى 3 نەپەر، مەيدان بويىچە جەمئىي ئەمگەك كۈچى 105 نەپەر.

جىلغا ئۇيغۇر تىل سىستېمىسىغا تەۋە بولۇپ، بۇ جاي قىزىل دەرياسىغا يېقىن بولغاچقا بۇرۇنقى زامانلاردا كەلكۈن كېلىپ مۇشۇ جىلغىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە كەلگەن كەلكۈن سۇلىرى مۇشۇ جىلغا بىلەن ئاققان شۇڭا بۇ جايغا جىلغا دەپ نام بېرىلگەن. ئورمانچىلىق مەيدانى 1978 - يىلى قۇرۇلۇپ ناھىيىگە قاراشلىق يېزا دەرىجىلىك كوللېكتىپ مۈلكچىلىكىدىكى ئورۇن، يەر شەكلى تۈزلەڭ، ئۆلكە لاتقا تۇپراقنى ئاساس قىلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1431.9 مېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃، ھول-يېغىن مىقدارى ئاز، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىپ كېتىشى يۇقىرى، ئاساسلىق سۇ مەنبەسى قىزىل دەرياسىدىن ئېلىنىپ مۇسۇما ئۆستەڭگى ئارقىلىق كېلىدۇ. بۇ مەيدان ئورمانچىلىقنى ئاساس، دېھقانچىلىقنى قوشۇمچە قىلىدۇ، ئاساسلىقى تېرەك، جىگدە ئورمىنى بولۇپ، توغراق، چوڭ يوپۇرماقلىق تېرەك قاتارلىقلار بار. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، شال، كۆممەقوناق ئاساس قىلىنىپ كېۋەز، بېدە، زىغىر قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىمۇ تېرىيدۇ. 1984 - يىللىق ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 700 مو، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 258,000 جىڭ، يىل ئاخىرىسىدا قوتاندا قالغان قالدۇق چارۋا سانى 512 تۇياق، كۆچەتخانىدىن ھەر يىلى يۆتكەپ چىقىرىلىدىغان كۆچەت 150 مىڭ تۈپ. كۆچەتنىڭ 70% نى ئۆزىنىڭ ئورمان بىنا قىلىشى ئۈچۈن

ئىشلىتىدۇ، 30% سىپتىلىدۇ. ئورماندىن كەلگەن كىرىم 1.5000 يۈەن، مەيداننىڭ ماشىنىلىشىش سەۋىيىسى نىسبەتەن تۆۋەن، 55 تىپلىق تىراكتوردىن 1. قول تراكتوردىن 1 سى بار. مەيداندىن يېزا ۋە ناھىيىگە بارىدىغان ماشىنلار قاتنىيا لايدىغان بىر توپا يول بار. 1 باشلانغۇچ مەكتەپ، قىرائەتخانا، تېلىۋىزرخانا قاتارلىقلار بار.



# كوناشەھەر ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

كوناشەھەر ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانى-ناھىيە مەركىزىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان تۈز لىنىيە ئارىلىقى 12.5 كىلومېتىر، مەيدانىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى مۇنا كەنتىدە، شەرقىي توقۇزاق سۇ پونكىتى بىلەن، جەنۇبىي مەڭگەن ئۆستىڭى بىلەن، غەربىي گۈمبەز يولى بىلەن، شىمالىي مۇسۇما تاش ئۆستەڭ بىلەن چېگرىلىنىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1,421 مېتىر، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 5,000 مو. تەۋەلىكىدە 2 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، 2 تەبىئىي كەنت بار بولۇپ، 63 ئائىلە، 270 نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 240 نەپەر، خەنزۇ 30 نەپەر، مەزكۇر مەيدان 1977-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، زېمىن يېزىسىنىڭ يېڭىلىق كەنت كومتېتىدىن 2 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنى ئايرىپ بەرگەن. يەر شەكلى تۈزلەڭ، تۇپرىقى ئاساسەن ئۆلكە لاتقا تۇپراق بولۇپ، تۇپراق قۇۋۋىتى ئاجىز، مەھسۇلاتى تۆۋەن، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃ بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 38.7℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى 25.3℃-، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 210 – 220 كۈن بولىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 60 – 80 مىللىمېتىر بولۇپ، پارغا ئايلىنىش مىقدارى زور، ھاۋا كىلىماتى مۆتىدىل، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، بۇ زىرائەتلەرنىڭ ئورگانىك ماددا توپلاش ۋە يەل-يېمىشلەرنىڭ قەنت ماددىسى توپلىشىغا پايدىلىق، مەزكۇر مەيدان مېۋە ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىپ، قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1985-يىللىق ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، باغ كۆلىمى 660 مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كىشمىش ئۈزۈم كۆلۈمى 100 مو، ئالما كۆلىمى 300 مو، ئامۇت 200 مو، ياڭاق 30 مو، چىلان 30 مو، كۆچەتخانا 14 مو، ئۆرۈك 10 مو، پىستە 1 مو. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1,100 مو، 1985-يىلدىكى ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 793 مو بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 234 مىڭ جىڭ، كېۋەز كۆلىمى 120 مو بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى كېۋەز ھېسابىدا 22 مىڭ جىڭ، بىدە كۆلىمى 150 مو، قوغۇن-تاۋۇز، سەي-كۆكتات كۆلىمى 35 مو، چارۋا 430 تۇياق، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 95,000 يۈەن، كىشى بېشىغا 350 يۈەندىن توغرا كېلىدۇ. ئاساسلىق سۇ مەنبەسى قىزىل دەرياسىنىڭ سۈيىنى يېڭىلىق ئۆستەڭ ئارقىلىق مەيدانىغا كىرگۈزۈپ سۇغۇرىدۇ.

باغۋەنچىلىك مەيدانى كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، مەيداننىڭ ئورۇلۇش كۆلىمى 10 مو، مەيدان تەۋەلىكىدە بىر قول تراكتور، بىر سەلەركە ماتور بار، سەلەركە ماتور ئاساسەن يورۇتۇش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. مەيداندا بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ 4 سىنىپ، 150 ئوقۇغۇچىسى بار. 2 دانە رەڭسىز تېلېۋىزور بار.

ياۋايى ھايۋاناتلاردىن كىرپە، ياۋا توشقان قاتارلىقلار بار.

# كوناشەھەر ناھىيە يېڭىئېرىق چارۋا مەيدانىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

يېڭىئېرىق چارۋا مەيدانى، ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان. مەيدان ئىشخانىسى كۆكچى كەنتىدە، ناھىيە مەركىزىگە 7.52 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 49,045 مو، شەرقىي يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ باغچى يېزا خامقۇم كەنت كومىتېتى بىلەن، جەنۇب تەرىپى باغچا يېزىسىنىڭ خامقۇم كەنت كومىتېتىنىڭ سازلىقى بىلەن، غەربىي تەرىپى كونىشەھەر ناھىيە سايباغ يېزىسىنىڭ كۆكچى كەنت كومىتېتى بىلەن، شىمالىي تەرىپى يېڭىشەھەر باغچى يېزا تۈزچى كەنت كومىتېتىنىڭ ئاقئۆستەڭ بىلەن تۇتىشىدۇ.

1985 - يىلىدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا: تېرىلغۇ يېرى 561 مو، باغ 30 مو، ئوتلاق 2,000 مو، بوز يېرى 46,454 مو. 1985 - يىلى يىل ئاخىرىدا قوتاندا قالغان ئومۇمىي چارۋا 908 تۇياق، بۇنىڭدىن كالا 51 تۇياق، تۆگە 8 تۇياق، ئات 4 تۇياق، ئېشەك 8 تۇياق، قوي 437 تۇياق، ئۆچكە 400 تۇياق. ئىشخانا، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتىقى ۋە ئىغىل قوتان قاتارلىقلارنىڭ كۆلىمى 1,613 كۋادرات مېتىر. 1985 - يىلىدىكى دائىمىي تۇرۇشلۇق ئائىلە 62، نوپۇسى 272، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 254، خەنزۇ 11، قىرغىز 7 نەپەر، ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچىسى 49 نەپەر.

مەيدانىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى كۆكچى كەنتىدە بولۇپ، كۆكچى دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىل سىستېمىسىدا «يېشىللىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەرلىرى زىي بولغاچقا ياۋا گىيالار بولۇق ئۆسۈپ ھەممە يەرنى يېشىللىق قاپلىغاچقا كۆكچى دەپ ئاتالغان. يېڭىئېرىق دېگەن نام مۇشۇ مەيداننىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئاتىلىشى بولۇپ، يېڭى چاپقان ئېرىق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا بۇندىن 400 يىللار بۇرۇن بۇ جاي بىر شورلۇق جاڭگال بولۇپ، كىشىلەر چارۋا بېقىش ئۈچۈن بوز يەر ئېچىپ، ئېتىز بەرپا قىلغان ۋە يېڭىدىن بىر ئېرىق چېپىپ، گەز دەرياسىدىن سۇ باشلاپ يايلاق ۋە ئېتىزلارنى سۇغارغان، شۇ سەۋەبتىن يېڭىئېرىق دەپ ئاتالغان. بۇ مەيدان چارۋىچىلىقنى ئاساس دېھقانچىلىقنى قوشۇمچە قىلىدۇ.

بۇ مەيدان 1958 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئەسلىدىكى پاچە يەر ئومۇمىي بىلەن خۇسۇسلار شېرىكچىلىگىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانى، 1966 - يىلى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا قۇرۇلغان چوڭ چارۋا مەيدانى بىلەن بىرلىشىپ تەشكىللەنگەن. ئالدىنقىسى ئۇششاق چارۋىنى كىينكىسى چوڭ چارۋىنى ئاساس قىلغان، ئىككى مەيداننى گەز دەرياسى

ئايرىپ تۇرىدۇ، مەيدان ئىشخانىسى كۆكچى كەنتىدە.

ئومۇمى بىلەن خۇسۇسلار شىرىكچىلىكىدىكى مەيدانىنى چوڭ چارۋا مەيدانى ۋەكالەتەن باشقۇرۇپ بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلغان، لېكىن ئىككى مەيدان ئىقتىسادى جەھەتتە مۇستەھقىل ھېساب يۈرگۈزگەن. 1981 - يىل ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بويىچە ئىككى مەيدان قوشۇلۇپ ئەسلىدىكى خۇسۇسلار بىلەن ئومۇمىنىڭ شېرىكچىلىكىدىكى مەيدان ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى مەيدانغا ئۆزگەرتىلگەن. ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن «كوناشەھەر ناھىيىلىك يېڭىئېرىق چارۋىچىلىق مەيدانى» دەپ ئاتالغان. 1958 - يىلى دۆلەت كاپىتالىزىمغا قارىتا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى يولغا قويغان چاغدا 13 كاپىتالىستىنىڭ چارۋىسىنى توپلاپ مۇشۇ مەيدانىنى قۇرغان، توپلىغان چارۋا 6,202 تۇياق بولۇپ، ئومۇمىي قىممىتى 92,450 يۈەن (ناھىيىمىزنىڭ 5 يېزىسىدىكى 5 پومېشچىك، 3 باي دېھقان، 5 نەپەر ھاللىق ئوتتۇرا دېھقانىنىڭ چارۋىسىنى يىغىپ ئالغان).

27 يىلدىن كېيىن يەنى 1984 - يىلى، يىل ئاخىرىسىدا قوتاندا قالغان ئومۇمىي چارۋا 908 تۇياق بولۇپ، 1958 - يىلدىكى ئومۇمىي چارۋا سانىدىن 85.35% كەملەپ كەتكەن، 1958 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە دۆلەتتىن مەيدانغا سالغان ئومۇمىي مەبلەغ (زىياننى تولۇقلاش ئۈچۈن بېرىلگەن مەبلەغنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 1,259,440 يۈەن، سېلىنغان مەبلەغ كۆپ، تارتقان زىيىنى كۆپ، ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇشتەك ئەھۋاللارغا ئاساسەن، 1983 - يىل چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يۈرگۈزۈلۈپ دەسلەپكى ئۈنۈمى كۆرۈلۈپ ئەھۋال ياخشىلىنىشقا باشلاپ زىيان پايدىغا ئۆزگەرتىلىپ، 1984 - يىلى 9,000 يۈەن پايدا ئالدى. 1958 - يىلدىن 1984 - يىلغىچ 2,592 تۇياق تىرىك چارۋا ۋە 51 توننا يۇڭ سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىدى. ھەرخىل تېرىدىن 3,391 دانە، 65 توننا سۈت سېتىپ بەردى. ھەر قايسى يېزىلار ئۈچۈن 5 دانە نەسىللىك ئات، 6 تۇياق بوقا، 20 تۇياق ھاڭگا ئېشەك، 140 تۇياق چوڭ قۇيرۇقلۇق قوچقار، 105 تۇياق سۈت ئۆچكە يېتىشتۈرۈپ بەردى ۋە 4,127 تۇياق تۇرلۇك تېردىغۇ ئۇلاغلىرى بىلەن تەمىنلىدى.

يەر شەكلى تەكشى، تۇپرىقى زەي، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1305.2 مېتر يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.2℃، ھۆل - يېغىن مىقتارى ئاز، بارغا ئايلىنىشى كۈچلۈك، قىش ۋە ئەتىياز پەسلىدە بوران كۆپ چىقىدۇ، شورلاشقان تۇپرىقى نىسبەتەن كۆپ، يېڭىئېرىق ئۆستىڭى ۋە كۆكچى ئۆستىڭى ئارقىلىق گەز دەرياسىدىن سۇ باشلاپ يايلاق ۋە ئېتىزلارنى سۇغىرىدۇ، ھەرخىل تىپتىكى تراكتور، 3 دانە دىزېل موتور، 1، ئۇن زاۋۇتى، شال زاۋۇتى، قاتارلىقلار بار. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ، بىر قىرائەتخانا، بىر تېلېۋىزور ۋە بىر ۋاسكېتبول مەيدانى قاتارلىقلار بار.

# كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ
# ئومۇمىي ئەھۋالى

كۆناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورنى توققۇزاق بازىرىدا بولۇپ، شىمالىي
خەلق يولى بىلەن غالىبىيەت يولىنىڭ كېسىشكەن قىسمىغا جايلاشقان، شەرقىي
ئىتتىپاق يولى بىلەن، غەربىي خەلق يولى بىلەن، جەنۇبىي غالىبىيەت
يولى بىلەن، شىمالىي ناھىيىلىك تۈرلۈك ماللار شىركىتى بىلەن تۇتىشىدۇ. ناھىيە
بازىرىنىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 243 مېتىر، جەنۇبتىن
شىمالغا كەڭلىكى 152 مېتىر، ئومۇمىي ئىگەللىگەن يەر كۆلىمى 2,638,525 كۋادرات مېتىر،
قۇرۇلۇش كۆلىمى 1,013,463 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭدىن 1981 - يىلى سېلىنغان 3
قەۋەتلىك خىزمەت بىناسى 1 بولۇپ، كۆلىمى 1,900 كۋادرات مېتىر، قالغانلىرى 1950 -
يىللىرى سېلىنغان ئاددى ئۆيلەر. ھۆكۈمەت ئورگىنىنىڭ قورۇسىدا ئىش بې-
جىرىۋاتقان رەھبەرلىك ئورگانلىرىدىن ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى،
سىياسىي كېڭەش، ھۆكۈمەت ئىشخانىسى ۋە ھۆكۈمەتكە قاراشلىق خىزمەت تارماقلىرى-
دىن پىلان كومىتېتى، ئەمگەك، كادىرلار ئىدارىسى، دېھقانچىلىق ئىدارىسى، شەھەر
قۇرۇلۇش ئىدارىسى، چارۋىچىلىق ئىدارىسى، پەن تېخنىكا كومىتېتى، يېزا بازار كارخانىلى-
رىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، ستاتىستىكا ئىدارىسى، مالىيە ئىدارىسى، مەدەنىيەت مائارىپ
ئىدارىسى، سەھىيە ئىدارىسى، ئىقتىسادىي كومىتېت، ئەدلىيە ئىدارىسى، مىللىي دىنىي ئىشلار ئى-
دارىسى، خەلق ئىشلار ئىدارىسى مۇھەپتىش ئىدارىسى قاتارلىقلار بار، سىرتتا تۇرۇشلۇق ھۆكۈمەت
خىزمەت تارماقلىرىدىن سودا ئىدارىسى، ئورمانچىلىق ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنى-
لاشتۇرۇش ئىدارىسى، سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسى، جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى، باج
ئىشلار ئىدارىسى، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، تەنتەربىيە كومىتېتى
قاتارلىق 25 ئورۇن بار. 1985 - يىلى، يىل ئاخىردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ
سانى 407 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كادىر 336 نەپەر، ئىشچى 71 نەپەر، دائىمىي
تۇرۇشلۇق ئائىلە 69، نوپۇسى 307، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 169 نەپەر، ئايال 138 نەپەر،
ئۇيغۇر 217 نەپەر، خەنزۇ 89 نەپەر، خۇيزۇ 1 نەپەر.

ناھىيىلىك ھۆكۈمەت 1950 - يىلىنىڭ باشلىرىدا قۇرۇلغان. 1949 - يىلى 9 -
ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندا دەسلەپتە ھەربىي ئىدارە
ئىدارە قىلىش كومىتېتى قۇرۇلغان. 1950 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى

رەسمىي قۇرۇلۇپ، ئاستىدا ئىشخانا، خەلق ئىشلار، مالىيە، مەدەنىي مائارىپ، ئىسلاھات قاتارلىق 4 بۆلۈم بىر ئىشخانا تەسىس قىلىنغان. ناھىيە تەۋەلىكىدە 8 يېزا ئىگىلىك رايونى ۋە شەھەر رايونى باردى. ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، قەشقەر شەھىرى ئىچىدە بولۇپ، (ھازىرقى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەھكىمىنىڭ ئائىلە قورۇسىدا) 1952-يىلى قەشقەر شەھىرى قۇرۇلغاندا، كوناشەھەر ناھىيە تەۋەلىكىدىن ئايرىلىپ چىققان. 1953-يىلى ناھىيىلىك 1-نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، ھاكىم ۋە مۇئاۋىن ھاكىملارنى سايلاپ چىققان. 1955-يىلى 9-ئايدا كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار قەشقەر شەھىرىدىن توققۇزاق بازىرىغا كۆچۈپ چىققان. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئورگىنى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. 1968-يىلى كوناشەھەر ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن بىرلىشىپ ئىش بېجىرگەن. 1979-يىلى ئاساسىي قانۇننىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئەمەلدىن قالغان. كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەۋەلىكىدە توققۇزاق بازىرى، ئوپال، تاشمىلىق، بۇلاقسۇ، سايباغ، زەمىن، ئوغۇساق، پاختەكلە، سەمەن، لەنگەر، مۇش، قوغان، بەشكىرەم، ئاۋات يېڭى ئۆستەڭ قاتارلىق گۇڭشېلار باردى. 1984-يىلى 8-ئايدا ئەسلى گۇڭشېنىڭ ئاساسىدا، گۇڭشېنى يېزىغا ئۆزگەرتىپ، ئاققاش، خانىدىي، تېرىم 3 يېزىنى كۆپەيتىپ ئايرىغان، شۇنىڭ بىلەن ناھىيە تەۋەلىكىدە 1 بازار، 17 يېزا، 4 دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق چارۋىچىلىق ،باغۋەنچىلىق مەيدانى، 210 كەنت كومىتېت بار، بۇ ناھىيىمىزنىڭ ھازىرقى مەمۇرى رايونىنىڭ ئايرىلىش ئەھۋالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

# كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق دوختۇر خانىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى، ناھىيە بازىرى مەدەنىيەت يولىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان، شەرقىي تەرىپى ناھىيىلىك پوچتا تېلېگراف ئىدارىسى، باج ئىدارىسى بىلەن، غەربىي تەرىپى مەدەنىيەت يولى بىلەن، جەنۇب تەرەپتە دوختۇرخانىنىڭ كىچىك كوچىسى ئارقىلىق ناھىيىلىك تۇرباسۇيى شىركىتى بىلەن، شىمالىي تەرىپى زەمىن يولى بىلەن تۇتىشىدۇ، ناھىيە مەركىزى بولغان چوڭ كوچا ئېغىزىغا 300 مېتر كېلىدۇ. ئىگەللىگەن يەر كۆلىمى 19,375·69 كۋادرات مېتر، 1985-يىلى ئاخىرىغا قەدەر، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 7,012 كۋادرات مېتر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كېسەلخانا ۋە ھەرقايسى خىزمەت رايونىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 2·500 كۋادرات مېتر. قۇرۇلۇش توپا، ياغاچ، پىششىق خىش بىلەن ياسالغان، كېسەل كارۋىتى 100 دانە. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 120 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 94 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانىنىڭ % 75·3 نى تەشكىل قىلىدۇ، خەنزۇ 26 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانىنىڭ % 23·8 نى تەشكىل قىلىدۇ.

دوختۇرخانىدا ھازىر بار بولغان دوختۇر 35 نەپەر بولۇپ (بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 13 نەپەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكومنى پۈتتۈرگىنى 18 نەپەر) سېسترا، ۋىراچ 3 نەپەر، ئاكۇشېر ۋىراچ 2 نەپەر، سېسترا 36 نەپەر، ئاكۇشېر 5 نەپەر، ئارقا سەپ مەمۇرىي خادىم 25 نەپەر.

كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى 1952-يىلى يىل ئاخىرىدا قەشقەر شەھىرىنىڭ ھازىرقى چاسا كوچىدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ چاغدا بىر شەخسىينىڭ 9 ئېغىزلىق ئۆيي ھۆجرىسىنى ئېلىپ دوختۇرخانا قىلىپ، داۋالاش كەسپىنى قانات يايدۇرغان. ئامبۇلاتورىيە، دورىخانا ئوكۇل بۆلۈم، تېكشۈرۈش بۆلۈم قاتارلىق بۆلۈملەر بار بولغان، دوختۇرخانا شتاتىدىكى خادىملاردىن مەمۇرىي خادىم 9 نەپەر، دوختۇرخانا مەسئۇلى بىر نەپەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك فېلدشېر 1 نەپەر، دورىگەر 1 نەپەر، سېسترا 4 نەپەر، بوغالتىر بىر نەپەر، كاسسىر بىر نەپەر بولۇپ، دوختۇرخانا كۆلىمى كىچىك، پەقەت ئادەتتىكى كەسپىي خىزمەت قانات يايدۇرۇلغان. 1955-يىلى كىرزە جۇڭگو كومپارتىيىسى كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتى ،كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قەشقەر شەھىرىدىن توققۇزاققا كۆچۈپ چىققاندا ھازىرقى دوختۇرخانا قىلىنغان ئورۇننى ئىگىلەپ دوختۇرخانا قۇرغان.

1978-يىلىدىن بۇيان دوختۇرخانىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى، ھازىر دوختۇرخانىنىڭ ئىچكى ئاپپارات قۇرۇلۇشى، كېسەللىك، دورىگەرلىك، غەيرىي كېسەللىك، مەمۇرىي ئارقا سەپ قاتارلىق 5 چوڭ قىسىمغا ئايرىلىدۇ. كېسەللىك بۆلۈملەردىن ئىچكى - تاشقى بۆلۈم، ئاياللار بۆلۈم، بالىلار بۆلۈم قاتارلىق 4 بۆلۈمگە بۆلۈنىدۇ، غەيرىي كېسەللىك بۆلۈملەردىن رېنتگېن، لابوراتورىيە، ئامبۇلاتورىيە، جۇڭيى، ئۇيغۇر تىبابەت، بەش ئەزا، تېرە كېسەللىك، فىزىكىلىق داۋالاش قاتارلىق 9 بۆلۈمگە بۆلۈنىدۇ، دورىگەرچىلىكتە غەربچە، جۇڭگوچە، ئۇيغۇر تىبابەت دورىلىرى، دورا تەكشۈرۈش قاتارلىق تارماقلارغا بۆلۈنىدۇ، ھازىر دوختۇرخانىدا ئېلېكترو كاردىئوگرامما، ئولتىرا ئاۋاز دولقۇنى قاتارلىق بىر قەدەر زامانىۋىلاشقان داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى بار. دوختۇرخانىنىڭ تاشقى بۆلۈم، ئاياللار بۆلۈم، بەش ئەزا بۆلۈملىرى بىر قەدەر قىيىن مۇرەككەپ ئوپېراتسىيەلەرنى قىلالايدۇ، ھەمدە كۆپ خىل دورىلارنىمۇ ياسىيالايدۇ. 1985-يىلى ئامبۇلاتورىيەدە كۆرۈلگەن كېسەل 27,619 ئادەم قېتىم، كېسەلخانىدا يېتىپ داۋالانغان كېسەل 2,944 ئادەم قېتىم ساقىيىش نىسبىتى 85.12%، دوختۇرخانا دائىرىسىدە 1.000 تۈپتىن ئارتۇق ھەرخىل ئورمان قويۇلغان بولۇپ، كۆكەرتىش كۆلىمى 15 مو ھەمدە ۋاسكېتبول، ۋالىبول، چويلا توپ مەيدانلىرى قاتارلىق تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرى بار. ئۈندىن باشقا تېلېۋىزور ئۆيى، كۇتۇپخانا قاتارلىق مەدەنىيەت ئورۇنلىرى بار. كېسەللەر ئاشخانىسى بار، بىر تۈرمۈش ماشىنىسى، ئىككى قۇتقۇزۇش ماشىنىسى بار بولۇپ، ناھىيە بويىچە داۋالاش سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى دوختۇرخانا ھېسابلىنىدۇ.

1986-يىلى پۈتىدىغان 3 قەۋەتلىك بالنىس بىناسىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 4,020 كۋادرات مېتىر بولۇپ، قويۇلىدىغان كېسەل كارۋىتى 160 دانە، سەرپ قىلىنىدىغان مەبلەغ 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن. بۇ ناھىيىمىزنىڭ ھەرخىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بەرگۈسى. ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى دوختۇرخانىغا 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ چۈشۈرۈپ، يېڭىدىن داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى كۆپەيتىپ بېرىلدى. يىللاردىن بېرى زور بىر تۈركۈم تىببى ساقلىقنى ساقلاش خادىملىرىنى بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىپ دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش تېخنىكىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى.

# كونىشەھەر ناھىيىلىك 1 - تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

كونىشەھەر ناھىيىلىك تولۇق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ناھىيە بازىرى مەدەنىيەت يولىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. شەرقىي مەدەنىيەت يولى، جەنۇبىي ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى، غەربىي سايۋاغ يېزىسىنىڭ يۇقىرىدىقى مەنگەن ئاھالىلەر كومىتېتى، شىمالىي 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن تۇتىشىدۇ. ئىگەللىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 19,470.24 كۋادرات مېتىر مەكتەپ ئىچىدە 6,000 تۈپ ھەرخىل دەرەخ ئۆستۈرۈلگەن بولۇپ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 16%.

بۇ ئاساسىي مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پۈتۈن كۈنلۈك ئوقۇتۇش تۈزۈمىدىكى ئادەتتىكى مىللىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، 1956 - يىلى قۇرۇلۇپ كونىشەھەر ناھىيىلىك تولۇقسىز 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ دەپ ئاتالغان. مەكتەپتە 8 سىنىپ، 420 ئوقۇغۇچىسى بولغان، تولۇق ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ ئارلاش تەسىس قىلىنغان. 1980-يىلى 9 - ئايدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆزگەرتىلگەن. 1974 - يىلى ئىككى يىللىق مۇددەتتىكى سىفەن سىنىپى ئېچىلىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەدەنىي مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، ئىچكى قىسمىدا ئىلمىي بۆلۈم ۋە خۇجۇلۇق بۆلۈملىرى تەسىس قىلىنغان، ئىلمىي بۆلۈم ئوقۇتۇش ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، ئاستىدا تىل - ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، فىزىكا - خىمىيە، خەنزۇ تىلى، تارىخ، جۇغراپىيە، سىياسەت، تەنتەربىيە قاتارلىق ئوقۇتۇش تەتقىقات گۇرۇپپىسى بار. خۇجۇلۇق بۆلۈم ئارقا سەپ ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. 1962 - يىلى ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى كۆپ بولغاچقا نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلگەن. مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى بىر مەزگىل تاقىۋېتىلگەن. 1985 - يىلدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى سانى 92 نەپەر، مەمۇرىي خادىم 15 نەپەر، ئىشچى 14 نەپەر (ھەممىسى ئۇيغۇر) ئوقۇغۇچى 817 نەپەر.

مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 10,752.68 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە 3 قەۋەتلىك بىر كورپۇس ئوقۇتۇش بىناسى بولۇپ، كۆلىمى 2,567 كۋادرات مېتىر، سىنىپ 3 كورپۇس 992 كۋادرات مېتىر، ئىشخانا بىر كورپۇس 481 كۋادرات مېتىر، تەجرىبىخانا 3 ئېغىز، 160 كۋادرات مېتىر، قىرائەتخانا 2 ئېغىز، 108 كۋادرات مېتىر، زال 738 كۋادرات مېتىر، ئامبار، ئاشخانا، 883 كۋادرات مېتىر، تاماقخانا

589 كۋادرات مېتر، ئوقۇغۇچىلار ياتىقى 1,472 كۋادرات مېتر، ئائىلە ياتاق 2,811 كۋادرات مېتر، 3 قەۋەتلىك ئوقۇتۇش بىناسى ھازىرقى زامان بىتون قۇرۇلمىلىرىدىن ياسالغان بولۇپ، قالغان باشقا قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسى كىسەكياغاچتىن ياسالغان، قىرائەتخانا ۋە كۇتۇپخانىدا 4 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق كىتاب بار، تۈرلۈك ئوقۇتۇش ۋە تەجرىبە سايمانلىرى نىسبەتەن تولۇق، پۇتبول، ۋاسكىتبول، ۋالىبول قاتارلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەر تەنتەربىيىسىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئەسلىھەلەر تولۇق، تۈرلۈك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشتا ياخشى شارائىتقا ئىگە. مەكتەپكە 17 يېزا ۋە بىر بازار، 4 مەيداندىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى مەكتەپتە قونۇپ ئوقۇيدۇ، مەكتەپتە داۋالاش بۆلۈمى بولۇپ 2 نەپەر تىببى خادىم بار، ئۇندىن باشقا ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسى، شەرقىي ـ شامالى ماركىلىق بىر تۇرمۇش ماشىنىسى، بىر دانە رەڭلىك تېلېۋىزور، 16 مىللىلىق بىر دانە كىنو قويۇش ئاپاراتى بار. يەنە 130 مو يېرى 2 نەپەر مۇقىم ئىشچىسى بار بىر دېھقانچىلىق مەيدانى بولۇپ، ئاشلىق ۋە سەي ـ كۆكتات تېرىپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى سەي ـ كۆكتات بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۆرۈك، شاپتۇل، ئالما، ئامۇت قاتارلىق مېۋىلىرى، 10 مو قەلەمچە ئورمىنى بار. ئەتراپىدا 3,000 تۈپتىن ئارتۇق ھەر خىل ئورمىنى بار. دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىلىدە ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار تېرىش، يىغىش ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ. يىللىق كىرىمى 8,000 يۈەن بولۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا سەرپ قىلىنىدۇ. مەكتەپنىڭ قۇرۇلغىنىغا 30 يىلدىن ئارتۇق بولۇپ، بەلگىلىك سالاپەت ۋە مۇنتىزىم ئوقۇتۇش كۈچىگە ئىگە. ئوقۇتۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىنغاچقا ئوقۇش پۈتتۈرۈش نىسپىتىمۇ بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا كېرەكلىك بولغان تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە تۆھپىسى بىر قەدەر زور.

# كونىشەھەر ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ
# ئومۇمىي ئەھۋالى

كونىشەھەر ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ توققۇزاق بازىرى مەدەنىيەت يولىنىڭ غەربىي - شىمالىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، جەنۇبىي تەرىپى ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن، غەربىي شىمالىي تەرىپى سايۋاغ يېزىسىنىڭ مەڭگەن كەنتى بىلەن، شەرقىي تەرىپى مەدەنىيەت يولى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئىگەللىگەن يەر كۆلىمى 43,335.5 كۋادرات مېتىر (65 مو) مەكتەپ قورۇسىدا قويۇلغان ئورمان تەخمىنەن 3,000 تۈپ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسپىتى 13.8% كېلىدۇ.

مەزكۇر مەكتەپ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، ئاساسىي مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئادەتتىكى خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپ، بۇ مەكتەپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىي - مائارىپ ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولۇپ، ئىچكى جەھەتتىكى ئاپپاراتلاردىن ئىلمىي بۆلۈم، خوجىلىق بۆلۈملىرى بار، ئىلمىي بۆلۈم ئوقۇتۇش تەتقىقات خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپلا قالماستىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىگىمۇ مەسئۇل، ئاستىدا تىل ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، خىمىيە، فىزىكا، بىئولوگىيە، چەتئەل تىلى، سىياسەت، تارىخ، جۇغراپىيە، تەنتەربىيە، سەنئەت مۇزىكا قاتارلىق 4 ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسى بار، خوجىلىق بۆلۈم ئارقا سەپ خىزمىتىگە مەسئۇل، مەكتەپ بويىچە 9 سىنىپ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇقسىز سىنىپ 6، ئوقۇغۇچىسى 200 نەپەردىن ئارتۇق، تولۇق سىنىپ 3، ئوقۇغۇچىسى 140 نەپەر، مەمۇرىي خادىم 2 نەپەر، ئوقۇتقۇچى 32 نەپەر، ئىشچى 9 نەپەر. مەكتەپنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 6,530 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ياتىقى 2,900 كۋادرات مېتىر، سىنىپ 18 ئېغىز، 600 ئوقۇغۇچىنى سىغدۇرغىلى بولىدۇ. ئىشخانىنىڭ كۆلىمى 208 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئىچىدە قىرائەتخانا، ماتېرىيال ئىشخانىسى 2 ئېغىز، بۇنىڭ كۆلىمى 40 كۋادرات مېتىر، ساقلانغان كىتاپ 5,000 پارچىدىن ئارتۇق، مەجلىسخانا بىر ئېغىز، كۆلىمى 40 كۋادرات مېتىر، ئىشخانا 14 ئېغىز، ئۇندىن باشقا 3 ئېغىز ئۆيىنى تەجرىبىخانا قىلغان (فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە) كۆلىمى 80 كۋادرات مېتىر، تولۇق ئوتتۇرا سىنىپنىڭ فىزىكا تەجرىبە سايمانلىرى بىر قەدەر قىس، تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلىرىنىڭ سايمانلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تولۇق، تولۇقسىز سىنىپلارنىڭ خىمىيە تەجرىبە سايمانلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تولۇق ئېلېكتىرونلۇق ئوقۇتۇش ئۆيى 1 ئېغىز بولۇپ، كۆلىمى 100 كۋادرات مېتىر، مەكتەپ تەنتەربىيە مەي-

دانىڭ كۆلىمى 500 كۋادرات مېتىر، 300 مېتىر يۈگۈرۈش سىزىقى، بىر پۇتبول مەيدانى، 2 ۋاسكېتبول مەيدانى، 2 ۋالىبول مەيدانى ۋە كېرەكلىك بولغان ئوتتۇرا مەكتەپ تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرى بار بولۇپ، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ياخشى قانات يايدۇرغىلى بولىدۇ.

مەكتەپتە بىر ئاشخانا بولۇپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ غىزالىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا بىر تېلېۋىزور، بىر تۈرمۈش ماشىنىسى بار. مەكتەپ قورغان كىچىك كارخانىلاردىن بىر ئاش كېسىش دۇكىنى، بىر پىچىنە ئىشلەش دۇكىنى، مۇز كالتىكى ئىشلەش ئورنى ۋە بور ئىشلەش ئورنى بار، بۇ كارخانىنىڭ ھەممىسى مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

مەزكۇر مەكتەپ 1958 - يىلى قۇرۇلغان، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى بۇ مەكتەپ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، تەرەققىي قىلىنۋاتقان مەكتەپ. دەسلەپتە قۇرۇلغاندا باشلانغۇچ مەكتەپ ئىدى، پەقەت بىر ئوقۇتقۇچى بولۇپ، جۇگىيى دورىگەرلىك دۇكىنىغا ئوخشاش ھەممە ئىشنى باشقۇراتتى، ئورنى ھازىرقى رېمونت زاۋۇتىدا بولۇپ، 1960 - يىلى ھازىرقى ھۆكۈمەت مېھمانخانىسىنىڭ ئورنىغا كۆچۈرۈلگەن. 1962 - يىلى، 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سۇ مۇنارىسى ئەتراپىغا كۆچۈرۈلگەن. 1964 - يىلى ھازىرقى ئورنىغا كۆچۈرۈلگەن، دەسلەپتە تولۇقسىز سىنىپقا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. 1972 - يىلدىن باشلاپ تولۇق سىنىپقا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان، ھازىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە ئايلاندى. 14 يىلدىن بۇيان تەربىيىلەپ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 1,320 نەپەر (بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچنى پۈتتۈرگىنى 720 نەپەر، تولۇقسىزنى پۈتتۈرگىنى 350 نەپەر، تولۇقنى پۈتتۈرگىنى 250 نەپەر) ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشكە، كەسپنى باشقۇرۇشقا ئوڭايلىق بولۇش ئۈچۈن، 1984 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باشلانغۇچ مەكتەپ ئايرىۋېتىلگەن، يىللاردىن بۇيان ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 66 نەپەر، ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغىنى 47 نەپەر بولۇپ، (بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغىنى 13 نەپەر، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغىنى 34 نەپەر) بۇ مەكتەپ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشماقتا.

# كوناشەھەر ناھىيە 3 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

3 - ئوتتۇرا مەكتەپ توققۇزاق بازىرى ئىشلەمچى يولىنىڭ شىمالىغا ناھىيە مەركىزىگە 1 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان، شەرقىي ناھىيىلىك گىلەمچىلىك زاۋۇتى بىلەن، جەنۇبىي ئىشلەمچى يولى بىلەن، غەربىي شىمالىي ناھىيىلىك ماددىي ئەشيالار شىركىتى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئىگەللىگەن يەر كۆلىمى 41 مو (27,206 كۋادىرات مېتر) مەكتەپ ھويلىسى ئىچى تۈزلەڭ، ھەر خىل ئورمان 3,000 تۈپتىن ئارتۇق، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 10%، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2,244 كۋادىرات مېتر، بۇنىڭدىن ئوقۇتۇش بىنالىرى 4 كورپۇس، كۆلىمى 328 كۋادىرات مېتر، ئىشخانا 1 كورپۇس، كۆلىمى 410.2 كۋادىرات مېتر، ئامبار، ئاشخانا، كۆلىمى 350 كۋادىرات مېتر، ئائىلە ياتاق كۆلىمى 988 كۋادىرات مېتر، قىرائەتخانا 1، (كىتاب 3000 پارچىدىن ئارتۇق) قۇرۇلۇش خام كېسەكتىن ياسالغان، مەكتەپ ھويلىسى ئىچىدە پۇتبول، ۋالىبول، ۋاسكىتبول مەيدانى قاتارلىق تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرى بار. 1985 - يىلى يىل ئاخىرىدىكى پۈتۈن ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 65 نەپەر بولۇپ، مەخسۇس كەسپىي ئوقۇتقۇچى 50 نەپەر، مەمۇرىي خادىم 8 نەپەر، ئىشچى 7 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. مەكتەپ ئىچىدە دائىم تۇرۇشلۇق نوپۇس 54 نەپەر.

بۇ مەكتەپ 1980 - يىلى 9 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئىسمى «كوناشەھەر ناھىيىلىك 3 - مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ» دەپ ئاتىلغان. ناھىيىلىك مەدەنىي - مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا. مەكتەپ يېڭى قۇرۇلغاندا 8 ئوقۇتۇش سىنىپى بولغان بولسا ھازىر 12 گە كۆپەيدى، مەكتەپتە بار ئوقۇغۇچى 541 نەپەر بولۇپ، پۈتۈن كۈنلۈك ئوقۇتۇشنى ئاساس قىلغان ئادەتتىكى مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ، ئىچكى ئاپاراتلاردىن ئىلمىي بۆلۈم، خوجىلىق بۆلۈملىرى بار. ئىلمىي بۆلۈم ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيە سىياسىي تەربىيە خىزمىتىگە مەسئۇل، گرامماتىكا، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، خەنزۇچە، تارىخ، جۇغراپىيە، سىياسىي، تەنتەربىيە، ناخشا رەسىم قاتارلىق 7 ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسى بار، خوجىلىق بۆلۈم، ئارقا سەپ خىزمىتىگە مەسئۇل، 1980 - يىلى 9 - ئايدا مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان، مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 861 نەپەر، بۇنىڭدىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغىنى 813 نەپەر، ئوتتۇر اتېخنىكوم مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغانلار 48 نەپەر، بۇ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار توققۇزاق بازىرى، سايۋاغ، زەمىن، ئوغۇساق يېزىلىرىنىڭ ناھىيىگە يېقىن كەنتلىرىدىن كەلگەن.

مەكتەپتە داۋالاش بۆلۈمى بار، 55 تېپلىق تراكتورە بىر رەڭلىك تېلېۋىزور، زەمىن يېزىسىدا مەكتەپ باشقۇرغان دېھقانچىلىق مەيدانىدىن بىرسى بار تېرىلغۇ يېرى 210 مو، مۇقىم ئىشچى 1 نەپەر، ۋاقىتلىق ئىشچى 4 نەپەر، مەيدان ئەتراپىدا تېرەك، سۆگەت، جىگدىدىن تەركىب تاپقان ئورمان بەلۋېغى بار، مەيداندا 15 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق مېۋىلىك دەرەخ بار. ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 45 مو، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 7,350 يۈەنگە يېتىدۇ، بۇ كىرىمنى مەيداننىڭ چىقىمى ۋە ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىدۇ. بۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش ۋاختى قىسقا بولغان بولسىمۇ 4 لىنىش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، يارامىلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەشتە مەلۇم تۆھپىسى بار.

# كوناشەھەر ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى

كوناشەھەر ناھىيەلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ تۇققۇزاق بازىرى مەدەنىيەت يولىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان، شەرقى مەدەنىيەت يولى ئارقىلىق ناھىيىلىك قۇراللىق بۆلۈمنىڭ ئارقا ھويلىسى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ، غەربىي جەنۇب تەرىپى سايباغ يېزىسىنىڭ شوغۇز ئۆستەڭگى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شىمالىي تەرىپى ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئىگەللىگەن يەر كۆلىمى 29،721.94 كىۋادىرات مېتىر، مەكتەپ ئىچىگە قويۇلغان ئورمان 2،897 تۈپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2،668 كۋادىرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە سىنىپ 3 كورپۇس بولۇپ كۆلىمى 1،324 كۋادىرات مېتىر، ئىشخانا بىر كورپۇس بولۇپ، 378 كىۋادىرات مېتىر، 12 ئائىلىك ئىشچى-خىزمەتچىلەر ياتىقى بولۇپ، كۆلىمى 771 كىۋادىرات مېتىر، ئامبار 2 ئېغىز بولۇپ، كۆلىمى 195 كۋادىرات مېتىر، قىرائەتخانا بىر ئېغىز 42 كىۋادىرات مېتىر، بۇ مەكتەپ 1936 - يىلى قۇرۇلغان، ئەسلى نامى «توققۇزاق بازار باشلانغۇچ مەكتەپ» بولۇپ كوناشەھەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مائارىپ بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىكىدە. مەكتەپنىڭ ئەسلىدىكى ئورنى ھازىرقى توققۇزاق بازىرىنىڭ شىمالىدىكى مەسچىتنىڭ ئارقىسىدا بولۇپ، جەمئى 2 سىنىپ، 3 نەپەر ئوقۇتقۇچى، 70 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى.

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن مەكتەپ تېز تەرەققىي قىلدى. 1950 - يىلغا كەلگەندە 2 سىنىپ تەرەققىي قىلىپ 5 سىنىپقا، ئوقۇتقۇچى 6 گە، ئوقۇغۇچىسى 160 نەپەرگە يەتتى.

1975 - يىلى مەكتەپ ھازىرقى ئورنىغا كۆچۈرۈلۈپ، پۈتۈن كۈنلۈك باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى يولغا قويىدى، مەركەزنىڭ نوقتىلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ياخشى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، بۇ مەكتەپ 1980 - يىلى كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى نوقتىلىق باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلدى، 1982 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە نوقتىلىق مەكتەپ قىلىندى، 1985 - يىلدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا؛ مەكتەپ بويىچە 72 نەپەر ئوقۇتقۇچى ئىشچى-خىزمەتچى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 71 نەپەر، خەنزۇ بىر نەپەر، ئەر 13 نەپەر، ئايال 59 نەپەر، سىنىپ 20، مەكتەپتە بار ئوقۇغۇچى 638 نەپەر، بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى ۋە ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى بىر قەدەر ياخشى بىر قەدەر تولۇق.

مەكتەپتە ئىلمى بۆلۈم ۋە خوجىلىق بۆلۈملىرى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئىلمى

بۆلۈمنىڭ ئاستىدا تىل ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، خەنزۇ تىلى، تارىخ، جۇغراپىيە، تەنتەربىيە، قاتارلىق 3 ئوقۇتۇش تەتقىقات گۇرۇپپىسى بار، ئىلمى بۆلۈم ئوقۇتۇش ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي ئىدىيۋى خىزمىتىگە مەسئۇل، مەكتەپ ئىچىدە قىرائەتخانا بولۇپ، 1800 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب ساقلىنىدۇ. 97 خىل ئوقۇتۇشتا ئىشلىتىدىغان ئۈسكۈنىلار ۋە تەجرىبە سايمانلىرى، بىر دانە خۇۋەندىلىك ئاپراتى 5 دانە ئۈنئالغۇ، 12 دانە كىچىك كاناي (لابا)، بىر دانە رەڭلىك تېلېۋىزور قاتارلىقلار بار، تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ كۆلىمى 2,748 كۋادرات مېتىر، پۇتبول مەيدانىنىڭ كۆلىمى 1,900 كۋادرات مېتىر، بىر ۋاسكېتبول مەيدانى بولۇپ، كۆلىمى 644 كۋادرات مېتىر، بىر ۋالىبول مەيدانى بولۇپ، كۆلىمى 886 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، تۈرلۈك تەنتەربىيە ئۈسكۈنىلىرى سەپلەنگەن.

مەكتەپنىڭ 3 مو بېغى بولۇپ، شاپتۇل، ئۆرۈك، ئانار، ئەنجۈر، ئۈزۈم، قاتارلىق مېۋىلەر بار.

# كوناشەھەر ناھىيە 2 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

كوناشەھەر ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ، توققۇزاق بازىرى مەدەنىيەت يولىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، جەنۇبىي كوناشەھەر ناھىيە 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن غەربىي شىمالىي سايباغ يېزا مەنگەن كەنتى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شەرقىي تەرىپىنى مەدەنىيەت يولى كېسىپ ئۆتۈپ، ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ.

بۇ مەكتەپ 1958 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ كوناشەھەر ناھىيە بازىرىدىكى بىردىن بىر خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپ، مەكتەپ ئورنى دەسلەپتە ھازىرقى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى رېمونت زاۋۇتىنىڭ ئىچىدە بولغان. 1960 - يىلى ھازىرقى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مېھمان كۈتۈش ئورنىغا يۆتكىلىپ كەلگەن. 1962 - يىلى 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئىچىدىكى سۇ مۇنارىسىنىڭ يېنىغا يۆتكەلگەن. 1966 - يىلى ھازىرقى 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئىچىگە يۆتكەلگەن، دەسلاپتا تولۇقسىز سىنىپلارنى قوبۇل قىلىپ، ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئارلاشما ھالدا بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىشنى يولغا قويغان. 1984 - يىلى 10 - ئايدا ئوقۇتۇش باشقۇرۇشقا قولايلىق بولۇش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئوتتۇرا باشلانغۇچنى ئارلاشما باشقۇرۇشنى، پۈتۈنلەي باشلانغۇچ مەكتەپ سىستېمىسى قىلىپ قۇرۇپ چىققان، ئايرىلغانغا قەدەر يۇقىرى باشلانغۇچنى پۈتتۈرۈپ چىققان ئوقۇغۇچىلار 720 نەپەر، ئايرىلغاندىن كېيىن يۇقىرى باشلانغۇچنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار 102 نەپەر، جەمئىي تەربىيىلەپ چىقىلغان ئاساسىي مائارىپ يۇقىرى باشلانغۇچنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 822 نەپەر بولۇپ، ناھىيىمىزنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىغا ئىقتىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ مەكتەپ يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە 1984 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن ئايرىلغاندىن كېيىن، 1985 - يىلى 2 - ئوتتۇرىنىڭ شىمالىغا 2،133.3 كۋادرات مېتر ئورۇننى ئىگىلەپ يېڭىدىن 1،281 كۋادرات مېترلىق ئىككى قەۋەتلىك ئوقۇتۇش بىناسى سالدى. ئوقۇتقۇچى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئولتۇرىدىغان 10 ئائىلە بولۇپ، 712 كۋادرات مېتر كېلىدۇ، بىنانىڭ ئالدى ئارقى تەرىپىدە تەنتەربىيە مەيدانى بار، بىنانىڭ ئارقا تەرىپىدە 86.5 كۋادرات مېتر، بىنا ئالدى 103.8 كۋادرات مېتر ئورۇندا ئوقۇغۇچىلار تەنتەربىيە پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، بىنادا سىنىپتىن 7 ئېغىز بولۇپ، ھەر بىر ئېغىزى 46.2 كۋادرات مېتر كېلىدۇ. ئۇنىدىن باشقا بىر ئېغىز مۇزىكاخانا، بىر ئېغىز تەجرىبىخانا، بىر ئېغىز تەنتەربىيە ئۈسكۈنىلىرى ئۆيى، بىر ئېغىز مەج-

لىسخانا، بىر ئېغىز ئامبار بار، ھەربىر ئېغىز ئۆيى 46·2 كۋادرات مېتىردىن كېلىدۇ. ھەر ئېغىزى 22·8 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 6 ئېغىز ئىشخانا بار، قىرائەتخانا، رادىئو ئىشخانىسى، (پىئونېرلار ئەترىتى بۆلۈمى) بىر ئېغىزدىن بار.

مەكتەپنىڭ مەمۇرىي باشقۇرغۇچىسى 1 كىشى بولۇپ، تۆۋەندە ئوقۇتۇش باشقارمىسى خوجىلىق باشقارمىسى تەسىس قىلىنغان، ئوقۇتۇش باشقارمىسى ئوقۇتۇش ۋە سىياسىي ئىدىيىۋى تەلىم-تەربىيە خىزمىتىگە مەسئۇل، تۆۋەندە تىل ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، تەنتەربىيەدىن ئىبارەت 3 ئوقۇتۇش تەتقىقات گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان، خوجىلىقتىن 4 كىشى ئارقا سەپ خىزمىتىگە مەسئۇل. ھازىر بار ئوقۇتقۇچى ئىشچى-خىزمەتچىلەر 18 نەپەر بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 2 نەپەر، خۇيزۇ 1 نەپەر، 7 سىنىپ جەمئىي 219 نەپەر ئوقۇغۇچى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 18 نەپەر، خۇيزۇ 3 نەپەر، مۇشۇ قارارلىق ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلار 39 نەپەر، سىنىپ ئاتلاش ئۈنۈمى 92%.

بۇ مەكتەپتە ھازىر رىيالدىن بىرسى، پرويۇكسوت لامپا ئاپپاراتى (خۇۋەندىك ئاپپاراتى)، مىكروسكوپ، گلوبۇس، ھېساپلاش ماشىنىسى قاتارلىق 3·000 يۈەندىن ئارتۇق قىممەتكە ئىگە ئوقۇتۇش ئەسۋابلىرى بار. 2 دانە رادىيولۇق ئۈن ئالغۇ، رادىئو سايمانلىرى، ئوسسۇل كىيىملىرى، 100 نۇسخىدىن ئارتۇق ساقلانغان كىتاب بار، مەكتەپ يېقىندىن ئايرىلغان بولغاچقا ھەممە ئىشلار باشتىن ئىشلىنىۋاتىدۇ.

# قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن-تەتقىقات ئورنىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورنى، قەشقەرنىڭ جەنۇبىدىكى كوناشەھەر ناھىيە ئوغساق يېزىسىنىڭ ۋاقۇللا كەنت تەۋەسىگە جايلاشقان، قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزىدىن 7 كىلومېتىر، كوناشەھەر ناھىيىسىدىن 8.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقى ۋىلايەتلىك كوئىنلون ئىستىمال زاۋۇتى بىلەن، غەربى ئوغساق يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالى ۋاقۇللا، جەنۇبى پاچىيەر بىلەن قوشنا، ئىگەللىگەن يەر كۆلىمى 390 مو، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇش كۆلىمى 3,764 كۋادرات مېتىر، 1985-يىلدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى 99 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 50 نەپەر، ئۇيغۇر 49 نەپەر.

مەزكۇر ئورۇن 1959-يىلى 1-ئايدا قۇرۇلغان، شۇ ۋاقىتتىكى ئورنى قەشقەر يېزا ئىگىلىك مەكتىپىدە بولۇپ، 1965-يىلى 9-ئايدا ھازىرقى ئورنىغا يۆتكىلىپ كەلگەن. ئورگان قۇرۇلمىسىدىن. تۇپراق، ئوغۇت، ئىقتىسادىي زىرائەت، ئۆسۈملۈك ئاسراش، باغۋەنچىلىك، پەن-تېخنىكا ئاخبارات قاتارلىق 6 تەتقىقات ئورنى ۋە ئىشخانا، ئۆسۈملۈكلەرنى سىناق قىلىپ كۆپەيتىدىغان تەجرىبە قىلىش مەيدانى قاتارلىقلار بار، بۇ ئورۇن ئۇنىۋېرسال يېزا ئىگىلىك پەن-تەتقىقات ئورنى بولۇپ پەن تەتقىقاتنى ئاساس قىلىپ، ئاشلىق زىرائەتلىرى، ئىقتىسادىي زىرائەتلەر، قوغۇن-تاۋۇز مېۋىلىك دەرەخ، كۆكتاتلارنىڭ يېڭى سورتىنى يېتىشتۈرۈش، مول ھوسۇللۇق تېخنىكىنى كېڭەيتىش، تۇپراقنى ياخشىلاش، مۇۋاپىق ئوغۇتلاش، ئۆسۈملۈكلەر ئوزۇغلۇقى كېسەللىك ھاشاراتلارنىڭ يۈز بېرىشى ۋە ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق ئۇنىۋېرسال تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئۆلگە قىلىش، ھەمدە ئۇچۇر ئاخبارات يەتكۈزۈش قاتارلىقلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ، تەتقىق قىلىش ۋە پەن-تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە تېخنىك تەربىيەلەش خىزمەتلىرىنى ئىشلەيدۇ.

بۇ ئورۇن قۇرۇلغاندىن بۇيان، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە غەمخورلۇقى ئاستىدا، بۇ ئورۇندىكى بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى ئارقىلىق زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئىلھامى ئاستىدا، يېزا ئىگىلىك پەن-تەتقىقاتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن نەتىجە ياراتتى. 25 يىلدىن بۇيان 25 تۈرلۈك تەتقىقات نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈردى. ئاشلىق، پاختا، مايلىقدانلاردىن 5 خىل يېڭى سورت تاللاپ يېتىشتۈردى. (يەنە قەشقەر كۈزگى بۇغداي 3.2.1-نومۇر، قەشقەر 601 قو-

رۇقلۇق پاختىسى، قەشقەر 7331 زېمىن) ئاپتونوم رايونلۇق مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا نەتىجە-
سىگە ئېرىشىپ، 7 تۈر بويىچە مۇكاپاتلاندى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچە-
قىرىش ئۈچۈن 22 مىليون 360 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتتى، بۇ ئورۇن
قۇرۇلغان 25 يىلدىن بۇيانقى سېلىنغان مەبلەغنىڭ 7.7 ھەسسىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ نەتى-
جىلەرنىڭ كۆپىنچىسى يېقىنقى بىر نەچچە يىللاردىن بېرى قولغا كەلگەن. ئاشلىق، پاخ-
تا، مايلىق داندىن ئىبارەت 5 خىل يېڭى سورت يېتىشتۈرۈلۈپ، يىلىغا 400 مىڭ مو-
دىن ئارتۇق يەرگە كېڭەيتىلگەن، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يىلىغا مىليون يۈەندىن يۇ-
قىرى بولۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىل-
گىرى سۈرۈش رولىنى ئويناپ، يېزا ئىگىلىك پەن - تەتقىقاتى ئۈچۈن تۆھپە ياراتماقتا.

# قەشقەر ۋىلايەتلىك 1-سۇ ئېلېكتر ئىستانسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

قەشقەر ۋىلايەتلىك 1-سۇ ئېلېكتر ئىستانسى، كوناشەھەر ناھىيە مۇش يېزا قـ زىل دەريـاسىنىڭ يـۇقىرىسىدىكى قـاپقـا تـاغ ئېغىزىغا جـايلاشقـان، دېڭىز يـۈزىدىن ئېگىزلىكى1.575 مېتر كېلىدۇ. كوناشەھەر ناھىيىسى بىلەن بولغان ئارلىقى 32 كىلومېتر، قەشقەر شەھرى بىلەن بولغان ئارلىقى 42 كىلومېتر كېلىدۇ. قۇرۇلۇش كۆلىمى 10.825 كۋادرات مېتر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىستانسىنىڭ ئىشخانا ئـۆيلىرى 2.015 كـۋادرات مېتر، ئىشچى-خىزمەتچىلىرى 199 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 46 نـەپـەر، خـەنزۇ 151 نەپەر.

بۇ ئىستانـا 1977-يىلى قۇرۇلۇشنى باشلاپ، 1980-يىلى 11-ئايدا قۇرۇلۇشنى پۈتتۈرۈپ، سىناق تەرىقىسىدە توك بەرگەن. 1981-يىلى رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشـ كەن، ئىستانسىغا جەمئىي سېلىنغان مەبلەغ 41 مىليون 110 مىڭ يۈەن، ئىشلەپچىقىرىش قۇۋۋەت ئېنېرگىيە كۈچى ماشىنىلارنىڭ ئومۇمىي توك چىقىرىش مىقتارى 19.500 كىلوۋات (6500 × 3)، ئاساسلىق قـۇرۇلۇش ئەسلەھەلىرى مـاشىنا ئـۆي، سـۇ ئـامبىرى (ئـام-بارنىڭ سۇ سىغىمچانلىقى 7 مىليون 600 مىڭ كۇب مېتر) سۇ كېلىدىغان ئۆستەڭ ئۇ-زۇنلۇقى 6.997 مېتر، ئىشلەپچىقىرىش ئاپپاراتىدىن سۇ قۇرۇلۇشى، توك يەتكۈزۈش، رىمـ ونتىن ئىبارەت 3 تـارماق ۋە بىر ترانسپورت ئـەترىتى بار، باشقۇرۇش ئـاپپاراتلىرىدىن ئىشخانا، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا بۆلۈمى، ماتېرىيال بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈم، خوجـىلىق بۆلۈم قـاتـارلىقلار بولۇپ، ئـاساسىي جەھەتتىن بىر قەدەر تولۇق ئىشلەپچىقىرىش باشـ قۇرۇش سىستېمىسىغا ئىگە، مەزكۇر ئىستانسا ۋىلايىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ سۇ ئېلېكتر ئىسـ تانسىسى بولۇپ، قەشقەرنى مەركەز قىلىپ، كوناشەھەر، يېڭى شەھەر، ۋە قىزىلسۇ ئوبـ لاست، ئاتۇش، ئاقتۇ قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ توك كۈچى ئېنېرگىيە تۈرلىرىنى شەكىللەنـ دۈردى. ئۇ قەشقەردە ئۇزۇندىن بۇيان توك يېتىشمەسلىك ۋەزىيىتىنى نورماللاشتۇردى، ئىسـ تانسا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەندىن بۇيان جەمئىي 224 مىليون 110 مىڭ كىلوۋات توك تارقاتتى، مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون 687 مىڭ يۈەن، يۇقىرىغا تاپشۇرغان پايدىسى 8 مىليون 117 مـىڭ يـۈەن، بـولۇپمۇ 1985-يـىلى، ئىستانسـا تـەرتىپكە سېلىنغانـ دىن بۇيان، مەھسۇلات مىقدارى مەھسۇلات قىممىتى، پايدا قەدەممۇ-قەدەم ئۆسۈپ، ئىستانسا قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە ياراتتى، توك تارقىتىش مىدارى 55 مىليـون

80 مىڭ كىلوۋاتقا، مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 855 مىڭ يۈەنگە پايدا 2 مىليون 83 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

بۇ ئىستانسا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغىمۇ ئېتىبار بېرىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇردى. 5,637.53 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر ياتاق قۇرۇلۇشىنى پۈتتۈردى، بۇ كىشى بېشىغا 27 كۋادرات مېتىردىن توغرى كېلىدۇ، مىللىي خەنزۇلار ئاشخانىسى، يەسلى، داۋالاش پونكىتى، قىرائەتخانا، كىنو تېلېۋىزور ئۆيىدىن باشقا ۋاسكىتبول، ۋالىبول مەيدانلىرى، تاق ۋە جۈپ تۈرنەك قاتارلىق تەنتەربىيە ئەسلەھەلىرى بار، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىستانسا رايوننى رېمونت قىلىش تۈزلەش، كۆكەرتىش ئېلىپ بېرىپ 158 مىڭ تۈپ دەل-دەرەخ قويۇپ، ئىستانسا قىياپىتىدە زور ياخشىلىنىش بارلىققا كەلدى.

بۇ ئىستانسىنىڭ قۇرۇلۇشى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشى، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ توغرى رەھبەرلىكىدە، ھەرمىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى بىلەن، ئەلا نەتىجىلەرنى يارىتىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش، شەھەر قۇرۇلۇشى، خەلق تۇرمۇشىنى يېتەرلىك توك بىلەن تەمىنلەپ تۆھپە قوشماقتا.

# قەشقەر ۋىلايەتلىك 3-سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

قەشقەر ۋىلايەتلىك 3-سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، كوناشەھەر ناھىيە لەڭگەر يېزا ئالتە يۈز كەنتىگە جايلاشقان، كوناشەھەر ناھىيە بىلەن ئارلىقى 16 كىلومېتر، قەشقەر شەھىرى بىلەن ئارلىقى 15 كىلومېتر كېلىدۇ، شەرقى تەرىپى بۇ ئانام كەنتى بىلەن، جەنۇپ تەرىپى ساي كەنت كومىتېتى بىلەن چىگىرداش، غەربى شىمالىي ئاق تاغ بىلەن قوشنا، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 4 كۇۋادىرات كىلومېتر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 14،299 كۇۋادىرات مېتر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 210 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 93 نەپەر، خەنزۇ 115 نەپەر، خۇيزۇ 2 نەپەر.

بۇ ئىستانسا 1958-يىلى 2-ئايدىن باشلاپ قۇرۇلۇش قىلىپ 1959-يىلى 7-ئايدا پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن، جەمئىي سېلىنغان مەبلەغ 10 مىليون 710 مىڭ يۈەن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ماشىنا گورۇپپىلىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى6،000 كىلوۋات سائەت، (3000 × 2) يىللىق توك تارقىتىش مىقتارى 30 مىليون كىلوۋات، ئاساسلىق توك تارقىتىش ئۈسكۈنىلىرىدىن سۇ چاقلىق توك چىقىرىش ماشىنىسىدىن 2، توك بېسىمىنى ئۆرلەتكۈچى ترانسپورماتوردىن 2 (بىيەنياچى) سى بار، ئىشلەپچىقىرىش ئاپپاراتلىرىدىن توك يەتكۈزۈش، تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش، سۇ قۇرۇلۇشى قاتارلىق 3 تارماق زاۋۇت بار، باشقۇرۇش ئاپپاراتىدا ئىشخانا، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈم، خۇجۇلۇق بۆلۈم قاتارلىقلار بار. بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسى ۋە رەھبەرلىك باشقۇرۇش ئەسلەھلىرى بار.

بۇ ئىستانسىنىڭ ئورۇنلاشقان ئورنى چۆل، شارائىتى ناچار بولسىمۇ، ئىستانسا ئىگىلەرى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئېتىبار بەرگەنلىكتىن، ئىستانسا ئىچىدە مىللىي، خەنزۇ ئاشخانىسى، مەكتەپ، يەسلى، مونچا، قىرائەتخانا، داۋالاش پونكىتى، 2 دانە كىنو قويۇش ئاپپاراتى، 5 دانە تېلېۋىزور، توپ مەيدانى ۋە غالتەكلىك تېيىلىش مەيدانى قاتارلىقلار بارلىققا كەلگەن، چوڭ-كىچىك ئاپتوموبىلدىن 7 سى بار، كۆكەرتىلگەن كۆلەم 200 موغا يېقىن، تېرەك، سۆگەت، ئۈژمە، جىگدە، ئۆرۈك، ئامۇت، ئالما، ۋە ھەر خىل گۈللەر ئۆستۈرۈلگەن بولۇپ، چۆللۈك يېشىل كۆكتاتلىققا ئايلانغان، ياز كۈنلىرى يېتىپ كېلىش بىلەنلا دەل-دەرەخلەر يوپۇرماق چىقىرىپ، مېۋە-چېۋە، گۈللەر مىزلىك پۇراق چىقىرىپ، ھاۋاسى كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ.

بۇ ئىستانسا ۋىلايىتىمىزدە ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلۇپ ئىشقا چۈشكەن، يۇقىرىنىڭ توغرى رەھبەرلىكىدە ئىستانسىدىكى بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ تىرىشىش نەتىجىسىدە، ئىستانسا قۇرۇلغاندىن بۇيان جەمئىي 500 مىليون كىلوۋات توك تارقاتتى. يۇقىرىغا تاپشۇرغان پايدىسى 23 مىليون 940 مىڭ يۈەن، يۇقىرىغا تاپشۇرغان ئامورتىزاتسىيە ھەققى 8 مىليون 592 مىڭ يۈەن، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 34 مىليون 90 مىڭ يۈەن، ساپ مەھسۇلات قىممىتى 30مىليون 520 مىڭ يۈەن بولۇپ، قەشقەرنىڭ سانائەت يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش، شەھەر قۇرۇلۇشى، خەلق تۇرمۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆز تۆھپىسىنى قوشتى.

# مەخسۇس كەسپى تارماقلار نامشى
# قسقىچە تونوشتۇرۇش

[illegible]

# [illegible]

# مەخسۇس كەسپى تارماقلار نامىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىشى

## دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى
## كوچەتخانا

### كوناشەھەر ناھىيىلىك سۇپەتلىك ئۇرۇق مەيدانى

نومۇرى 48
ئورنى جاڭگىال كەنتىدە
تەزكىرىسى «كوناشەھەر ناھىيىلىك سۇپەتلىك ئۇرۇق مەيدانىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك ئورمان مەيدانى

نومۇرى 242
ئورنى: جىلغا كەنتىدە
تەزكىرىسى «كوناشەھەر ناھىيىلىك ئورمان مەيدانىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانى

نومۇرى 270
ئورنى: مۇنار كەنتىدە
تەزكىرىسى «كوناشەھەر ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك يېڭىشەھەر چارۋا مەيدانى

نومۇرى 272
ئورنى: كۆكچى كەنتىدە
تەزكىرىسى «كوناشەھەر ناھىيىلىك يېڭىشەھەر چارۋا مەيدانىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك كۆچەتخانا

ئورنى: شۇغۇز يولىدا

1960 - يىلى قۇرۇلغان. ئىگىلىگەن يېرى 260 مو، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 39 نەپەر، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ھەرخىل دەرەخ كۆچەتلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بېرىشتىن ئىبارەت.

## 2. ئىستانسا، پونكىت، ئورۇن،

### كوناشەھەر تاشيول ئوچاستكىسى

ئورنى: ئىتتىپاق يولىنىڭ غەربىي قىسمىدا، 1951 - يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 27,608.25 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 5,433.51 كۋادرات مېتىر، ئىشچى خىزمەتچىسى 205 نەپەر، دۆلەت تاشيولىنى ئاسراشقا مەسئۇل بولىدۇ، قاتناش ئىشلىرىنى راۋان قىلىدۇ، ھەر يىلى ياسايدىغان تاشيول 166 كىلومېتىر. تەۋەسىدە 13 دوۋەن بار.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك يول ئاسراش ئەترىتى

ئورنى: خەلق يولىنىڭ شەرق تەرىپىگە توغرى كېلىدۇ، 1962 - يىلى قۇرۇلغان. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 1,599.9 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 772.98 كۋادرات مېتىر، ئىشچى - خىزمەتچىسى 26 نەپەر، ئاساسلىق ناھىيىلىك يەرلىك تاشيوللىرى، كۆۋرۈك قۇرۇلۇشلىرىنىڭ رېمونت ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

### كوناشەھەر ناھىيە ئوغساق 5 - سىز ئېلېكتىر ئىستانسىسى

ئورنى: ئوغساق يېزا قوقتالىق ھويلا كەنتىدە، 1976 - يىلى قۇرۇلغان. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 250 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 6,879.2 كۋادرات مېتىر، ئىشچى - خىزمەتچىسى 52 نەپەر بولۇپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ يورۇتۇش ئىشلىرى، كەسپىي كارخانا ئورۇنلىرىنى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك سەھىيە كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى.

ئورنى: ئىتتىپاق يولىنىڭ شەرقى تەرىپىدە، 1972 - يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن ئورنى 14,498.03 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2,899.25 كۋادرات مېتىر، ئىشچى - خىزمەتچىسى 37 نەپەر، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

**كوناشەھەر ناھىيلىك ئورمانچىلىق خىزمەت پونكىتى**

ئورنى: غالىبىيەت يولىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان. 1956 ـ يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 3,505 كۋادىرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1,855.29 كۋادىرات مېتىر. ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 24 نەپەر، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئورمانچىلىق، تېخنىكىسىنى قانات يايدۇرۇش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ.

**كوناشەھەر ناھىيە دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى**

ئورنى: خەلق يولىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان، 1955 ـ يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن كۆلىمى 13,700 كۋادىرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3,959.46 كۋادىرات مېتىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 34 نەپەر، ئاساسلىق ۋەزىپىسى دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش، دېھقان تېخنىكلىرىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ

**كوناشەھەر ناھىيىلىك ئۆلچەم پونكىتى**

ئورنى: شوغۇز يولىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، 1976 ـ يىلى قۇرۇلغان. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 6,057.34 كۋادىرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 822.77 كۋادىرات مېتىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 7 نەپەر، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ھەر خىل ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى باھالاپ بېكىتىش، رېمونت قىلىش، تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ.

**كوناشەھەر ناھىيىلىك چارۋا مال دوختۇرخانىسى**

ئورنى: شۇغۇز يولىنىڭ شەرقى قىسمىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان. 1955 ـ يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن كۆلىمى 14 4,813 كۋادىرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1,976.97 كۋادىرات مېتىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 16 نەپەر، ناھىيە بويىچە چارۋىلاردا بولىدىغان ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش داۋالاش، چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش، نەسللەندۈرۈش كەسپىنى ئىشلەيدۇ.

**كوناشەھەر ناھىيىلىك ياغاچ پونكىتى**

ئورنى: خەلق يولىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ شەرىق تەرىپىگە جايلاشقان. 1959 ـ يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 3,686.82 كۋادىرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 889.52 كۋادىرات مېتىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 35 نەپەر، ئاساسى كەسپى، ياغاچ ئېلىش، سېتىش كەسپىنى ئىشلەيدۇ.

**كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەت مېھمان خانىسى**

ئورنى: غالىبىيەت يولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان. 1956 ـ

يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن كۆلىمى 8,034.43 كۋادىرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2,000.5 كۋادىرات مېتىر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 9 نەپەر بولۇپ، ناھىيىگە قاراشلىق ھەر قايسى ئىدارىلارنىڭ يىغىنغا كەلگەنلەرنى ۋە ناھىيىمىزگە خىزمەتكە كەلگەنلەرنى تاماق ۋە ياتاق بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**كوناشەھەر ناھىيىلىك توك بىلەن تەمىنلەش ئورنى**

ئورنى: خەلق يولىنىڭ شىمالىي قىسمىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان. 1980-يىلى قۇرۇلغان. ئىگىلىگەن كۆلىمى 1,065.77 كۋادىرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 226.73 كۋادىرات مېتىر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 5 نەپەر، پۈتۈن ناھىيىنى توك بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## 3. زاۋۇت، كان، قاتناش، كارخانىلىرى

**كوناشەھەر ناھىيىلىك تۇز زاۋۇتى**

ئورنى: كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاشمىلىق يېزىسىدا بولۇپ، 1977-يىلى قۇرۇلغان. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 2,584 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 465.46 كۋادىرات مېتىر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 10 نەپەر. ئىچىملىك ۋە سانائەتكە ئىستېمال قىلىدىغان تۇزنى يېتىشتۈرۈپ بېرىدۇ، يىللىق مەھسۇلاتى 2,000 توننا، قەشقەر رايونى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاست قاتارلىق جايلارغا سېتىلىدۇ.

**كوناشەھەر ناھىيىلىك ئىستېمال بويۇملىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى**

ئورنى: ئىتتىپاق يولىنىڭ شىمالىي قىسمىنىڭ غەرب تەرىپىدە 1957-يىلى قۇرۇلغان. ئىگىلىگەن ئورنى 13,506.9 كۋادىرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3,353.01 كۋادىرات مېتىر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 9 نەپەر. ئاساسلىق كەسپى-كەمپۈت، پېچىنە، ماشىنىدا ياسىلىدىغان يېمەكلىكلەر ۋە ئاچچىقسۇ، جاڭيۇ قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ياسايدۇ.

**كوناشەھەر ناھىيىلىك گىلەم زاۋۇتى**

ئورنى: ئىتتىپاق يولىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ غەرب تەرىپىدە 1977-يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن كۆلىمى 1,200 كۋادىرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 130 كۋادىرات مېتىر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 15 نەپەر، ئاساسلىق ۋەزىپىسى گىلەم ئىشلەپچىقىرىدۇ.

**كوناشەھەر ناھىيىلىك ياغ زاۋۇتى**

ئورنى: خەلق يولىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان. 1969-يىلى

قۇرۇلغان. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 65,124.64 كۋادرات مېتر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 6,603.53 كۋادرات مېتر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 88 نەپەر، ناھىيىنىڭ مايلىقدانغا ئىش قوشۇش، يەم بوغۇزغا ئىش قوشۇش، تەمىنلەش كەسپىنى ئىشلەيدۇ.

**كوناشەھەر ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش، ياساش زاۋۇتى**

ئورنى: خەلق يولىنىڭ شىمالى قىسمىنىڭ غەربىي تەرىپىدە، 1971-يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن كۆلىمى 30,200.64 كۋادرات مېتر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 4,651.42 كۋادرات مېتر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 43 نەپەر، ئومۇمىي خەلق مۈلكچىلىكىدىكى كارخانا بولۇپ، ئاساسلىق ۋەزىپىسى ماشىنا سايمانلارغا ئىش قوشۇش، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش، قۇيمىچىلىق قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ۋە يېزا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

**كوناشەھەر ناھىيىلىك باسما زاۋۇتى**

ئورنى: مەنگەن يولىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. 1973-يىلى قۇرۇلغان. ئىگىلىگەن كۆلىمى 3,361 كۋادرات مېتر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 899.7 كۋادرات مېتر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 10 نەپەر، ھەر خىل جەدۋەل، ھېساب دەپتەرلىرى ۋە ھەر خىل بۇيرۇتمىلەر، تالونلار، كانۋېرت قاتارلىقلارنى بېسىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

**كوناشەھەر ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى زاۋۇتى**

ئورنى: كوناشەھەر ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىي سايباغ يېزىسىدا بولۇپ، 1977-يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 100 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 689 كۋادرات مېتر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 16 نەپەر، ئومۇمىي خەلق مۈلكچىلىكىدىكى كارخانا بولۇپ، ئاساسلىق ۋەزىپىسى سۇنئىي تاش تاختا ياساش، خىش پۇشۇرۇش قاتارلىق ئومۇملاشقان قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىشلەپچىقىرىدۇ.

## 4 - شىركەتلەر

**كوناشەھەر ناھىيىلىك ئاپتوموبىل قاتناش شىركىتى**

ئورنى: خەلق يولىنىڭ شىمالىي قىسمىنىڭ شەرق تەرىپىدە، 1973-يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 32,333.72 كۋادرات مېتر، قورۇلۇش كۆلىمى 3,384.08 كۋادرات مېتر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 44 نەپەر، بۇ ئومۇمىي خەلق مۈلكچىلىكىدىكى كارخانا بولۇپ، يۈك توشۇش، يولۇچى توشۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، چوڭ ئاپتوۋۇزدىن 9، چوڭ تىپتىكى يۈك ئاپتوبىلدىن 8 بار. يىللىق ئورۇندالغان قاتناش ۋەزىپىسى 2 مىليون

80 مىڭ توننا كىلومېتىر، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 539,301.72 يۈەنگە يېتىدۇ.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى

ئورنى: غالىبىيەت يولىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. 1983 - يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 7,563.32 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1,796.59 كۋادرات مېتىر، ئىشچى - خىزمەتچىسى 8 نەپەر، ئاساسلىق ئەمگەك مۇلازىمەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك سودا شىركىتى

ئورنى: خەلق يولىنىڭ شىمالىي قىسمىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان. 1954 - يىلى قۇرۇلغان. ئىگىلىگەن كۆلىمى 8,459.02 كۋادرات مېتىر، قورۇلۇش كۆلىمى 3,640.35 كۋادرات مېتىر ئىشچى - خىزمەتچىسى 68 نەپەر، تۈرلۈك ماللار، 5 خىل مېتال، ئىلمى توقۇلما، يىپ رەخ، يىپەك رەخ قاتارلىق تاۋار ماللارنى كىرگۈزۈپ سېتىش كەسپىي بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك يەرلىك مال، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى

ئورنى: خەلق يولىنىڭ شىمالى قىسمىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان. 1959 - يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن كۆلىمى 11,393.9 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 4,347.77 كۋادرات مېتىر، ئىشچى - خىزمەتچىسى 45 نەپەر، كوللىكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانا، يەرلىك مال، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتى

ئورنى: غالىبىيەت يولىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ شىمالى تەرىپىگە جايلاشقان. 1964 - يىلى قۇرۇلغان. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 10,903.32 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2,429.84 كۋادرات مېتىر، ئىشچى - خىزمەتچىسى 15 نەپەر، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە ھەر خىل زاپچاسلار بىلەن تەمىنلەش كەسپىي بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك بىناكارلىق شىركىتى

ئورنى: خەلق يولى شىمالىي قىسمىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان. 1978 - يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن يېرى 19,073 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2,538.39 كۋادرات مېتىر، ئىشچى - خىزمەتچىسى 30 نەپەر، ھەر خىل بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى كۆتۈرە ئېلىش، ھەر خىل ياغاچ سايمانلارنى ياساش كەسپىي بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك دورا شىركىتى

ئورنى: خەلق يولى جەنۇبىي قىسمىنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان. 1977 - يىلى

قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن كۆلىمى 6,685 كۋادرت مېتر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1,347.76 كۋادرات مېتر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 15 نەپەر، چۆگكو ۋە ياۋروپاچە دورا ماتېرىياللىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. يەرلىك دورا ماتېرىياللارنى سېتىۋالىدۇ. يىللىق ئايرۇتى 600 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

## كوناشەھەر ناھىيىلىك پاختا كەندىر شىركىتى

ئورنى: خەلق يولى جەنۇبىي قىسمىنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان. 1959-يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 50,917.5 كۋادرات مېتر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 5,388.42 كۋادرات مېتر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 154 نەپەر، ئاساسلىق ۋەزىپىسى پاختا پېرىيوم قىلىش، سېتىۋىلىش، ئىش قوشۇش، يۆتكەش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

## كوناشەھەر ناھىيىلىك نېفت كۆمۈر شىركىتى

ئورنى: ئىتتىپاق يولى شىمالىي قىسمىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان. 1975-يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن يېرى 17,533 كۋادرات مېتر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2,475.83 كۋادرات مېتر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 26 نەپەر، ھەر خىل كان مەھسۇلاتى، ماي تۈرلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1985-يىللىق سېتىپ چىقارغان ئومۇمىي ئايرۇتى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن.

## كوناشەھەر ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق شىركىتى

ئورنى: خەلق يولى شىمالىي قىسمىنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان. 1959-يىلى قۇرۇلغان، ئەسلى ئاتىلىشى ئۇرۇقچىلىق خىزمەت پونكىتى بولۇپ، 1979-يىلى ئۇرۇقچىلىق شىركىتىگە ئۆزگەرتىلگەن. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 26,351.95 كۋادرات مېتر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1,664.13 كۋادرات مېتر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 27 نەپەر، ناھىيە بويىچە ئاشلىق، پاختا، مايلىقنىڭ ئەلا سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش، يۆتكەش، تەمىنلەش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

## كوناشەھەر ناھىيىلىك چاي-چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى

ئورنى: ئىتتىپاق يولىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان، ئەسلى ئىسمى تاشقى سودا ئىدارىسى بولۇپ، 1957-يىلى قۇرۇلغان، 1983-يىلى چاي چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتىگە ئۆزگەرتىلگەن، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 16,191.63 كۋادرات مېتر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3,972.44 كۋادرات مېتر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 46 نەپەر، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋىلىش، ئىش قوشۇش، دورا ماتېرىياللىرى، چاي. پىلە غوزىسى قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى سېتىۋىلىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

**كوناشەھەر ناھىيىلىك يىپەك ـ ئىچمەك مولازىمەت شىركىتى**

ئورنى: خەلق يولى شىمالىي قىسمىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان. 1980 ـ يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن يېرى 10,703.44 كۇۋادىرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 4,118.74 كۇۋادىرات مېتىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 19 نەپەر، ئاساسىي يىمەك ـ ئىچمەك، مېھمان كۈتۈش، چاچ ئېلىش، رەسىم تارتىش كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

**كوناشەھەر ناھىيىلىك ئىستېمال شىركىتى**

ئورنى: ئىتىپاق يولى شىمالىي قىسمىنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان. 1962 ـ يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 14,327.5 كۇۋادىرات مېتىر قۇرۇلۇش كۆلىمى 3,529.7 كۇۋادىرات مېتىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 35 نەپەر، ئىستېمال بۇيۇملىرى، گۆش، قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى، سېتىۋېلىش، يۆتكەپ بېرىش، تەمىنلەش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

**كوناشەھەر ناھىيىلىك قەن، تاماكا، ھاراق شىركىتى**

ئورنى: زەمىن يولى شەرىق قىسمىنىڭ جەنۇپ تەرىپىگە جايلاشقان. 1985 ـ يىلى قۇرۇلغان. ئىگىلىگەن يېرى 5,217.3 كۇۋادىرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1,795.2 كۇۋادىرات مېتىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 37 نەپەر، قەن، تاماكو، ھاراق سېتىۋېلىش، سېتىپ چىقىرىش كەسپى بىلەن شۇغۇنلىنىدۇ.

**كوناشەھەر ناھىيىلىك تۇربا سۇيى شىركىتى**

ئورنى: مەدەنىيەت يولى شىمالى قىسمىنىڭ شەرىق تەرىپىگە جايلاشقان، 1985 ـ يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 600 كۇۋادىرات مېتىر، قۇرلۇش كۆلىمى 97.4 كۇۋادىرات مېتىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 11 نەپەر، ماشىنىلاشقان قۇدۇق 2، سۇ مۇنارىسى 1، سۇ ماڭىدىغان تۇربا 8 كىلومېتىر، كۈنلۈك تەمىنلەيدىغان سۇ 540 تونىنا، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 60 مىڭ يۇەن بولۇپ، كوناشەھەر ناھىيە بازىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان مۇھىم ئورۇن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 5 ـ سودا ماگىزىنى، بىرلەشمە كوپىراتىپ، بانكا

**كوناشەر ناھىيىلىك قىزىل بايراق سودا ماگىزىنى**

ئورنى: خەلق يولى شىمالى قىسمىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان. 1971 ـ يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن يېرى 5,925 كۇۋادىرات مېتىر قۇرۇلۇش كۆلىمى 1,587.58 كۇۋادىرات مېتىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 33 نەپەر، تۇرلى ماللار، يىپ رەخ، توقۇلما مال، 5 خىل مېتال قاتارلىق تاۋارلانى سېتىۋېلىش

سېتىپ چىقىرىش، كەسپىي بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، يىللىق ئابورۇتى 1,310,209.89 يۈەنگە يېتىدۇ.

**كوناشەھەر ناھىيىلىك ئۇنىۋېرسال سودا سارىيى**

ئورنى: زەمىن يولى شەرقىي قىسمىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان. 1985-يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن كۆلىمى 1,448 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1,400 كۋادرات مېتىر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 9 نەپەر، تۈرلۈك ماللار، ئېلېكتر سايمانلىرى، يەرلىك مال، يېمەك-ئىچمەك، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى سېتىلىدۇ، 1985-يىللىق ئابورۇتى 200,000 يۈەن.

**كوناشەھەر ناھىيىلىك ئىستېمال سودا ماگىزىنى**

ئورنى: خەلق يولى شىمالىي قىسمىنىڭ زەمىن 4 ئاچا يولىنىڭ دوقمۇشىغا جايلاشقان. ئىگىلىگەن كۆلىمى 1,800 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1,012 كۋادرات مېتىر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 6 نەپەر، يېمەكلىكلەر، قەن، تاماكا، هاراق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، يىللىق ئابورۇتى 190 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

**كوناشەھەر ناھىيىلىك تەمىنات سودا بىرلەشمە كوپېراتىپى**

ئورنى: خەلق يولى ئوتتۇرا قىسمىنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، 1950-يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن كۆلىمى 11,740 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 4,200 كۋادرات مېتىر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 24 نەپەر، يېزا تاۋارلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش تەمىنلەش سېتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

**كوناشەھەر ناھىيىلىك ماشىنىچىلىق كوپېراتىپى**

ئورنى: خەلق يولى شىمالىي قىسمىنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان. 1958-يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 1,488.8 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 829.54 كۋادرات مېتىر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 21 نەپەر بولۇپ، ھەر خىل پاسوندا كىيىم تىكىدۇ.

**كوناشەھەر ناھىيىلىك سودا-سانائەت بانكىسى**

ئورنى: خەلق يولى ئوتتۇرا قىسمىنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان. 1955-يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن كۆلىمى 9,588.5 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3,821 كۋادرات مېتىر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 59 نەپەر، بانكا پۇل مۇئامىلە، ئامانەت كەسپى، دۆ-

لەت غەزىنىسىنى باشقۇرۇش، قەرز پۇل تارقىتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى

ئورنى: ئىنتىپاق يولىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان. 1980 - يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 8,529.8 كۋادرات مېتر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1,931.9 كۋادرات مېتر، ئىشچى - خىزمەتچىسى 232 نەپەر، تۆۋەندە 15 ئامانەت قەرز كوپېراتىپى بولۇپ، يېزىلاردىكى قەرز بېرىش ۋە ئامانەت قويۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

## 6. سەھىيە - مەدەنىي - مائارىپ

### كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى

ئورنى: مەدەنىيەت يولىدا

تەزكىرىنى «كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى

ئورنى: غالىبىيەت يولىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان. 1973 - يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 1,269.5 كۋادرات مېتر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 959.4 كۋادرات مېتر، ئىشچى - خىزمەتچىسى 11 نەپەر بولۇپ، تەنتەربىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ خەلقنىڭ تەن - ساغلاملىقىنى كۈچەيتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك كىنو فىلىم تارقىتىش قويۇش شىركىتى

ئورنى: ئىنتىپاق يولىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان. 1955 - يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن كۆلىمى 13,905 كۋادرات مېتر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3,725 كۋادرات مېتر، ئىشچى - خىزمەتچىسى 17 نەپەر، قىشلىق ۋە يازلىق 2 زال بار، 4,507 ئورۇندۇقى بار، كىنو فىلىم تارقىتىش، كىنو قويۇش، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى

ئورنى: غالىبىيەت يولىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. 1956 - يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن كۆلىمى 10,594 كۋادرات مېتر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2,547.8 كۋادرات مېتر، ئىشچى - خىزمەتچىسى 20 نەپەر بولۇپ، مەدەنىيەت ئىشلىرى، مەدەنىي يادىكارلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئىچىدە كۇتۇپخانا بار، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئەسلىھەلىرى بار بولۇپ،

خەلقنىڭ مەنىۋى - مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى

ئورنى: غالىبىيەت يولىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. 1981 - يىلى قۇرۇلغان. ئىگىلىگەن كۆلىمى 3.467 كۋادرات مېتر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 946 كۋادرات مېتر، ئىشچى - خىزمەتچىسى 23 نەپەر بولۇپ، ئەدەبىي - سەنئەت تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسى

ئورنى: خەلق يولى بىلەن غالىبىيەت يولىنىڭ كېسىپ ئۆتىدىغان يول دوقمۇشىغا جايلاشقان. 1956 - يىلى قۇرۇلغان. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 2.738.9 كۋادرات مېتر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 386.5 كۋادرات مېتر، ئىشچى - خىزمەتچىسى 8 نەپەر ھەر خىل كىتاب بىلەن تەمىنلەش، سېتىش كەسپىنى ئىشلەيدۇ، يىللىق تىجارەت ئابرۇتى 130 مىڭ يۈەن.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى

ئورنى: ئىتتىپاق يولىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. 1956 - يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن كۆلىمى 10.835 كۋادرات مېتر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1.859.9 كۋادرات مېتر، ئىشچى - خىزمەتچىسى 39 نەپەر، پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىگە ماسلىشىپ رادىئو ئارقىلىق تەشۋىقى تەرغىبات خىزمىتى، ئېقىم مەسىلىلىرى سىياسىتى تەربىيىسى ئېلىپ بارىدۇ، تېلېۋىزىيە كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك مەركىزىي باللار يەسلىسى

ئورنى: غالىبىيەت يولى شەرقى قىسمىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان. 1957 - يىلى قۇرۇلغان. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 5.961 كۋادرات مېتر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 728 كۋادرات مېتىر، ئىشچى - خىزمەتچىسى 11 نەپەر، يەسلىدە بار بالا 45 نەپەر، ھەر يىلى يەسلىدىن چىقىدىغان بالا 8 نەپەر، تىل ھېساب، تەنتەربىيە، مۇزىكا، ئادەتتىكى ساۋات توغرىسىدا دەرس ئۆتىدۇ.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپى

ئورنى: خەلق يولى جەنۇبىي قىسمىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان. 1958 - يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 31.533.54 كۋادرات مېتر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3.234.9 كۋادرات مېتر، ئىشچى - خىزمەتچىسى 19 نەپەر، بۇ ئورۇن پارتىيىنىڭ كادىرلار ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ.

**كونىشەھەر ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ**

مەكتەپ ئورنى: مەدەنىيەت يولىدا

تەزكىرىسى «كوناشەھەر ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا.

**كوناشەھەر ناھىيىلىك 2-ئوتتۇرا مەكتەپ**

ئورنى: مەدەنىيەت يولىدا.

تەزكىرىسى «كوناشەھەر ناھىيىلىك 2-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا.

**كوناشەھەر ناھىيىلىك 3-ئوتتۇرا مەكتەپ**

مەكتەپ ئورنى: ئىشلەمچى يولىدا.

تەزكىرىسى «كوناشەھەر ناھىيىلىك 3-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا.

**كوناشەھەر ناھىيىلىك 1-باشلانغۇچ مەكتەپ**

ئورنى: مەدەنىيەت يولىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان.

تەزكىرىسى «كوناشەھەر ناھىيىلىك 1-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا.

**كوناشەھەر ناھىيىلىك 2-باشلانغۇچ مەكتەپ**

ئورنى: مەدەنىيەت يولىدا.

تەزكىرىسى «كوناشەھەر ناھىيىلىك 2-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا.

## 7. ئىدارە ئورگان ۋە باشقىلار

**ج ك پ كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتى**

ئورنى: خەلق يولى جەنۇبىي قىسمىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان. 1950-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلغان. 1970-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كوناشەھەر ناھىيىلىك ئىنقىلاۋى كومىتېتى يادرولۇق گۇرۇپپىسى (خىشىن شياۋزۇ) قۇرۇلغان. 1971-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كوناشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. ئىگىلىگەن كۆلىمى 39,212 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش

كۆلىمى 9,047 كۋادرات مېتىر. ئىشچى-خىزمەتچىسى 122 نەپەر. بۇ ئورۇن كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ پارتىيە رەھبەرلىك ئورگىنى.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى

ئورنى: غالىبىيەت يولى شەرقىي قىسمىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان.

تەزكىرىسى «كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى

ئورنى: غالىبىيەت يولى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى چوڭ قورۇسى ئىچىدە، ھازىر بار ئىشچى-خىزمەتچىسى 20 نەپەر، بۇ ئورگان ئاستىدا سىياسىي قانۇن، مىللىي ئىشلار، مالىيە، يېزا ئىگىلىك، ئىشخانا ۋە مەدەنىي مائارىپ، سەھىيە قاتارلىق 5 تارماق بار. ۋەزىپىسى ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتلىرىگە نازارەت قىلىدۇ. ئۆز ناھىيىسىنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى قارار قىلىدۇ يەرلىكتىكى ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگان. 1980-يىلى قۇرۇلغان.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەش كومىتېتى

ئورنى: غالىبىيەت يولىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەت چوڭ قورۇ ئىچىدە، ھازىر بار ئىشچى-خىزمەتچىسى 15 نەپەر، مىللىي، دىنىي ئىشلار، ئىقتىسادىي، مەدەنىي-مائارىپ، سودا-سانائەت، مۇھاجىرلار قاتارلىق كەسىپلەرنى ئىشلەيدۇ، ھەرمىللەت، ھەر ساھە كىشىلەرنىڭ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىدىغان ئورگىنى 1980-يىلى قۇرۇلغان.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈم

ئورنى: خەلق يولى جەنۇبىي قىسمىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان، دەسلەپكى 1955-يىلى ئەسكەر قوبۇل قىلىش ئىدارىسى دەپ قۇرۇلغان. 1962-يىلى قوراللىق بۆلۈمگە ئۆزگەرتىلگەن، ھازىر بار ئىشچى-خىزمەتچىسى 19 نەپەر، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 16,014 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3,248 كۋادرات مېتىر، ئۇلارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى خەلق ئەسكەرلىرىگە ئۇرۇش تەييارلىق مەشقى، پوس تۇرۇش، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشتىن ئىبارەت، ئادەتتىكى شارائىتتا ئەسكەر ئېلىش قورال ياراقلارنى باشقۇرۇش، زاپاسلىق مۇددىتىنى تىزىملاش، ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ ھەربىيدىن چېكىنگەن، كەسىپ ئالماشقان ھەربىيلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىنقىلاۋىي قۇربانلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە نەپىقە بېرىش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ. ئۇرۇش ۋاقتىدا ئەسكەرلەرنى تەش-

كىلىپ ئورۇشقا قاتناشتۇرىدۇ، ئالدىنقى سەپكە مەدەت بېرىش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى

ئورنى: خەلق يولى جەنۇبىي قىسمىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان. 1950-يىلى قۇرۇلغان. ئىگىلىگەن كۆلىمى 10,247 كۋادرات مېتر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3,577.9 كۋادرات مېتر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 49 نەپەر، ئاستىدا (ھەق تەلەپ، جىنايى ئىشلار، ئىقتىسادىي) دەپ 3 بۆلۈم، ئىشخانا ۋە 6 يېزا خەلق پاتىنگى بار بولۇپ، ھەر خىل دېلولارغا ھۆكۈم چىقىرىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى

ئورنى: مەدەنىيەت يولى جەنۇبىي قىسمىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان. 1963-يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن كۆلىمى 9,476.6 كۋادرات مېتر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2,035.7 كۋادرات مېتر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 36 نەپەر، ئاستىدا. جىنايى ئىشلار تەپتىشى، قانۇن ئىنتىزام تەپتىش، ئىقتىسادىي تەپتىش، ئىشخانا قاتارلىق 5 بۆلۈم بار، ھەر خىل دېلولارنى تەتقىقلەش ئەيىبلەش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى

ئورنى: خەلق يولى جەنۇبىي قىسمىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان. 1950-يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن كۆلىمى 31,533 كۋادرات مېتر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3,766.7 كۋادرات مېتر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 134 نەپەر 5 بۆلۈم بار، تەۋەسىدە 7 پەيچۇسو، 1 تۈرمە بار، پۈتۈن ناھىيىنىڭ جامائەت ئامانلىق خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك باج ئىدارىسى

ئورنى: خەلق يولى شىمالىي قىسمىنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان. 1954-يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 6,574 كۋادرات مېتر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2,462 كۋادرات مېتر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 72 نەپەر، ئاستىدا 4 بۆلۈمچە، ئىشخانا بار، تەۋەسىدە 11 باج پونكىتى بار، سودا-سانائەت باج كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى

ئورنى: خەلق يولى جەنۇبىي قىسمىنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان. 1980-يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن كۆلىمى 4,964.5 كۋادرات مېتر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 4,199 كۋادرات مېتر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 62 نەپەر، ئاستىدا 6 بۆلۈمچە، ئىشخانا بار، تەۋەسىدە

و سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش شۆبىسى بار. سودا - سانائەت كەسپىنى مەمۇرى باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى

ئورنى: خەلق يولى جەنۇبىي قىسمىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان. 1971 - يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 20,028.75 كۋادرات مېتر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 4,030,34 كۋادرات مېتر، ئىشچى - خىزمەتچىسى 189 نەپەر، ئاستىدا 4 بۆلۈمچە 5 سۇ پونكىتى بار، پۈتۈن ناھىيىنىڭ سۇ، توك ئىشلىرى تەرەققىياتى گۈيخۇا پىلان ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسى

ئورنى: خەلق يولى جەنۇبىي قىسمىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان. 1974 - يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن كۆلىمى 16,783.91 كۋادرات مېتر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2,923.56 كۋادرات مېتر، ئىشچى - خىزمەتچىسى 95 نەپەر دېھقانچىلىق ماشىنا سايمانلىرىنى كېڭەيتىش، يېزا ئىگىلىك ماشىنا تېخنىكىلىرىنى تەربىيىلەش، موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنى باشقۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك پوچتا تېلېگراف ئىدارىسى

ئورنى: خەلق يولى شىمالى قىسمىنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان. 1955 - يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن كۆلىمى 7,824 كۋادرات مېتر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2,729 كۋادرات مېتر، ئىشچى - خىزمەتچىسى 98 نەپەر، تەۋەسىدە 14 پوچتا تىجارەت پونكىتى بار بولۇپ، پوچتا تېلېگراف گېزىت، ژۇرنال تارقىتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى

ئورنى: ئىتتىپاق يولى جەنۇبىي قىسمىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان. 1957 - يىلى قۇرۇلغان، ئىگىلىگەن كۆلىمى 29,244 كۋادرات مېتر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 6,060 كۋادرات مېتر، ئىشچى - خىزمەتچىسى 201 نەپەر، ئاستىدا شەرق شامالى ئاشلىق ماگىزىنى، و بۆلۈمچە، ئىشخانا بار، تەۋەسىدە 14 يېزا ئاشلىق پونكىتى بار، ئاشلىق سېتىۋېلىش سېتىپ چىقىرىش، يۆتكەش كەسپىگە مەسئۇل.

### كوناشەھەر ناھىيىلىك 2 - يىنىك سانائەت ئىدارىسى

ئورنى: خەلق يولى جەنۇبىي قىسمىنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان. 1957 - يىلى

قۇرۇلغان، دەسلاپتا قول سانائەت بىرلەشمە بولۇپ، 1980 - يىلى 2 - يىنىڭ سانائەت ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 2,040 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 584.1 كۋادرات مېتىر، ئىشچى - خىزمەتچىسى 13 نەپەر، بۇ ئورۇن ياغاچچىلىق، تۆمۈرچىلىك، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئەترەت، ماشىنىچىلىق قاتارلىق ئورۇنلارنى باشقۇرىدىغان كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى ئورۇن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### قەشقەر شۆبە ھەربىي رايون دېھقانچىلىق مەيدانى

كوناشەھەر ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىغا 7 كىلومېتىر يىراقلىقتا سايباغ يېزا دائىرىسىدە بولۇپ يەر شەكلى تۈزلەڭ، ئومۇمىي كۆلىمى 1,000 مو، تېرىلغۇ كۆلىمى 700 مو، ئىگىلىگەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 300 كۋادرات مېتىر، 1960 - يىلى قۇرۇلغان، ئىشچى - خىزمەتچىسى 18 نەپەر، ئورمان يېرى 7 مو، ھەرخىل دەرەخ 3,000 تۈپ، چوشقا 95 تۇياق، كالا 17 تۇياق، قوي 35 تۇياق، توشقان 100 تۇياق، توخۇ 800 دانە، ئاساسەن بۇغداي، قوناق، تېرىلىدۇ، ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئامۇت، بىر ئاپتوموبىل، 3 تراكتور، بىر دانە قول تراكتورى، بىر كومبايىن بار. شۆبە ھەربىي رايون ئورگىنىنىڭ قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش مەيدانى.

### قەشقەر ۋىلايەتلىك نەسىللىك چارۋا مەيدانى

كوناشەھەر ناھىيە مۇش يېزىسىدا. قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي تەرىپىدە، يەر شەكلى تۈزلەڭ قەشقەر شەھىرىدىن مۇش مەيدانىغىچە 28 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 34 مىڭ مو كېلىدۇ، تېرىلغۇ يېرى 4,798 مو، چارۋىسى 2,255 تۇياق، ئاساسلىقى ئالاتاۋ ئىنەك بار، تەۋەسىدە 1 شۆبە مەيدان، 2 ئەترەت بار، بىر مەكتىپى 70 نەپەر، ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى ئىشچى - خىزمەتچىسى 12 نەپەر، دوختۇرخانا 1، تىببىي خادىم 3 نەپەر. نەسىلدىك كالىنى كۆپەيتىش ئاساس، دېھقانچىلىق قوشۇمچە قىلىنىدۇ.

### جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايون ئارقا سەپ بۆلۈم قوشۇمچە ئىگىلىك مەيدانى

كوناشەھەر ناھىيە لەڭگەر يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا 3.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يېرى تۈزلەڭ، يەر كۆلىمى 450 مو، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 420 مو، قوشۇمچە ئىگىلىك ئاساس قىلىنىدۇ، چوشقا 300 تۇياق، بىنتوزا ياسايدۇ، ئۇن تارتىدۇ، قوشۇمچە بۇغداي، شال تېرىيدۇ، ئىشچى - خىزمەتچىسى 22 نەپەر، تراكتور 2، ئوراش ماشىنىسى 1، 1958 - يىلى قۇرۇلغان.

### جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايون قوماندانلىق شىتابى گەنلۇچۈننىڭ قوشۇمچە ئىگىلىك مەيدانى

كوناشەھەر ناھىيە لەنگەر يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يېرى تۈز، كۆلىمى 750 مو، تېرىلغۇ يېرى 550 مو، قوشۇمچە بۇغداي، ئاق قوناق، تېرىلىدۇ. قوشۇمچە ئىگىلىك ئاساس قىلىنىدۇ. چوشقا باقىدۇ، پىنتوزا ياسايدۇ، ئۇن تارتىپ ھەربىي رايوندىكى ئىدارىلارنى تەمىنلەيدۇ، ئىشچى-خىزمەتچىسى 21 نەپەر، قالغانلىرى ۋاقىتلىق ئىشچىلار، ئىككى تراكتورى بار، 1968-يىلى قۇرۇلغان.

### قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇلاغ ترانسپورت شىركىتى دېھقانچىلىق مەيدانى

كوناشەھەر ناھىيە لەنگەر يېزا تۈمەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى قىسمىدا، ئومۇمىي كۆلىمى 300 مىڭ كىۋادرات مېتىر، تېرىلغۇ يېرى 280 مو، يېزا ئىگىلىك ئاساس قىلىنىدۇ، قوشۇمچە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. قالغىنى ئورمان ۋە سايلىق، ئىشچى 45 نەپەر، 1962-يىلى قۇرۇلغان.

### قەشقەر رايونى نەسىللىك چارۋا مەيدانى خانئۆي شۆبە مەيدانى

كوناشەھەر ناھىيە بەشكېرەم يېزىدا، مۇش يېزىدىكى باش مەيداننىڭ شەرقىگە 70 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. ئومۇمىي كۆلىمى 2,256 مو، تېرىلغۇ كۆلىمى 1,749 مو، 1966-يىلى قۇرۇلغان. 1978-يىلى ئەسلى قەشقەر شەھىرىنىڭ گۆش كالا مەيدانى ئىدى، چارۋىچىلىق ئاساس، قوشۇمچە دېھقانچىلىق قىلىدۇ، 337 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىسى بار، بىر باشلانغۇچ مەكتەپ، 43 ئوقۇغۇچى 8 نەپەر ئوقۇتقۇچى ئىشچى-خىزمەتچىسى بار، بىر دوختۇرخانا بار.

### قەشقەر رايونلۇق ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش دېھقانچىلىق مەيدانى

كوناشەھەر ناھىيە بەشكېرەم يېزا خانئۆي قەدىمكى شەھەر خارابىسىنىڭ يۇقىرىقى قىسمىغا جايلاشقان، قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىگە 28 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 7 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 4 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 28 كۋادرات كىلومېتىر، تېرىلغۇ كۆلىمى 700 مو، ئورمان كۆلىمى 800 مو، ئىشچى-خىزمەتچىلىرى 39 نەپەر، تەۋەسىدە بىر ئوتتۇرا ئەترەت، 6 شۆبە ئەترەت بار. 1966-يىلى قۇرۇلغان. كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ خانئۆي ئورمان مەيدانى بولغان. 1983-يىلى 9-ئايدا قەشقەر ۋالىي مەھكىمە ئەدلىيە باشقارمىسىنىڭ خانئۆي ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش مەيدانىغا ئۆزگەرتىلگەن.

## تاشيول ئىدارىسى قەشقەر بىرىنچى قۇرۇلۇش ئەترىتى دېھقانچىلىق مەيدانى

مۇش يېزا تەۋەسىدە بولۇپ قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىگە، 25.2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈزلەڭ، ئومۇمىي كۆلىمى 1,000 مو، تېرىلغۇ كۆلىمى 500 مو، 194 نەپەر ئىشچىسى بار. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 148 نەپەر، خەنزۇ 46 نەپەر. دېھقانچىلىق ئاساس، بۇغداي، قوناق، شال، كېۋەز تېرىلىدۇ. قوشۇمچە چارۋا باقىدۇ. مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 1، ئوقۇتقۇچى ئىشچى-خىزمەتچىسى 6 نەپەر، ئوقۇغۇچى 31 نەپەر، دوختۇرخانىسى 1، دوختۇر 1 نەپەر، 1952-يىلى قۇرۇلغان، بىنام ئېچىپ يىلدىن-يىلغا كېڭەيتىلگەن.

## مۇش يېزا قارا بەل يايلىقى

مۇش يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 29 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 30 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 12 كىلومېتىر، كۆلىمى 360 كۋادرات كىلومېتىر، يەر شەكلى تۈزلەڭ، ئۆسۈملۈكلىرىدىن سۆگەت، شىۋاق، موخ ئوتلىرى ئۆسىدۇ، قىش ياز بولۇپ، 8,000 تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا باققىلى بولىدۇ. بۇ ئوتلاقنىڭ كىرىش ئاغزىدا قاپ-قارا بەل بولغاچقا قارا بەل-دەپ ئاتالغان.

## قەشقەر رايون يەر تەۋرىشىنى كۆزىتىش ئورنى

كوناشەھەر ناھىيە خانىدى يېزىسىدا بولۇپ قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىگە 9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. ئىشچى-خىزمەتچىسى 15 نەپەر، بۇنىڭدىن خەنزۇ 10 نەپەر، ئۇيغۇر 5 نەپەر، ئىگىلىگەن يېرى 27 مو، قۇرۇلۇش ئورنى 1,102 كۋادرات مېتىر، 1970-يىلى قۇرۇلغان، يەر تەۋرىشىنى ئالدىن ئۆلچەش ئالدىن مەلۇمات بېرىش خىزمىتىگە مەسئۇل، قوتقۇزۇش ماشىنىسىدىن بىرسى بار. چوڭ ئاپتوموبىلدىن 1، تېلېۋىزوردىن 2 سى بار.

## قەشقەر رايونى گەز دەريا باشقارمىسى سۇ تەخسىملەش پونكىتى

كوناشەھەر ناھىيە تاشمىلىق يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ، 1953-يىلى قۇرۇلغان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 500 كۋادرات مېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 200 مو، تېرىلغۇ يېرى 40 مو، ئورمان يېرى 150 مو، ئىشچى-خىزمەتچىسى 17 نەپەر، ھەممىسى ئۇيغۇر. كوناشەھەر، يېڭىشەھەر، ئاقتۇ، يوپۇرغا، قىزىل سۇ ئوبلاست، نەسىللىك قوي فېرمىسى، بىڭتۇەننىڭ 41-42-مەيدانلىرىنىڭ سۇ تەخسىماتىغا مەسئۇل بولىدۇ.

**قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى**

كوناشەھەر ناھىيە سەمەن يېزىسىدا. قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىگە 7.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يەر شەكلى تۈز، ئىگىلىگەن كۆلىمى 150 مو. بۇنىڭدىن قۇرۇلۇش كۆلىمى 30 مو، باغ 70 مو، تېرىلغۇ يېرى 40 مو، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 22 نەپەر، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 14 نەپەر، خەنزۇ 8 نەپەر، 16 مىللىلىق كىنو ئاپاراتىدىن 1 سى بار. 2 تېلېۋىزور، 1 ئاپتوموبىل، 11 قول تراكتورى بار. 1957 ـ يىلى قۇرۇلغان، ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى باشقۇرىدۇ، تەربىيىلەيدۇ.

**قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورنى.**

تەزكىرىسى «ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورنىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا.

**كوناشەھەر يول ئاسراش ئوچاستكا ئوپال دوۋبەنى**

كوناشەھەر ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ، 1965 ـ يىلى قۇرۇلغان. ئىگىلىگەن يېرى 4,662 كۋادرات مېتىر، ئاسرايدىغان يول ئۇزۇنلۇقى 10 كىلومېتىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 7 نەپەر، جوڭگو ـ پاكىستان خەلقئارا تاشيولىنىڭ قارا باشتىن ئوپال يېزا شوتا كەنت كومىتېتىغىچە بولغان يول يۈزىگە مەسئۇل.

**كوناشەھەر يول ئاسراش ئوچاستكىسى سايباغ دوۋبەن**

كوناشەھەر ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 4.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. 1965 ـ يىلى قۇرۇلغان، ئومۇمىي كۆلىمى 3,330 كۋادرات مېتىر، ئاسراش لىنىيەسى 12 كىلومېتىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 15 نەپەر، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 14 نەپەر، خەنزۇ 1 نەپەر.

**كوناشەھەر يول ئاسراش ئوچاستكا ئوغساق دوۋبەنى**

كوناشەھەر ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا 8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. 1965 ـ يىلى قۇرۇلغان. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 3,330 كۋادرات مېتىر، ئاسراش لىنىيە ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىر، (قەشقەر شەھىرى جەنۇبىي شىنجاڭ بىناكارلىق شىركىتىدىن توققۇزاق بازىرىغىچە)، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 15 نەپەر ھەممىسى ئۇيغۇر.

**كوناشەھەر يول ئاسراش ئوچاستكا لەڭگەر دوۋبەنى**

ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 11 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. 1965 ـ يىلى قۇرۇلغان، ئومۇمىي كۆلىمى 3,320 كۋادرات مېتىر، ئاسرايدىغان لىنىيە ئۇزۇنلۇقى 13 كىلومېتىر، (لەڭگەردىن قارا باش داۋبەنگىچە)، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 8 نەپەر، قەشقەر تاشيول باش ئوچاستكىسى، كوناشەھەر تاشيول ئوچاستكىسىغا قارايدۇ.

[illegible] كىلومېتىر، قەشقەر شەھىرىگە ۆ كىلومېتىر يىراقلىقتا
[illegible] ۋەقورىل دەريا كۆۋرۈكى» دەپ ئاتال-
[illegible] 9 مېتىر، 12 ئارا بىتون قۇرۇلمىلاردىن يا-
[illegible] 1967-يىلى قۇرۇلغان. كونا شەھەر
[illegible] شەھىرىگە، جەنۇبىي ئاشقۇرغانغا بارىدىغان جۇڭگو پاكىستان
[illegible] ھېسابلىنىدۇ.

## 三、يەر ناملىرى رولىغا ئىگە بولغان سۇئى
## ئىنشائاتلارنىڭ نامى

[illegible] شىمال
[illegible] ئاشقۇرغانغا بارىدىغان، جۇڭگو پاكىستان تاشيولى
[illegible] ئىككى چوڭ ئارىدىن
[illegible] ئارلىقى 113 مېتىر، 2-چوڭ ئارىسىنىڭ
[illegible] كۆۋرۈكى 13 دىن 60 تونىمىچە، 1967-يىلى قۇ-
[illegible] دەرياسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. كەلگۈن كۆرگىنىدە سۇ-
[illegible] ۋەقورىل دەريا كۆۋرۈكى» دەپ ئاتالغان.

[illegible] كۆۋرۈكى

[illegible] ئوبال يېزىسىنىڭ دائىرىسىدە بولۇپ، تاشقۇرغان،
[illegible] ئۈستىگە سېلىنغان كۆۋرۈك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1968-
[illegible] 25.5 مېتىر، سېمونت ئىستوندىن ياسالغان. كۆۋرۈكنىڭ
[illegible] موداپىئە ئەھمىيىتى ئارا بېرىش-كېلىش ئالاقە ئىشلىرىدا

[illegible] كۆۋرۈكى

[illegible] ئوبال يېزىسىنىڭ دائىرىسىدە بولۇپ تاشقۇرغان ۋە
[illegible] بازار جىلغىسى ئۈستىدە بولۇپ، 1968-يىلى

منثهسن لغاهي مگة لغافي ر ح ملدن رمي ، ☰

رمدن ثغلن رکلالشنة

# سۈنئىي قۇرۇلمىلار نامىلىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇشى

## قىزىل دەريا كۆۋرۈكى

ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا 10 كىلومېتىر، قەشقەر شەھىرىگە 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. قىزىل دەرياسىغا سېلىنغانلىقى ئۈچۈن، «قىزىل دەريا كۆۋرۈكى» دەپ ئاتالغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 189 مېتىر، كەڭلىكى 8 مېتىر، 12 ئارا بېتون قۇرۇلمىلاردىن ياسالغان، كۆتۈرۈش كۈچى 13 دىن 60 توننىغىچە. 1967-يىلى قۇرۇلغان، كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىن قەشقەر شەھىرىگە، جەنۇبىي تاشقورغانغا بارىدىغان جۇڭگو پاكىستان يولىدىكى مۇھىم كۆۋرۈك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## تەلۋىچۈك دەريا كۆرۈكى

كوناشەھەر ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا 8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، شىمالدىن قەشقەر شەھىرىگە، جەنۇبتىن تاشقورغانغا بارىدىغان، جۇڭگو پاكىستان تاشيولى ئۈستىدىكى مۇھىم كۆۋرۈك. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 34·2 مېتىر بولۇپ، ئىككى چوڭ ئارىدىن تەشكىل تاپقان كۆۋرۈك، بۇ ئىككى چوڭ ئارىنىڭ ئارىلىقى 113 مېتىر، 2-چوڭ ئارىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 55·8 مېتىر، كۆتۈرۈش كۈچى 13 دىن 60 توننىغىچە، 1967-يىلى قۇرۇلغان. تەلۋىچۈك دەرياسى قىزىل دەرياسىنىڭ تارمىقى بولۇپ، كەلكۈن مەزگىلىدە سۇنىڭ ئېقىشى شىددەتلىك بولغاچقا «تەلۋىچۈك دەريا كۆۋرۈكى» دەپ ئاتالغان.

## ئوپال يېزا قىزىل جىلغا كۆرۈكى

ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي تەرىپىدە ئوپال يېزىسىنىڭ دائىرىسىدە بولۇپ، تاشقورغان، پاكىستانغا بارىدىغان قىزىل جىلغا ئۈستىگە سېلىنغان كۆرۈك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1968-يىلى قۇرۇلغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 25·5 مېتىر، سېمونت بېتوندىن ياسالغان، كۆۋرۈكنىڭ يۈك كۆتۈرۈشى 13 توننا بولۇپ، دۆلەت مۇداپىئە خەلق ئارا بېرىش-كېلىش ئالاقە ئىشلىرىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ئوپال يېزا بازار جىلغا كۆرۈكى

ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىگە، ئوپال يېزىسىنىڭ دائىرىسىدە بولۇپ تاشقورغان ۋە پاكىستانغا بارىدىغان چوڭ تاشيولنىڭ بازار جىلغىسى ئۈستىدە بولۇپ، 1968-يىلى

قۇرۇلغان. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 25.5 مېتىر، كەڭلىكى 7 مېتىر، سېمونت بېتوندىن ياسالغان كۆۋرۈك. يۈك كۆتۈرۈش كۈچى 13 توننا. پاكىستانغا بارىدىغان خەلق ئارا تاش يول ئۈستىگە سېلىنغان مۇھىم كۆۋرۈك. بازار جىلغىسى ئۈستىگە سېلىنغان كۆۋرۈك بولغاچقا شۇنداق دەپ ئاتالغان.

**ياماننيار كۆۋرۈكى**

ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىغا 12 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايلاشقان، ناھىيەمىزدىن بۇلاقسۇ - تاشمىلىق يېزىلىرىغا، ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ پىلال يېزىسىغا بارىدىغان مۇھىم كۆۋرۈك. ئومۇمىي ئۇزۇنلىقى 100 مېتىر، كەڭلىكى 5 مېتىر، 13 كىچىك ئارىدىن تەركىب تاپقان، ياغاچ كۆۋرۈك. يۈك كۆتۈرۈش كۈچى 8دىن 20 تونىغىچە.

**قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 - سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى**

تەركىبى «قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 - سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا.

**قەشقەر ۋىلايەتلىك 3 - سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى**

تەركىبى «قەشقەر ۋىلايەتلىك 3 - سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا.

**قوغان يېزا ۋاپ سۇ ئامبىرى**

قوغان يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. 1970 - يىلى قۇرۇلغان، 1971 - يىلى ئىشلىتىشكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن، 5 مىليون كۇپ سۇ سىغىدۇ، 8,000 مو يەر سۇغۇرالايدۇ، بېلىق بېقىشقا بولىدۇ. ۋاپ كەنتى دائىرىسىدە بولغاچقا شۇنداق دەپ ئاتالغان.

**ئاۋات يېزا يالاڭ سۇ ئامبىرى**

ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىگە 25.3 كىلومېتىر يىراقلىقتا ئاۋات يېزىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان، 1957 - يىلى قۇرۇلغان، 1958 - يىلى ئىشلىتىشكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. ئۇزۇنلۇقى 700 مېتىر، دامبىنىڭ ئۈستى كەڭلىكى 14 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 16 مېتىر، 8 مىليون كۇپ سۇ سىغىدۇ، سۇ يۈزى 3,000 مو. كېلىدۇ، 22,500 مو يەر سۇغۇرالايدۇ، توپا شېغىل قۇرۇلمىلاردىن تەركىب تاپقان، سۇ چىقىرىش ئاغزىدا بېتوندىن ياسالغان زاكوسى بار، بېلىقچىلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا بولىدۇ، سۇ ئامبىرى يالاڭ جىلغىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يالاڭ سۇ ئامبىرى دەپ ئاتالغان.

### بەشكىرەم يېزا لەڭگەر سۇ ئامبىرى

بەشكىرەم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 2.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. 1958-يىلى قۇرۇلغان، 1960-يىلى ئىشلىتىلگەن، 9 مىليون كۇب سۇ سىغىدۇ، سۇ يۈزى 1,500 مو. 10 مىڭ موغا يېقىن يەر سۇغىرىشقا بولىدۇ. ئامبارنىڭ دامبىسى توپا شېغەلدىن ياسالغان، سۇ چىقىرىش ئاغزىدا بېتون قۇرۇلمىسى بار بېلىقچىلىقنى راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ. لەڭگەر كەنتىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، لەڭگەر سۇ ئامبىرى – دەپ ئاتالغان.

### بەشكىرەم يېزا يېكەنلىك سۇ ئامبىرى

بەشكىرەم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 2.3 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان، 1977-يىلى قۇرۇلغان. 2 مىليون 500 مىڭ كۇب سۇ سىغىدۇ، سۇ يۈزى 450-مو كېلىدۇ. دامبىسى قۇم توپىدىن ياسالغان. سۇغىرىلىدىغان كۆلەم 1,200 مو. بېلىقچىلىقنى راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ، يېكەنلىك دېگەن جايغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن، يېكەنلىك سۇ ئامبىرى – دەپ ئاتالغان.

### قىزىل بايراق سۇ ئامبىرى

يېڭىئۆستەڭ بىلەن ئاقاش ئىككى يېزا ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاقاش يېزىسى بىلەن بولغان ئارىلىقى 11.5 كىلومېتر كېلىدۇ. 1970-يىلى قۇرۇلغان ئەسلى ئىسمى «دۆڭكۆل» دەپ ئاتالغان، دامبا قۇم توپىدىن ياسالغان، زاكۇسى بېتوندىن ياسالغان، 12 مىليون كۇب سۇ سىغىدۇ، سۇغۇرۇش كۆلىمى 50 مىڭ مو، بېلىقچىلىقنى راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ.

### تاشمىلىق ئۆستىڭى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان غەربتىن شەرققە قاراپ ئاقىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 28 كىلومېتر، كەڭلىكى 6 مېتر، چوڭقۇرلۇقى 3.5 مېتر؛ 14 كەنت كومىتېتىنىڭ 75 مىڭ مو يېرىنى سۇغارغىلى بولىدۇ، 1965-يىلى تاشئۆستەڭ قىلىپ ياساپ چىققان، تاشمىلىقنىڭ ئاساسلىق ئۆستىڭى بولغاچقا تاشمىلىق ئۆستىڭى – دەپ ئاتالغان.

### تېرىم ئۆستىڭى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. غەربتىن شەرققە قاراپ ئاقىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 30 كىلو مېتر، كەڭلىكى 2 مېتر، ئېقىش 2.3m/سېكۇنت، مىڭ مو تېرىلغۇ يەرنى سۇغىرىدۇ. 1965-يىلى تاشئۆستەڭ قىلىپ قۇرۇلغان، تېرىم يېزىسىنىڭ ئاساسلىق ئۆستىڭى بولغاچقا تېرىم ئۆستىڭى – دەپ ئاتالغان.

### تەتۈر ئۆستىڭى

لەڭگەر يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا، بولۇپشىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئاقىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 10 كىلومېتىر، كەڭلىكى 15 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 4 مېتىر، سۈرئىتى $11m^3$/سېكۇنت، 1959 - يىلى 3.3 كىلومېتىر ئارىلىقىنى سېمونت تاش بىلەن ياساپ چىققان، 7.6 كىلومېتىر يېرىگە تاش ياتقۇزۇلغان، 3 - ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ ئېلېكتىر ئۆستىڭى، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 5 كىلومېتىر بولۇپ، پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ قىزىل دەرياسىدىكى سۈيىدىن پايدىلىنىپ توك ھاسىل قىلغاندىن كېيىن مۇشۇ ئۆستەڭ ئارقىلىق سۇنى قايتۇرۇپ يەنە قىزىل دەرياسىغا چۈشۈرۈپ بېرىدۇ، بۇ ئۆستەڭ شەرقتىن غەربكە قاراپ سۇ قايتۇرىدىغان بولغاچقا تەتۈر ئۆستەڭ - دەپ ئاتالغان.

### شەھەر ئۆستىڭى

لەنگەر يېزىسى ئىچىدىن ئۆتىدىغان بولۇپ. غەربتىن شەرققە قاراپ ئاقىدۇ، تەتۈر ئۆستەڭدىن باشلىنىپ قەشقەر شەھرىنىڭ قىزىل دۆۋگىچە بارىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 25 كىلومېتىر، كەڭلىكى 3 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 2 مېتىر، ئېقىش سۈرئىتى، $10m^3$/سېكۇنت، 1964 - يىلى تاش ئۆستەڭ قىلىپ ياسالغان، لەڭگەر سەمەن يېزىلىرىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ سۇغۇرۇش كۆلىمى 27،000 مو، بۇ ئۆستەڭدىن قەشقەر شەھرىگە سۇ بارىدىغان بولغاچقا شەھەر ئۆستەڭ - دەپ ئاتالغان.

### چۇمبۇس سۇزاق ئۆستىڭى

قوغان يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا جايلاشقان شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئاقىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىر، كەڭلىكى 4.5 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 1.8 مېتىر، سۈرئىتى $6m^3$/سېكۇنت، 3 كىلومېتىر تاش ئۆستەڭ. 12 كىلومېتىر توپا ئۆستەڭ، 1958 - يىلى ياسالغان، 40 مىڭ مو يەرنى سۇغىرىدۇ، مۇشۇ ئۆستەڭنىڭ ئېقىپ ئۆتىدىغان مۇساپىسىغا قاراپ شۇنداق ئاتالغان.

### ھەزرەت ئۆستىڭى

قوغان يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىگە جايلاشقان شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئاقىدۇ، ئاۋات ئۆستەڭدىن ئايرىلىپ قوغان يېزىسىنىڭ ۋاپ كەنت كومىتېتىغا بارىدۇ، 1963 - يىلى قۇرۇلغان، تاش ئۆستەڭ بولۇپ ئۇزۇنلۇقى 10 كىلومېتىر كەڭلىكى 4 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 1 مېتىر، سۈرئىتى $2m^3$/سېكۇنت . قوغان بىلەن قەشقەر شەھرىنىڭ ئىككى كەنت كومىتېتىدىن 17 مىڭ مو يەرنى سۇغىرىدۇ، ئۆستەڭ ھەزرەتنىڭ دائىرىسىدىن ئېقىپ ئۆتكەچكە شۇنداق - دەپ ئاتالغان.

### ئاۋات ئۆستىڭى

ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. غەربتە قاپقا زاگۇدىن باشلىنىپ شەرقتە خانئۆي قەدىمكى خارابىسىغا بارىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 60 كىلومېتىر. باش قىسمىدا 10 كىلومېتىر ئارىلىق سېمونتتىن ياسالغان. قالغان قىسمى تاش ياتقۇزۇلغان. ئاستى كەڭلىكى 1.2 مېتىر، ئۈستى كەڭلىكى 8 مېتىر، سۇ ئېقىش سۈرئىتى 5 m/سېكۇنت. كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ 7 يېزىسىنى ۋە قەشقەر شەھەر رايونىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ، ئېقىش سۈرئىتى $40m^3$/سېكۇنت. 580 مىڭ مو يەر سۇغىرىلىدۇ. بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيى ئاۋات يېزىسىغا بارىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاۋات ئۆستىڭى ـ دەپ ئاتالغان.

### يالاڭ سۇ ئامبار ئۆستىڭى

ئورنى: ئاۋات يالاڭ سۇ ئامبىرىدىن باشلىنىپ شەرقـقە قاراپ قەدىمكى خانئۆي خارابىلىرىغىچە ئېقىپ بارىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 7 كىلومېتىر، كەڭلىكى 2.5 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 2 مېتىر، 1 كۆپ سۇ ئاقىدۇ. 12 كەنت كومىتېت، بىر مەيدانىنىڭ 40 مىڭ مو ئېتىز ۋە ئورمانلىرىنى سۇغىرىدۇ. 1957 ـ يىلى چېپىلغان توپا ئۆستەڭ. يالاڭ سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيىنى چىقىرىدىغان ئۆستەڭ بولغاچقا شۇنداق ـ دەپ ئاتالغان.

### قارا سۇ ئۆستىڭى

ئورنى سەمەن يېزا كۆك مەسچىت غوجام كەنت كومىتېتىدا بولۇپ، كۆك ئېرىق كەنت كومىتېتىغا بارىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 5 كىلومېتىر. كەڭلىكى 3 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 2 مېتىر، ئېقىش سۈرئىتى 1m/سېكۇنت، سۇغۇرۇش كۆلىمى 3,600 مو. 1972 ـ يىلى چېپىلىپ چىم ياتقۇزۇلغان. سۈيى بۇلاق سۈيى بولغاچقا قارا سۇ ئۆستىڭى ـ دەپ ئاتالغان.

### سىدى ئۆستىڭى

بەشكېرەم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. غەربتىن شەرققە قاراپ ئاقىدۇ، غەربتە قوغان يېزىسىنىڭ شامپاشىا كەنت كومىتېتىدىن باشلىنىپ بەشكېرەمگە ئېقىپ كىرىپ، شەرقتە ۋىلايەتلىك ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغىچە بارىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 19 كىلومېتىر، كەڭلىكى 12 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 2 مېتىر، سۈرئىتى 10m/سېكۇنت، 56 مىڭ مو يەرنى سۇغىرىدۇ، 1963 ـ يىلى چېپىلغان. بۇ ئۆستەڭ سىدى دائىرىسىدىن ئېقىپ ئۆتكەچكە سىدى ئۆستىڭى ـ دەپ ئاتالغان

### تاغبويى ئۆستىڭى

بەشكېرەم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ،

غەربتىن شامپاشادىن باشلىنىپ شەرقتە مورىغىچە بارىدۇ، ئاۋات ئۆستىڭىنىڭ تارمىقى، ئۇزۇنلۇقى 18 كىلومېتىر، كەڭلىكى 15 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 2 مېتىر، سۈرئىتى 10m/سېكۇنت، 48 مىڭ مو يەرنى سۇغىرىدۇ، 1953 - يىلى چېپىلغان ئۆستەڭ تاغ بويىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغان.

### يېڭىئۆستەڭ يېزا شەھەر ئۆستىڭى

شەھەر ئۆستەڭ غەربتىن شەرققە قاراپ ئاقىدۇ، غەربتە تۆۋەنكى يالاڭ سۇ ئامبىرىدىن باشلىنىپ، شىمالدا يىڭنە قاش كەنت كومىتېتىغىچە بارىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 13 كىلومېتىر، كەڭلىكى 4 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 2 مېتىر، سۈرئىتى 2m/سېكۇنت، توپا ئۆستەڭ، 67 مىڭ مو يەرنى سۇغىرىدۇ. بۇندىن 150 يىل ئىلگىرى زوردۇن ھاكىم دەۋرىدە چېپىلغان، قەشقەر شەھەر تەۋەسىدىن باشلانغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

### ئاققاش ئۆستىڭى

ئاققاش يېزىسىدا بولۇپ، يالاڭ سۇ ئامبىرىدىن باشلانغان، غەربتىن شەرققە قاراپ ئاققاش يېزىسىنىڭ شىكەر باغ چارۋىچىلىق مەيدانىغىچە بارىدۇ. توپا ئۆستەڭ. بۇندىن 150 يىل بۇرۇن چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدىكى زوردۇن ھاكىم ۋاقتىدا ياسالغان. ئۇزۇنلۇقى 40 كىلومېتىر، كەڭلىكى 8 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 4 مېتىر، سۈرئىتى 4m/سېكۇنت 5 كەنت كومىتېتى ۋە بىر دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ئۆتىدۇ، 82 مىڭ مو يەرنى سۇغىرىدۇ، ئاققاش يېزىسىنىڭ ئاساسلىق ئۆستىڭى بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

### زەمىن يېزا مۇسۇما ئۆستىڭى

كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدۇ. غەربتىن شەرققە قاراپ ئاقىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 18.8 كىلومېتىر، كەڭلىكى 6 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 2 مېتىر، سۈرئىتى 8m/سېكۇنت، تاش ئۆستەڭ، زەمىن ئوغساق ئىككى يېزىدىن 16 كەنت كومىتېتى ۋە 2 مەيدانىنىڭ 80 مىڭ مو يېرىنى سۇغىرىدۇ، 1966 - يىلى ياسالغان، بۇ ئۆستەڭ مۇسۇما كەنتى ئىچىدىن ئۆتكەنلىكتىن مۇسۇما ئۆستىڭى دەپ ئاتالغان.

### زەمىن يېزا قالماق ئۆستىڭى

كوناشەھەر ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىگە 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. غەربتىن شەرققە قاراپ ئاقىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 36 كىلومېتىر، كەڭلىكى 11 مېتىر. چوڭقۇرلۇقى 1.5 مېتىر، سۈرئىتى 15m/سېكۇنت، توپا ئۆستەڭ. زەمىن سايباغ ئىككى يېزىنىڭ 18 كەنت كومىتېتىدىن 150 مىڭ مو يېرىنى سۇغىرىدۇ، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا 13 - ئەسىردە يۈەن سۇلالىسى

دەۋرىدە موڭغۇل مەھبۇسلىرى تەرپىدىن چىپىلغان شۇنىڭ ئۈچۈن، قالماق ئۆستەڭ دەپ ئاتالغان. 1975 - يىلى كېڭەيتىپ تاش ئۆستەڭ قىلىنغان.

### قاپقا باش زاكىۋ

كوناشەھەر ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا 20 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. مۇش يېزا شەرەك سىيى كەنتىدە، غەربىي جەنۇبىي قىزىل دەريا ئاۋات ئۆستىڭىنىڭ سۇ بۆلۈش ئېغىزىدىن باشلىنىدۇ. 1965 - يىلى ۋىلايەتلىك سۇ باشقارمىسى قۇرغان. جەنۇبتىن شىمالغا بولغان ئۇزۇنلىقى 500 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 300 مېتىر، كۆلىمى 1,500 كۋادرات مېتىر، 4 ناھىيە شەھەرىنىڭ سۈيى ۋە 3 - ئېلېكتىر ئىستانسىيىسىنىڭ سۈيىنى تەڭشەيدۇ، تەۋەسىدە 5 سۇ ئۆلچەش پونكىتى بار، 6 ئارادىن تەركىپ تاپقان، سۇنىڭ ئېقىش سۈرئىتى سېكۇنت/m 300، سېمونت بىتوندىن ياسالغان، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 41 نەپەر، قاپقا دېگەن تاغ ئاغزىدا بولغاچقا شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

### مۇش يېزا ئاق پوستەك زاكىۋسى

كوناشەھەر ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا 25 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. شەرقتىن غەرپكە ئۇزۇنلىقى 600 مېتىر، جەنۇپتىن شىمالغا كەڭلىكى 400 مېتىر، كۆلىمى 4,000 كۋادرات مېتىر. 1975 - يىلى ۋىلايەتلىك 3 - ئېلېكتىر ئىستانسىيىسى ياسىغان. جەمئىي 13 ئارا، بۇنىڭدىن 7 ئارىنى دائىم ئىشلىتىدۇ، 6 ئارا زاپاس تۇرىدۇ، سېمونت بىتوندىن ياسالغان. ئاساسلىق قەشقەر رايونى 3 - ئېلېكتىر ئىستانسىيىسىنىڭ سۈيىنى تەڭشەشتە ئىشلىتىلىدۇ، 3 - ئېلېكتىر ئىستانسىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىسى 11 نەپەر، زاكىۋ ئورنى ئاق پوستەكتە بولغاچقا شۇ نام بېرىلگەن.

# 四、ئاسارە-ئەتىقە ۋە ساياھەت رايونلىرىنىڭ نامى

[illegible]

# مەخمۇد قەشقەرى مەقبەرىسىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى

11 - ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، تىلشۇناس، ئۇلۇق مۇتەپەككۇر مەخمۇد قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسى — ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى بولۇپ، ئوپال يېزىسىنىڭ ئازىخ كەنتىدىكى بىر كىچىك تاغ ئۈستىگە 12 - ئەسىردە (1105 - يىللىرى) بىنا قىلىنغان. قەشقەر شەھىرىگە 39 كىلومېتىر، ناھىيە بازىرىدىن 25 كىلومېتىر يىراقلىقتا.

ئاپىرىدە قىلىنغىنىغا 900 يىلغا يېقىن ۋاقىت بولغان بۇ مەقبەرە، كېسەك ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۇيغۇر ئىسلام مىمارچىلىقى ئۇسلۇبىدا قۇرۇلغان. قەۋرەخانا، تىلاۋەتخانا، ئىشىكاپخانا، ھۇجرا، زال، مۇنارلىق دەرۋازا قاتارلىق 7 بۆلەكتىن تەركىب تاپقان، زال بىلەن تىلاۋەتخانا گۈمبەزلىك، قالغانلىرى تەكشى ئۆگزىلۈك، تورۇسلىرى ۋاساجۇپ، جەگە ھاراق ۋە تۈرۈكلىرى تەكشى يۈزلۈك ئويما نەقىشلىك قۇرۇلۇش بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى تەخمىنەن 900 كۋادرات مېتىر كېلەتتى. پەرامانلاردا يېزىپ قالدۇرۇلغان بېغىشلىمىلارنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا ئەسلىگە سادىق بولغان ھالدا يەرلىك خەلق ئۆزلىكىدىن ئىئانىسات توپلاپ 2 قېتىم رېمونت قىلغان بولسىمۇ، كېيىنكى بىر نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان قايتا رېمونت قىلىنمىغاچقا مەقبەرە ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ ۋەيران بولۇش گىرداۋىغا بېرىپ قالغانىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ مۇھىم تارىخىي يادىكارلىقنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇنى رېمونت قىلىشقا 350 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، 1984 - يىلى 8 - ئايدا ئىش باشلىنىپ، 1986 - يىلى 3 - ئايدا ئۆتكۈزۈپ ئېلىندى. يېڭى مەقبەرە ئەسلىگە سادىق بولغان ھالدا ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي تەرىپىدىن لايىھىلەندى. يېڭى مەقبەرە كۆلىمى 1,160 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىلىرىدىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش دائىرىسىدە ئۈستى گۈمبەز شەكىلدە يېپىلغان 20 كۋادرات مېتىرلىقتىن 5 ئېغىز ئىشىكاپخانا، بىر ئېغىز تىلاۋەتخانا بار. يەنە مەقبەرە جايلاشقان 38 كۋادرات مېتىرلىق ئۆينىڭ 3 تەرىپى ئۇيغۇرچە ئۇسلۇبتىكى ھەر خىل گۈللۈك پەنجىرە توقۇلمىلىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان، جەگە، ھاراق، پارامان، كەۋزە، خا، تۈرۈكلىرىگە مىللىي نەقىشلەر ئويۇلغان، مەقبەرىگە چىقىش ئۈچۈن 69 سېمونت پەلەمپەي ياسالدى. چەشمە زىلال بىلەن ھاي - ھاي تېرەك تۈمۈر رىشاتكىغا ئېلىندى ئەتراپىغا سېمونت خىش ياتقۇزۇلدى.

بۈك باراقسان دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان تاغ ئۈستىدىكى مەقبەرە گويا زۇمرەت

تاغ، ياقۇت چوقا بولۇپ، كۆرۈنۈپ كىشىدە ئىختىيارسىز ھالدا زوق ۋە ھۆرمەت قوزغايدۇ.

## مەخمۇد قەشقىرىنىڭ تەرجىمىھالى

مەشھۇر ئالىم، توركولوگىيىنىڭ ئاساسچىسى مەخمۇد قەشقىرى، (تولۇق ئىسمى: مەخمۇد ئىبنى ھۈسەيىن ئىبنى مۇھەممەت) مىلادى 1008 - يىلى ناھىيىمىزنىڭ ئوپال يېزىسى ئازىخ كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىدىن بىرى بولغان مەھەممەت بۇغراخان (1056 - 1058 - يىللىرى قاراخانىلار تەختىدە ئولتۇرغان) نىڭ نەۋرىسى ھۈسەيىن بولۇپ، ئۇ بىر مەزگىل بارسغان شەھىرىگە ھاكىم بولغان مەرىپەتپەرۋەر كىشى ئىدى. ئانىسى بوبى رابىيەم ئۆز زامانىسىغا يارىشا يۇقىرى مەلۇماتلىق ئىسىل پەزىلەتلىك ئايال بولۇپ، بولغۇسى ئالىمنىڭ بالىلىق تەربىيىسىدە ئالاھىدە رول ئوينىغان.

مەخمۇد قەشقىرى باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئوپالدا، ئوتتۇرا ۋە ئالى مەلۇماتنى قەشقەردىكى مەشھۇر ئالىي بىلىم يۇرتلىرى بولغان «ھامىدىيە ۋە ساچىيە» مەدرىسلىرىدە ئالغان. شەيخ ئىمام زاھىت ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ قەشقىرىدەك يۈكسەك ئىلىملىك ئالىملاردىن تەلىم ئالغان. ئىلمىي ۋە ھەربىي ماھارەتتە تەڭداشسىز ئىستىبدات ئىگىسى بولغان مەخمۇد قەشقىرى ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا ئەرەپ، پارىس قاتارلىق بىر نەچچە خىل تىللارنىمۇ پۇختا ئىگىلىگەن. 1058 - يىلى قاراخانىلار ئوردىسىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق قىرغىنچىلىقتا مەخمۇد قەشقىرىنىڭ دادىسى قەتل قىلىنغان. مەخمۇد قەشقىرىمۇ ئون يىلغا يېقىن تۈركىي قەبىلىلەر ياشايدىغان تاغ، دالا، يېزا شەھەرلەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن، ئاخىرى 1065 - يىللىرى سالجۇقىلار ئىمپېراتورى ئالىپ ئارسلان (1063 - 1072 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ ئوغلى مەلىكشاغا ياتلىق قىلىنغان قاراخانىلار مەلىكىسى توركان خاتۇنغا ئەگىشىپ باغداتقا بارغان. مەخمۇد قەشقىرى باغداتتا ئۆزىنىڭ ئىلمىي ۋە ھاياتىدا توپلىغان ماتېرىياللىرىغا تايىنىپ جاھانشۇمۇل مەشھۇر ئەسەر «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» (تۈركى تىللار دىۋانى) نى يېزىپ 4 قېتىم تۈزۈتۈپ 1074 - يىلى پۈتتۈرگەن ۋە ئابباسىلار خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا بىننى مۇھەممەدىل موقتەدىن بىن ئەمرۇللاغا تەقدىم قىلغان.

مەخمۇد قەشقىرى تەخمىنەن 1080 - يىللىرى باغداتتىن قايتىپ كېلىپ، ئوپالغا ئورۇنلاشقان ۋە «مەدرىسى مەخمۇدىيە» ناملىق بىر ئالىي بىلىم يۇرتى بىنا قىلىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى مۇدەررىسلىك بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئالىم 1105 - يىلى 97 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئالىمنىڭ «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) ئەسىرى بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئەدەبىياتى، تارىخى مەدەنىيىتى، ئېتنوگرافىيىسىنى، تەپەككۇر تەرەققىياتى قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئۆگىنىشتە، تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

# خانئۈيدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

خانئۈيدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىسى ناھىيەمىزنىڭ بەشكېرەم يېزا دائىرىسىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي تەرىپى سېرىق توپىلىق پەلەمپەيسىمان دالا، شىمالىي تەرىپى قۇمالتاغ تىزمىسى، غەربىي ۋە جەنۇبىي تەرىپى مۇنبەت دالا. قەدىمكى شەھەر سېرىق توپىلىق پەلەمپەيسىمان دالاغا قۇرۇلغان. ھازىر شەرقىتىكى شەھەر سېپىلىدىن پەقەت 65 مېترلا قالغان. شەھەر چاسا شەكىلدە بىنا قىلىنغان بولۇپ، ئىككى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرا ئارلىقى 92×97 مېتر كېلىدۇ. شەرقىي تەرەپتىكى سېپىلى لاي بىلەن كۆۋگۈرلۈك قىلىپ قوپۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئاستى كەڭلىكى 6 – 7.5 مېتر، قالدۇق قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 6 مېتر، ئۈستى كەڭلىكى 3.8 مېتر، شىمالىي قىسمىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ئات يۈزى شەكىللىك دالان ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، شەھەر ئىچىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرغىدەك روشەن مەدەنىيەت ئالامەتلىرىنىڭ ئىزلىرى يوق. شەھەر ئىچى ۋە سىرتىدا تارىلىپ چېچىلىپ ياتقان ساپال پارچىلىرى بار. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، ئەرەب يېزىقى چۈشۈرۈلگەن مېتال پۇللار، يۈەنفېڭ يامبۇسى، پارس كۈمۈش پۇلى، قاراخانىلار دەۋرىدىكى كۈمۈش پۇل قاتارلىق قەدىمكى مېتال پۇللاردىن خېلى كۆپ تېپىلغان.

«شىنجاڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى ھەققىدە» دېگەن خاتىرىدە، بۇ خارابە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بىنا قىلىنغان. «سۇلىي بازىرى» شەھەر دەپ يېزىلغان، خۋاڭۋېنيىي ئەپەندى بۇنداق دېيىش توغرا ئەمەس، شۇ جايدىكى يەرلىك كىشىلەرنىڭ چۈشەندۈرۈشى ئىشەنچلىك دەيدۇ. يەرلىك كىشىلەردە بۇ شەھەر ھەققىدە ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن رىۋايەتلەردىن بۇ شەھەر «خانئۆي شەھەر» مەنىسى «خان» ئۆيى دېگەنلىك، قارخانلار خاندانلىقى مۇشۇ شەھەرنى پايتەخت قىلغان دەيدۇ.

خانئۆي قەدىمكى شەھەر خارابىسى تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە بىنا قىلىنغان شەھەر بولۇپ، بۇ دەۋردە بۇ يەردە ياشىغۇچى ئاھالىلەر بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى.

سۇلتان سوتۇق بۇغراخان تەزكىرىسىگە قارىغاندا، سۇلتان سوتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن بۇددىست ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا بولغان قاتتىق جەڭدە بۇ شەھەر خارابىلىققا ئايلانغان، بەزىلەر چاقماق دەرياسىدىن كەلگەن كەلكۈن سۈيى بىلەن خاراپ بولغان دەپمۇ چۈشەندۈرىدۇ. ھەر ئىككى چۈشەن-

دۇرۇش ئەمليەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

«يېڭى تاڭ نامە جۇغراپىيىسى توغرىسىدا» دېگەن كىتابنىڭ 32 - بابىدا «دامان» شەھرىدىن ئۆتۈپ 140 چاقىرىم ماڭغاندا سۇلىي بازىرىغا بارغىلى بولىدۇ. شەھەرنىڭ شەرقىدە خەنجىلڭ بار يەنە سايلىقتا دېيىلگەن مۇشۇ كىتابتا دېيىلگەن ئورۇن ۋە ئارلىق مۇساپىسىدىن قارىغاندا مۇشۇ شەھەرنىڭ ئورنى دەل هازىرقى يەرگە توغرا كېلىدۇ. يۇقىردا بايان قىلىنغان بۇ ئىككى گەپكە ئىشىنىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدىن قەدىمكى شەھەرنىڭ تاڭ سۇلالىسى زامانىسىدا قۇرۇلغانلىقى، شۇنىڭدىن تارتىپ قارخانىلار دەۋرىگىچە ئىشلىتىپ كەلگەنلىكى، كېيىن دىننى ئۆزگىرىش، ئۇرۇش تۈپەيلىدىن خاراپ بولۇپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. 1957 -يىلى 4 -ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتى «خانئۆي» دېگەن تەرجىمە ئىسىم بىلەن بۇ قەدىمكى شەھەرنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئاسىرلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئورنى دەپ ئېلان قىلىنغان.

# مورا مۇنارىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

مورا – بۇددا مۇنارىسى، موراديكى ئىبادەتخانىنىڭ ھازىر ئىككى مۇنارىسى ساقلىنىپ قالغان. بۇ ناھىيىمىزنىڭ بەشكېرەم يېزىسى دائىرىسىگە جايلاشقان. قۇمال تاغنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە بىنا قىلىنغان بولۇپ، ئىبادەتخانا شىمالدىن – جەنۇبقا قاراپ تۇرىدۇ. ئارقىسى تاغلىق، ئالدى قۇرغاق بوز دالا. غەربىي تەرىپىدىكى بىر كىلومېتر ئارلىقتا كەپتەرخانا خارابىسى جايلاشقان. جەنۇبىي تەرىپىدە چاقماق دەرياسى بار، دەريا ئارقىلىق قەدىمكى شەھەر خانئۆيى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ. شەرقىي ۋە غەربىي تەرەپتىكى تۈزلەڭلىكتە ئاققاشتىم خارابىسى ۋە قۇساق خارابىسى بار. خارابىنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى ۋە ئورنىدىن قارىغاندا بۇ ئىبادەتخانىنىڭ بۇرۇن كۆلىمىنىڭ خېلى چوڭ بۇددا ئىبادەتخانىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. موراديكى ئىبادەتخانىنىڭ ھازىر ئىككى مۇنارىسى ساقلىنىپ قالغان. ئىبادەتخانىنىڭ دالان سارايلىرى ئاللا بۇرۇن خاراب بولۇپ، ئىككى ئىبادەتخانا مۇنارىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ناھايىتى ئېغىر ھالدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقتىن رەتلىكىنى بولمايدۇ، ھەم ئورنىنىمۇ تونىغلى بولمايدۇ. ئىككى مۇنارە ئىچىدە شەرقىي – جەنۇب تەرەپتىكى مۇنارە 4 چاسا، ئۈستى يۇمىلاق، ئوتتۇرىسى تۈرۈكسىمان ئاستى كەڭ، ھەر بىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 12·3 مېتر، مۇنارە 5 قەۋەت بولۇپ، بارا – بارا كىچىكلەيدۇ. ئومۇمىي ئېگىزلىكى 8·4 مېتر، مۇنارىنىڭ ئۈستى يۇمىلاق تۈرۈككە ئوخشاش بولۇپ، 2 مېتر ئېگىزلىكتە، مۇنارىنىڭ ئۈستى قىسمى يېرىم شار شەكلىدە، مۇنارىنىڭ ئاستىدىن ئۇچىغىچە بولغان ئېگىزلىكى 12·8 مېتر كېلىدۇ. مۇنارە سامان ئارىلاشتۇرۇلغان سېرىق توپا بىلەن چاپلاپ قۇيۇلغان كېسەكتە پەلەمپەي شەكلىدە قوپۇرۇلغان، ئۇنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئۈستىنكى قىسمىغا يامىشىپ چىققان پۇتلارنىڭ ئىزىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۈستىدە يۇمىلاققىنا بىر كامار بار، مۇنارىنىڭ غەربىدە كېيىنكى كىشىلەر قازغان يوغان غار بار، ئالاقىدار ماتېرىياللاردىن قارىغاندا بۇ غار مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدىمۇ مەۋجۇت ئىكەن، شۇڭا مۇنارغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش بەلكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىدا بولغان بولۇش مۇمكىن.

غەربىي شىمال تەرەپتىكى مۇنارىنىڭ ئاستى چوڭ، ئۈستى كىچىك، ئاستى ئۇزۇنلۇقى 25 مېتر، كەڭلىكى 23·6 مېتر، ئۈستى تۈز، ئۇنىڭ يان تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 14·20 مېتر، كەڭلىكى 12·50 مېتر، مۇنارىنىڭ ئېگىزلىكى 7 مېتر، مۇنارىنىڭ گەۋدىسىدە ۋە ئىككى تەرىپىدە بۇت تەكچىلىرىنىڭ ئىزلىرى بار بۇ ئەينى زاماندىكى بۇت ھەيكەللىرىنىڭ ئورنى بولسا كېرەك، مۇنارىنىڭ ئالدىدىكى قۇرۇلمىلار خارابىسىنىڭ كۆمۈر (ئوتان

كۆمۈر) كۆيۈك توپا قاتلىمى بار. بۇنىڭدىن بۇ ئىبادەتخانىنىڭ باشقا قۇرۇلۇشلىرى كۆيۈپ خاراپ بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئىبادەتخانىنىڭ شەرقىي-جەنۇبىدا بىر قۇملۇق چوقا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ھازىرغىچە بىر گۇرۇپپا ئۆي ئىمارەتلەرنىڭ خارابىسى ساقلىنىپ قالغان. خارابىسى بىلەن مۇنار ئارلىقىدا راھىپلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئىزى بار. كىچىك قۇملۇق چوقا ئاستىدا قەدىمكى زامان كارىزلىرى بار. ئىبادەتخانىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تاغ باغرىدىن ئىبادەتخانىنى ئەگىپ ئۆتكەندە ئىبادەتخانىنىڭ بىر كىلومېتىر ئارلىققا سوزۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. يەر تۈزۈلۈشتىن قارىغاندا بۇ بىر يۈرۈش كارىزلار ئەينى زاماندا راھىپ شەيخلەرنىڭ سۇ ئىچىش ۋە تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن قېزىلغان، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئىبادەتخانا دائىرىسىدە بەلكى باغ-ۋارانلارمۇ بولغان بولۇشى مۇمكىن. يەر زېمىن قاتارلىق ئىبادەتخانا مۈلۈكلىرى تاغ باغرىدا بولۇپ، ھازىر تاشلىنىپ سايغا ئايلىنىپ كەتكەن. پەرق ئېتىش تەس.

مورا-بۇددا مۇنارىسى ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى قۇرۇلۇش بولۇپ، قارىغاندا مىلادى 10-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆتكەن قاراخانىلار خاندانلىقىدىكى سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاھالىنى قىرغىن قىلىپ ئۇرۇش ۋاقتىدا بۇ ئىسجادەتخانىنى ئوت قويۇپ ۋەيران قىلىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن، مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا ۋە دۇشۇ ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدا جۇڭگو ۋە چەتئەللىك ئارخىلوگلار بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. بۇ خارابىسى قېزىپ گەج بىلەن قاتۇرۇلغان بۇت ھەيكەللەرنىڭ بىرمۇنچە پارچىلىرىنى تېپىپ چىققان، ھەيكەللەرنىڭ يۈز قىسمى، ياسىلىش سەنئىتى ناھايىتى جانلىق ئوبرازلىق بولۇپ، مارالبېشىدىكى و ساراي بۇت ھەيكەللىرىنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش. بۇ تارىخنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە، ھازىر بۇ خارابە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ نۇقتىلىق ئاسرايدىغان مەدىنى يادىكارلىقلار ئورنى قىلىندى.

# ئاسارە- ئەتىقە ۋە ساياھەت رايونلىرىنىڭ
# قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

كۆمۈر، كۆيدۈرۈلگەن تۇپا قاتلىمى بار. بۇنىڭدىن بۇ ئىبادەتخانىنىڭ باشقا قۇرۇلۇشلىرى كۆيۈپ، خاراپ بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئىبادەتخانىنىڭ شەرقىي - جەنۇبىدا بىر قۇمۇلۇق چوققا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ھازىرغىچە بىر گۈرۈپپا ئۆي ئىمارەتلەرنىڭ خارابىسى ساقلىنىپ قالغان. خارابىسى بىلەن مازار ئارلىقىدا راھىبلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئىزى بار. كىچىك قۇمۇلۇق چوققا ئاستىدا قەدىمكى زامان كارىزلىرى بار. ئىبادەتخانىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تاغ باغرىدىن ئىبادەتخانىغىچە ئۆتكەندە ئىبادەتخانىنىڭ بىر كىلومېتىر ئارىلىقتا سوزۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. يەر تۈزۈلۈشىنى قارىغاندا بۇ بىر يۈرۈش كارىزلار ئەينى زاماندا راھىب شەيخلەرنىڭ سۇ ئىچىش ۋە تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن قېزىلغان، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئىبادەتخانا دائىرىسىدىكى تاغ - ۋادىلاردىمۇ بولغان بولۇشى مۇمكىن، بىر زېمىن قاتارلىق ئىبادەتخانا مۈلۈكلىرى تاغ باغرىدا بولۇپ، ھازىر تاشلىنىپ سايغا ئايلانغىنى كەمكى يېرىق قىتىش تەس.

[illegible]

قارىغاندا مىلادى ١٠ - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆتكەن قاراخانىلار خاقانلىقىنىڭ سۇلتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن [illegible] قىلىنغان ئاھالىنى قىرغىن قىلىپ ئۇرۇش [illegible] بۇ ئىبادەتخانىنى يوق قىلىپ ۋەيران قىلىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن، مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ ٤٠ - يىللىرىدا جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ئارخېئولوگلار بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. بۇ خارابىنى قېزىپ گەج بىلەن قاتۇرۇلغان بۇت ھەيكەللەرنىڭ بىرمۇنچە پارچىلىرىنى تېپىپ چىققان. ھەيكەللەرنىڭ يۈز قىسمى، ياسىلىش سەنئىتى ناھايىتى جانلىق ئىپادىلىك بولۇپ، مارالبېشىدىكى تو سارايى بۇت ھەيكەللىرىنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش. بۇ تارىخنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. ھازىر بۇ خارابە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ نۇقتىلىق ئاسرىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئورنى قىلىنىدى.

# كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى قەدىمقى مەشھۇر يادىكارلىقلار

**1- مەخمۇد قەشقىرىنىڭ مازىرى**

تەزكىرىسى «مەخمۇد قەشقىرى مەقبەرىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دې-
گەن ماتېرىيالدا

**2- يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى تاش قوراللار خارابىسى**

ئوپال يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 12 كىلومېتىر يىراقلىق-تىكى ئوپىلات دېگەن جايدا بولۇپ، 1972- يىلى ئارخېئولوگلار تەرىپىدىن يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى تاش قوراللاردىن نۇرغۇنى قېزىپ چىقىرىلغان، بۇ قوراللار ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيخانىدا ساقلانماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوپىلات كەنتى يېنىدىكى ئاق تالا دېگەن سايدا مىلادى 1- ۋە 2- ئەسىرلەردىكى قەدىمكى شەھەر ئىزلىرىنى پايقىغان.

**3- خاتىر تاش**

ئورنى: مۇش يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مىڭ يول كەنتىدە بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 3- يىلى (مىلادى 1877.- يىلى) 12- ئاي-نىڭ 19- كۈنى چىڭ ئارمىيىسىنىڭ ئالدىنقى سەپ باش قوماندانى لىيۇ جىنتاڭ ياقۇپ بەگنىڭ ئەكسىيەتچىل قالدۇق قوشۇنىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانلىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئورناتقان خاتىر تاش، بۇ تاش ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيخانىدا ساقلانماقتا.

**4- ئۈچ ئەۋلىيا ئۆڭكۈرى**

ئورنى: خاگدىي يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 15 كىلومېتىر يى-راقلىقتىكى قۇمالتاغ چوققىسىنىڭ ¾ قىسمى ئېگىزلىكتە جايلاشقان بولۇپ، ئىشىكى ياي شەكلىدە ياسالغان، ئۈچ تاش ئۆڭكۈردىن ئىبارەت، ئىچىدە تاش ئۈستىگە ئويۇلغان ئەۋلىيالار سۈرىتى بولغاچقا ئۈچ ئەۋلىيا ئۆڭكۈرى دەپ ئاتالغان. تەتقىقاتتىن قارىغاندا ئۆڭكۈر شەكلىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ قالدۇقى بولسا كېرەك. بۇ ئۈچ ئۆڭكۈرنىڭ ھەممىسى ئىچكىرى ۋە تاشقىرى ئىككى ئېغىزدىن بولۇپ، ھەممىسىنىڭ تېشىدىكى ئۆڭكۈرى

چوڭ، ئىچكىرى ئۆڭكۈرى كىچىك، تامدا 70 دىن ئارتۇق سىزما بۇت رەسىملىرى بار. ئوتتۇردىكى ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدىكى ئۆيىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا بىر كاللىسى يوق ئولتۇرغان بۇتنىڭ تاش ھەيكىلى بار. يەنە ساپال، كىگىزنىڭ پارچىلىرى ئۇچرايدۇ. ئۆڭكۈر تورىسىدا نىلوپەر شەكىللىك ھەرخىل رەڭلىك بىزەك بولۇپ، رەڭگى كۆزنى چاقنىتىدۇ. رەسىملەرنى سىزىش، رەڭ بېرىش تېخنىكىسى ناھايىتى ئۇستىلۇن، تاشلاردا ئىسكىنە ئىزلىرى ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ياسالغان دەۋرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىمىزچە شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ سۇلىي پادىشاسى چىمىڭ يىلى دۆلەت ئىچىدە بۇددا دىنىنى ئورناتقاندىن كېيىنكى مەھسۇلاتى بولۇپ، بۇ قەشقەر قەدىمكى زامان بۇددا دىنىنى تارىخىدىكى سىمولى ۋە مەدەنىي مىراسى.

### 5-خانئۆي قەدىمكى شەھەر خارابىسى

تەزكىرىسى «خانئۆي قەدىمكى شەھەر خارابىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا

### 6-مورا مۇنارىسى

تەزكىرىسى «مورا مۇنارىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا

# 五 ، تەبىئى جۇغراپىيىلىك جىسىملارنىڭ نامى

[illegible]

# قىزىل دەرياسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

قىزىل دەرياسى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 2 - چوڭ دەريا ئېقىنى بولۇپ، يەكەن دەرياسىنىڭ كەينىگە تىزىلىدۇ. بۇ دەريا سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 6,048 مېتىر ئېگىزلىكتىكى لېنىن تاغ چوققىسىدىن باشلىنىدۇ. سۇ توپلىنىش كۆلىمى 13,700 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 668 كىلومېتىر، دۆلىتىمىز چېگرىسى ئىچىدىكى ئېقىش ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 600 كىلومېتىر. غەربتىن - شەرققە قاراپ ئۇلۇغچات ناھىيىسى، كوناشەھەر ناھىيىسى، قەشقەر شەھىرى، يېڭىشەھەر ناھىيىسى، پەيزىۋات ناھىيىسى، مارالبېشى ناھىيىسى قاتارلىق ناھىيە شەھەرلەردىن ئۆتۈپ، يەكەن دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ، ئاخىرىدا تارىم دەريا ئېقىنىغا قۇيۇلىدۇ. سۇنىڭ ئېقىش دائىرىسى 15,100 كۋادرات كىلومېتىر.

بۇ دەريانىڭ كوناشەھەر ناھىيە تەۋەلىكىدىكى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 105 كىلومېتىر بولۇپ، مۇش يېزىسىنىڭ 1 - كەنت كومىتېتىدىن ناھىيە چېگرىسىغا ئېقىپ كىرىدۇ. غەربتىن - شەرققە قاراپ ئېقىپ كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ مۇش، زەمىن، لەنگەر، سەمەن، پاختەكلە قاتارلىق 7 يېزىسىدىن ئۆتۈپ، ناھىيە چېگرىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ. دەريا ئېقىنىنىڭ ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 80 مېتىر، قاراڭگىلىك دەرياسى قىزىل دەريا تاغ ئېغىزى سىرتىدىكى بىر تارماق ئېقىن بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 3.26 سېكۇنت/كۇپ مېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 103 مىليون كۇپ مېتىر. ئىككى دەريانى قوشۇپ ھېسابلىغاندا يىللىق نورمالنى ئېقىن مىقدارى 2 مىليارد 118 مىليون كۇپ مېتىر، كوناشەھەر ناھىيىسى، قەشقەر شەھىرى، يېڭىشەھەر ناھىيىسى، پەيزىۋات ناھىيىسى قاتارلىق ناھىيە شەھەرلەرنىڭ 2 مىليون مودىن ئارتۇق يېرىنى سۇغىرىدۇ.

قىزىل دەرياسى پامىر ئېگىزلىكىدىكى سۇلارنىڭ بىرىكىشىدىن پەيدا بولغان تىپىك دەريا ئېقىنى بولۇپ، لېنىن تاغ چوققىسىدىكى قار، مۇزلار ئېرىپ باھار، ياز پەسىللىرىدە تىيانشان ۋە پامىر ئېگىزلىكىدىكى يامغۇر سۇلىرى، بۇلاق سۇلىرى بىلەن قوشۇلۇپ پەيدا بولىدۇ. سۇنىڭ كېلىش مەنبەلىرى مول بولغانلىقتىن سۇنىڭ ئېقىشى مۇقىم. يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىش مىقدارى 63.9 سېكۇنت/كۇپ مېتىر. نورمال بولغان يىللاردىكى ئېقىن مىقدارى 2 مىليارد 59 مىليون كۇپ مېتىر، سۇ كۆپ بولغان يىللىرى 2 مىليارد 282 مىليون كۇپ مېتىر، ئاز بولغان يىللىرى 1 مىليارد 765 مىليون كۇپ مېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىش مىقدارى 2 مىليارد 15 مىليون كۇپ مېتىر بولىدۇ. 5 - ئايدىن 9 - ئايغىچە دەريانىڭ كەلكۈن مەزگىلى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 7 - ئايدىكى

كەلكۈن مىقتارى ئەڭ كۆپ بولىدۇ. كەلكۈن مەزگىلىدىكى سۇ مىقتارى پۈتۈن يىللىق سۇ مىقتارىنىڭ 60% نى تەشكىل قىلىدۇ. سۇ ئاز مەزگىلى 11 – ئايدىن تارتىپ كېيىنكى يىلىنىڭ 3 – ئايلىرىغىچە بولۇپ، بۇ مەزگىلدىكى سۇ پۈتۈن يىللىق سۇ مىقتارىنىڭ 15% نى تەشكىل قىلىدۇ. كەلكۈن سۈيىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئېقىش مىقتارى 1400 سېكۇنت كۇبمېتر، سۇ ئاز مەزگىلدىكى ئېقىش مىقتارى 9.6 سېكۇنت كۇب مېتر، يىللىق ئېقىش سۈرئىتى 3.7 سېكۇنت كۇبمېتر، ئادەتتە ھەر يىلى 12 – ئاينىڭ 10 – كۈنى ئەتراپىدا مۇز تۇتىدۇ، ئىككىنچى يىلى 2 – ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئېرىيدۇ.

بۇ دەريا يۆلۈنىشكە قاراپ ئاققان بولۇپ، دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنى قىزىل تۇپراق يەر قاتلىمىنى يالاپ ئېقىپ كەلگەچكە، دەريا ئېقىنىدىكى يىللىق قۇم مىقدارى كۆپ بولغاندا 3.93 كىلوگرام كۇبمېترغا يېتىدۇ. لاي قۇم ناھايىتى ئۇششاق بولۇپ، دەريا سۈيى لېيىپ جىگەرەڭ كەلگەچكە ئۇيغۇرچە «قىزىل دەريا» دەپ ئاتالغان.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كىلىماتى قۇرغاق، يامغۇر ئاز، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقتارى كۆپ بولغاچقا، سۇدىكى نىترالىلار قويۇق، نىترالىنىش دەرىجىسى يۇقىرى، لېكىن دەريا سۈيى تەركىبىدە بىرقەدەر مول بولغان كالتسىي ($ca$) ۋە ليوسۇنگىن ( $So^4$ ) ئىئونلىرى بار. شۇڭا شورلۇق تۇپراقنى ئۆزگەرتىشتە ئالماشتۇرۇش رولىنى ئۆتەيدۇ. سۇ تەركىبىدىكى PH لىق قىممىتى 7.7 – 7.9 ئارلىقىدا بولۇپ ياخشى سۇغىرىش مەنبىئىي ھېسابلىنىپ، بۇغداي قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىگە بىرقەدەر ماس كېلىدۇ.

كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ قىزىل دەرياسىدىن ئالىدىغان سۇ تەخسىمات نىسبىتى 20.07%، ئوتتۇرىچە ئومۇمىي سۇ ئېلىش مىقتارى 413 مىليون كۇب مېتر، كەلكۈن مەزگىلىدە سۇ تەخسىماتى يوق بولىدۇ. قىش پەسلىدە دەريا سۈيى ئاياققا قويۇۋېتىلىپ، يىللىق ئومۇمىي سۇ ئېلىش مىقتارى تەخسىماتتىن ئاز بولىدۇ. كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ قىزىل دەريا سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان ئومۇمىي يەر كۆلىمى 500 مىڭ مو بولۇپ، چىقىملىق سۇغىرىش نورمىسى 850مو/ كۇبمېتر ئەتراپىدا بولىدۇ.

قىزىل دەريا ئېقىنىدىكى سۇ ھايۋاناتلىرىدىن ئاساسلىقى، ياۋا تاپان بېلىق، ئىلان بېلىق، چىم بېلىق، پاقا بېلىق، قاتارلىقلار بار، سۇ قۇشلىرىدىن ياۋا ئۆدەك، تۇمشۇقلۇق غاز قاتارلىقلار بار.

# گەز دەرياسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

گەز دەرياسى پامىر ئېگىزلىكىدىكى ئۆز بەلتاغ ئېغىزىدىن باشلانغان بولۇپ، سۇ يىغىلىش دائىرىسى 9.753 كۋادىرات كىلومېتىر، ئويتاغ دەرياسى قوشۇلغاندىن كېيىن شەرقىي شىمالغا قاراپ تاغ جىلغىلىرىدىن ئېقىپ چىقىپ، تاشمىلىق يېزىسىدىكى تۇز تاغنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىدىن ناھىيە چېگرىسىگە كىرىدۇ. بۇ دەريا بۇلاقسۇ يېزىسىدىن ئۆتۈپ شەرققە قاراپ ئېقىپ، يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى قۇملۇقتا يوقۇلۇپ كېتىدۇ. يىللىق ئوتتۇرچە ئېقىن مىقدارى 31.3 سېكونت/ كۇبمېتىر، يىللىق ئوتتۇرچە ئېقىن مىقدارى 179 مىليون كۇبمېتىر، ئويتاغ دەرياسىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىش مىقدارى 5.68 سېكونت/كۇبمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىش مىقدارى 179 مىليون كۇب مېتىر، بۇنىڭدىن ئەتىيازلىق سۇ 14.7% نى، يازلىق سۇ 66.2% نى، كۈزلۈك سۇ 17.7% نى، قىشلىق سۇ 6.4% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئىككى دەريانى قوشۇپ ھېسابلىغاندا نورمالنى يىللاردىكى ئېقىش مىقدارى 1 مىليارت 166 مىليون كۇبمېتىر، كوناشەھەر ناھىيە، يېڭىشەھەر ناھىيە، ئاقتۇ ناھىيە، يوپۇرغا ناھىيە، يېزا ئىگىلىك 3-دېۋىزىيەنىڭ 41-42-پولك مەيدانلىرىنىڭ 1 مىليون مودىن ئارتۇق يېرىنى سۇغىرىدۇ.

بۇ دەريادىكى لاي قۇملار يۇقىرىدىنلا پەيدا بولماستىن، بەلكى پەس تاغلىق ۋە يامغۇر سۈيى قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرايدۇ. شۇڭا يۇقىرى ئېقىن بۆلۈك كۆلدە قۇم تەركىبى نىسبەتەن ئازىيىدۇ. ئاياغ ئېقىنغا كەلگەندە دەريانىڭ ئات كوسى تۆۋەنلىگەن بولسىمۇ، لېكىن قوشۇلغان تارماق ئېقىننىڭ تەسىرىدىن قۇم مىقدارى كۆپىيىدۇ. ئوتتۇرىچە قۇم تەركىبى 2.68 كىلوگرام، بۇلاقسۇ كۆۋرۈكىگە ئېقىپ كەلگەندە بەزى يىللىرى ئوتتۇرىچە قۇم تەركىبى 6.34 كۇبمېتىر/كىلوگرام گە يېتىدۇ. كۆپ يىللاردىن بۇيان ئوتتۇرىچە قۇم ئېقىش نىسبىتى 87.9 كۇب مېتىر/كىلوگرام بولىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىنتقان قۇم مىقدارى 27,800 تونىنا، قۇم دانىچىلىرى چوڭ، يۇقىرى ئېقىن بۆلۈك كۆلدە، ئوتتۇرىچە قۇم دانىچىلىرىنىڭ دىئامېتىرى 0.0977 mm كېلىدۇ، ئوتتۇرا ئېقىندىكى قۇم دانىچىلىرىنىڭ دىئامېتىرى 0.0550 mm كېلىدۇ. قۇم دانىچىلىرى يۇقىرى ئېقىندىن ئاياغ ئېقىنغا ئېقىپ كېلىپ تەدرىجى كىچىكلەپ كېتىدۇ. قۇم تەركىبىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئېقىن مىقدارى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، قۇم ئېقىش نىسبىتى ياز پەسلى 6-ئايدىن 9-ئايغىچە مەركەزلىشىدۇ. بۇ مەزگىل كېيىنكى قۇم ئېقىش نىسبىتى يىللىق قۇم ئېقىش مىقدارىنىڭ 80% - 90% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئادەتتە بۇلاق سۇلىرىنىڭ قۇم تەركىبى تۆۋەن، لېكىن سۇغىرىش ۋە قاتتىق يامغۇر يېغىش تۈپەيلىدىن قۇم مىقدارىمۇ تېز كۆپىيىدۇ. ناھىيىمىزنىڭ گەزدەرياسىدىن ئالىدىغان سۇ تەخسىمات نىسبىتى 14.27% بولۇپ، ئومۇمىي ئالىدىغان سۇ مىقدارى 178 مىليون كۇبمېتىر، 5 غول

ئۆستەڭ، 7 تارماق ئۆستەڭ بار بولۇپ، 3 يېزىنىڭ 240 مىڭ مو تېرىلغۇ يېرىنى سۇغىرىدۇ. چىقىملىق سۇغىرىش نورمىسى 800 كۇپمېتىر /مو ئەتراپىدا، ھەر يىلى ئالغان سۇ بىلەن بىرگە ئېقىپ كىرىدىغان لاي قۇم 752,300 توننا بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 4.7 mm، شەكىللەنگەن تۇپراق ئادەتتە قۇم تۇپراق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قۇم تۇپراقنىڭ قارشىلىق كۈچى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئارقىلىق تېرىقچىلىق قىلىشقا پايدىلىق.

گەز دەريا گۈرۈك گىدرو پونكىتىنىڭ ئۆلچەش مىقدارى 200 – 450 مىڭ توننا، ھىدروگېن ئىئونىنىڭ قېلىپلىق دەرىجىسى PH لىق قىممىتى 7.7 – 7.9 ئارلىقىدا بولۇپ، تۇز تەركىبى ئاجىز، ئادەم ۋە ھايۋاناتلارنىڭ ئىچىشى، شۇنداقلا سۇغىرىشقا باب كېلىدۇ. ناھىيە بويىچە گەزدەرياسىنىڭ سۇ تەركىبى بىرقەدەر ياخشى، مەزكۇر دەريانى ئازادلىقتىن بۇرۇن ئۇيغۇر تىلى بويىچە «يامانيا» دەرياسى دەپ ئاتالغان، سۇ رەڭگى كۈلرەڭ بولغانلىقى ئۈچۈن كېيىن گەزدەرياسى دەپ نام بەرگەن، سۇدىكى قۇمنىڭ رەڭگى كۈلرەڭ ئېقىش كېلىدۇ.

مەزكۇر ئېقىندىكى سۇ ھايۋاناتلىرىدىن ئاساسلىقى، ياۋا تاپانبېلىق، ئىلان بېلىق، ياقابېلىق قاتارلىقلار بار. سۇ قۇشلىرىدىن ياۋا ئۆدەك، قىزىل تۇمشۇقلۇق غاز قاتارلىقلار بار.

# كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى تەبىئىي جۇغراپىيىلىك
# جىسىملار ناملىرىنىڭ قىسقىچە
# تونۇشتۇرۇلىشى

بوز تاغ

كوناشەھەر ناھىيە بەش كېرەم يېزىسىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان، باش جاڭگال چۆللىكىنىڭ [illegible] غەربىي جەنۇبقا قاراپ ئېگىزلەپ قىزىل دەرياسى بىلەن ئا[illegible]، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3,500 مېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1,600 مېتىر. تاش شەكىللىرى كۆكۈش [illegible] بولۇپ، [illegible] ئېچىلىپ كەتمىگەن. بوزتاغ بوز رەڭلىك تاغ دېگەن مەنىدە. بوز تاش شەكىلىدىن ئارىلاش تەركىب تاپقانلىقىدىن بوزتاغ دەپ ئاتالغان.

## تەبىئىي جۇغراپىيىلىك جىسىملارنىڭ
## قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

ھەزرىتى مولام تېغى

توپال يېزىسىنىڭ [illegible] كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، غەربتىن شەرققە قاراپ [illegible] دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1,599.5 مېتىر. تاغ جىسىملىرى ئاھاك تېشى، قۇم، شېغىلدىن تەركىب تاپقان. كېچ، ئاھاك تېشى قىزىلدۇر. ئۇزاق تارىم مەخمۇد قەشقەرىنىڭ قەۋرىسى مۇشۇ تاغ باغرىدا بولغاچقا شۇ كىشىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، ھەزرىتى مولام تېغى دەپ ئاتالغان.

قۇمال تاغ

توپال يېزىسىنىڭ غەربىگە 7.8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 32 كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1,872.8 مېتىر كېلىدۇ. قۇم شېغىلدىن تەركىب تاپقان، قۇمتاغ دېگەن مەنىدە.

چەچتاغ

تاشمىلىق يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1,625.4 مېتىر. قۇم شېغىلدىن تەركىب تاپقان، ئۆسۈش قىسمىتى يوق. ئورمانزارلىققا ئايلاندۇرۇشقا بولىدۇ. بۇ تاغنىڭ شەكلى ئاشلىق دۆۋىسىگە ئوخشاش بولغاچقا، چەچتاغ دەپ ئاتالغان.

ئۆستەڭلەر 2 تارماق ئۆستەڭلەردىن بار بولۇپ، 3 يېزىنىڭ 240 مىڭ مو تېرىلغۇ يېرىنى سۇغى-
رىدۇ. چىقىملىق سۇ مىقدارى يىلىغا 300 كۇب مېتىر (مو ھېسابىدا)، ھەر يىلى ئىشلى-
تىلگەن سۇ مىقدارى تەخمىنەن كىرىدىغان لاي، قۇم 752,300 تونا بولۇپ، سالىنىڭ يۈزىدىن
قېلىنلىقى 4.7 mm. شەكىللەنگەن تۇپراق ئاستىدا شور تۇپراق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شور
تۇپراقنىڭ قاتلىمى كۆپ، ئاز سۇ ئۆتكۈزىدىغان تۇپراق ئىشلىتىشچانلىقى ماتېرىياللىرى ئاز
تېرىقچىلىق قىلىشقا ياخشى.

گەرچە كورلا كەندىرى بىيولوگىيىلىك ئېتىز مىقدارى 200 ... سىغ
تۇپراق ... PH ... 7.7 - 7.9 ...
... ئىككى ... تاجىر ... ئوخشاش ...
... گەرچە ... 
... ئازادلىقتىن بۇرۇن ... دەريانى ...
... كورلا ... ئىسىم بەرگەن ...
... كورلا ... قىلىندۇ.

مەزكۇر ... ئىشلىتىلىدۇ ... ئىشلا-
پىلىق ... ئورۇن ...
قاتارلىقلار بار.

# كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى تەبىئىي جۇغراپىيىلىك جىسىملار ناملىرىنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇشى

### بوز تاغ

كوناشەھەر ناھىيە مۇش يېزىسىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان، باش جاڭگال چۆللىكىدىن باشلىنىپ غەربتىن جەنۇپقا قاراپ ئىچكىرلەپ قىزىل دەرياسى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3,500 مېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1,600 مېتىر. تاش شېغىللىرى كۆلرەڭ بولۇپ، تېخى تەكشۈرۈپ ئېچىلمىدى. بوزتاغ بوز رەڭلىك تاغ دېگەن مەنىدە، بوز تاش شېغىلدىن ئارلاش تەركىب تاپقانلىقىدىن بوزتاغ ـ دەپ ئاتالغان.

### ھەزرىتى موللام تېغى

ئوپال يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا 3·8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، غەربتىن شەرققە قاراپ سوزۇلغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 9,400 مېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1,599·5 مېتىر، تاغ جىسىملىرى ئاھاك تېشى، قۇم، شېغىلدىن تەركىب تاپقان، گەج، ئاھاك تېشى قېزىلىدۇ. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقىرىنىڭ قەۋرىسى مۇشۇ تاغ باغرىدا بولغاچقا شۇ كىشىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، ھەزرىتى موللام تېغى دەپ ئاتالغان.

### قۇمال تاغ

ئوپال يېزىسىنىڭ غەربىگە 7·8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 32 كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1,872·8 مېتىر كېلىدۇ. قۇم شېغىلدىن تەركىب تاپقان، قۇمتاغ دېگەن مەنىدە.

### چەچتاغ

تاشمىلىق يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1,625·4 مېتىر، قۇم شېغىلدىن تەركىب تاپقان، ئېچىش قىممىتى يوق. ئورمانزارلىققا ئايلاندۇرسا بولىدۇ. بۇ تاغنىڭ شەكلى ئاشلىق دۆۋىسىگە ئوخشاش بولغاچقا، چەچتاغ دەپ ئاتالغان

## ئاقتاغ

مۇش يېزىسىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 2,264.5 مېتر، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 46 كىلومېتر، ئاتۇشنى مۇشۇ تاغ ئارقىلىق ئايرىپ تۇرىدۇ، تاغنىڭ رەڭگى ئاق بولغاچقا، ئاق تاغ ـ دەپ ئاتىغان.

## بوزتاغ

سەمەن يېزىسىنىڭ شىمالىغا 7 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان، ئومۇمىي ئۇزۇنلىقى 4,000 مېتر، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1,806 مېتر، ئەسلى ئىسمى ئاق تاغ

## قۇمالتاغ

بەشكېرەم يېزىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، ئومۇمىي ئۇزۇنلىقى 2,200 مېتر، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1,000 مېتر، ئاق، كۆكۈش ئىككى خىل توپا شېغىلدىن تەركىب تاپقان، ھازىر ئېچىش قىممىتى يوق. توپا، قۇمتاغ دېگەن مەنىدە.

## تۇزتاغ

تاشمىلىق يېزىسىنىڭ جەنۇبىغا 5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان، ئۇزۇنلۇقى 1,000 مېتر، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1,601 مېتر، ئۈيۈل تاش تۇز بار. 1983- يىلى ناھىيە باشقۇرغان تۇز زاۋۇتى قۇرۇلغان، ئادەم كۈچى بىلەن ئېچىلىدۇ. يەنە ئاز مىقداردا ئاھاك تېشى بار. ھازىر يىلىغا 10 مىڭ توننا تۇز ئىشلەپچىقىرىدىغان تۇز زاۋۇتى قۇرۇلۇۋاتىدۇ. بۇ تۇز كان مۇشۇ زاۋۇتنىڭ ئاساسلىق خام ئەشيا مەنبەسى، تۇز چىقىدىغان تاغ بولغاچقا تۇزتاغ ـ دەپ ئاتالغان.

## قىزىل دەرياسى

تەزكىرىسى «قىزىل دەرياسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا.

## گەز دەرياسى

تەزكىرىسى «گەز دەرياسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماتېرىيالدا.

## تومەن دەرياسى

سەمەن يېزىسىنىڭ ئاقتام دېگەن جايىدىن باشلىنىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 51 كىلومېتر، قەشقەر شەھرىنى كېسىپ ئۆتۈپ يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ يەر سۈغىرىش، ئۆلاغ سۇغۇرۇش، ئادەم ئىچىشكە ئىشلىتىدۇ. بۇلاق سۈيىدىن ھاسىل بولغان دەريا

ئېقىنى بولۇپ يامغۇر سۈيى تېرىلغۇدىن ئاشقان سۇلاردىن تولۇقلىنىپ ئۇزۇن يىللىق دەريا ئېقىنى ھاسىل بولغان، لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈپ بېكىتىشتىن قارىغاندا بۇلغىنىشى ئېغىر، تېببىلىق بىر تەرەپ قىلماي تۇرۇپ بىۋاسىتە ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە سۇ مىقدارى 101 مىليون 500 مىڭ كۇبمېتىر تۈمەن سۆزى، تومان دېگەن سۆزدىن كەلگەن.

## چاقماق دەرياسى

بەشكېرەم يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. قوغان يېزىسىدىن بەشكېرەم، خانئۆي قەدىمكى شەھەر خارابىسىغىچە ئېقىپ بارىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدىكى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 28 كىلومېتىر، كەڭلىكى 400 مېتىر، ئېقىن سۈرئىتى بىر كۇپ مېتىر سېكۇنت، كەلكۈن كەلگەن مەزگىلدە 150 كۇبمېتىر / سېكۇنت تېزلىكتە ئاقىدۇ. سۇغىرىش كۆلىمى 1,200 مو.

## تەلۋىچەك دەرياسى

ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا 7 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. غەربتىن شەرققە قاراپ ئاقىدۇ. قىزىل دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ زەمىن يېزىسىنىڭ تۇلۇغخان بويى كەنتىنىڭ يۇقىرىسىدىن 2 تارماققا بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭ بىرسى قىزىل دەرياسى، يەنە بىرسى تەلۋىچەك دەرياسى، ناھىيە دائىرىسىدىن ئۆتىدىغان مۇساپىسى 15 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. تەلۋىچەك كۆۋرۈكى ئارقىلىق پاختەكلە يېزىسىنىڭ تۆۋەنكى قاقۇللا كەنتىگە كىرىپ يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىن ئۆتۈپ بەيزاۋات ناھىيىسىگە بارىدۇ. كەلكۈن مەزگىلىدە سۇنىڭ ئېقىشى بەك شىددەتلىك بولغاچقا، تەلۋىچەك دەپ ئاتالغان.

## چوڭ يار ئېقىن دەرياسى

بەشكېرەم يېزىسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربتىن شەرققە قاراپ ئاقىدۇ، غەربتە تۇتۇرگىدىن باشلىنىپ شەرقتە تىمگىچە سوزۇلغان. ئومۇمىي ئۇزۇنلىقى 24 كىلومېتىر، كەڭلىكى 400 مېتىر، ئاساسلىق كەلكۈن سۇ كەلگەندە يىكەنلىك سۇ ئامبىرىغا سۇ قاچىلاش ئۈچۈن پايدىلىنىدۇ. ئىككى تەرىپىدە ئۈلاغ باقىدۇ. مەنزىرىسى گۈزەل. بۇ دەريا ئۇزۇن كەڭ چوڭ بولغاچقا، چوڭ يار ئېقىن - دەپ ئاتالغان.

## تۇز كان

تاشمىلىق يېزىسىنىڭ جەنۇبىغا 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. ئۇزۇنلۇقى 1 كىلومېتىر، كەڭلىكى 1 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 1 كىۋادىرات كىلومېتىر، ئۇيۇل كەلگەن

تاش تۇز بار، يەنە ئاز ساندا ئاھاك تېشى بار. 1958 - يىلى ناھىيە باشقۇرغان تۇز زاۋۇتى قۇرۇلغان بولۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىسى 51 نەپەر، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 40 نەپەر، خەنزۇ 11 نەپەر، ئادەم كۈچى بىلەن ئاچىدىغان كان، يىللىق مەھسۇلاتى 10 مىڭ توننا كېلىدىغان زاۋۇت قۇرۇش پىلانلانماقتا.

### ئالتۇن كان

مۇش يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا قىزىل دەرياسىنىڭ چىقىش ئاغزىغا توغرا كېلىدۇ. شەرقتىن غەربكە بولغان ئۇزۇنلۇقى 40 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا بولغان كەڭلىكى 4 كىلومېتىر، كۆلىمى 160 كۋادىرات كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1,674 مېتىر. قۇم، شېغىل ئاق تۇپىدىن ھاسىل بولغان، سېرىق ئالتۇن چىقىدۇ. زاپىسى ئېنىق ئەمەس، ساپ ئالتۇن تەركىبى 80% گە يېتىدۇ، ناھىيىلىك ئالتۇن قېزىش ئىشخانىسى دېھقانلارنى تەشكىللەپ كان ئېچىپ ئالتۇن قازماقچى. يىللىق مەھسۇلاتى 5 سەر.

### قېرىق بۇلاق

ئوپال يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا 12.5 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئوپىلاتنىڭ تۆۋەن قىسمىدىكى دۆڭلۈككە جايلاشقان. كۆلىمى 100 مو، سۇ مىقدارى 380 كۇپمېتىر، ئۇزۇن يىللىق تاتلىق سۇ بۇلىقى، 40 كۆز بۇلاق تەبىئىي ھالدا قوشۇلۇپ قىزىل جىلغا ئاغزىدا ئۆستەڭگە قويۇلىدۇ. سۇغۇرۇش كۆلىمى 25 مىڭ مو، بۇلاق ئەتراپىدا 40 مو كېلىدىغان ساسلىق بولۇپ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن پايدىلىق.

### ماجان بۇلاق

ئوپال يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى قارا ئۆستەڭ كەنت كومىتېتىدا ئورنىدە بولۇپ، كۈنلۈك سۇ مىقدارى 100 كۇپ مېتىر، تاتلىق سۇ چىقىدىغان بۇلاق، 3 كەنت كومىتېتىنىڭ 2,000 مودىن ئارتۇق يېرىنى سۇغۇرىدۇ. بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى خۇددى ماجاندەك ئېتىلىپ چىققاچقا ماجان بۇلاق - دەپ ئاتالغان.

### سۆگەت بۇلاق

مۇش يېزىسىنىڭ شىمالىغا 15.25 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، تەبىئىي پەيدا بولغان تاتلىق سۇلۇق بۇلاق، سۇ مىقدارى 0.25 كۇپمېتىر، 15 مو يەر سۇغۇرۇلىدۇ. بۇلاق ئەتراپىدا بىرقانچە توپ چوڭ سۆگەت بولغانلىقتىن سۆگەت بۇلاق - دەپ ئاتالغان.

**سۇسە ئېقىن جىلغىسى**

ئوپال يېزىسىنىڭ غەربىگە 2.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، سۇسە تاغ ئاغزىدىن باشلىنىپ توپلۇشۇپ بازار جىلغىسىغا قويۇلۇپ غەربتىن شەرققە قاراپ ئاقىدۇ، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلىقى 85 كىلومېتر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 30 مېتر، چوڭقۇرلىقى 40 مېتر، سۇ مىقتارى 50 كۇبمېتر بولۇپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مەلۇم رولى بار. سۇنىڭ رەڭگى كۆك بولغاچقا سۇسە ئېقىن دەپ ئاتالغان.

**يېڭىچكە ئېقىنى**

ئوپال يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.5 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. ئوغرى ياردىن باشلىنىپ باتۇ جىلغىغا قويۇلىدۇ. غەربتىن شەرققە ئومۇمىي ئۇزۇنلىقى 10 كىلومېتر، كەڭلىكى 60 مېتر، چوڭقۇرلىقى 10 مېتر، سۇ سىغىمچانلىقى 60 كۇبمېتر، سۇ مىقتارى 680 كۇبمېتر، 1,000 مو يەر سۇغۇرۇلىدۇ. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مەلۇم ئەھمىيىتى بار.

**لاي ئېقىن جىلغىسى**

ئوپال يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 5.25 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. غەربتىن-شەرققە قاراپ ئاقىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلىقى 5 كىلومېتر، كەڭلىكى 30 مېتر، چوڭقۇرلىقى 4 مېتر، سۇ مىقتارى 15 كۇبمېتر، شوتا جاڭگىلىدىن باشلىنىپ قىزىل جىلغىسىغا قويۇلىدۇ. سۈيى قويۇق لاي بولغاچقا، لاي ئېقىن جىلغىسى - دەپ ئاتالغان.

**بازار جىلغىسى**

ئوپال يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىغا 0.8 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. غەربتىن شەرققە قاراپ ئاقىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلىقى 7 كىلومېتر، كەڭلىكى 50 مېتر، چوڭقۇرلىقى 7 مېتر، سۇنىڭ ئېقىش سۈرئىتى $50M^3$/سېكونت، ياز پەسلىدە پەسىل خاراكتېرلىق كەلكۈن كېلىپ تۇرىدۇ. قىش پەسلىدە بىكار سۇلار ۋە بۇلاق سۈيى مۇشۇ جىلغا بىلەن قىزىل جىلغىغا توپلىنىپ بازاردىن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن بازار جىلغىسى - دەپ ئاتالغان.

**قىزىل جىلغىسى**

ئوپال يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا 9 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. ئوپالنىڭ ئاياغ قىسمىدىن باشلىنىپ بازار جىلغىسىدا يىغىلىپ گەز دەرياسىغا قويۇلىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلىقى 22 كىلومېتر، ئوتتۇرچە كەڭلىكى 30 مېتر، چوڭقۇرلىقى 8

مېتر، ياز پەسلىدە پەسىل خاراكتېرلىق كەلكۈن كېلىدۇ. سۇ سىغىمچانلىقى 300 كۇپ مېتر، قىش پەسلىدە بۇلاق سۈيى ئۈزۈلمەيدۇ. شۇڭا قىزىل جىلغا-دەپ ئاتالغان.

### مەيتوغراق جىلغىسى

ئوپال يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 17 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. ئۇي بۇلاقتىن باشلىنىپ ئوپىلاتتا قىزىل جىلغىغا قويىلىدۇ. غەربىي-شىمالدىن شەرقىي جەنۇپقا قاراپ ئاقىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 4 كىلومېتر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 40 مېتر، ئاز مىقتاردا بۇلاق سۈيى بار. يازدا پەسىل خاراكتېرلىق كەلكۈن كېلىدىغان بولۇپ، سۇ تۇپراق ئېقىپ كېتەسلىك رولىنى ئوينايدۇ. ئىككى تەرىپى توغراقلىق بولغاچقا مەي توغراق-دەپ ئاتالغان.

### گو جىلغا

ئوپال يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 16·25 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. ئۇي بۇلاقتىن باشلىنىپ ئوپىلاتقا بارغاندا قىزىل جىلغىغا قويىلىدۇ. غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇپقا قاراپ ئاقىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 5 كىلومېتر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 50 مېتر، ئاز مىقتاردا بۇلاق سۈيى بار. يازدا پەسىل خاراكتېرلىق كەلكۈن كېلىدۇ، سەل كەلگەندىمۇ سۇ تۇپراق ئېقىپ كېتەسلىك رولى بار. جىلغا چوڭقۇر، گوغا ئوخشاش قاراڭغۇ بولغاچقا گو جىلغا-دەپ ئاتالغان.

### لاي جىلغا

ئوپال يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 16·25 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان. ئۇي بۇلاق جىلغىسىدىن باشلىنىپ ئوپىلاتتا قىزىل جىلغىغا قويىلىدۇ. غەربتىن شەرققە قاراپ ئاقىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 4 كىلومېتر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 45 مېتر، ئاز ساندا بۇلاق سۈيى بار. يازدا پەسىل خاراكتېرلىق كەلكۈن كېلىدۇ، ئادەتتە قۇرۇق جىلغا، سۇدا قۇم لاي كۆپ بولغانلىقتىن لاي جىلغا-دەپ ئاتالغان.

### قارا تاغ ئېقىنى

مۇش يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، قارا تاغنىڭ جەنۇبىدىن باشلىنىپ ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ تۇشۇك تاققا تۇتىشىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 60 كىلومېتر، كەڭلىكى 30 مېتر، يازلىق كەلكۈن سۈيى ئېقىپ كىرىدۇ. جىلغىدا ئاچا، ياۋا جىگدە قاتارلىق دەرەخلەر ئۆسىدۇ. چارۋا بېقىشقا ئەپلىك. قاراتاغ ئاستىدا بولغانلىقتىن قارا تاغ ئېقىنى-دەپ ئاتالغان.

### بۆرە ئېقىنى

مۇش يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. غەربىتىن قوغان گۈمبەز قەۋرىسىدىن باشلىنىپ، شەرقتە كۆل مەھەللىسىگە بارىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلىقى 20 كىلومېتىر، كەڭلىكى 18 مېتىر، قورۇق ئېقىن، بۇرۇن بۆرە كۆپ بولغاچقا بۆرە ئېقىن دەپ ئاتالغان.

### چۇمبۇس سۇزاق جىلغىسى

قوغان يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. شىمالدا ئايىرودرومدىن باشلىنىپ سۇزاققا بارغاندا ئايىقى تۈگەيدۇ. ئۇزۇنلىقى 12 كىلومېتىر، كەڭلىكى 0.6 كىلومېتىر، بۇرۇن سەل بولغۇچ جىلغا بولغان. ھازىر دامبا توساپ تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇرۇلدى، چۇمبۇس، سوزاق كەنتلىرىدىن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن چۇمبۇس، سوزاق جىلغىسى دەپ ئاتالغان.

### ۋاپ جىلغىسى

قوغان يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 2 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئېگىزلىگەن. ئۇزۇنلىقى 6 كىلومېتىر، كەڭلىكى 1 كىلومېتىر، بۇرۇن سەل ئايرىش جىلغىسى ئىدى. ھازىر ئېكىنزارلىققا ئايلاندۇرۇلدى. ئورنى ئاپپاق غوجا ۋەخپىسىگە توغرا كەلگەچكە ۋاپ جىلغىسى دەپ ئاتالغان.

### شامپاشا كىچىك ئېرىق جىلغىسى

قوغان يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە توغرا كېلىدۇ. شىمالدا ئايىرودرومدىن باشلىنىپ جەنۇبىي توقاي كەنت كومىتېتىغا بارىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلىقى 15 كىلومېتىر، كەڭلىكى 0.8 كىلومېتىر، كەلكۈن مەزگىلىدە مۇشۇ جىلغا ئارقىلىق سۇ ئامبىرىغا قويىلىدۇ. ئادەتتە قۇرۇق جىلغا، بىر قىسىم قۇرۇق جىلغىلار يەرگە ئايلاندۇرۇلۇپ تېرىلىدۇ. جىلغا شامپاشا دائىرىسىدە بولغانلىقى ئۈچۈن «شامپاشا كىچىك ئېرىق جىلغا» دەپ ئاتالغان.

### داڭ داڭ (شورلۇق)

ئاۋات يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 3.25 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. ئومۇمىي ئۇزۇنلىقى 15 كىلومېتىر، كەڭلىكى 4 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 60 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. قۇرغاق جاي، شامال كۆپ، قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ. قوموش، ژۇلغۇن، كۆك يانتاق ئۆسىدۇ. ئۇلاغ باققىلى بولىدۇ، يېرى ئاپپاق شورلۇق بولغانلىقتىن «داڭ داڭ» دەپ ئاتالغان.

### تىم شورلۇق

يېڭىئۆستەڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 19 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، غەربتىن شەرققە ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 5 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 95 كۋادرات كىلومېتىر، ھاۋاسى قۇرغاق، ھۆل-يېغىن بەك ئاز، شامال كۆپ، ياۋا ئوت-چۆپلەردىن قۇمۇش، ژۇلغۇن بار. چارۋا بېقىشقا بولىدۇ. خانئۆي خارابىسىدا بىرقانچە تىكەن بولغاچقا تىم شورلۇقى دەپ ئاتالغان.

### ئاقتوقاي ساسلىقى

يېڭىئۆستەڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 17 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 5 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 75 كۋادرات كىلومېتىر، ھاۋا كىلىماتى مۆتىدىل، شامال كۆپ، ھۆل-يېغىن ئاز، قۇمۇش، ژۇلغۇن ئۆسىدۇ. چارۋا بېقىشقا بولىدۇ، دەريانىڭ ئەگىسىگە جايلاشقان ساسلىق جاي بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاقتوقاي ساسلىقى دەپ ئاتالغان.

### گۈمبەز ساي

ئوپال يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 4 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. غەربتىن شەرققە قاراپ سوزۇلغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 26 كىلومېتىر، جەنۇپتىن شىمالغا كەڭلىكى 3 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 108 كۋادرات كىلومېتىر، سايلىقتا كۆك يانتاق ئۆسىدۇ. ئاز ساندا ئۇلاغ باققىلى بولىدۇ. ساسلىقتا قەشقەرگە بارىدىغان يول بولۇپ، يول بويىدا بىر يۇمىلاق گۈمبەز بولغانلىقتىن گۈمبەز ساي - دەپ ئاتالغان.

### ئارا ساي

ئوپال يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 18 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 13 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 3 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 39 كۋادرات كىلومېتىر، كۆك يانتاق، سۆزگەن ئۆسىدۇ. بۇ ساي تاش دەريا بىلەن گەز دەريا ئارىلىقىدا بولغاچقا ئارا ساي دەپ ئاتالغان.

### تاشمىلىق يېزا دۆڭ ساي

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان. ئۇزۇنلۇقى 55 كىلومېتىر، كەڭلىكى 4.5 كىلومېتىر، ئومۇمىي

كۆلىمى 247.5 كۋادىرات كىلومېتىر، بۇ سايدا كۆك يانتاق ۋە باشقا ئوت - چۆپلەر ئۆسىدۇ. جەرەن، ۋە ياۋا توشقانلار ياشايدۇ. چارۋا بېقىشقا بولىدۇ. ئورنى ئېگىز بولغاچقا دۆڭ ساي - دەپ ئاتالغان.

### تاشىملىق يېزا خادا تاش ئوتلاق

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا 8 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. غەربتىن جەنۇپقا ئۇزۇنلىقى 11 كىلومېتىر، كەڭلىكى 3 كىلومېتىر، ئومۇمي كۆلىمى 33 كۋادىرات كىلومېتىر، ئاز ساندا كۆك ياتناق، ئاق تىكەن ئۆسىدۇ. جەرەن، تۈلكە، ياۋا توشقان ياشايدۇ. چارۋا بېقىشقا بولىدۇ، بۇ سايدىكى تاشلار تەبىئىي ھالدا تىزىلغاچقا خادا تاش - دەپ ئاتالغان.

### تۈز ساي

مۇش يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. شەرقتىن - غەربكە ئۇزۇنلىقى 22 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 12 كىلومېتىر، ئومۇمي كۆلىمى 264 كۋادىرات كىلومېتىر، بۇ جاي قۇرغاق، ھۆل - يېغىن ئاز، بوران كۆپ. كۆك يانتاق ۋە باشقا ئوت ئۆسىدۇ. كونا كانۇ يولى بۇ ساينى كېسىپ ئۆتىدۇ. ساي تۈزلەڭ بولغاچقا تۈز ساي - دەپ ئاتالغان.

### لەڭگەر يېزا ھوشۇر سەتەڭنىڭ سېيى

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇزۇنلىقى 1,000 مېتىر، كەڭلىكى 800 مېتىر، ئومۇمي كۆلىمى 800 مىڭ كۋادىرات مېتىر كېلىدۇ. تۇپرىقى قۇم، ئورمان قويۇقشا ئەپلىك، سەمەنلىك ھوشۇر سەتەڭ دېگەن ئادەم بۇ جايغا كېلىپ بىنام ئېچىپ يەر تېرىپ كەنت بىنا قىلغاچقا ھوشۇر سەتەڭنىڭ سېيى - دەپ ئاتالغان.

### خاڭدى يېزا ئۇزۇن ساي

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلىقى 6.5 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 2.5 كىلومېتىر، ئومۇمي كۆلىمى 16.25 كۋادىرات كىلومېتىر، قۇرغاق، شامال كۆپ، ھۆل - يېغىن ئاز، قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ. بۇ ساي ئۇزۇنسىغا سوزۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇزۇن ساي - دەپ ئاتالغان.

### قوغان يېزا ئۇزۇن ساي

يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شىمالىغا، ئۈزۈمچى قەشقەر تاشيولىنىڭ شەر-

قىگە جايلاشقان. شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 4 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 6.5 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 26 كۋادرات كىلومېتىر، بۇ ساي ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغانلىقتىن، ئۇزۇن ساي ـ دەپ ئاتالغان.

**بەشكېرەم يېزا مورا جاڭگال**

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 22 كىلومېتىر، كەڭلىكى 4 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 88 كۋادرات كىلومېتىر، قومۇش، ژۇلغۇن، كۆك يانتاق ئۆسىدۇ، قۇرغاق، شامال كۆپ، بۇ چۆلدە بۇرۇنقى خانئۆي خارابىسىدىن قالغان مۇنار شەكىللىك بىر مۇنار بولغانلىقتىن مورا جاڭگىلى ـ دەپ ئاتالغان.

**ئوپال يېزا شوتا جاڭگىلى**

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ جەنۇبىغا 1.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. غەربتىن جەنۇبقا ئۇزۇنلۇقى 5.5 كىلومېتىر، شەرقتىن شىمالغا كەڭلىكى 4.5 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 24.75 كۋادرات كىلومېتىر، قومۇش ئۆسىدۇ. يىللىق مەھسۇلاتى 2 مىڭ 500 توننا، يازلىق يايلاق قىلىپ، قىشتا ئۇلاغقا يەمەكلىك قىلىدۇ. بۇ جاي شوتىغا ئوخشاش پەلەمپەي شەكىلدە بولغاچقا شوتا جاڭگىلى ـ دەپ ئاتالغان.

**ئوپال يېزا چاشقان جاڭگىلى**

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىگە 9 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 9 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 3 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 27 كۋادرات كىلومېتىر، هاۋا كىلىماتى مۆتىدىل، قومۇش ئۆسىدۇ، چارۋا بېقىشقا بولىدۇ. بۇ جايدا ئۇزۇن ئۆيرۈق چاشقانلار كۆپ بولغانلىقتىن چاشقان جاڭگىلى ـ دەپ ئاتالغان.

**ئوپال يېزا ئاقتالا جاڭگىلى**

يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 13 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 20 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 10 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 200 كۋادرات كىلومېتىر، هاۋا كىلىماتى مۆتىدىل، قۇم ئارلاش تاش، شېغىلدىن هاسىل بولغان قۇملۇق. چارۋا بېقىشقا ئەپلىك ياۋايى هايۋاناتلاردىن بۆرە، تۈلكە، جەرەن، ياۋا توشقانلار بار. بۇ جايىنىڭ تۆپرىقى ئاق سېغىز تۇپراق بولغاچقا ئاق تالا ـ دەپ ئاتالغان.

# يەر ناملىرىنى باشقۇرۇش نىزامى

**(گوۋۇيۈەن 1986 - يىلى 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئېلان قىلغان)**

1 - ماددا يەر ناملىرى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە خەلقئارا ئالاقىنىڭ ئېھتىياجىغا ئويغۇنلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن بۇ نىزام تۈزۈپ چىقىلدى.

2 - ماددا بۇ نىزامدا ئېيتىلغان يەر ناملىرى تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئەمەلىي گەۋدىلەرنىڭ ناملىرى، مەمۇرىي رايون قىلىپ ئايرىلغان جايلارنىڭ ناملىرى، مەھەللەرنىڭ ناملىرى ھەرقايسى كەسپىي تارماقلار قوللىنىۋاتقان يەر نامى ئەھمىيىتىگە ئىگە ئىستانسا، پونكىت (بېكەت)، پورت، مەيدان قاتارلىقلارنىڭ ناملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3 - ماددا يەر ناملىرىنى باشقۇرۇشتا يەر نامى تارىخىي ۋە ھازىرقى ئەھۋالنى ئاساس قىلىپ، يەر ناملىرىنىڭ نىسپىي مۇقىملىقىنى ساقلاش كېرەك. يېڭىدىن نام بېرىشكە ۋە نامنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلگەندە، مۇشۇ نىزامدا بەلگىلەنگەن پرىنسىپ ۋە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇق چېكى بويىچە تەستىقلىتىشقا يوللاش كېرەك. ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسىنىڭ تەستىقتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا بەلگىلىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

4 - ماددا يەرگە نام بېرىشتە تۆۋەندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلىش كېرەك:

(1) خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولۇش، شۇ يەردىكى ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىش، مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر بىلەن بىردەك كېڭىشىش كېرەك.

(2) ئادەتتە ئادەم ئىسمىنى يەر نامى قىلماسلىق كېرەك. دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ئىسمىنى يەر نامى قىلىش مەنئىي قىلىنىدۇ.

(2) پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدىكى ناھىيە، شەھەردىن يۇقىرى دەرىجىلىك يەرلەرنىڭ ناملىرى، بىر ناھىيە، شەھەر ئىچىدىكى يېزا، بازارلارنىڭ ناملىرى، بىر شەھەر بازار ئىچىدىكى مەھەللىلەرنىڭ ناملىرى، بىر يېزا ئىچىدىكى كەنتلەرنىڭ ناملىرى تەكرار بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

(4) ھەرقايسى كەسپىي تارماقلار قوللىنىدىغان يەر نامى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئىستانسا، پونكىت (بېكەت)، پورت، مەيدان قاتارلىقلارنىڭ ناملىرىنى ئادەتتە شۇ يەر-

نىڭ يەر نامى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك.

(5) يات ناملارنى قوللىنىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

**5 ـ ماددا** يەر ناملىرىنى ئۆزگەرتىشتە تۆۋەندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلىش كېرەك:

(1) ئېلىمىزنىڭ ئىگىلىك هوقۇقى ۋە مىللىي غۇرۇرىغا زىيانلىق بولغان، مىللىي كەمسىتىش خاراكتېرىنى ئالغان ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا توسالغۇ بولۇۋاتقان، ئەمگەكچى خەلقنى هاقارەتلەش خاراكتېرىنى ئالغان، ئىنتايىن چاكىنا هەمدە دۆلەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە خىلاپ بولغان يەر ناملىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىش كېرەك.

(2) مەزكۇر نىزامنىڭ تۆتىنچى ماددىسىدىكى ئۈچىنچى، تۆتىنچى، بەشىنچى تارماق ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان يەر ناملىرىنى مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر ۋە شۇ يەردىكى ئاممىنىڭ پىكىرىنى ئالغاندىن كېيىن ئۆزگەرتىۋېتىش كېرەك.

(3) بىر يەرگە كۆپ نام بېرىلىپ كەتكەن، بىر نام كۆپ يېزىلىپ كەتكەن بولسا، بىرلىككە كەلگەن نام ۋە خەتنى قوللىنىشنى بەلگىلەش كېرەك.

(4) يۇقىرىدىكى دائىرىلەرگە تەۋە ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىغان، ئۆزگەرتىسىمۇ، ئۆزگەرتمىسىمۇ بولىدىغان ۋە شۇ يەردىكى ئامما ئۆزگەرتىشكە ماقۇل بولمىغان يەر ناملىرىنى ئۆزگەرتمەسلىك كېرەك.

**6 ـ ماددا** يەرگە نام بېرىش ۋە يەر نامىنى ئۆزگەرتىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش هوقۇق چېكى ۋە ئۇنىڭ تەرتىپلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) مەمۇرىي رايون قىلىپ ئايرىلغان يەرلەرگە نام بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىش گوۋۇيۈەننىڭ «مەمۇرىي رايونلارنى ئايرىشنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» بويىچە بولىدۇ.

(2) مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا مەشهۇر بولغان ياكى ئىككى ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەهەر) دىن كۆپ جايلارغا چېتىشلىق بولغان تاغ، دەريا ۋە كۆل قاتارلىق تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئەمەلىي گەۋدىلەرنىڭ ناملىرى ئۈستىدە ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەهەرلىك خەلق هۆكۈمەتلىرى ئۆز پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ گوۋۇيۈەننىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ بېرىشكە يوللايدۇ.

(3) چېگرا ياقىسىغا جايلاشقان جايلاردىكى چېگرا سىزىقىنىڭ يۆزلىنىشىگە ۋە دېڭىزلاردىكى ئاراللارنىڭ تەۋەلىكىگە چېتىلىشلىق بولغان، چېگرا شەرتنامىسى هەم توختاملىرىغا كىرگۈزۈلگەن تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئەمەلىي گەۋدىلەرنىڭ نامى، مەهەللىلەرنىڭ نامى ئۈستىدە ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەهەرلىك خەلق هۆكۈمەتلىرى ئۆز پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، گوۋۇيۈەننىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ بېرىشكە يوللايدۇ.

(4) ئىلمىي تەكشۈرۈش جەريانىدا، خەلقئارالىق ئومۇم ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان

يېڭى جۇغراپىيىلىك ئەمەلىي گەۋدىلەرگە نام بېرىش ئۈستىدە باشقۇرغۇچى تارماقلار ئۆز پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، گوۋۇيۈەننىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ بېرىشىگە يوللايدۇ.

(5) ھەرقايسى كەسپىي تارماقلار قوللىنىدىغان يەر نامى ئەھمىيىتىگە ئىگە بولغان ئىستانسا، پونكىت (بېكەت)، پورت، مەيدان قاتارلىقلارنىڭ نامىنى شۇ يەردىكى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللىقى ئېلىنغاندىن كېيىن، كەسپىي باشقۇرغۇچى تارماقلار تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ.

(6) شەھەر، بازار، مەھەللىلەرنىڭ نامىنى بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ.

(7) باشقا يەر ناملىرى ئۈستىدە ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپىنى بەلگىلەيدۇ.

(8) يەرگە نام بېرىش، نامىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى يەر نامى ئورگانلىرى ياكى يەر نامى خىزمىتىنى باشقۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ بىجىرىشىگە تاپشۇرۇشقىمۇ، باشقا تارماقلارنىڭ بىجىرىشىگە تاپشۇرۇشقىمۇ بولىدۇ؛ باشقا تارماقلار بىجىرىدىغان بولسا، يەر نامى ئورگانلىرى ياكى يەر نامى خىزمىتىنى باشقۇرغۇچى ئورگانلارنىڭ پىكرىنى ئېلىشى كېرەك.

**7 ـ ماددا** ئازسانلىق مىللەت تىلىدىكى يەر ناملىرىنىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ يېزىلىشىنى، چەت ئەل يەر ناملىرىنىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ يېزىلىشىنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. تەرجىمە قىلىپ يېزىش پىرىنسىپىنى جۇڭگو يەر نامى كومىتېتى تۈزۈپ چىقىدۇ.

**8 ـ ماددا** جۇڭگو يەر ناملىرىنىڭ رىم ھەرپى بىلەن قوشۇپ يېزىلىشىنى دۆلەت ئېلان قىلغان «خەنزۇ تىلى پىنيىن لايىھەسى» بويىچە بىر تۇتاش قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. قوشۇپ يېزىشقا ئائىت تەپسىلىي پىرىنسىپلارنى جۇڭگو يەر نامى كومىتېتى تۈزۈپ چىقىدۇ.

**9 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەستىقلىغان ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتكەن يەر ناملىرىنى يەر نامى ئاپپاراتلىرى مەسئۇل بولۇپ توپلاپ نەشر قىلىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى مەمۇرىي رايون قىلىپ ئايرىلغان جايلارنىڭ ناملىرىنى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى توپلاپ ئايرىم كىتابچە قىلىپ نەشر قىلسا بولىدۇ.

چەت ئەل يەر ناملىرىغا ئائىت كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىشنى جۇڭگو يەر نامى كومىتېتى تەھرىرلەپ تۈزۈپ چىقىشنى ئويۇشتۇرىدۇ.

ھەرقايسى ئىدارە، جامائەت تەشكىلاتلىرى، قىسىم، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار يەر نامىنى قوللانغاندا، يەر نامى ئاپپاراتى ياكى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى تەھرىرلەپ نەشر قىلغان يەر ناملىرى كىتابلىرىنى ئۆلچەم قىلىدۇ.

**10 ـ ماددا** يەر نامى ئارخىپىنى باشقۇرۇش جۇڭگو يەر نامى كومىتېتى ۋە دۆلەت

ئارخىپ ئىدارىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ.

11 ـ ماددا يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنى مۇھىم جايلارغا يەر نامى بەلگىلىرىنى ئورنىتىشقا بۇيرۇيدۇ.

12 ـ ماددا بۇ نىزام يولغا قويۇلۇش جەريانىدا دۇچ كېلىنگەن كونكرېت مەسىلىلەرگە جۇڭگو يەر نامى كومىتېتى تەتقىق قىلىپ كۆرگەندىن كېيىن جاۋاب بېرىدۇ.

13 ـ ماددا بۇ نىزام ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدۇ.

«قەشقەر كونا شەھەر ناھىيە يەر ناملىرى تەزكىرىسى»نىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى، ناھىيىمىزنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، يۇرت ناملىرى ۋە مىللەتلەرنىڭ تىلى جەھەتلەردە بىر مۇھىم تەتقىقات بولۇپ، ئۇ، مۇھىم تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى بۈگۈنكى ناھىيىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە ئۆستۈرۈپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

مامۇت ئىسمايىل

《疏附县地名图志》的出版。对研究我县的历史、地理、地名、民族语言，提高各族人民的科学文化水平，促进四个现代化，建设有中国特色的社会主义，具有重要历史意义和现实意义。

原县长马木提司马义　1987.4.1题赠

«كونا شەھەر ناھىيە يەر-جاي ناملىرى خەرىتىسى ۋە تەزكىرىسى»
نىڭ نەشر قىلىنىشىنى تەبرىكلەيمەن.

بۇ تەزكىرە پىلان نەشر قىلىنىشى، ناھىيىمىزنىڭ يەر-جاي ناملىرى،
جۇغراپىيە خەرىتىسى ئاتالغۇلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، تىلى ۋە تارىخىنى
تەتقىق قىلىشتا؛ ناھىيىمىزنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ناھىيە
مىزنى ئېچىش (1987-يىلى گوۋۇيۈەن ناھىيىمىزنى ئېچىۋېتىلگەن ناھىيە دەپ
ئېلان قىلدى) ئىگىلىك تىكلەش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى
تېزلىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇش سەۋىيە
سىنى ئۆستۈرۈشتە؛ بىر يەرنىڭ نامى كۆپ خىل بولۇش،
نامى ئوخشاش بولسىمۇ مەنىسى ئوخشىمىسلىق، يېزىقتا قوللىنىش ماس
بولماسلىق، مەنىسى ئېنىق بولماسلىق دېگەندەك ئەھۋاللارنى تۈگىتىشتە
مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ «تەزكىرە» تونۇشتۇرۇش [illegible] قۇرۇلۇشنىڭ
ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، كۆرۈۋېلىشقا ئوڭاي تۈزۈلگەن
ئاساسەن. [illegible] يىلغا يېقىن جاپالىق خىزمەت ئارقىلىق
نەشرگە تەييارلاندى. بۇ، كوللېكتىپنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى
بۇ «تەزكىرە»نىڭ نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن، ئۇنى يېزىش
«تەزكىرە»نى تەكشۈرۈپ، تۈزۈشكە قاتناشقان ۋە ئۇنى
نەشرگە تەييارلىغان، بۇ خىزمەتكە ياردەم بەرگەن بارلىق
يولداشلارغا ناھىيىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋاكالىتەن ئەڭ
قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

ئابدۇكېرىم سەلەي.
1989. 1. 9. K.

## 六、يەر ناملىرى تەزكىرىسىنىڭ قوشۇمچىسى

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

1939. 1. 9. K.

# كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسىنى نەشر قىلىش توغرىسىدىكى قارارى

ك ھ چ (87) 16 - نومۇرلۇق

ناھىيىلىك يەر ناملىرى كومىتېتىغا:

دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن ناھىيىمىز 1983 - يىلى 5 - ئايدىن 1984 - يىلى 9 - ئايغىچە يەر ناملىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى. 1984 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرى قەشقەر ۋىلايەتلىك يەر ناملىرى كومىتېتى ئىشخانىسى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، تولۇقلاش ۋە سىستېمىلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلىپ، «كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نىڭ (مۇزاكىرە كۆپىيىسى) نى تۈزۈپ چىقىپ، ناھىيىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ۋە ناھىيىلىك يەر ناملىرى كومىتېتىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنىڭ مۇزاكىرە قىلىشىغا تارقىتىپ بېرىپ، تولۇق مۇزاكىرە قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق يەر ناملىرى كومىتېتى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك يەرناملىرى كومىتېتىغا تەكشۈرۈپ تەستىقلاشقا يوللاندى. ھەرقايسى جەھەتلەردىكى پىكىرلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ناھىيىلىك يەر ناملىرى ئىشخانىسى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈزۈتۈپ، «كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نى تۈزۈش ھەيئىتى تۈزۈتۈش ئارقىلىق ئاخىرقى كۆپىيىسى بېكىتىپ چىقىلدى.

ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۈزۈتۈش ھەيئىتىنىڭ بېكىتكەن كۆپىيىسىگە ئاساسەن «كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ناھىيىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن. شۇنداقلا يەر ناملىرىنى بېكىتىش ئۆلچەملەشتۈرۈش ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق دەپ قاراپ رەسمىي نەشر قىلىشنى قارار قىلدى.

كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى

1987 - يىلى 3 - ئاي 23 - كۈن

# كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەت ھۆججىتى

ك ھ ج (1984) 89 - نومۇرلۇق

## ناھىيىلىك يەر-جاي ناملىرى كومىتېتىنىڭ «ناھىيىمىزنىڭ بىر قىسىم يەر-جاي ناملىرىنى ئۆزگەرتىپ يېڭىدىن نام بەرگەن دوكلاتىنى» ئەستىقلاپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

ھەرقايسى يېزىلىق (بازارلىق) خەلق ھۆكۈمەتلىرى، ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارغا:

ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ناھىيىلىك يەر-جاي ناملىرى كومىتېتىنىڭ ناھىيىمىزدىكى بىر قىسىم يەر-جاي ناملىرىغا يېڭىدىن نام بەرگەن ۋە بىر قىسىم يەر-جاي ناملىرىنى ئۆزگەرتكەن دوكلاتىغا قوشۇلۇپ سىلەرگە تارقاتتۇق، ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشىڭلارنى ئۇقتۇرىمىز.

يەر-جاي ناملىرىغا يېڭىدىن نام بېرىش ۋە ئۆزگەرتىش بولسا بىر خىل ئىنتايىن مۇھىم سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك خىزمەت، ھازىر يېڭىدىن نام بەرگەن ۋە ناملىرىنى ئۆزگەرتىپ بېكىتكەن يەر-جاي ناملىرىدىن باشقىلىرى بىردەك بۇرۇنقى نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ناھىيىلىك شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسى بۇ قېتىم يېڭىدىن نام بەرگەن يوللارغا تېزراق نام يېزىلغان تاختايلارنى بېكىتىشى كېرەك. بۇندىن كېيىن ھەرقايسى ئورۇنلار ئىشلىتىدىغان ئالاقە، تامغا، نوپۇس تىزىملاش، خەۋەرلەر كىتاب ژۇرنال، خەرىتە قاتارلىقلار يېڭىدىن بېكىتىلگەن يەر-جاي ناملىرى بىلەن ئوخشاش بولۇش كېرەك. يېڭىدىن قۇرۇلغان مەھەللە، كوچا، يول، ۋە باشقا سۈنئىي قۇرۇلمىلارغا نام بېرىشتە بىردەك ناھىيىلىك يەر-جاي ناملىرى كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ تەكشۈرۈشى ۋە ناھىيىلىك خەلق

ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللاش كېرەك. ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارى يەر-جاي ناملىرىنى ئۆزگەرتىشكە ۋە يېڭىدىن نام بېرىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى
1984 - يىلى 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى

# يېڭىدىن نام بېرىلگەن يوللارنىڭناملىرى جەدۋىلى

| يېڭىدىن بېرىلگەن نامىلىرى | بۇرۇنقى نامى | توققۇزاق بازىرى |
|---|---|---|
| شىمالى خەلق يولى | يوق | 〃 |
| جەنۇبىي خەلق يولى | يوق | 〃 |
| غالىبىيەت يولى | يوق | 〃 |
| مەدەنىيەت يولى | يوق | 〃 |
| ئىتتىپاق يولى | يوق | 〃 |
| زەمىن يولى | يوق | 〃 |
| مەنگەن يولى | يوق | 〃 |
| شۇغۇز يولى | يوق | 〃 |
| ئىشلەمچى يولى | يوق | 〃 |

# كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەت ھۆججىتى

ك ھ چ (1985) 7 - نومۇرلۇق

## يېزا بازار ئورگانلىرىنىڭ قانۇنلاشقان نامىنى ئىشلىتىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇلغان يەر ناملىرىنى ئېلان قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش

ھەرقايسى يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە، ناھىيىگە قاراشلىق كارخانا كەسپىي ئورۇنلارغا، ھەرقايسى ئىدارە، كومىتېت، ئىشخانىلارغا:

ناھىيىمىزدە ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتى. يېزا كەنت ھۆكۈمەت ئاپپارات قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىر تۈرلۈك ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋەزىپە، نۆۋەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، تۆۋەندىكىلەرنى ئالاھىدە ئۇقتۇرىمىز.

1 - يېزا، بازار، كەنتتىن ئىبارەت ھەر دەرىجىلىك ئورگان تەشكىلات، كارخانىلارنىڭ قانۇنلاشقان نامىنى ئىشلىتىش ئىنتايىن مۇھىم ئىش، شۇنداقلا سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك خىزمەت، شۇڭلاشقا ھەر خىل ناملارنى قوللانغاندا بىردەك قانۇنلاشقان نامىنى ئىشلىتىش ئاساس قىلىنىدۇ. يەنە قايتىدىن «گۇڭشې»، «دادۈي» دەپ ئاتالمايدۇ. ھەرقايسى يېزا، بازار ئورگانلىرى، كارخانا كەسپىي ئورۇنلار قوللىنىلىدىغان ھۆججەت، ماتېرىيال، تامغا، ماركا تىزىملاش، جەدۋەللىرى قاتارلىقلاردا، يېزا، بازار، كەنت، ئورگانلىرى تەشكىلاتلىرى، كارخانىلارنىڭ نامى ئوخشاش بولۇش كېرەك.

2 - ناھىيىمىز 1984 - يىلى يەر ناملىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ناملارنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ بېكىتكەن. يېزا، كەنت، قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك يەر ناملىرىنى تەكشۈرۈش ئىشخانىسى تۈزۈپ چىققان «كوناشەھەر ناھىيە يېزا، بازار، كەنت ناملىرى جەدۋىلى» نى ئېلان قىلىمىز. ھەرقايسى يېزا، بازار، ئورگانلىرى ئىدارە جەمئىيەتلەر خىزمەت جەريانىدا يەر ناملىرىنى يازماقچى بولسا بىردەك ئۆلچەملەشكەن قېلىپلاشقان ناملارنى يېزىش كېرەك. خالىغانچە يېزىپ يەر ناملىرىنى قالايمىقان قوللىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز لازىم.

3 - ھەرقايسى ئىدارە جەمئىيەتلەر قانۇنلاشقان قېلىپلاشقان يەر ناملىرىنى ئىشلىتىشكە ئېتىبار بېرىپ بۇندىن كېيىن ھەرقايسى يېزا، بازار، كەنت، ئىدارە جەمئىيەتلەرنىڭ ھۆججەت ماتېرىيال، تامغا، ماركا، تىزىملاش جەدۋىلى يېڭى خەۋەرلەر، خەرىتە سىزىش، نەشر قىلىش، پوچتا تېلېگراف، سانائەت قاتناش قاتارلىق جەھەتلەردە چوقۇم قانۇنلاشقان، قېلىپلاشقان يەر ناملىرىنى ئىشلىتىش لازىم. ئەگەر قېلىپلاشقان ناملارغا قارىتا پىكىر بولسا ناھىيىلىك يەر ناملىرىنى تەكشۈرۈش ئىشخانىسى بىلەن كېڭىشىپ بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

يەر ناملىرىنى تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ ماقۇللىشىسىز ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ يەر ناملىرىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە قەتئىي رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى
1985 - يىلى 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى

# كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەت
# ئىشخانىسى ھۆججىتى

ك ھ ئى (1985) 45 - №.


## كوناشەھەر ناھىيىلىك يەر نامىلىرى كومىتېتىنى
## تولۇقلاپ تەڭشەش توغرىسىدا
## ئۇقتۇرۇش

ھەرقايسى يېزا (مەيدان) ناھىيىگە قاراشلىق ئورۇنلارغا:

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭنىڭ (84) 212 - نومۇرلۇق ۋە (84) 249 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، يەر نامىلىرى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يەر نامىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئاساسىدا، ناھىيىلىك يەر نامىلىرى ئارخىپىنى باشقۇرۇش ۋە «يەر نامىلىرىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نى تۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، 1985 - يىلى 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىكى خەلق ھۆكۈمەت پارتىيە گۇرۇپپا يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق مۇنداق قارار قىلدى.

سابىق كوناشەھەر ناھىيىلىك يەر نامىلىرى كومىتېتى تولۇقلاپ تەڭشەلدى. ئۇ تۆۋەندىكى خادىملاردىن تەركىب تاپتى.

يەر نامىلىرى كومىتېت مۇدىرى: لۇدىيەنچىڭ (مۇئاۋىن ھاكىم) مۇئاۋىن مۇدىرى: ئىبراھىم قاسىم (ھۆكۈمەت ئىشخانا مۇدىرى).

يەر نامىلىرى كومىتېتى ئاستىدا ئىشخانا قۇرۇلۇپ، كۈندىلىك خىزمەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ.

ئىشخانا مۇدىرى: ئىبراھىم قاسىم

مۇئاۋىن مۇدىرى: مەمەت ئىسلام

ئەزالىرى: لىيۇيۈيشەن (شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسىدىن). ئابدۇقېيۇم (خەلق ئىشلار ئىدارىسىدىن)، ئەيسا ئىسمايىل (ج خ ئىدارىسىدىن)، موجۇيۇ (پوچتا تېلېگراف ئىدا-

رىسىدىن)، مەتتىمىن ھېيت (مەدەنىي ـ مائارىپ ئىدارىسىدىن)، مەرەمنىسا (مالىيە ئىدارىسىدىن)، تۇرام ئىسلام (رادىئو تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدىن)، جېيۇجېيۇي (ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسىدىن).

ھەرقايسى يېزا، ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ پائال ماسلىشىپ، ناھىيىمىزنىڭ يەر ناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتىكى ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى يۇقىرىنىڭ تەلىپىگە يەتكۈزۈشنى ئۈمىت قىلىمىز.

كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەت ئىشخانىسى.

1985 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى.

# كوناشەھەر ناھىيە يەر جاي ناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىدىن خۇلاسە

